# تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار
# ۋە تۈرك مەدەنىيىتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

سەي خۇڭشېڭ

# تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان تۇران
تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

唐代九姓胡与突厥文化：维吾尔文/蔡鸿生著；库尔班译.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.1
ISBN 978-7-5373-1592-0

Ⅰ.唐… Ⅱ.①蔡…②库… Ⅲ.①姓氏—研究—中国—唐代—维吾尔语（中国少数民族语言）②突厥—民族文化—研究—唐代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.K810.2 K289

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 006540 号

责任编辑：阿布拉江·色依提
责任校对：阿尔祖姑丽·斯迪克

# 唐代九姓胡与突厥文化

蔡鸿生 著
库尔班·突兰 译
阿布来提·努尔东 校订

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 14.75 印张 1 插页
2008 年 1 月第 1 版 2008 年 1 月第 1 次印刷
印数：1 —— 3080 定价：25.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998—2653927

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 1
مۇقەددىمە ........................................................ 1

## بىرىنچى بۆلۈم تاڭ دەۋرىدىكى توقۇز غۇزلار

I باب توقۇز جاۋۇپلاردىكى قەلىئە تۈزۈمى ۋە ئۇلارنىڭ
شەرقتىكى مەھەللىلىرى ........................................ 3
§ 1 . غۇز ۋە توقۇز ئۇرۇق ........................................ 3
§ 2 . توقۇز غۇزلاردىكى قەلئە جەمئىيىتى ........................ 7
§ 3 . شەھەر سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق
قۇرۇلما ........................................................ 11
§ 4 . غۇز قانۇنلىرى ........................................ 15
§ 5 . تاشسىچ ئىلاھى ۋە ئالتۇن پاترا ........................ 22
§ 6 . شەرق مەھەللىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپى ........................ 28
II باب توقۇز غۇزلاردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ........................ 36
§ 1 . ئائىلە ........................................................ 37
§ 2 . توي - تۆكۈن ........................................ 42
§ 3 . ئۆلۈم - يېتىم ........................................ 47
§ 4 . ئولتۇراق ئۆي ........................................ 54
§ 5 . كىيىم - كېچەك ........................................ 56

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6 § . يېمەك ـ ئىچمەك ...... 61
7 § . كالېندار ...... 63
8 § . بايرام ...... 66
9 § . سودىگەرلىك ...... 70
10 § . غۇز ئىسىملىرى ...... 74
III باب توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات مەكتۇپى ۋە سوۋغات بۇيۇملىرى ...... 87
1 § . سوۋغات يولى ۋە سوۋغات قەرەلى ...... 88
2 § . سوۋغات مەكتۇپى ھەققىدە تەھلىل ...... 92
3 § . سوۋغات بۇيۇملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... 100
4 § . سوۋغات بۇيۇملىرىدىن توققۇز غۇزلارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت پائالىيىتىگە نەزەر ...... 121
IV باب بېتىك دۆلىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ...... 129
1 § . بېتىك دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە خەلق تۇرمۇشى ...... 129
2 § . بېتىك دۆلىتىنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ۋە بۇددىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... 132
3 § . پىلاۋ ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودا ئومۇملىششى ...... 135
4 § . تارىخىي يىلنامە ...... 138

## ئىككىنچى بۆلۈم تۈرك مەدەنىيىتى

I باب تۈرك قانۇنى ۋە تۈرك جەمئىيىتى ...... 143
1 § . مەسىلە ۋە ئۇسۇل ...... 143
2 § . تۈرك قانۇنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ...... 145
3 § . خۇلاسە ...... 183
II باب تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلى ۋە ئۇرۇش

سەنئىتى ................................ 197
§1 . لەشكىرىي تۈزۈمى ........................ 198
§2 . قوراللىنىش ئەھۋالى ........................ 210
§3 . ئۇرۇش سەنئىتى ........................ 215
§4 . خۇلاسە ................................ 221
III باب تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىك ۋە تەڭرى ئېتىقادى 231
§1 . تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىكنىڭ مەنبەسى ... 231
§2 . زوروئاستېر دىنى ۋە تۈركلەر ............... 238
§3 . تەڭرى ئېتىقادچىلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى
چۈشەنچىلەر ................................ 241
§4 . تەڭرى بىلەن ئىنسانىنى باغلاپ تۇرغۇچى
«قاملار» ................................ 245
IV باب تۈركلەردىكى بۇددىزم توغرىسىدا مۇھاكىمە ...... 254
§1 . شىمالىي جۇ ئاستانىسىدىكى تۈرك ئىبادەت-
خانىسى ۋە مۇقان قاغان بىلەن قىزىنىڭ
ئېتىقادى ................................ 256
§2 . تاپارنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە شىما-
لىي چى خانلىقىنىڭ نوم تارقىتىشى ...... 261
§3 . «拂云祠» ھەققىدە مۇھاكىمە ............... 268
§4 . خانلىقتىكى «بۇددىغا سېغىنىش» نى چۆرىدىگەن
تالاش - تارتىش ........................ 276
§5 . غەربىي تۈركلەر «ئۇچ ئەردەنى» يولىغا قانداق
ماڭغان ................................ 280
§6 . قوشۇمچە بايان: تۈركلەرنىڭ دىنىي جۇغراپى-
يىسىگە نەزەر ........................ 289
V باب تۈرك يىلنامىچىلىقىدىكى 12 مۇچەل ............ 294
§1 . تۈرك مۇچەللىك كالېندارى توغرىسىدىكى تەت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىنقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........................ 295
2 § . تۈرك يىلنامىسىنىڭ تۈرلىرى ................ 300
3 § . قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدىكى مۆچەل سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى 302
4 § . 12 مۆچەل تۈركلەردىن كەلگەنمۇ ............ 308
5 § . توققۇز غۇزلار ۋە مۆچەللىك كالېندارنىڭ تۈركلەرگە تارقىلىشى ........................ 316
VI باب تۈرك بۇيۇملىرى تەزكىرىسى ........................ 327
1 § . تۈرك تۆمۈرى ........................ 327
2 § . تۈرك ئارغىمىقى ........................ 330
3 § . تۈرك قۇشقىچى ........................ 333
4 § . تۈركلەردە مەي ........................ 336
5 § . تۈرك مەلھىمى ........................ 337
6 § . تۈرك چېدىرى ........................ 339

## ئۈچىنچى بۆلۈم غەربىي يۇرت جانىۋارلىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشى

I باب شىر جۇڭگودا ........................ 345
1 § . شىر غەربىي يۇرتتىن كەلگەن ................ 345
2 § . قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىر چۈشەنچىسى 351
3 § . شىر ئوبرازىنىڭ جۇڭگوچە تۈس ئېلىشى ... 356
4 § . فولكلوردىكى شىر ........................ 364
5 § . «شىر نەرىسى» — بۇددانىڭ ئاۋازىدىن ئادەمزات چۇقانلىرىغىچە ........................ 371
II باب قابا ئىتنىڭ تارىخى ........................ 377
III باب تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر قۇش ئارامدۇي ............ 393

1 § . ئارامدۇينىڭ شەكلى ........................ 394
2 § . تاڭ شۇەنزۇڭ ۋە ئارامدۇي ................ 396
3 § . ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ «ئارام» قارىشى ...... 397
4 § . «ئارامدۇي» نىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا ...... 399
Ⅳ باب تاڭ دەۋرىدىكى قان - تەر تەرپىچىپ تۇرىدىغان
ئات — تۇلپار ................................ 403
1 § . تاڭ نەزمىلىرىدىكى «تۇلپار» ................ 404
2 § . تۇلپار ۋە چاپار ............................ 406
3 § . تۇلپارلاردىكى «قان - تەر» نىڭ سىرى ... 409
قوشۇمچە:
قەدىمكى ئۆتۈكەن تېغى ھەققىدە يېڭى ئىسپات ...... 413
پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................ 440
ئاخىرقى سۆز ................................ 452

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

## جى شيەنلىن

پروفېسسور سەي خۇڭشېڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بىز گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇستازىمىز چېن يىنكې ئەپەندىنى خاتىرىلەش يىغىنلىرىدا بىر نەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشكەن، شۇنداقلا دۇڭگۇەن ناھىيىسى، خۇمېن بازىرى ۋە خۇمېن زەمبىرەك سۇپىسى، لىن زېشۇ ئەپيۇن كۆيدۈرگەن ئورۇن قاتارلىقلارنى بىرگە سەيلە قىلىشقانىدۇق. گەرچە چوڭقۇر سىرداشمىغان بولساقمۇ ھەر ھالدا پاراڭلاشقان، ئىشقىلىپ، قەلبىمدە ئۇنىڭغا قارىتا غايىبانە ھۆرمەت ھېسسىياتى مەۋجۇت ئىدى.

جۇڭگودا شەخسلەرگە باھا بېرىلگەندە ھەمىشە ئەخلاق ئۆلچەم قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئەخلاق ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا غەرب دۇنياسىدا ئەھۋال تامامەن باشقىچە، ئۇلاردا ئەخلاق شەخسلەرگە باھا بېرىشتە ھېچقانچە ئورۇن ئىگىلىمەيدۇ. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى، يەنى بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى ھامان ئەخلاق دائىرىسىدە بولىدۇ. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ پەزىلىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئۇ سەمىمىي، ساددا، سۆزمەنلىك قىلمايدىغان، لاپ ئۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن مەنمەنچىلىك قىلىپ باقمىغان، جىمغۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم، مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنى مەن ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلەيمەن.

سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى، مەسىلەن «روسىيە سارىيى خاتىرىلىرى»، «راھىبەنىڭ ئېيتقانلىرى» قاتارلىق

ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققانىدىم. ھېس قىلىشىمچە، سەي خۇڭشىڭ ئەپەندى تەتقىق قىلغان تېمىلار كۆپىنچە غەيرىي، باشقىلار تېخى نەزەر سالمىغان تېمىلار ئىدى. بۇ يەردىكى «غەيرىي» دېگەن ئىبارىنىڭ ھېچقانداق كەمسۈندۈرۈش مەنىسى يوق، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىبارىنى ئىلمىي تەتقىقاتلاردىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش، باشقىلار تېخى دەپ باقمىغاننى ئوتتۇرىغا قويۇش دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىلمىي ئەمگەكلەردە تېمىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى مەزكۇر تېمىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، مەسىلە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىلەن تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىدا. ناۋادا چوڭ تېمىنى چاڭگاللىۋېلىپ ھېچقانچە شەرھلىمىگەندە، ئۇنىڭ خۇلاسىسى ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدۇ، ئەكسىچە تېما كىچىك بولسىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۇنۇمى يەنىلا چوڭ بولىدۇ. بۇ ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك بولغان ئاددىي قائىدە.

ئۇنداق بولسا «كىچىك تېما» دېگەنلىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مەزكۇر كىتابتىكى «قابا ئىتنىڭ تارىخى» دېگەندەك تېمىلارنى بەلكىم كىچىك تېما دېيىشكە بولار. بۇ ھەقتە ئىلگىرى ياپونچە ئەسەرلەردە تاسادىپىي ئۇچراپ قالىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە ئاز - تولا تەسۋىرلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئالىملاردىن مۇشۇ تېما ئۈستىدە راۋۇرۇس ئىشلەپ باققانلارنى تېخى كۆرمىدىم. ئەمما، سەي خۇڭشىڭ ئەپەندىنىڭ قەلىمى بىلەن بۇ كىچىك تېما شۇنچىلىك تەپسىلىي تەتقىق قىلىنغانكى، ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان پاكىتلىق مەزمۇنلار ئادەتتىكى بىر ئىتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى بايان قىلىپ، «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەينىكى» نى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئۆزۈممۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم مۇشۇنداق ئەينەكلەرنى «سۈرتۈپ باققان» ، «چۈشكۈرۈك» ، «قاپاق» توغرىسىدا ماقالىلەرنى يېزىپ باققانىدىم. يېشىم 70 تىن ئاشقاندا قېرىلىق قىزغىنلىقىم تۇتۇپ

كېتىپ بىرنەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش بەدىلىگە جەمئىي 800 مىڭ خەتلىك يىرىك ئەسەر «شېكەرنىڭ تارىخى» نى يېزىپ چىققان ئىشمۇ بولغانىدى. شېكەرمۇ ئوخشاشلا كىچىك تېما ئەمەسمىدى؟ بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا سەي خۇڭشېڭ ئەپەندى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ سىر-داشلاردىن بولۇپ قالغاندۇق.

سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆگىنىش ئىستىكى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ پايدىلانغان ماتېرىياللىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى، ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنىڭ يوچۇقتىن خالىي بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كلاسسىك ھۆججەت - ۋەسىقىلىرىدىن ئۇنىڭ قول تىقىپ ئاختۇرۇپ كۆرمىگىنى قالمىغان، غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىنمۇ ياخشى پايدىلانغانىدى. ھازىرقى كۈندە بىر كىشىنىڭ قانچىلىك بىلىمى بارلىقى ھەققىدە سۆز بولغاندا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭكىنى قانچىلىك بىرلەشتۈرەلىگەنلىكىگە، قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنى قانچىلىك ماسلاشتۇرالىغانلىقىغا، قانداق يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقىغا، قانداق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەنلىكىگە قاراش كېرەك. قۇدۇق ئىچىدە ئولتۇرۇۋېلىپ جاھان مۇشۇ دېيىشكە، ماڭغان ئىزىدا توختاپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىلىم ھازىر دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. ھەر-قاچان ئەڭ يېڭى تەرەققىياتلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغاندىلا، ئاندىن دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشكىلى بولىدۇ، سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندى بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مۇكەممەل-لەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇنچىۋالا زور ئۇتۇق قازىنالىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە. قارىماققا ئادەتتىكىچە كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى راۋان، جانلىق، سۈپەتلىك يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا جىق ئادەملەر دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئىچىدە ئەسەرنى مۇشۇنداق يازالايدىغانلار كەم ئۇچرايدۇ.

سەي خۇڭشېڭ ئەپەندى ئاساسىي زېھنىنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتە ئىككىمىز ئوخشىشىپ كېتىمىز. مەن بارغانلىكى جايدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىۋاتىمەن. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنى پەقەت ئىنسانلارلا قىلالايدۇ، جان - جانىۋارلارنىڭ قولىدىن بۇ ئىشلار كەلمەيدۇ. قەدىمكىلەر «ئادەم ھايۋانلاردىن بىرنەچچە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ، بەلكىم يۇقىرىقى ئاشۇ نۇقتىمۇ «بىرنەچچە جەھەت» نىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. مەيلى قانداق بولسۇن، ئەگەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولمايدىغان بولسا، ھازىرقى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق قىياپەتكە كىرىپ قالىدىغانلىقىغا مەنمۇ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەققىدىكى تەتقىقات خەلقلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتىدۇ، ئىنسانلار قەلبىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا، دۇنيانىڭ مۇقىملىقى ۋە تىنچلىقىغا زور ۋە پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

پروفېسسور سەي خۇڭشېڭ 60 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، كەمىنە بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئۇ تېخى كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغىنى يوق. مەن ئۇنىڭ توختاۋسىز تۈردە يېڭى ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئىلمىمىزنىڭ ئىلىم مۇنبىرىنى نۇرلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداقلا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

1996 .12 .14

# مۇقەددىمە

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى تاڭ دەۋرىدىكى ئارىلاشما قانلىق ئىككى نەپەر داڭلىق زاتنىڭ كىنايىلىك سۆھبىتىدىن كەلگەن. «يېڭى تاڭنامە. قوشۇخاننىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەن: ئەن لۇشەن (ئۆڭلۈك) قوشۇخانغا: «ئاتام غۇز، ئانام تۈرك ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ئاتىلىرى تۈرك، ئانىلىرى غۇز ئىكەن. نەسەب - جەمەتىمىز ئوخشىغانىكەن، نېمىشقا تۇغقاندارچىلىق مۇھەببىتىنى يەتكۈزمەيمىز؟» دېگەندە، قوشۇخان جاۋابەن: «كونىلاردىكى ‹تۈزنى يەپ تۈزلۇقنى چېقىش›، دېگەن تەمسىل ئەسلىنى ئۇنتۇغانلارغا قارىتا ئېيتىلغان، ئەمدىلىكتە جانابلىرى شۇنداق دەۋاتىلا، مەن بۇنىڭغا قانداقمۇ چىنپۇتەي» دېدى. ئەن لۇشەن قوشۇخاننى ئۆزىنىڭ غۇز ئىكەنلىكىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ دەرغەزەپ بولغىنىچە: «تۈركلەر شۇنداق قىلىدۇ!» دەپ تىللىدى.

ئەن لۇشەن ۋە قوشۇخان ئىخچام شەكىلدە ئىپادە قىلغان بۇ كەڭ ئىرقىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوستانلىق قەلئە مەدەنىيىتى ۋە شىمالىي چۆللۈك چېدىر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ۋە قوشۇلۇشنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. 1903 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 29 - يىلى) چاۋاننېس سان - پېتىربۇرگ شەھىرىدە «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نى نەشر قىلدۇرغاندىن تارتىپ توققۇز جاۋۇپلار بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە سىڭىشىش ھادىسىسى بارغانسېرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىققى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنى تارتىپ كەلدى. ھازىرقى زامان سوغدىشۇناسلىقى ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ كۈنسېرى يېگىلىنىپ بېرىشى ئارقىسىدا مۇشۇ ئەسەرنىڭ بېشى چاۋاننېس تەنها باشلاپ بەرگەن ئىلمىي مەۋقە توختاۋسىز تۈردە ئالغا سۈرۈلۈپ كەلدى.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدا «سەردارلىق» نى ئەمەس، ئەۋلادلارغا ئاز - تولا «مىراس» قالدۇرۇشنى كۆزدە تۇتتۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن مەزكۇر ئەسەر ئارقىلىق غوزغا تەئەللۇق شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى تەقدىرى توغرىسىدا تاغدىن - باغدىن بىرنەرسىلەرنى دەپ باقتىم. يېزىشىمغۇ يېزىپتىمەن، ئەمدى ئۇنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى بىرنېمە دەر.

# بىرىنچى بۆلۈم

# تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# I باب توققۇز جاۋۇپلاردىكى قەلئە تۈزۈمى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقتىكى مەھەللىلىرى

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار غەربىي غۇزلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ( ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى) ۋادىسىغا تارقالغان. ئۇلار سەمەرقەنت دۆلىتى باشچىلىقىدا قەلئەلەر توپى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، شەرققە كېڭەيگەن ۋە غۇزلار مەھەللىلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇپ چىققانىدى. سۇياب ۋادىسىدىن ئىچكى موڭغۇل رايونىغىچە ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى تەگمىگەن يەر قالمىغانىدى. توققۇز غۇزلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئۆز نۆۋىتىدە ھەم مەدەنىيەت چەمبىرىكى، ھەم سودا تورى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈرك، خەنزۇ ۋە غۇزلار مۇناسىۋىتىدە بەكمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. توخرى غۇزلىرى، كانگىيە غۇزلىرى ۋە پارس غۇزلىرىغا سېلىشتۇرغاندا توققۇز غۇزلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ماسلىشىشچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان سودىگەرلەر توپى ئىدى.

## 1 § . غۇز ۋە توققۇز ئۇرۇق

«غۇز» — (胡) تارىختىن بۇيان ئۆزگىرىپ كېلىۋاتقان ئىرقىي مەدەنىيەت ئۇقۇمى. 1919 ـ يىلى ۋاڭ گوۋېي «غەربىي غۇزلار

ھەققىدە تەتقىقات» ۋە «يەنە غەربىي غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، بۇ ھەقتە قانائەتلىنەرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندى①. كېيىن، لۈي سىمىيەن «غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە ۋاڭ گوۋېينىڭ: «پېقىر قەدىمكى ۋەسىقىلەر دۇنياسىنى كەزگەندىن كېيىن، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئالدىنقى خەن زامانىدا ھونلار ۋە غەربىي يۇرت ئاتاقتا قوشۇپلا غۇز دېيىلگەن؛ كېيىنكى خەننىڭ زاۋاللىقىغا يۈز تۇتۇشى ۋە ھونلارنىڭ تارىلىپ كېتىشى بىلەن غەربىي يۇرت خاس ھالدا غۇز، دەپ ئاتالدى. بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ ھاجەتسىز»② دېگەن پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىزنىڭچە، ۋاڭ گوۋېينىڭ غەربىي غۇزلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول بىلىمى يالغۇز غۇز ئاتالمىسى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرى ھەققىدىكى بايانلاردىلا ئەمەس، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان لەشكىرىي يۈرۈش ۋە سودا، ھۆكۈمرانلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىش شەكلىدىكى «ئىككى قۇتۇپلۇق نەزەرىيە» دە ھەممىدىن بەك ئىپادىلىنىدۇ: «غەربىي يۇرت خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ غەرب ـ شەرق قاتنىشىدىكى نۇقتىلاردا تۇرۇۋاتقان ئورنى بويىچە كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن گرېكلار گرېكلارغا، توخارلار توخارلارغا، ئېفتالىتلار ئېفتالىتلارغا، توققۇز جاۋۇپلار توققۇز جاۋۇپلارغا، تۈركلەر تۈركلەرگە، ئەرەبلەر ئەرەبلەرگە بېقىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. ئۇ ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى كۆپ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئاۋام پۇقرالار بۇرۇنقىدەكلا ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىۋەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىن پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ھۆكۈمران سىنىپلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا، شۇنداقلا ھەربىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بولغىنى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر قالاقلىقىغا قارىماي، مەزكۇر رايوندا ئۇزاقىچە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغانلىقتىن ھەمىشە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار بىلەن سىڭىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، مەزكۇر رايونلاردىكى تىل ۋە

ئۆرپ ـ ئادەتلەر گەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، غەربىي غۇزلار ھەققىدە توختالغاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ بويىچە قاراش كېرەك، بولمىسا بۇ ھەقتىكى بايانلىرىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ».

دەرۋەقە ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى ئېيتقاندەك تاشقى قاتلامدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ئىچكى قاتلامدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئېنىق ئايرىلمىغاندا، غەربىي غۇزلارنىڭ پائالىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ. توققۇز جاۋۇپلارمۇ غەربىي غۇزلارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە سەمەرقەنت دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بېقىندىلىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر پۈتۈلگەن: «پادىشاھنىڭ فامىلىسى ئون( 温 )، توخرىلاردىن، دەسلەپ چىلانتاغ ( 祁连山 ) نىڭ شىمالىدىكى جاۋۇپ شەھىرىدە ياشايتتى. كېيىنچە تۈركلەر (ئەسلىي كىتابتا « ھونلار» دەپ ئېلىنغان) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، پامىردىن ئۆتكەن ۋە شۇ ئەتراپتا ماكانلىشىپ قالغان. ئۇنىڭغا قارايدىغان بەگلىكلەردىن بۇخارا، ئۆرتۆپە (كېبۇت)، شاش، ماغىيان، خىۋا، خارازىم، ۋاردان، شەھرى سەبز (كېش) قاتارلىقلار بولۇپ، ئادەت بويىچە‹ توققۇز ئۇرۇق› دەپ ئاتىلىدۇ. بىردەك جاۋۇپ جەمەتىدىن».

غەربىي غۇزلارنىڭ «توققۇز ئۇرۇقى» ھەققىدىكى بۇ تەپسىلىي بايانلار توغرىسىدا فېڭ چېڭجۈن باشقا ئالاقىدار تارىخىي ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، «توققۇز ئۇرۇقنىڭ توققۇز دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ناتايىن» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى مۇنداق دەپ كونكرېت چۈشەندۈردى: «توققۇز ئۇرۇقتىكى سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۆرتۆپە، شاش، ماغىيان، خىۋا، شەھرى سەبز (كېش) قاتارلىق يەتتە ئۇرۇق ۋەسىقە ـ پۈتۈكلەردە كۆپلەپ كۆزگە چېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇ؛ ۋاردان دېگىنى فادى دېگەننىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇپ، غەر-
بىي بۇخارانى كۆرسىتىدۇ؛ خارەزىم بولسا «تارىخىي خاتىرىلەر»
123 - جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» دە خارەزىم (驩潜) دېيىلگەن؛
«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە بولسا خارەزىمكا
(货利习弥伽)، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا بولسا خارەزىم
(花剌子模) دېيىلگەن. تاڭ دەۋرىدە بۇ ئىككى دۆلەتتىكىلەرنىڭ
دۆلەت نامىنى فامىلە قىلغانلىقى كۆزگە چېلىقمايدۇ. سۈي - تاڭ
دەۋرلىرىدىكى كۆپلىگەن تارىخىي ئەسەرلەر ۋە شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسى-
گە ئاساسلانغاندا، يەتتە ئۇرۇقتىن باشقا يەنە مەرۋى دۆلىتى دەپ بىرى
بار. پېقىر ئۇنىڭ زادى قايسى دۆلەت ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا
ئامالسىز قالدىم. ئەمما، توققۇز ئۇرۇقنىڭ توققۇز دۆلەتكە ۋەكىللىك
قىلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۆرتۆپە دۆلىتىدىن شەرقىيى ئۆرتۆپە،
ئوتتۇرا ئۆرتۆپە، غەربىي ئۆرتۆپە دەپ ئۈچى بار؛ بۇخارا دۆلىتىدىن
شەرقىي بۇخارا، ئوتتۇرا بۇخارا، غەربىي بۇخارا دەپ ئۈچى بار. كېش
دۆلىتىدىنمۇ چوڭ كېش ۋە كىچىك كېش دەپ ئىككىسى بولغان.
يەنە كېلىپ ساۋ (曹)، ئەن (安)، شى (史) فامىلىسىنى قوللانغان-
لارنىڭ ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ياكى بېقىندى بەگلىك
پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ»③.

توققۇز غۇزلار قەبىلەر توپى بولۇپ ئويۇشقانلىقتىن، ئۇلاردىكى
بەزى فامىلىنىڭ ئاشۇ دۆلەتكە تەۋەلىرى ۋە بېقىندى بەگلىككە تەۋەلى-
رىمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلاردىكى مۇرەككەپ ئۇرۇق قۇرۇل-
مىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇنى «ئارىلاشما غۇزلار» دەپ ئاتاش
ئانچە غەيرىيلىك بولمىسا كېرەك. تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار يەنى
ئارىلاشما غۇزلار ھەققىدە چىن يىنكې ئەپەندى ئىككى «تاڭنامە» ۋە
نەزمىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسە چىقارغانىدى:
«ئارىلاشما غۇزلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. تاڭ دەۋرىنىڭ ئادەملىرى توققۇز غۇزلارنى ئارىلاشما
غۇزلار دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ كېتىشكەنىدى. «ئارىلاشما» دېگىنى پەقەت
قانداشلىق جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشتىن سىرت، يەنە مەخ-

سۇس ئېتىنىڭ نامىنى بىلدۈرەتتى»④.

موېسىپېت ئۇستازلارنىڭ غەربىي غۇزلار ۋە توققۇز ئۇرۇق ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، مېتودىكا بويىچە قارايدىغان بولساق، ۋاڭ گوۋېي ئەپەندىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش - ھۆكۈمرانلىق قىلىنىش شەكلىدىكى «ئىككى قۇتۇپلۇق نەزەرىيە» ۋە چېن يىنكې ئەپەندىنىڭ «توققۇز ئۇرۇق بىلەن ئارىلاشما غۇزلار ئوخشاش ئۇقۇم» دېگەن پىكرىنى قۇۋۋەتلەش كېرەكتەك تۇرىدۇ. مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە غۇزنىڭ تۇرمۇشى، سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەندە، جەزمەن «تۇيۇق يول» غا كىرىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى، شۇنداقلا تارىخىي بىلىش جەھەتتە تېخىمۇ ئەمەلىيرەك بولغان ئىلگىرىلەشكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

## § 2. توققۇز غۇزلاردىكى قەلئە جەمئىيىتى

توققۇز غۇزلار ماكانلاشقان رايون خەن - ۋېي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سوغدى ( 粟戈 ياكى 速利 ) دەپ ئاتالغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا ئۇزۇنىراق، جەنۇب - شىمال كەڭلىكى تارراق كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقى ئىدى. قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خىۋە دۆلىتى (كۇشان دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سوغدىيانا رايونىنى بۇخارا باشچىلىقىدىكى غەربىي سوغدىيانا ۋە سەمەرقەنت باشچىلىقىدىكى شەرقىي سوغدىيانا دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. پۈتكۈل سوغدىيانا رايونىنىڭ جان يېرى شەرقتە بولۇپ، سەمەرقەنت يېتەكچىلىك رول ئوينايتتى: «بارچە غۇز ئەللىرى سەمەرقەنتنى مەركەز ھېسابلايتتى. شۇڭا، سەمەرقەنت يولغا قويغان ۋە ئەمەلدىن قالدۇرغان قائىدە- يوسۇنلارنى يىراق- يېقىن ھەممىسى ئۈلگە قىلاتتى»⑤.

تاڭ دەۋرىدىكى سوغدىيانادا چوڭ - كىچىك قەلئەلەر يۇلتۇزلاردەك تارالغان بولۇپ، «مىڭ شەھەر دۆلىتى» دېگەن نامى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى فۇنكسىيىسى بويىچە پايتەخت، شەھەر ۋە قەلئە دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىشقا بولاتتى. مەسىلەن، سوغدىيانانىڭ پايتەختى سەمەرقەنت بولۇپ، چوڭ شەھەرلىرى 30 غا، كىچىك قەلئەلىرى 300 گە يېتەتتى؛ بۇخارانىڭ پايتەختى ئارىمتان بولۇپ، چوڭ شەھەرلىرى 40 چە بولسا، كىچىك قەلئەلىرى 1000 دىن ئاشاتتى. سوغدى شەھەر-قەلئەلىرىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىمۇ شەھەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان فۇنكسىيە-لىرىگە ماس ھالدا خۇددى تاڭ تارىخنامىلىرىدە بايان قىلىنغاندەك پادىشاھ، شەھەر بېگى ۋە ئۇلۇغ سەردار دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنەتتى. مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەردىن ئىسپات كەلتۈرگەندىمۇ VII — VIII ئەسىرلەردىكى «سوغدىلارنىڭ يەرلىك ئۈچ دەرىجىلىك ئەمەل قاتلىمى» بولغان MR'Y, MLK' ۋە γωβω (پادىشاھ، بەگ، سەركەردە) نى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ⑥.

توققۇز غۇزلار «سودىغا ماھىرلىقى» بىلەن مەشھۇر بولۇپ، سودا كارۋىنى ئارقىلىق ئاسىيادا ئىچكى قۇرۇقلۇق سەييارە سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. شەھەر ـ قەلئەلەردىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا تا-ۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى يەرگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئاتالمىش «پۇل بايغا ئاقار» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ غۇزلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. كېيىنكى بەتلەردە ئايرىم باب-پاراگرافلار بويىچە توققۇز غۇزلارنىڭ تۇرلۇك ئۆرپ- ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ يەردە پەقەت «ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك خارابىسى» بولغان پەنجىكەنت خارابىسى مىسال قىلىنىپ، سىرتتىن ئىچىگە بولغان تەرتىپتە ئاۋۋال شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى، ئاندىن شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار ھەققىدە بايانلارنى كەلتۈرۈ-مىز.

پەنجىكەنت سەمەرقەنتنىڭ شەرقىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا زەرەپشان دەرياسى (تاڭ دەۋرىدە «نامى دەرياسى» دەپ ئاتىلاتتى) بىلەن تۇتىشىدۇ. تەخمىنەن V ئەسىردە بىنا قىلىنغان بۇ شەھەر 722 ـ يىلى ئەرەبلەر بىلەن بولغان

ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن. مەزكۇر شەھەر خارابىسى 1946 - يىلىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر قېزىلىنىۋاتىدۇ. «پەنجىكەنت» ئەرەبچە سۆزنىڭ رۇسچە ترانسكرىپسىيىسى بولۇپ، مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆز نامى ھەققىدە تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر بۇ جاينى ماغىيان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان بەنشىد شەھىرى، دەپ قارايدۇ⑦. ناۋادا راستىنىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدىكى پەنجىكەنت دەل تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلارنىڭ «پايتەختى» بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك شەھەرنىڭ خارابىسى بولۇپ سانىلىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇنى تۆت رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئىچكى شەھەر. تەخمىنەن 14 گېكتار كېلىدىغان بولۇپ، ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان. تۇرالغۇ رايونى ئىچكى شەھەرنىڭ 35% ىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئاساسەن بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان، يەنە ئاز ساندا ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرمۇ بار، كوچىلىرىدا دۇكانلار كۆپ بولۇپ، تۆمۈرچىلىك ۋە ئەينەكچىلىك دۇكانلىرىمۇ بار. شەھەر مەركىزىدە ئىككى جايدا ئىبادەتخانا بولۇپ، قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرىدا بىر قىسىم ئىبادەتخانا راجكالانلىرىنىڭ ئىسىملىرى ساقلىنىپ قالغان⑧. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى شەھەردە يەنە بىر چوڭ ئاشلىق ئامبىرى ياسالغان.

2) قورغان. ئىچكى شەھەرنىڭ سېپىلىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن بىر گېكتار كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ھۇجرا ئۆي ۋە كۇنگۇرىلەر بار.

3) قەبرىستانلىق. شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن 10 گېكتار كېلىدۇ. بايقالغان قەبرىلەر 50 تىن كۆپ بولۇپ، ھەربىر قەبرە تۆت - بەش كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ. بەزىلىرى تاق گۆرلۈك، بەزىلىرى قوش گۆرلۈك. ساپال ۋە سۆڭەك بۇيۇملار بىللە كۆمۈلگەن.

4) شەھەر ئەتراپى رايونى. ئىچكى شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئىچكى شەھەرنىڭ كۆلىمىدىن ئىككى ھەسسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ. بىر يەردە چوڭ بىر دۆۋە ئارزاڭ بولۇپ، 1400 — 1450 لىتىر ئۈزۈم شىرنىسى ساقلاشقا بولىدۇ⑨.

مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەردە β'n دېگەن بىر سۆز بار، ئۇ «شەھەر پۇقراسى» دېگەن مەنىدە. تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرىدە پۇقرالار جەمئىيىتى ئاساسىي گەۋدە ھېسابلىناتتى. تۆۋەن قاتلام پۇقرالارغا زەرگەر، تۆمۈرچى ۋە كۈلالچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر، شۇنداقلا ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلار كىرەتتى. ئېرىق ـ ئۆستەڭدە ئىش قىلغۇچى سۇچىلار (pšk r'k) مۇ ئاۋام پۇقرالاردىن ئىدى. يۇقىرى قاتلام پۇقرالارغا دىنىي داھىيلار، چوڭ سودىگەرلەر ۋە پۇلدار خوجايىنلار كىرەتتى، بۇلاردىن سىرت يەنە ئىچكى قۇرۇقلۇق سودىسىغا ئالاقىدار بولغان باجگىرلار، ئاتباقارلار، دەپتەردارلار، رابات ئىگىلىرى ۋە مىرابلارمۇ يۇقىرى قاتلام پۇقرالارغا تەئەللۇق ئىدى⑩.

پۇقرالار جەمئىيىتىدىن سىرت بولغىنى قارا خەلق ۋە قۇللار بولۇپ، ئۇلاردا ئەركىنلىك دېگەن نەرسە بولمايتتى. قارا خەلق ئاساسەن سىرتتىن كېلىپ قالغان ئىشسىز كاسىپلار بولۇپ، پېرسىيىدىكى «شەھەرگە كىرسە ئېزىپ قالىدىغان» «مەينەتلەر» گە توغرا كېلەتتى. قۇل دېگىنى βntk (قۇل) ۋە δ'yh (دېدەك) لەر ئىدى. مۇغ ۋەسىقىلىرىدىن 3 ـ نومۇرلۇق ۋە 4 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا قۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ھەر خىل ئىدى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى قەرزگە تۇتۇپ بەرگەنلەر (np'k) ئىدى، بەزىلىرى بۇلاپ كېلىنگەن «ئەسىرلەر» (wn''k) ئىدى. يەنە بەزىلىرى خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەۋاتقان غېرىبلار (Ƴypδ) ئىدى⑪. «ئائىلە قۇللىرى» بولسا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قۇل بولاتتى.

توققۇز غۇزلاردىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما كېيىن يىللىرى مى لۇشەننىڭ «دېدەك سېتىپ يۇرۇپ ئوغلىنى يۇتتۇرۇپ قويغان» لىقىدەك ئىشلار ⑫ دىن «باياشات غۇزلار» نىڭ ئىدىقۇت رايونىغىچە

بېرىپ قول ـ دېدەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي يىلتىزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 3 § . شەھەر سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بېقىندى دۆلەتلەردە بولىدىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى تۆۋەندىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

618 ـ يىلى (ۋۇدېنىڭ 1 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى مىڭبۇلاق (سۇيابىنىڭ يېنىدا) تا بارگاھ قۇردى، بۇنىڭ بىلەن توققۇز غۇزلار تۈركلەرگە قارام بولۇپ قالدى.

659 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 4 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىپ، تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماق ـ مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلغاندا توققۇز غۇزلار تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. 709 ـ يىلى (شېنلۇڭنىڭ 3 ـ يىلى) ئەرەبلەر بۇخارانى ئىشغال قىلدى.

712 ـ يىلى (شيەنتيەننىڭ 1 ـ يىلى) ئەرەبلەر سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى.

751 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 10 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى گاۋ شيەنجى تالاس بويىدا ئەرەبلەر تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شاش دۆلىتى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، توققۇز غۇزلار ئەرەبلەرگە بەيئەت قىلدى.

دېمەك، Ⅶ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۈركلەر، تاڭ سۇلالىسى ۋە ئەرەبلەردىن ئىبارەت ئوخشىمايدىغان ئۈچ خوجايىنغا بېقىندى بولۇپ قالغان توققۇز غۇزلاردىكى مۇشۇنداق مۇرەككەپ سىياسىي ئالمىشىشلار تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شەھەر ـ قەلئەلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايتتى. تاڭ دەۋرىدىكى تارىخىي ئەسەرلەردىكى توققۇز غۇزلارغا ئائىت خاتىرىلەردىن ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ تۈركلەرنىڭ گوبېرناتورلۇق ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ نائىب ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى ۋە سوغدىلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. تۈركلەر، خەنزۇلار ۋە غۇزلاردىكى كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما خوجايىن دۆلەت ۋە بېقىندى ئەل مۇناسىۋىتى شەكلىدىكىدەك ئۆنداق ئاددىي ئەمەس بولۇپ، تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغانلىرىمىز پەقەت قىسمەن ئىزدىنىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. تۈركلەرنىڭ گوبېرناتورلۇق ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى

«كونا تاڭنامە» نىڭ 194 ـ جىلدىغا ئاساسلانغاندا، VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە تۈركلەر شەرقتىن غەربكە قاراپ كېڭىيىپ «تۇن يابغۇ قاغاننىڭ باتۇرلۇقى ۋە پەم ـ پاراستى بىلەن، شۇنداقلا لەشكىرىي ئىشلارغا ماھىرلىقى بىلەن شىمالدا تېلىلارنى قوشۇۋالدى. غەربتە پارسلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جەنۇبتا كەشمىرگىچە يېتىپ كەلدى ۋە بۇ رايوننى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى. ئوقياچى شىرمەت چەۋاندازلىرى نەچچە ئون تۈمەنگە يېتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ زېمىنلىرىگە ئايلاندى. ئاسىيۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، خاقان ئوردىسىنى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن يەرگە يۆتكىدى. تۈركلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇۋاتقان قۇرىغار رايونىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئىلتەبىر ۋە تۇدۇندىن بىردىن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى نازارەتچىلىك قىلدى، شۇنداقلا غەللە ـ پاراق، باج ـ سېلىق ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇردى. غەربتىكى ياۋايى قوۋملار ھەرقانچە گۈللەنگەندىمۇ تېخى ھېچقايسىسى بۇنچىلىك بولالىغان ئەمەس».

تۈركلەرنىڭ توققۇز غۇز دۆلەتلىرىگە بولغان گوبېرناتورلۇق ھۆ-

كومرانلىقىدا، «ئىلتەبىر ۋە تۇدۇندىن بىردىن ئەۋەتىپ نازارەت قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش» تەك ئاساسىي شەكىل قوللىنىلغاندىن باشقا، ئۇلار يەنە خان جەمەتى بىلەن قۇدىلىشىۋېلىش تەدبىرىنىمۇ قوللاندى. مەسىلەن، تۈركلەر سەمەرقەنت پادىشاھىنى ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى: «پادىشاھ سۇي ياڭدى دەۋرىدە سەمەرقەنت پادىشاھى قوشچى غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ قىزىنى ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالدى⑬؛ يەنە بىرى تۈركلەر بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مەسىلەن، شاش دۆلىتىگە تۈركلەرنىڭ تېكىنى پادىشاھ بولغاندى: «سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرى (605 — 618) نىڭ باشلىرى غەربىي تۈركلەر ئۇلارنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، تېكىننى ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىدى⑭. شۇڭا، تاكى تيەنباۋنىڭ 1 - يىلى (742 - يىلى) غا قەدەر شاش دۆلىتى پادىشاھى ئىزچىل «تېكىن» ئۇنۋانىنى قوللىنىپ كەلدى.

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سىياسىي تارىخىدا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەندىزىسى تۈرك خانلىقىنىڭ ھالاكىتى بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالغىنى يوق. بۇ ئەندىزە شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ نائىب ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇڭا، ۋاڭ گوۋېي «قوچۇ ئالدىچى سانغۇنى كۈبىننىڭ ئىبادەتخانا ياسىتىش ئابىدىسىگە تەقرىز» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ئۆزلىرىگە قارام بولغان ئەللەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرىنى شۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ۋە سەردارلىرىغا مەجبۇرىي تاڭدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي ۋە شەرقىي تۈركلەرنى يوقىتىپ بۇ جايلارنى نائىب ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى تۇتۇق - ئايماق بېگى مەنسەپلىرىگە تەيىنلىدى. ماھىيەتتە بۇ يەنىلا تۈركلەردىكى كونا تۈزۈم ئىدى⑮.

**2. تاڭ سۇلالىسىنىڭ نائىب ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى**

VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى توققۇز ئوغۇزلار دۆلەتلىرى تاڭ سۇلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەھكىمە ۋە ئايماقتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە ئايرىلدى ھەمدە مەخسۇس ناملار قويۇلدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە جۇپلەشتۇرۇشكە بولىدۇ:

شاش — پەرغانە تۇتوق مەھكىمىسى.

سەمەرقەنت — كانجۇت تۇتوق مەھكىمىسى.

ماغىيان — ماغىيان ئايمىقى.

شەھرى سەبىز — كېش ئايمىقى.

خىۋا — كۇشان ئايمىقى.

بۇخارا — بۇخارا ئايمىقى.

شەرقىي بۇخارا — مەرۋى ئايمىقى.

غۇز بەگلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇتۇغات ناملىرىنى قوبۇل قىلدى، مەھكىمىلەرگە ئۇلار تۇتوق قىلىپ تەيىنلەندى. مەسىلەن، «سەمەرقەنت پادشاھى بوقمانغا تۇتوق نامى بېرىلدى»؛ يەنە بەزى ئايماقلاردا ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىرىمۇ بولدى. مەسىلەن، «ماغىيان پادشاھى جاۋۇپ كايجۇتقا ئايماق بېگى مەرتىۋىسى بېرىلدى» ⑯. تاڭ سۇلالىسىنىڭ توققۇز غۇزلارغا بولغان خوجايىنلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرغان تۇزۇملەردىن يەنە «تۇرغاق ئەۋەتىش» مۇ بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردا قېزىۋېلىنغان قەبرە پۈتۈكلىرى خىۋا ۋە ماغىيان دۆلەتلىرىنىڭ «تۇرغاق» ئەۋەتكەنلىك ئەھۋالىنى دەلىللەپ تۇرماقتا. مەسىلەن، خې ۋېنجېنىڭ قەبرە پۈتۈكىدە: «ئەجدادىم يوڭخۇي (650 — 655) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى چېگرىدىن چىقىپ تۇرغاق بولغان ۋە ئوردىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. پېقىر شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر ئەلدە قىرانلىق يېشىمغا يەتكەن ۋە ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كۆزۈم ئېچىلغانىدى» ⑰ دېيىلگەن بولسا، مى جىفېننىڭ قەبرە پۈتۈكىدە: «ئاتام تۇركەشلەردىن بولۇپ، يىراقتىكى خاننىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقتىن، ئاستانىدىكى ئوردىغا كېلىپ تۇرغاق بولغانىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق ئورنىتىلغان. شاپائەتكە جاۋاب قايتۇرۇش، ئەجدادلارنىڭ

روھىنى خۇش قىلىش يۈزىسىدىن ئىنچىل تۈردە ئەلنى ھىمايە قىلغۇچى سانغۇن بولۇپ كېلىۋاتىمىز. پېقىر تۈرغاق ھالەتتە خان قوشۇنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ يۈزى يورۇق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ساداقىتىمىزنى سۇلالىمىزگە تەقدىم قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولۇۋاتىدۇ» دېيىلگەن⑱. «تۈرغاقلىق» ئىككى ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بۇ خىل تۈزۈمنىڭ نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

### 3. سوغدىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى

توققۇز غۇزلار نورمال ئەھۋالدا ئۆز دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى. «سۈينامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، سەمەرقەنتتە «ئۇلۇغ ۋەزىردىن ئۈچى بولۇپ، ئەلدىكى ئىشلارنى ئورتاق كېڭەشەتتى». بۇخارادىمۇ شۇنداق بولۇپ، پادىشاھ «ئەلنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خانىش بىلەن ئۈچ ئۇلۇغ ۋەزىر دەرقەمتە تۇرغان ھالەتتە كېڭەش قىلاتتى». «پادىشاھسىز» ئەل بولغان بېتىك دۆلىتى سودىگەرلەر ئاپتونومىيىسى شەكلىدىكى شەھەر بولۇپ، شەھەر تۈزۈلمىسى ئالاھىدە ئىدى. بۇ ھەقتە IV باب «بېتىك دۆلىتى ھەققىدە مۇھاكىمە» دە تەپسىلىي توختىلىمىز.

غۇز پادىشاھلىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ «دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەش قىلىشى» خالىغانچە بولىدىغان ئىش بولماستىن، جەزمەن قانۇنىي ئاساس بويىچە بولاتتى. توققۇز غۇزلاردىكى شەھەر - قەلئەلەر قانۇنلىرى ھەققىدە ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ تۇرۇپ بىرنەرسە دېيىش تولىمۇ ئەپسىز. تۆۋەندە پەقەت «سۈينامە» دىكى ئۈزۈك ۋە پارچە بايانلارغا تايىنىپ تۇرۇپ غۇز قانۇنلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## §4 . غۇز قانۇنلىرى

جېنگۈەننىڭ 10 - يىلى (مىلادىيە 636 - يىلى) يېزىلغان «سۈينامە» دىكى سوغدىيانا ۋە ئۇنىڭ قارام دۆلەتلىرى ھەققىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خاتىرىلەر شۈەنزاڭ غەربكە سەپەر قىلغان دەۋرلەردىكى توققۇز جاۋۇپ دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ گوبېرناتورلۇق ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوغدى شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، بولۇپمۇ قانۇن - تۈزۈملىرى جەھەتتە مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. «سۈينامە» 83 - جىلد «سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «غۇزلاردىكى قانۇن ماددىلىرى ئىبادەتخانىلاردىكى مەخسۇس جايدا ساقلىنىدۇ. جىنايەت بېكىتىلگەن ھامان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جەددى - جەمەتى قۇرۇتۇلىدۇ، جىنايىتى يېنىكرەك بولغانلىرى قەتل قىلىنىدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىلارنىڭ پۇتى كېسىلىدۇ».

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «قانۇن ماددىلىرى» پەقەت جازالاش تەدبىرلىرىنىلا كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مۇكەممەل بولغان قانۇن ماددىلىرىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىزنىڭ بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشىمىزغا سەۋەب بولۇۋاتقىنى سەمەرقەنت توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىنىڭ «سەردار» لىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇ «يولغا قويغان ۋە ئەمەلدىن قالدۇرغان قائىدە - يوسۇنلارنى يىراق - يېقىندىكى بارچە غۇز ئەللىرىنىڭ ئۈلگە قىلىدىغان» لىقى ئىدى. بۇنداق دېگەنلىك سوغدىلار رايونىدا سەمەرقەنت يۈرگۈزۈۋاتقان «غۇز قانۇنلىرى» ئومۇمىيلىق مەنىگە ئىگە دېگەنلىك ئىدى. سوغدى تىلىدا «قانۇن» ياكى «قائىدە» دېگەن سۆز Pδkh بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى تەپسىلىي شەرھلەشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما كونكرېت رەسىم-قائىدىلەرنىڭ ئىزنالىرىنى يەنىلا كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 2 - جىلدىدا جېنگۈەن يىللىرى شۈەنزاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلىپ سەمەرقەنتتىن ئۆتكەن ۋاقتىدا «غۇز قانۇنلىرى» نىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ھەققىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بەزى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن: «پادىشاھ ۋە پۇقرالار بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلماستىن ئوتقا چوقۇنىدىكەن. شەھەردە ئىككى جايدا ئىبادەتخانا بولسىمۇ، بىرمۇ راھىب يوق ئىكەن. سەپەردىكى راھىبلاردىن بۇ جايدا قونماقچى بولغانلىرىنىمۇ غۇز پۇقرالىرى قوندۇرمايدىكەن ۋە ئوت قويۇپ كۆي-

دۇرۇۋېتىدىكەن. ئاچارى ئۇستاز يېتىپ كەلگەندە پادىشاھ دەسلەپتە
قۇبۇل قىلىشنى ئارقىغا سوزۇپ تۇرۇۋالدى. بىرنەچچە كۈن مېھمان
بولغاندىن كېيىن، ئىنسان بىلەن ئالەمنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسى-
ۋىتى، بۇددىغا سېغىنىشنىڭ بايانلىرى، بۇددىغا ھۆرمەت بىلدۇرۇش-
نىڭ پەزىلىتى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆھبەتلەر بولدى. بۇلار پادىشاھقا
قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تۇمانلاشقان كۆزلىرىنى كۈندۈز-
دەك يورۇتتى. خۇشال بولغان پادىشاھ پەرھىز قائىدىلىرىنى قۇبۇل
قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاچارى ئۇستازغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىككى
راھىبكالان شەھەردىكى ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلغاندا شەھەر-
دىكى غۇزلار ئوت قويۇپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردى. چاپارمەنلەر بۇ
ھەقتە پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزگەندىن كېيىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ ئوت
قويغۇچىنى تۇتۇپ كېلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى
كېسىپ تاشلىماقچى بولدى. ئاچارى ئۇستاز پادىشاھقا ئېھسان ھەققى-
دە نەسىھەت قىلىپ، تەن جازاسى بەرمەسلىككە كۆندۈردى ۋە ئۇ
كىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. پادىشاھ يەنىلا نىيىتىدىن يانماي، ئۇنى
قاتتىق دەررىلەپ پايتەختتىن قوغلاپ چىقاردى».

سەمەرقەنتتىكى ئاتەشپەرەسلىك ۋە بۇددىزم ئەھۋاللىرى ھەققىدە
تەپسىلىي بايانلارنى كەلتۇرۇش مەزكۇر بابنىڭ بايان قىلىش دائىرى-
سىگە كىرمەيدۇ. بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى خاتىرىگە ئېلىنغان مۇشۇ
بىردىنبىر مىسالدىن «غۇز قانۇنلىرى» نىڭ قانداق يۈرگۈزۈلىدىغان-
لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىدا. بىرىنچىدىن، «ئىبادەتخانىدا
قونغان راھىبكالانلارنى ئوت قويۇپ قوغلىۋېتىش» جىسمانىي ئەركىن-
لىككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى بولۇپ، «ئوغرىلىق» قىلىش
ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش
جىنايىتى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان ۋە بىردەك تەن جازاسى بېرىل-
گەن، يەنى «پۇتىنى» ياكى «قولىنى» كېسىدىغان بولغان؛ ئىككىن-
چىدىن، پادىشاھتا جىنايەتچىلەرگە بېرىلگەن جازانى يېنىكلىتىش
ئىمتىيازى بولغان، يەنى «قولىنى كېسىش» كە ھۆكۈم قىلىنغۇچىغا
بېرىلگەن جازا «قاتتىق دەررىلەش» كە ئۆزگەرتىلىپ، ئاندىن «پاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەختتىن قوغلاپ چىقىرىلغان» ، بۇ سۈرگۈن جازاسىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى سەمەرقەنت ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس بولۇپ، «ئايلانمىسى 20 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق»⑲ كېلىدىكەن. دېمەك، سۈرگۈن قىلىنغانلار ئۇنچە يىراققىمۇ كەتمەيدۇ. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، پايتەختتىنىڭ سىرتى پۈتۈنلەي چۆل - باياۋان بولۇپ، بۇ ھەقتە ۋېيجيېنىڭ «غەربىي ئەللەر ھەققىدە خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەھەر سىرتىدا 200 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بولۇپ، مەخسۇس دەپنە ئىشلىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ يەردە مەخسۇس بىر قورا سېلىنغان بولۇپ، ئاشۇ كىشىلەر ئۆلۈكنى شەھەردىن كۆتۈرۈپ ھېلىقى قورۇغا ئەكېلىدۇ ۋە ئىتلارغا قويۇپ بېرىدۇ. ئىتلار ئۆلۈكنىڭ گۆشلىرىنى بىرەر قۇر يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ دەپنە قىلىدۇ. ئۇلاردا مېيىتنى ساندۇققا سېلىپ كۆمىدىغان ئىش يوق»⑳. پادشاھ «پايتەختتىن قوغلاپ چىقارغان» ھېلىقى غۇز ئېھتىمال ئاشۇ ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يەيدىغان ئىتلارنى باققۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، «غۇز قانۇنلىرى» نىڭ ئىبادەتخانىلاردا ساقلىنىشى سەمەرقەنتتىكى دىن بىلەن سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ پاكىت غۇز قانۇنلىرىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. سەمەرقەنت قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، غۇز قانۇنى ئىبادەتخانىدا جەزمەن ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنغا قويۇپ قويۇلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 193 - جىلدىدىكى دۇخۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەمەرقەنتتە با ( 拔 ) ناملىق ئىبادەتخانا بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەشكۈچى زاتلار مۇشۇ جايدا تەربىيىلىنىدىكەن» . «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» نىڭ 186 - جىلدىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل سەل پەرقلىنىدۇ: «سەمەرقەنتتە با

( 敗 ) ناملىق بىر كىچىك ئىبادەتخانا بار بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ» . يۇقىرىقى نەقىللەردىن قارىغاندا، «سەپەر خاتىرىلىرى» بىلەن «سۇينامە» دىكى بايانلار مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، پەقەت يېزىلىش ئۇسۇلۇبىلا ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ. بىرىدە ( 拔 ) ياكى ( 敗 ) دەپ يېزىلغان بولسا؛ بىرىدە «شيەن» ( 祆 ) دەپ يېزىلغان. ئالدىنقىلار بۇ خىل پەرققە ئاللىقاچان دىققەت قىلغان ۋە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە دىڭ جيەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئىبادەتخانا دېگەن سۆزدىن كېيىنكى ئىككى جۈملىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان بولسا كېرەك» ㉑ دېسە، ۋاڭ گوۋېي «سۇينامە» گە ئاساسەن: « 拔 نى 祆 دەپ قاراش كېرەك» ㉒ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىشى پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان بۇ ئىككى خەتنىڭ قانداق بولۇپ بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ياپونىيىلىك شىراتورىي كراكوچى باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئېھتىمال ‹拔› خېتى پارسچە ‹مۇقەددەس جاي› بۇت سۆپىسى» دېگەن مەنىدىكى bât; pât بولۇشى مۇمكىن㉓ دەيدۇ، ئەمما بۇنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەيدۇ.

ھازىرچە ئوخشاش بولمىغان بۇ پىكىرلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، تاڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى زورو ئاستېر ( ئاتەشپەرەسلىك ) ئىبادەتخانىلىرىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى كۆزدىتىپ باقساق ئېھتىمال يۇقىرىقى ۋەسىقىلەردىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولار. «يو ياڭ مەجمۇئەسى» نىڭ 10 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئامۇ دەريا ۋادىسىدا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى باركەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاتەشپەرەسلىك پېرسىيەدىن تارقالغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئوت بىلەن بۇ يەرگە كېلەرمىش. ئىلاھلار ئۆز ئارا ئوخشاشمىغاچقا ئۇلارغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىنغانىكەن. بۇ ئىبادەتخانىلاردا بۇت بولمايدىكەن، پەقەت ئىبادەتخانا سەيناسىغا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئوچاقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويۇلغان بولۇپ، ئىبادەتخانىلارنىڭ پېشايۋانلىرى غەربكە قارىتىلغان ھالەتتە ئىكەن. ئادەملەر كۈنـچىقىش تەرەپـكە قاراپ ئىـبادەت قىلـدىكەن» .

ئېنىقكى، ئىبادەتخانا سەيناسىغا قويۇلغان «ئوچاق» — دەل ئوت سۇپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى «ئىبادەت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇقەددەس جايدا. ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەسكەرتىلمىگەن، بۇ «دۆلەت ئىشلىرىنى مۇزاكىرىلىشىش» قانۇنغا ئاساسەن جازا ئىجرا قىلغۇچىلار يىغىلىشىپ چىقىدىغان ئىبادەتخانىلار بىلەن بىرنەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ - يوق؟ تاجىكىستان تەۋەسىدىكى مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەر ئارىسىدا سەمەرقەنت پادىشاھى تارخۇننىڭ 10 - يىلى ( مىلادىيە 710 - يىلى) ئىمزالانغان بىر پارچە تويلىشىش ئەھدى بار. 90 قۇر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ ئەھدىنامىنى ھەقىقەتەنمۇ توققۇز غۇزلارغا دائىر قانۇن ۋەسىقىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ زور ھەجىملىكى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ رەسمىي تېكىستىنىڭ 18 - قۇرىدا ئەھدىنامە ئىمزالانغان جاينىڭ βwnty'nkv'st'ny ( «قانۇنخانا» دېگەن مەنىدە) ئىكەنلىكى ئېنىق ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلىدىكى xvārstan ( «قەسەمىيات ئورنى» ) غا توغرا كېلىدۇ. سوغدىچە بۇ ھۆججەتنىڭ يەشمىسىنى ئىشلىگەن لېۋشىس مەركىز ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان «قانۇنخانا» بىلەن جۇڭگو تارىخ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن سەمەرقەنتتىكىلەر «غۇز قانۇنلىرى» نى قويۇپ قويىدىغان ئىبادەتخانا ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بار، دەپ قارايدۇ㉔. بۇنىڭغا قارىتا يەنە بەزى قوشۇمچىلارنى ئېيتىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس: سۈي - تاڭ دەۋرلىرىنىڭ تەرجىمە ئۇسلۇبىدا Ferghana نامى دائىم 拔汗那 ياكى 跋贺那 دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان « 拔 » ياكى « 跋 » نىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزىنى βwnty'nk نىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىن ئىزدەش مۇمكىن، 祆 نىڭ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى ناتايىن.

ناۋادا سوغدىچە ھۆججەت بىلەن جۇڭگو ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى يۇقىرىقى سېلىشتۇرما ئىسپاتنى قوبۇل قىلىشقا مۇمكىن بولسا، 祆

拔 دېگەن ئىككى خەت سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مۇجمەللىكنى يې-
شىپ بېرىش ھېچقانچە تەس چۈشمەيدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى
ئېيتساق، سەمەرقەنتتىكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا غۇز
قانۇنلىرى ساقلىنىدىغان بىر «كىچىك ھۇجرا» بولۇپ، ئادەتتە «قا-
نۇنخانا» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە « 拔 » دەپ
ئېلىنغان. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلەردىكى « 祆 » ،
« 拔 » خەتلىرى بىرى ئىبادەتخانا نامى، يەنە بىرى ھۇجرا نامى
سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەرقايسىسى ئېنىق بولغان شەيئى-
لەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا قانداقتۇر خاتالىشىش دېگەن نەرسە مەۋ-
جۇت ئەمەس. مەنبەلەرنىڭ تارىخى بويىچە قارىغاندا، دۇخۇەن «قۇرد-
غار رايونىدا 12 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان» ئۇرۇش ئەسىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ سەمەرقەنت ھەققىدىكى خاتىرىسىدە
« 拔 » نىڭ ئورنىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن، بۇ ئەھۋال
ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە
غۇز قانۇنلىرىنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىنىڭ ئۆز
دەۋرىدىكى تارىخ مۇئەررىخلىرىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كۆپ ئىكەنلى-
كىنى چۈشەندۇرىدۇ.

بۇلاردىن سىرت، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا «غۇز
قانۇنلىرى» بىلەن «ئەرەب قانۇنى» نىڭ پەرقىدە. خۇددى ئالدىنقى
بەتلەردىكى نەقىللەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئېغىر جىنايەت ئۆت-
كۈزگەنلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش» ئىبارىسى جىنايى مەسئۇلىيەت-
نىڭ كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى جازا
مەزكۇر كىشىنى قەتل قىلىش بىلەنلا تۈگىمەستىن، يەنە ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىنى قويىماي قۇرۇتۇۋېتەتتى. ئەرەب ئىستېلاسىدىن كې-
يىن «قانۇن ماددىلىرىدا كەڭچىلىك بولدى» : «ئەرەبلەرنىڭ قانۇ-
نىدا بالا — چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا
شۇلا جازالىنىدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن باشقىلارنى چېتىپ جازالاشنى
قوللانمايدۇ» ㉕ . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابباسىيلار توققۇز
جاۋۇپلارغا «غۇز قانۇنلىرى» دىنمۇ ياخشى بولغان قانۇن - تۈزۈملەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى ئېلىپ كەلدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غازات ئۇرۇشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىجابىي نەتىجىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## 5 § . تاشسىچ ئىلاھى ۋە ئالتۇن پاترا

«سۇيىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئۇرتۇپە دۆلىتى» دە مۇنداق خاتىرە بار: «ئۇرتۇپەدە تاشسىچ ئىلاھى دېيىلىدىغان بىر ئىلاھ بار. ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بارچە ئەللەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن باش ئۇرىدىكەن. مەزكۇر ئىلاھقا مەنسۇپ بولغان بىر ئالتۇن پاترا بولۇپ كەڭلىكى بىر جاڭ بەش چى، ئېگىزلىكىمۇ شۇنچىلىك بولىدىكەن. ھەر قېتىمقى ئىبادەت كۈنى نەزىر ھېسابىدا بەش تۆگە، 10 ئات، 100 تۇياق قوي سويۇلىدىكەن. بىرەر مىڭ كىشى يىغىلىپ بۇ گۆشلەرنى يېسىمۇ تۈگىمەيدىكەن».

بۇ بىر بۆلەك تارىخىي باياننى «يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى. غەربىي ئۇرتۇپە» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن: «سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرتۇپە دۆلىتى جەنۇبتا شەھىرى سەبىز ۋە پاران بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قەندىھار شەھىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە. شەرقىي شىمالىدا شەھەر سىرتىغا توغرا كېلىدىغان جايدا تاشسىچ ئىبادەتخانىسى بار. ئاۋام خەلق ئۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن. ئۇنىڭغا تەۋە بىر ئالتۇن داڭقان بولۇپ، سول تەرىپىگە ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەڭرىقۇت ئىنئام قىلغان، دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن».

«تاشسىچ ئىلاھى» نىڭ دىنىي تەۋەلىك مەسىلىسى، شۇنداقلا «ئالتۇن پاترا» بىلەن «ئالتۇن داڭقان» نىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى تا ھازىرغا قەدەر ھەل بولغىنى يوق. تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغىنىمىز بۇ ھەقتىكى ئاخىرقى يەكۈن ئەمەس، بەلكى بۇ ھەقتىكى بىر ئۇرۇنۇش، خالاس.

ف. خىرد (F. Hirth) ۋە شىراتورىي كراكوچى قاتارلىقلاردىن

كېيىن، تاشسىچ ئىلاھىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەر كىم ھەرنېمە دەپ باقتى㉖. كېيىنچە ۋ. ب. خېنىڭدى ئۇچۇق قىلىپ سوغدىلاردىكى txs'yc ئىلاھىنىڭ تالڭ دەۋرى ۋەسىقىلىرىدىكى «تاشسىچ ئىلاھى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى㉗. بۇ ئىلاھ ئېھ-تىمال زورو ئاستېر دىنىدىكى «ساماۋى يامغۇر ئىلاھى» بولسا كې-رەك. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى شىگشىن يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر كۈمۈش قاچىغا سوغدىچە خەت ئويۇلغان بولۇپ، شىمىس. ۋىللىيامىسنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشىچە، ئۇنىڭدا «بۇ قاچا تاشسىچ ئىلاھىنىڭ بۇيۇملىرىدىن بىرى» دېگەن قۇرلار بار ئې-كەن. ئۇ يەنە مەزكۇر ئىلاھ نامىنىڭ ئايالچە رود بىلەن كەلگەنلىكىگە قاراپ (txs'ycyh) ئۇنىڭ ئايال ئىلاھ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇ-رىدۇ㉘. سوغدى شەھەر - قەلئەلىرىدە ئايال ئىلاھقا چوقۇنۇش ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى.

«سۈينامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاشسىچ ئىلاھى «ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بارچە ئەللەر ھۆرمەت بىلەن باش ئۇرىدىغان» چوڭ ئىلاھ. ئۇنىڭ ئىسرىق ئوتىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، ئۇنىڭغا قىلىنغان قۇربانلىق مالنىڭ كۆپلۈكى، ئۇنىڭغا ئېغىز تېگە-دىغان ئادەملەرنىڭ تولىلىقى ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. بۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، تاشسىچ ئىلاھىغا نەزىر قىلىنىدىغان قاچا دەرھەقىقەت پەۋقۇلئاددە چوڭ بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا «ئالتۇن پاترا» بىلەن «ئالتۇن قاچا» بىر گەپمۇ؟ ھەر ئىككىسى ئىلاھقا ئاتالغان چوڭ جاممۇ؟

تۆۋەندە ھەرقايسى ۋەسىقىلەردىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ئارقى-لىق «پاترا» نىڭ ئاھاڭى، مەنىسى، شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە بىر-بىرلەپ توختىلىمىز. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 47 - جىلد «زۇتىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پادشاھ شېن ۋۇ (شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ پادشاھى شېن ۋۇ، يەنى گاۋ خۇەن) ئەمەلدارلارغا زىياپەت بەرگەندە ئالتۇن پاترا سورۇن ئىچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. دوتەي مەي ئىچكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بوغمىچىسىنى (باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيىمى) ئېلىنىۋېتىشتىن، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زۇتنىڭ چىچى ئۈستىدىن پاترا تېپىلىپتۇ، ئەمما پادىشاھ ئۇنى جازالىماپتۇ».

«تۆت ئىقلىمدىكىلەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان»، «بەربابنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان»، «ياغاق مېيىدا رەسىم سىزىشقا ماھىر بولغان»، غوزلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن شۇنچىۋالا ياخشى خەۋەردار بولغان زۇتنىڭ زىياپەت سورۇنىدا ئوغرىلىنىۋالغان پاترا شۇبھىسىزكى غوزلارنىڭ مەي - شاراب جابدۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ جابدۇق تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى زىياپەتلەردە كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە «تاڭ بايانلىرى» نىڭ 5 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كەييۈەن يىللىرى پادىشاھ ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارغا دەبدەبىلىك زىياپەت بەردى. زىياپەت سورۇنىدا گاۋلىشى چوكىدا يوغان بىر كاللەك گۆشنى قىسىپ خۇاڭ فەنچاۋنىڭ ئاغزىغا تەڭلىگىنىچە، بۇنى يېۋەتسىلە قورساقلىرىغا بەخت قونىدۇ، دېۋىدى، خۇاڭ فەنچاۋ دەرھاللا ئالدىدىكى پاترانى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا سېلىۋېتىپ، بۇنىڭ بىلەن ئامەتلىك بولغايمەن، دېگىنىچە كېتىپ قالدى».

باشقا ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەردىمۇ پاترا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە سېن سەننىڭ «جيۇچۇەن ۋالىيسىنىڭ زىياپىتىدىن كېيىنكى شىركەيپلىك ئىچىدە يېزىلغان قەسىدە» سىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

«بەرباب بىلەن ئۇزۇن نەي زەپمۇ ئوبدان ماسلاشقان،
چياڭ ۋە غوز يىگىتلىرى چى ناخشىسىنى ياڭراتقان.
تۆگە، كالا، قوي گۆشى داستىخانغا پاتمىغان،
قوچۇنىڭ مۇسەللىسى ئالتۇن پاترادا ئايلانغان»㉙.

خېشى كارىدورىدىكى بۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن قويۇق غوزچە پۇراقتا ئىگە زىياپەتتە «ئالتۇن پاترا» نىڭ غوز چالغۇلىرى، غوز ناخشىسى ۋە غوزچە غىزالار بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلگەنلىكى،

ئۇنىڭغا مۇسەللەس قويۇپ ئىچىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن بىردىنلا ھەمـ-
-مىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇلاردىن زۇتاڭ بوغمىچىسى ئىچىگە يوشۇرۇ-
ۋالغان، خۇاڭ فەنچاۋ چاقچاق قىلىپ ئۆتۆكىگە تىقىۋالغان نەرسىلەر-
نىڭ دەل سىپىن سەن شىپىرىدىكى مەي ئىچىدىغان جام ئىكەنلىكىنى
بىلەلەيمىز. لى بەي ئۆزىنىڭ «مەي ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ
ھەقتە تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق مەدھىيە ئوقۇيدۇ:

«ئۈزۈم شارابى مۇسەللەسكە،
زەپ پەرلەشكەن ئالتۇن پاترا.
ۋۇ پەرىزاتلىرىنىڭ ھالىنى،
ئون بەش ئات ئاران تارتا».

يات ئەللەرنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك مىلى تاڭ دەۋرىدە خېلى
ئەتىۋارلىق بولۇپ، قىممەتلىك سوۋغات بۇيۇملىرى قاتارىغا كىرەتتى.
مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. توبۇتلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق
دېيىلىدۇ: «شيەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) توبۇتلەر ئالتۇن
جاۋۇر، ئالتۇن پاترا قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى». ئۇنىڭدىن سىرت
يەنە «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەر
بار: «شاڭيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (675 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ئولۇغ قانات
مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن كۇسەن پادىشاھى ئاق سۇجوك كۇمۇش
پاترا سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن يىپەك تەقدىم قىلىندى». ئوتتۇ-
را قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا خەتلەرنىڭ مۇقىم بولماسلىق ئەھۋالىـ-
غا ئاساسلانغاندا، «پاترا» سۆزى ھەر خىل خەتلەر بىلەن يېزىلغان
بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنىڭ ئوخشىمىغان خەتلەر ئارقىلىق
ئىپادىلىنىشى ئىدى. سوغدشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىچە بۇ سۆز پارس
تىلىدىكى pādrōd سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «چىنە» دېگەن مەنىدە
ئىكەن. بىر دانە كۇمۇش قاچىغا ئويۇلغان سوغدچە خەتلەر ئارىسىدا
pātrōδ دېگەن خەتنىڭ بارلىقى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. غەربتە
گرېك تىلىدا ئۇ φαλη دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ ۋە «قاچا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رومكا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ شەرقتە تۈركىي تىللاردا «پىيالە» دېيىلىدۇ؛ خەنزۇ تىلىدا « 叵 ( 破颇 ) 罗 » دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ «پاترا» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى[30].

«ئالتۇن پاترا» تولىمۇ قىممەتلىك مەي قاچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا خان ھۇجرىسى ۋە ھەرەمخانىدىكى ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولۇپ قالغان. چۇ رېنخونىڭ «تەرخەمەك خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ جىلدىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىككى ۋەزىر ئوردا زىياپىتىدە قەدەھ سۆزى قىلىپ گەپنى شۇنچىلىك ئۇزارتىۋېتىپتۇكى، ئىچى پۇشۇپ كەتكەن پادىشاھ (جانابلار كۆپ رىيازەت چەكتىڭلار) دېگىنىچە ئۇلارغا مەي تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇلازىملار ئىچكىرىكى سارايدىن ئىككى پاترانى ئېلىپ چىقىپتۇ. پاترالار ناھايىتى يوغان بولۇپ، چۆرىسىگە (ھوزۇرلىرىدىكى شاگىرتلىرىدىن ئالىيلىرىغا ھەدىيە) دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن. ھېلىقى ئىككى ۋەزىر ئېلىشقا پېتىنالماي پۇت ـ قوللىرىغا تىترەك ئولاشقىنىچە ئارقا ـ ئارقىدىن باش ئۇرۇپ كەينىگە داجىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ».

مىڭ دەۋرىدىكى ۋەزىرنىڭ ئالتۇن پاترا ئارقىلىق ئۆز ساداقىتىنى ئىپادىلىشى، تەبىئىيكى ئۇنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك بۇيۇم بولغانلىقىدىن ئىدى.

«ئالتۇن پاترا» نىڭ شان ـ شۆھرىتى تارىختا ھەر زامان زىكرى قىلىنىپ تۇرغان، ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە جېڭ بەنچياۋ باشقىلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەن بىر شېئىرىدا بۇ قەدىمكى ئىبارىنى قوللانغان:

«ئۆزلىرىگە ئۇزاق ئۆمۈر ۋە بەخت تىلەپ،
قۇيدۇم شارابلارنى ئۆز قولۇم بىلەن.
تياۋجادا جەم بولغاندا يىغىۋاشتىن،
ئىچەرمىز پاترالاردا شۇ مەينى ھەم»[31].

فۇزچە ئىبارىنىڭ خەنزۇچە شېئىرلاردا 1000 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىلىشى دەرۋەقە بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى يىلتىزىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن بولغانىدى.

ئەمدىلىكتە مۇنداق بىر زىددىيەتلىك ئەھۋالنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ: بوغمىچىغا ۋە ئۆتۈكنىڭ قونجىغا يوشۇرۇۋالغىلى بولىدىغان «ئالتۇن پاترا» كىچىك مەي جامى بولۇپ، تاشقى ئىلاھىغا مەنسۇپ بولغان «ئالتۇن پاترا» بولسا «كەڭلىكى بىر جاڭ بەش چى، ئېگىزلىكىمۇ شۇنچىلىك» بولغان زور بۇيۇم ئىدى. ئۇنداقتا ئۇلار بىر نەرسە تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن چوڭ - كىچىكلىكى شۇنچە پەرق قىلىدۇ؟ ۋەسىقىلەردىن مەلۇمكى، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھەشەمەتلىك زىياپەتلەردە زور ھەجىملىك مەي - شاراب قەدەھلىرى ۋە جاملىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلەتتى. جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (647 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ خان ئوردىسى ئالدىدا تېلىلار سەركەردىسىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن دەبدەبىلىك زىياپەت ئۆتكۈزگەندە «چوڭ بىر كۈمۈش جاۋۇر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ يۈز خوچە كېلەتتى. ئۇنىڭغا ئۇسۇلغان مەينى تېلىلاردىن نەچچە ئون كىشى ئېلىپمۇ يېرىم قىلالمىدى»㉜.

يۈەن سۇلالىسى پايتەختى خانبالىقتىكى داڭلىق سارىيىدا «مەي دېڭىزى» ناملىق غايەت زور جىسىم بار㉝ بولۇپ، «تېرىقچىلىق خاتىرىسى» نىڭ 21 - جىلدىدا: «ياغاچتىن ياسىلىپ كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بىر قۇمرا بولۇپ، سىرتىغا ئالتۇن ئەجدىھا ۋە يىلان چىرمىشىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن، ئېگىزلىكى بىر جاڭ يەتتە چى كېلىدۇ، ئۇنىڭغا 50 كۈرەدىن ئارتۇق مەي سىغىدۇ» دېيىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاڭ دەۋرىدىكى ھەجىم بىرلىكى بولغان 100 خو ۋە يۈەن دەۋرىدىكى ھەجىم بىرلىكى بولغان 50 كۈرە قاتارلىق بۇ ئىككى مىسالدىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ مەي جامى ئىكەنلىكىنى، دائىملىق ئىستېمالدا ئەمەس، بەلكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭدەك توققۇز غۇزلار ئىبادەتكە ئىشلىتىدىغان «ئالتۇن پاترا» نىڭ شەكلى ۋە ھەجمى ئادەتتىكى «ئالتۇن پاترا» نىڭ چوڭلۇقىدىن ئالاھىدە پەرق قىلمىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىلاھى سىرلىقلىقىنى قانداقمۇ گەۋدىلەندۈرگىلى بولسۇن؟ ئۆرتۆپە دۆلىتىدە تاشىسچ ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر قىلغاندا، تۆگە، ئات، قوي بولۇپ 100 نەچچە تۇياق مال سويۇلغانىكەن، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھەيۋىتى ۋە ھەشەمىتى ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان بىر جاڭدىن ئارتۇق كەڭلىكتىكى ئالتۇن پاترا بولمىسا بولمايتتى. ئالتۇن پاترانىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىرەر غەيرىي رولى بولمىسا كېرەك.

## 6 § . شەرق مەھەللىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپى

1916 ـ يىلى پېللىئوت «شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە پىچان كۆلى ئارىلىقىدىكى سوغدىيانا مەھەللىلىرى»㉞ ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شەرقتىكى توققۇز غۇزلار مەھەللىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى مەيلى كەڭلىك ياكى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن بولسۇن روشەن ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. مۇھاكىمە دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ نېرىسى تاڭ دەۋرىدىكى شىمالىي چۆللۈك غۇز قەبىلىلىرى㉟، ئالتە جۇپ سوغداق㊱، خېبېي ئۆلكىسى ㊲ ۋە قوچۇ ئايمىقى㊳، ئېۋىرغول㊴، شاجۇ㊵، لياڭجۇ㊶ ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپلىرىغىچە㊷ چېتىلىدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى «غۇزلىشىش» ھادىسىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەققىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلدى.

مەخسۇس بىر تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن توققۇز غۇزلارنىڭ شەرق مەھەللىلىرى تارىخىدا دەۋر ۋە رايون تىپلىرىغا تەۋە بولغان مەسىلىلەر بولغاندىن باشقا، يەنە مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە مەسىلىلەرمۇ بار. كېيىنكىسى نەزىرىيىۋى مۇھاكىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسپات خاراكتېرلىك ئېنىقلىما ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بەزى كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇرغىلى بولار. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا مۇھا-

كىمە يۇرگۈزسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

### 1. يۆتكىلىشچان مەھەللىلەر

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى توققۇز غۇزلاردىكى 石 (شاش)، 康 (سەمەرقەنت) فامىلىلىكلەر ئۆز سەردارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئىچۋىرغول ۋە پىچان ئەتراپلىرىدا ماكانلاشتى. «شاجۇ ۋە ئىچۋىرغول تەزكىرىسى» نىڭ فراگمېنتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6 ـ يىلى (610 ـ يىلى) شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن يەر سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچۋىرغول ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى مالىمانچىلىقتىن كېيىن، غۇزلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى) غۇز سەردارى شى ۋەننىيەن يەتتە شەھەردىكى غۇزلارنى باشلاپ كېلىپ، ئەل بولدى. بۇيۇك تاڭ سۇلالىمىز ئۇلارنى دەسلەپ ئىچۋىرغول ئايمىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان پىچان ناھىيىسى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ئادەمزاتسىز شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. جېنگۇەننىڭ ئوتتۇرىلىرى سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغ سەردار كاڭ يەندىيەن (康艳典) شەرققە سۈرۈلۈپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پىچاندا غۇزلار كۆپىيىپ بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ كەتتى. شۇڭا، بۇ شەھەر دېيەنخېچېڭ (كاڭ يەندىيەنگە ئەگىشىپ كەلگەنلەر شەھىرى — ت) دەپمۇ ئاتىلىدۇ».

بۇ خىل مەھەللىلەر غۇزلارنىڭ تارقاق ماكانلىششى ياكى نوپۇسقا ئېلىنمىغانلارنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن ئەمەس. بۇ بىر تۈركۈم كۆچمەنلەرنىڭ تەشكىللىك پائالىيىتى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سەردارى بار ئىدى. بىر يەرگە يىغىلىپ ماكانلىشاتتى، شۇڭا ئۇلار شەھەر قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى (مەسىلەن، شى ۋەننىيەن يەتتە شەھەر قۇرغان؛ كاڭ يەندىيەن تۆت شەھەر قۇرغان)، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆسۈملۈكلىرى (مەسىلەن ئۈزۈم) نى تېرىيالىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىنى (زورو ئاستېر دىنىنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقلاپ قالالىغانلىدى㊸. غوزلىشنىشنىڭ دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۈتكىلىشچان مەھەللىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنىلا تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە ئىدى.

## 2. بەيئەت تىپىدىكى مەھەللىلەر

دۇنخۇاڭدىكى سوگخۇا يېزىسى، قوچۇدىكى چوڭخۇا يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان غوز پۇقرالىرى يېزا - تۇتۇن بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان بولۇپ، نوپۇس سانى بويىچە يەر بۆلۈپ بېرىلگەنىدى. نوپۇس رويخېتىدىن قارىغاندا، غوز پۇقرالىرى كۆپىنچە خەنزۇچە ئىسىم قوللانغان ۋە «يەرلىك غوزلار» نىڭ خەنزۇلىشىش يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. تىرىكچىلىكتە ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ غوز فامىلىلىك ئاۋام پۇقرالار ئىدى.

«خېشى كارىدورىدىكى چوڭ مەركەز لياڭجۇ ئايمىقى ئىدى. غەربچە تون كىيگەن سودا كارۋانلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن پامىرنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا قاتنايتتى»㊹. بۇ يەردە دېيىلگەن بەيئەت خاراكتېرلىك مەھەللىلەردە غوزلار يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى ئەن شيۇرېن، ئەن شىڭگۈي قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى 600 تۇتۇننى باشقۇرىدىغان يەرلىك تۆرىلەر ئىدى. خانىدانلىقتىكى سىياسىي كرىزىستا ئۇلار غوزلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتكەن ئامىللار ئىدى.

بەيئەت خاراكتېرلىك مەھەللىلەردىكى ئاۋام پۇقرالار بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرقى خۇددى «راۋاچ تاپقان غوزلار» ۋە «يەرلىك غوزلار» نىڭ پەرقىگە ئوخشاش سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر.

## 3. تۈركلەشكەن مەھەللىلەر

شىمالىي چۆللۈك رايونىدا كۆك تۈرك ئوردىسىغا بېقىندى بولۇپ

تۇرۇۋاتقان «غۇز قەبىلىلىرى» نى مەدەنىيەت تىپى نۇقتىسىدىن
تۈركلەشكەن مەھەللىلەر دېيىشكە بولىدۇ. VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە
قاغان ئوردىسىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغان شىشۇ خۇشى
«قاغان ئىشباراغا خەۋەرلەندۈرمەيلا ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ،
پۈتۈن مال- چارۋىسىنى ھەيدىگىنىچە بوراندەك كېتىپ قالدى»㊺.
مەقسىتى يىپەك - ئات سودا بازىرىغا بېرىش ئىدى. تياۋلۇنىڭ 1- يىلى
(679 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدا لۇجۇ،
لىجۇ، خەنجۇ، سەيجۇ، يىجۇ، چېجۇ قاتارلىق ئالتە ئايماق تەسىس
قىلىپ تۈركلەردىن قېچىپ كەلگەن كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى،
شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئالتە جۇپ سوغداق» دەپ ئاتالدى. ئالتە جۇپ
سوغداقنىڭ باش سەردارى ئەن پېيىنىڭ ئاتا - بوۋىسى تۈركلەردىكى
غۇز قەبىلىسىدىن ئىدى. تۈركلەشكەن مەھەللىلەردىكى توققۇز غۇزلار
ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلاردا سودىغا ماھىر بولۇش-
تىن ئوقياغا ماھىر بولۇشقا يۈزلەندى. لى يىنىڭ «ئالتە جۇپ سوغ-
داق ناخشىسى» دىكى: «ئالتە جۇپ سوغداقلاردا ئوخشىمىغان ئالتە
تىل، كىچىككىنە بالىلىرى قوي ئۈستىدە مەرگەندۇر» دېگەن مىسرالار
غۇزلاردىكى تۈركلىشىش ئەھۋالىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئىدى.

توققۇز غۇزلارنىڭ شەرق مەھەللىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپى مۇ-
رەككەپ تارىخىي ھادىسە بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز پەقەت ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان مەسىلىلەر بولۇپ، قانداقتۇر ئاخىرقى يەكۈن ئەمەس.
بەيئەت خاراكتېرلىك مەھەللىلەرگە چېتىلىدىغان ۋەسىقىلەر ھەممى-
دىن كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلاردىكى غۇزچە فامىلىلىك جەمەتلەرنىڭ
يىلتىزىنى ئەڭ چوڭقۇر قېزىشقا بولىدۇ. شۇڭا، غۇزلىشىش بىلەن
غۇزچە فامىلە مەسىلىسىنى كىشىلەر ئوخشايلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمە-
لىيەتتە غۇزچە فامىلىلىك يۇقرالار ئاللىقاچان غۇزچە ئۆرپ- ئادەتلى-
رىنى تاشلاپ خەنزۇلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەۋلادتىن- ئەۋلاد-
قا «كاڭ» ياكى «ئەن» فامىلىسىنى قوللىنىپ كەلدى. مەدەنىيەت
تىپى جەھەتتىن پايدىلىنىشنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، تۆۋەندە توققۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

غۇزلاردىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدە بەزى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارماقچىمىز.

### ئىزاھاتلار

① ژاڭ گوۋېي: «گوەنتاڭ توپلىمى» 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1959 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 606 — 620 ـ بەتلەر.

② «لۇي سىمىيەننىڭ تارىخ ئەسەرلىرىدىن قالدۇرغان خاتىرىسى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1982ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى، 1177ـ بەت.

③ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ- جۇغراپىيەسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1957 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 179 — 180 ـ بەتلەر.

④ چېن يىنكې: «جىن ـ مىڭ سارىيى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە II»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 52 ـ بەت.

⑤ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد.

⑥ سىمىر نوۋا: «پەنجىكەنت قەدىمكى شەھىرىدىكى تەڭگىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، موسكۋا، 1963 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 31 ـ بەت.

⑦ ما شياۋچۇ: «ماغياندىكى بەنشد قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا» — «ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1987 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 65 ـ، 75 ـ بەتلەر.

⑧ لېۋشىس قاتارلىقلار: «پەنجىكەنتتىكى 1 ـ نومۇرلۇق ئىبادەتخانىدىن قېزىۋېلىنغان سوغدىچە فراگمېنت» — «ئاسىيا ـ ئافرىقا خەلقى»، 1982 ـ يىل 5 ـ سان، 131 — 141 ـ بەتلەر.

⑨ بېلىنىسكى قاتارلىقلار: «قەدىمكى پەنجىكەنت ئاھالىسىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى» — «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقنىڭ تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى»، موسكۋا، 1979 ـ يىل نەشرى، 19 — 25 ـ بەتلەر.

⑩ بېلىنىسكى قاتارلىقلار: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى»، لېنىنگراد، 1973 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 114 — 116 ـ بەتلەر.

⑪ لېۋشىس: «موغ تېغىدىن تېپىلغان قانۇن ھۆججەتلىرى»، موسكۋا، 1962 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 22 ـ بەت.

⑫ «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 9 ـ قىسىم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرى-

ياتى، 1990 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 27 ـ بەت.

⑬ «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

⑭ «يېڭى تاڭنامە» 211 ـ جىلد.

⑮ ۋاڭ گوۋېي: «گۇەنتاڭ توپلىمى» 4 ـ قىسىم، 987 ـ بەت

⑯ «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد «سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

⑰ لۇجاۋيىن: «خې ۋېنجېننىڭ قەبرە پۈتۈكى ھەققىدە» — «ئارخېئولوگىيە»، 1986 ـ يىل 9 ـ سان، 846 ـ بەت.

⑱ يەن ۋېنرۇ: «تاڭ دەۋرىدىكى مى جىنجېننىڭ قەبرە پۈتۈكى ھەققىدە» — غەربىي شىمال مىللەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1989 ـ يىل 2 ـ سان، 154 ـ بەت.

⑲ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد.

⑳ «قانۇنلار قامۇسى»، 193 ـ جىلد.

㉑ «دىڭ چيەن: «سەپەر خاتىرىلىرىدىكى جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتلار ھەققىدە» — «جېجياڭ كۇتۇپخانىسى مەجمۇئەسى»، 2 ـ قىسىم.

㉒ ۋاڭ گوۋېي: «قەدىمكى سەپەر خاتىرىسىگە ئىزاھ» — «خەينىڭلىق ۋاڭ جىڭئەن ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى»، 37 ـ قىسىم.

㉓㉖ شىراتورى: «سوغدىيانا ھەققىدە» — «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2 ـ قىسىم، 1981 ـ يىل يەنبو نەشرى، 78 ـ بەت.

㉔ لىۋشىس: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان قانۇن ھۆججەتلىرى»، موسكۋا، 1962 ـ يىل، 38 ـ بەت.

㉕ «قانۇنلار قامۇسى»، 193 ـ جىلد.

㉗ خېنىڭ: «سوغدىلاردىكى ئىلاھلار ھەققىدە»، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى ژۇرنىلى» 28 ـ توم، 2 ـ سان، 252 — 253 ـ بەتلەر.

㉘ لىن مېيسۇن: «جۇڭگودىن قېزىۋېلىنغان ئويما خەتلىك پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كۈمۈش بۇيۇملىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 9 ـ سان، 56 — 57 بەتلەر.

㉙ چېن تيېمىن: «سېن جياجۇ شېئىرلىرىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە» — «ئەدەبىيات. تارىخ»، 6 ـ قىسىم.

㉚ ئېدۋارد. شافېر: «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇلى» نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى، 459 — 460 ـ بېتىدىكى ئىزاھقا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

㉛ «جىلى بەنچياۋ توپلىمى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1979 ـ يىل 204 ـ بەت.
㉜ «كىتابلار جەۋھىرى»، 170 ـ جىلد.
㉝ خەن رۇلىن: «چېدىر خاتىرىلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل، 140 — 144 ـ بەتلەر.
㉞« غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىل۔لەشكە دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 2۔ توپلام، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1995۔ يىل نەشرى.
㉟ پوللىيبىلانك: «ئىچكى موڭغۇلدىكى سوغدى مەھەللىلىرى» — «توڭباۋ»، 41 ـ جىلد (1952 ـ يىل) 317 — 356 ـ بەتلەر، خۇيافۇ: «شەرق تۈرك دۆلىتىدىكى سوغداقلار» — «قەدىمكى تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 1 ـ كىتاب، شەنچۈەن نەشرىياتى، 1967 ـ يىل نەشرى، 61 — 93 ـ بەتلەر.
㊱ س. گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك ئابىدىلىرى»، 3 ـ باب «سوغدىلار ۋە تۈركلەر»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991۔ يىل تەرجىمە نەشرى، 86 — 135 ـ بەتلەر؛ جاڭ گۋاڭدا: «تاڭ دەۋرىدىكى ئالتە جۇپ سوغداقلار رايونىدىكى توققۇز جاۋۋپلار» — «غەربىي يۇرت تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 249 — 279 ـ بەتلەر.
㊲ گۇچىڭگۋاڭ: «ئۆڭلۈك ـ سۆيگەن ئىسياندىن ئىلگىرىكى خىيىبىي مەھكىمىسى» — «گۇچىڭگۋاڭ تارىخ ئەسەرلىرى توپلىمى» Ⅳ توم، جياڭشى مائارىپ نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 180 — 191 ـ بەتلەر.
㊳ جياڭ بوچىن: «دۇنخۇاڭ — تۇرپان ۋەسىقىلىرى ۋە يىپەك يولى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 2 ـ ئاي 1۔ نەشرى، 162 — 188 ـ بەتلەر.
㊴ يۇ تيەنخېڭ: «تاڭ سۇلالىسى گۋاڭچېڭنىڭ 1 ـ يىلىدىكى شاجۇ ۋە ئېۋىرغول تەزكىرىسىنىڭ فراگمېنتى» — «دوكتور يۇتيەنخېڭنىڭ تارىخ ئەسەر۔لىرى توپلىمى» I توم، جىڭدۇ شەرقىي ئوكيان تارىخى ئۇيۇشمىسى، 1957۔ يىل نەشرى، 585 — 605 ـ بەتلەر.
㊵ چى تيەنۋېن: «Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى دۇنخۇاڭدا سوغدى

مەھەللىلىرى» — «ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ جۇڭگو تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1993 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 140 — 220 - بەتلەر؛ جياڭ بىڭلىنىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «دۈنخۇاڭ بېيشەتچى قوشۇنىنىڭ تارىخى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل 9- ئاي 1- نەشرى، 359 — 465 - بەتلەر.

㊶ ژۇ يۈگۈي: «لياڭجۇ سوغدىلىرىدىكى 安 جەمەتى ھەققىدە تەتقىقات»، «تاڭ سۇلالىسى ھەققىدە تەتقىقات» Ⅱ توم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 295 — 337 - بەتلەر.

㊷ رۇڭ شىنجاڭ: «قەدىمكى تارىم ۋادىسىدىكى سوغدى كۆچمەنلىرى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993- يىل 2- سان، 8 — 15 - بەتلەر.

㊸ ژاڭ جۇڭلو: «دۈنخۇاڭ تاش غارلىرى تەزكىرىسىنىڭ فراگمېنتى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1993- يىل 9- ئاي 1 - نەشرى، 196 — 207 - بەتلەر.

㊹ «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 1 - جىلد.

㊺ «سۈينامە»، 67 - جىلد، «پېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# II باب توققۇز غۇزلاردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر

شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە غۇزلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە ئىخچام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەممىلا جايدا غۇزلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كۆزگە چېلىقتۇرۇشقا بولىدىكەن. ئادەت جەھەتتە ئۇلار گەرچە رۇڭلار بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما تۈركۈملەرگە ئايرىلىپ تارقىلىشىدىن ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار كۆپىنچە ئوخشىمىغان رايونلارغا بۆلۈنگەن ھالەتتە ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شەھەر - قەلئەلەرنى سېلىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. مال - مۈلۈككە ھېرىسمەن كەلسىمۇ، يەنىلا ئىنساپ - دىيانەتنى ئۇنتۇمايدىكەن. توي - نىكاھ ئىشلىرىدا ئالاھىدە قائىدىلەر بولمايدىكەن. يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجە پەرقىمۇ يوق ئىكەن. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ گېپى گەپ بولىدىكەن، ئەرلەر بولسا بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. دەپنە ئىشلىرىدا جەسەتنى كۆيدۈرىدىكەن، ھازا مۇددىتىنىڭ چېكى بولمايدىكەن، دەپنە مۇراسىمىدا يۈزلىرىنى تىلىپ، قۇلاقلىرىنى كېسىدىكەن، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىدىكەن، يۈزلەپ مال - چارۋا سويۇپ ئەرۋاھقا نەزىر قىلىدىكەن. خەيرلىك كۈنلەردە ئاق كىيىم، قارىلىق كۈنلىرى قارا كىيىم كىيىدىكەن» . شۇ كىتابنىڭ 1 - جىلدىدا «سوغدىيانا» يەنى تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار رايونىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: « كىگىزدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى، تېرە جۇۋىلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، كىيىملىرى

كۆپىنچە ھىم بولۇپ بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىكەن. چاچلىرىنى تۈرمەكلەپ چوقىقىسىغا تۈرۈۋالىدىكەن؛ يەنە بەزىلىرى، قىرقىما چاچ قويۇپ، چاچلىرىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈۋالىدىكەن، قەددى - قامەتلىك، بەستلىك بولسىمۇ، توخۇ يۈرەك كېلىدىكەن. قۇۋلۇق - شۇملۇقنى ئادەت قىلغان، ھىيلە - نەيرىڭى تولا بولۇپ، كۆپىنچە ئاچ كۆز كېلىدىكەن. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا پايدا ئېنىق ئايرىلىدىكەن. بايلىق كۆپىنچە بايلارنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغان بولسىمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلىرى ئۇنچىۋالا نامرات ئەمەس ئىكەن. بايلىرى ئالامەت باي بولۇپ كەتسىمۇ، كىيىم - كېچەكلىرى شۇنداق ئاددىي، يېمەك - ئىچمەكتىمۇ ئالاھىدە ھەشەم قىلىپ كەتمەيدىكەن. يۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەيەردە پايدا - مەنپەئەت بولسا، شۇ ياققا يۈگۈرەيدىكەن» . بىز يۇقىرىقى نەقىللەرنى ئاساس قىلغان ھالدا مەزكۇر بابتا غۇز ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە ئائىلە، نىكاھ، دەپنە - مۇراسىم، ئولتۇراق ئۆي، زىبۇ زىننەت، يېمەك - ئىچمەك، كالېندار، ھېيت - بايرام، سودا ۋە ئىسىم قاتارلىقلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمىز. بۇنىڭدا قەدىمكى خەنزۇچە كلاسسىك ۋەسىقىلەر ۋە سوغدىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، ھەربىر تۈرنى ئايرىم - ئايرىم يەشمەكچىمىز، بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوغدىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمىلاشقان يەكۇنلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

## § 1 . ئائىلە

شۇەنزاڭنىڭ غۇزلار ھەققىدىكى بايانلىرىدا غۇز ئائىلىلىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك ئاساسىي مۇناسىۋەت تىلغا ئېلىنغان. بىرى، ئەر -

ئاياللىق مۇناسىۋەت: «كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ گېپى گەپ بولىدىكەن، ئەرلەر بولسا بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىكەن». يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: «كۆپىنچە ئاچ كۆز كېلىدۇ. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا پايدا ئېنىق ئايرىلىدۇ». تۆۋەندە مانا مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ مەۋجۇت بولغان چەكلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا توققۇز غۇزلاردىكى ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرمەكچىمىز.

قەدىمكى خەن دەۋرىدىلا پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان غەربىي غۇز قوۋملىرىدا «ئاياللار ئەتىۋارلىناتتى، ئاياللارنىڭ دېگىنى ھېساب بولاتتى، ئەرلەر بولسا بۇنى ماقۇللايتتى»①، تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلاردا بۇ خىل ئەنئەنە يەنىلا ساقلىنىپ كەلگەنىدى. «ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە» نىڭ 1 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەن لۇشەن ياڭ گۇيفېينىڭ ئاسراندى ئوغلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «ھەر قېتىم ئوردىغا سالامغا كىرگەندە ئاۋۋال تەيجېن خانىش (ياڭ گۇيفېي) قا تەزىم بەجا كەلتۈرىدىكەن. پادىشاھ شۈەنزۇڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئەن لۇشەن بۇنىڭغا جاۋابەن غۇزلارنىڭ ئادىتىدە ئاۋۋال ئانىغا، ئاندىن ئاتىغا سالام بېرىلىدۇ، دېگەندە پادىشاھ شۈەنزۇڭ بەكمۇ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ»②. ئېنىقكى، ئەن لۇشەن خەنزۇلاردىكى دائىملىق قائىدىنىڭ ئەكسىنى قىلىش ئارقىلىق پادىشاھ شۈەنزۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئامراق خانىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان. دەرۋەقە، «ئاۋۋال ئانىغا، ئاندىن ئاتىغا سالام بېرىش» ئەنئەنىسى غۇزلاردا چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئىدى. كونا سالنامىلەر «تەتۈر قائىدە» دەپ قاراپ كەلگەن بۇ خىل ئانىلىق ئىمتىياز توققۇز غۇزلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ پاكىتنى كەلتۈرۈش مۇمكىن: (1) بۇخارا پادىشاھى «ھەرقېتىم ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭەشكەندە خانىش ۋە ۋەزىر ئۈچەيلەن دەرقەمتە تۇرۇپ مۇزاكىرە ئېلىپ باراتتى»③؛ (2) كەييۈەننىڭ 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا بۇخارا پادىشاھى دوساپۇت ئەلچى ئارقىلىق سوۋغات بۇيۇملىرى مەكتۇپىنى ئەۋەتكەندە «ئايالى خاتۇن»

نىڭ ئىسمىمۇ پادىشاھنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا يېزىلغان④؛ (3) سوغدى مىس تەڭگىلىرىدىن 1482 ـ ۋە 1484 ـ نومۇرلۇق ئىككى يارماقتا ئوخشاش ھالدا پادىشاھ ۋە خاتۇننىڭ باش سۈرىتى ئالدى يۈزىگە ئويۇلغان⑤.

«ئاياللارنىڭ دېگىنى ھېساب» بولۇشى ۋە «ئاۋۋال ئانىغا، ئاندىن ئاتىغا سالام بېرىش» ھادىسىسى توققۇز غۇز ئائىلىلىرىدە تاڭ دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، غۇز ئائىلىلىرى ئەرلەر قانداشلىق ئاساس قىلىنغان ئاتىلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلە ئىدى. ھەممىدىن بەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىسپات ئېھتىمال قانۇن ۋەسىقىلىرىدىكى كونكرېت شەكىل بولسا كېرەك. مەسىلەن، مۇغ تېغىدىكى ۋەسىقەلەردىن B — 8 نومۇرلۇقى 707 ـ يىلى ياكى 708 ـ يىلى ئىمزالانغان يەر سېتىۋېلىش توختامى بولۇپ، ئالغۇچى ـ ساتقۇچى ئىككى تەرەپ ۋە تۆت نەپەر گۇۋاھچى بىردەك «پۇستاننىڭ ئوغلى پوكۇنى» دېگەن شەكىلدە ئىمزا قويغان:

ساتقۇچى: šinvaγč ۋە Satafasarak، يەنى a — Farnxund نىڭ ئوغۇللىرى.

ئالغۇچى: māxč ۋە Xšumvandak، يەنى a — Asmanč نىڭ ئوغۇللىرى.

گۇۋاھچىلار: Wrk'n، يەنى Brtwγz نىڭ ئوغلى.

prn — nny بولسا Bγw'rz نىڭ ئوغلى.

š(w)c، يەنى n' — prnyنىڭ ئوغلى.

tws'γ، يەنى zym نىڭ ئوغلى⑥.

مۇغ تېغى ۋەسىقىلىرىدىن 3 ـ ۋە 4 ـ نۇمۇرلۇق ھۆججەتلەر سەمەرقەنت پادىشاھى تارخونخاننىڭ 10 ـ يىلى (170 ـ يىلى) ئىمزالانغان مەشھۇر نىكاھ توختامى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۈيئوغۇل، كېلىن، گۇۋاھچىلار ۋە كاتىپ قاتارلىقلار بىردەك ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى يازغان⑦. بۇ خىل ئالاھىدە شەكىلدىكى ئىسىم فورمىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ توق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇزغۇز قەبرە پۈتۈكلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. جېنگۇەن يىللىرىدىكى «غەربىي يۇرتتىكى سەمەرقەنتلىك» بولغان كاڭ ئادا ( 康阿达 ) نىڭ تولۇق ئىسمى «بۈيۈك تاڭ مەملىكىتىنىڭ ئوغلى ئادا» («لوگيۇۋ مېتال - تاش پۈتۈكلىرى» 2 - جىلد) بولۇپ، قانۇن ھۆججەتلىرىدىكى ئىسىملارنىڭ يېزىلىش شەكلى بىلەن ماس كېلىدۇ. سوغدى قانۇن ھۆججەتلىرىدە مەزكۇر شەخسنىڭ ئاتا تەرەپ يىلتىزىغا شۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىلىشى توققۇز غوزلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئەرلەر بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىكەن» دېگىنى قائىدە - يوسۇندىكى «ئاۋۋال ئانىغا، ئاندىن ئاتىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش» تىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۈستىدىن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس.

توققۇز غوزلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى كىشىلىك قائىدە - يوسۇنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن نىكاھ ۋە دەپنە مۇراسىملىرى باشقا پاراگرافلاردا ئايرىم مۇھاكىمىگە قويۇلىدىغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچ خىل ياش باسقۇچى ھەققىدىلا توختىلىمىز. (1) بوۋاققا بەخت تىلەش: «يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ لەۋلىرىگە ھەسەل سۈركەپ ئېغىزلاندۇرىدۇ، ئالىقىنىغا بولسا يېلىم سۈركەيدۇ، بۇنداق قىلىغىنى چوڭ بولغاندا سۆزى بالدىن تاتلىق بولسۇن، پۇل - بايلىقنى ياريېلىمدەك چىڭ تۇتسۇن دېگىنى» («يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد)؛ (2) خەت ساۋاتىنى چىقىرىش: «ئوغۇل بالىلار بەش ياشقا كىرگەندە ساۋات چىقىرىشقا بېرىلىدۇ. ساۋاتى چىققاندىن كېيىنلا سودا ئىشلىرىنى ئۆگىنىدۇ. پايدىنى قانچە ئاشۇرسا، شۇنچە ياخشى دېيىلىدۇ» («قانۇنلار قامۇسى» 193 - جىلد)؛ (3) بالاغەتكە يېتىپ سودىگەر بولۇش: «ئوغۇللار 20 ياشقا تولغاندا قوشنا ئەللەرگە سودىگەرلىككە ئەۋەتىلىدۇ. پايدا بارلىكى جايغا بارماي قويمايدۇ» («يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ياش باسقۇچىدا سودا ئېڭىنى

سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ياش - ئۆس-مۈرلەردە غوزلاردىكى «سودىغا ماھىر بولۇش» ئادىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدىغانلىقى، كېيىنچە «قانائەتسىز» لەرچە ئارزۇ بىلەن ئائىلىدىن جەمئىيەتكە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوتتۇرا جۇڭگوغا ماسلىشىدىغانلىقى ئەمدىلىكتە بىزگە روشەن ئايان بولدى.

تاڭ دەۋرىدە توققۇز غوزلاردىكى ئاتا بولغۇچىنىڭ ئوغلىنى ھەمە-راھ قىلىپ «قوشنا ئەللەر» گە سودا قىلىشقا بارىدىغانلىقى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە چۇيگوڭنىڭ 1 - يىلى (685 - يىلى) بىر تۈركۈم غوز سودىگەرلىرىنىڭ ئىدىقۇت تۇتۇق مەھكىمىسىگە «يول خېتى» ئىلتىماس سۇنغانلىقى ھەققىدىكى دېلو خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا 55 ياشقا كىرىپ قالغان كاڭ خېچا ئوغۇللىرىدىن «شېبى، فۇنىل» قاتارلىقلارنى ئې-لىپ ئاستانىدە «سودا سارىيى» ئېچىشنى تەلەپ قىلغان⑧. ئوغۇل بالىلىق ئائىلىلەر «پايدا بارلىكى جايغا بارىدىغان» بولغانلىقى، يىللاپ-يىللاپ ياقا يۇرتلاردا جاھاندارچىلىق قىلىدىغانلىقى، ھەتتا يات ئەللەر-دە ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ قالىدىغانلىقى سەۋەبلىك، توققۇز غوز ئائىلىلىرىدە ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىق كۈچى ئاجىزلاپ كېتىپ، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەت-لەرگە قارىغاندا سۇسلىشىپ كەتكەن ئىدى، بۇنىڭ بىلەن غوز ئائىلى-لىرى «قاقتى - سوقتىچىلار» دەپ قارىلاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە سىڭىپ كىرگەن بولغاچقا، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا پايدىنى دەپ دىيانەتنى ئۇنتۇدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلەتتى. دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىكى 3813 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئارقا يۈزىگە «تاڭ ھۆكۈمنامىلىرى» نىڭ فراگمېنتى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا غوز سودىگىرى شى پوتو ( 史婆拖 ) دېلوسى خاتىرىلەنگەن: «چاڭئەن ناھىيىسىدىن بولغان شى پوتو ئائىلىسى سودا ئىشلىرى بىلەن مىسلىسىز دەرىجىدە بېيىغانىدى. يېنىدا ھەمىشە لەشكىرىي ئۇنۋانىغا ئىگە چېرىكلەر مۇھا-پىزەتتە بولاتتى. ھويلا - ئارام، باغ - ۋارانلىرى، كىيىم- كېچەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

زىبۇزىننەتلىرى، ئائىلىدىكى قۇل- دېدەكلىرى پادشاھنىڭكىدىن قې-
لىشمايتتى. بىر قورساق قېرىنداشى بولغان ئىلتەبىر ئايرىم قورۇ-
جايدا تۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىق ۋە غۇربەتچىلىكتە
ئۆتسىمۇ، قېرىنداشى ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنمايتتى. ئۇ قوشنى-
سى كالىڭ موبىدىن كونا كىيىم ئارىيەتكە ئېلىپ قايتۇرالمىغانلىقتىن،
قوشنىسى ئۇنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان دەپ ئەرز قىلغان» . بۇ بىر
توقۇلما دېلو مىسالى بولسىمۇ، ئەمما شى ئائىلىسىدىكى قېرىنداشلار
ۋە قوشنىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت سودا مىللىتى
بولغان توققۇز غۇزلارنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنىڭ يەنىلا ئومۇمىيلىققا
ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى ھۆكۈمنامىنىڭ
ئاخىرقى قىسمى مۇنداق يەكۈن بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: «ئىلتەبىر
گەرچە ئايرىم قورۇدا تۇرۇشلۇق بولسىمۇ، يەنىلا شى پوتو بىلەن
قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. قانۇني جەھەتتە شى پوتونىڭ ئىلتەبىر-
نى بېقىش مەجبۇرىيىتى يوق، ئەمما ئىنساپ قىلماق كېرەك، ئاكىسى
شى پوتونىڭ ئىت ـ ئېشەكلىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، ئىنىسى ئىلتە-
بىرنىڭ نىمجان ھالىغا سەرپ قىلىنسۇن. ئادىمي ئىنساپ ۋە ديانەت
ئۈچۈن ئاز ـ تولا پۇل ـ مال سەرپ قىلماق زۆرۈردۇر، بۇنىڭ
ھېچقانداق زىيىنى يوق. مەزكۇر ھۆكۈمنى شى پوتو بەجا كەلتۈرگەن-
دىن كېيىن ئامبالغا نەتىجىسىنى مەلۇم قىلغاي» . شۈبھىسىزكى، شى
پوتو دېلوسى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا
ئوخشىمىغان ئېتىكا ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى
ئىدى. ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە غۇزلار بىلەن خەنزۇلار ئۆرپ- ئادەت
نۇقتىسىدىن زور دەرىجىدە پەرق قىلىدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۆجەي-
رىلىرى بولغانلىقتىن، مۇشۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، توققۇز غۇز-
لارنىڭ باشقا تەرەپلەردىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بايان قىلغاندا بىرقە-
دەر چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

## 2 § . توي ـ تۆكۈن

سۈي ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ھەر خىل پۈتۈكلەردە،

توققۇز غۇزلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن بايانلار
خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنى تۆر جەھەتتىن خان جەمەتىدىكى توي - تۆكۈن
ۋە خەلق ئىچىدىكى توي - تۆكۈن دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

خان (پادىشاھ) جەمەتىدىكى توي - تۆكۈنلەرنى ئىككى خىلغا
ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى، توققۇز جاۋۇپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خان
جەمەتلىرى ئارا بولغان تويلار؛ 1 - مىسال: بۇخارا پادىشاھى شادىر-
دىن سەمەرقەنت مەلىكىسىنى ئالغان: «بۇخارا پادىشاھى شادىردىن
توققۇز جاۋۇپلاردىن بولۇپ، سەمەرقەنت پادىشاھى بىلەن بىر قوۋم،
ئايالى سەمەرقەنت پادىشاھىنىڭ قىزى بولىدۇ.» («سۇينامە» 183-
جىلد)؛ 2 - مىسال: «شاش مەلىكىسى سەمەرقەنتنىڭ ئالىي سەردا-
رىغا ياتلىق قىلىنغان: «تيەنباۋنىڭ 2- يىلى (743- يىلى) 12- ئايدا
شاش پادىشاھى تېكىن كۈيئوغلى بولغان سەمەرقەنت ئالىي سەردارى
كاڭ رەندىيەنگە سوۋغات ئەۋەتتى» («كىتابلار جەۋھىرى» 971 -
جىلد). يەنە بىرى، توققۇز جاۋۇپ خان جەمەتلىرى بىلەن تۈرك
ئوردىسى ئوتتۇرىسىدىكى تويلىشىش، بۇنىڭغىمۇ ئىككى مىسال كەل-
تۈرۈشكە بولىدۇ. 1 - مىسال: سەمەرقەنت پادىشاھى سىرشىبار
تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغان: «پادى-
شاھ سىرشىبار كۆكسى - قارنى كەڭ بولغانلىقتىن، پۇقرالارنىڭ
چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تۈركلەرنىڭ تاردۇ
قاغانىنىڭ قىزى ئىدى (سۇينامە» 83 - جىلد)؛ 2- مىسال: سەمەر-
قەنت پادىشاھى قۇشچى يابغۇ قاغانىنىڭ قىزىنى ئالغانىدى: «سۇي
ياڭدى دەۋرىدە (605 — 616) پادىشاھ قۇشچى غەربىي تۈركلەرنىڭ
يابغۇ قاغانىنىڭ قىزىنى ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈركلەرگە قارام
بولۇپ قالدى» («كونا تاڭنامە» 198 - جىلد). ئوتتۇرا ئەسىردىكى
خان جەمەتلىرى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن تويلار قويۇق سىياسىي خاراكتېرگە
ئىگە بولۇپ، توققۇز غۇزلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.
قۇشچىنىڭ تويى خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ تويىغا بېقىندىلىقنىڭ قانداق
ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ؛ بۇخارا ئايال
پادىشاھىنىڭ 683 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ خۇڭداۋ 1 - يىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، «خوتۇن بولۇشقا رازى بولۇش» شەرتى بىلەن سەمەرقەنت پادىشاھلىقىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىغا ئېرىشكەنلىكى⑨ خان جەمەتلىرى ئارا بولىدىغان تويلىشىشنىڭ ھەقىقىي سىياسىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

خەلق ئىچىدىكى توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىگە كەلسەك، تارىشا پۈتۈك ماتېرىياللىرىدىن جۇڭگودىكى توققۇز غۇز ئەۋلادلىرىدا توققۇز غۇزلارغا خاس توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەلەيمىز⑩ :

1) كاڭ ـ ساۋ جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى توي: كاڭ شيەنىنىڭ «ئايالى ساۋ (ئۆرتۆپە) جەمەتىدىن» ئىدى(«تاڭ دەۋرىدىكى مەرھۇم كاڭ (سەمەرقەنت) جانابلىرىنىڭ قەبرە تېشى»، «ماڭلو قەبرىلىرىدىكى پۈتۈكلەر» 4 ـ توپلام 3 ـ جىلد).

2) كاڭ ـ شى (شاش) جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي، كاڭ ئايچۈرنىڭ ئايالى «يارغوللۇق شى جەمەتىدىن ئىدى («يەن لۇ بېگى ئەسەرلىرى» 9 ـ جىلد).

3) ئەن (بۇخارا — ت) خې (خىۋا — ت) جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي: «ئەن پۇنىڭ ئايالى خې جەمەتىدىن» («تاڭ دەۋرىدىكى لۇخۇ ئايمىقىنىڭ ئالىي سەردارى ئەن جانابلىرىنىڭ قەبرە تېشى» «جوڭيۈەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1982ـ يىللىق 3ـ سان).

4) ئەن ـ كاڭ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي. «جانابى ئەن سانغۇنىنىڭ ئايالى كاڭ جەمەتىدىن» («تاڭ دەۋرىدىكى شاڭكەي ھەھكىمىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، مەرھۇم ئەن فۇجۇنىڭ قەبرە تېشى» — «ماڭلو قەبرىلىرىدىكى پۈتۈكلەر» 3 ـ جىلد).

5) خې ـ كاڭ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي: «خې ۋېنجېنىڭ ئايالى كاڭ جەمەتىدىن» («خې ۋېنجې قەبرە تېشى» — «ئارخېئولوگىيە» 1986 ـ يىللىق 9 ـ سان).

6) خې ـ ئەن جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي: «خې خۇڭجىنىڭ ئايالى ۋۇۋېيدىكى ئەن جەمەتىدىن» .(«تاڭ دەۋرىدىكى ۋېيبو ھېراۋۇلى خې خۇڭجىنىڭ قەبرە تېشى» — «ئارخېئولوگىيە» 1984ـ

يىل 8 - سان).

7) شى - كاڭ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توي: «شى بەگچۇر-نىڭ ئايالى كاڭ جەمەتىدىن» («جانابى شى ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرە پۈتۈكى»).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە باشقىچىراق بولغان ئىككى مىسال بار. بىرى، سەنشى مۇزېيىدا ساقلانغان «بۈيۈك جىن دەۋرىدىكى جىتيەن مەھكىمىسىدىكى ئاقساقال مەرھۇم خې ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرە پۈتۈكى» دە، قەبرە ئىگىسى بولغان خې جۇنجېڭنىڭ ئۇدا ئىككى ئەۋلاد غوزلار-دىكى ئۈچ جەمەت بىلەن تويلاشقانلىقى ئېيتىلىدۇ: «ئايالى ئەن جەمە-تىدىن، كېلىنلىرىدىن چوڭى ئەن جەمەتىدىن؛ ئىككىنچىسى كاڭ جەمەتىدىن؛ ئۈچىنچىسى كاڭ جەمەتىدىن» («سەنشى مەدەنىيەت يادى-كارلىقلىرى» 1982 - يىل 1 - سان)؛ يەنە بىرى، سەنشى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «مى جىفېن قەبرە تېشى» دا، ئوخشاش جەمەتلىكلەر-نىڭ تويلاشقانلىقى ئېيتىلىدۇ: «ئەجدادى ماغىيانلىق بولغان مى جى-فېننىڭ رەپىقىسى مى جەمەتىدىن ئىدى» (ۋۇ بولۇن: «شىئەن تارىخىدىن قىسقىچە بايان»). يۇقىرىقى توققۇز مىسالدا تويلاشقۇچى-لارنىڭ قاتارىدىكى كاڭ جەمەتىدىكىلەر يەتتە بولۇپ، بۇ بىر تاسادىپىي ئىش ئەمەس. توققۇز جاۋۇپلارنىڭ سەردارى بولمىش كاڭ (سەمەر-قەنت) جەمەتىدىكىلەر باشقا تارماق غوزلارغا سېلىشتۇرغاندا ئوخشاشلا خەنزۇلار رايونىدا ماكانلاشقان بولسىمۇ، ئەمما نىكاھ دائىرىسىدە غوز قەبىلىلىرىنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئالىي ئورۇندا تۇراتتى.

توققۇز غوزلارنىڭ توي ئادەتلىرىدە يۇقىرىقى تۈرلۈك مىساللاردا كۆرسىتىلگەندىن باشقا يەنە تېخىمۇ كونكرېت بولغان ئەھۋالمۇ بار. مۇغ تېغى سوغدىچە ۋەسىقىلىرىدىن 3 - ۋە 4 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەر سەمەرقەنت پادىشاھى تارخوننىڭ 10 - يىلى (710 - يىلى) ئىمزالان-غان نىكاھ ئەھدى بولۇپ، رەسمىي تېكىست ۋە قوشۇمچە تېكىست ئايرىم - ئايرىم ئىككى پارچە تېرىگە يېزىلغان. جەمئىي 90 قۇرلۇق، ئىككى نۇسخا يېزىلغان بۇ خەتنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى قىز تەرەپنىڭ قولىدىكى قوشۇمچە نۇسخىسى بولۇپ، يىگىت تۈركلەشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەك ئوت تېكىن (’WTTkyn)، كېلىن نېجىكەند شەھىرى ئاقساقىلىنىڭ قىزى چات ( Ctth )، ھۆججەتكە نەق مەيداندىكى بەش كىشى گۇۋاھچى بولۇپ «قانۇنخانا» دا ئىمزا قويغان. رەسمىي تېكىستتە ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىدىن باشقا يەنە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان ئىككى تۈرلۈك مەزمۇن بار: 3 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئارقا تەرەپ 16 — 18 ـ قۇرلىرىدا قانۇنلۇق خوتۇنىنىڭ رۇخسىتىسىز ئەرنىڭ ئاشنا ئوينىشىغا ياكى باشقا توقال ئېلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن؛ ئالدى يۈزىنىڭ 22 ـ قۇرى ۋە ئارقا يۈزىنىڭ 2 — 9 ـ قۇرلىرىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش شەرتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ «ئايالنىڭ ئەرنى تاشلىۋېتىش» ياكى «ئەرنىڭ ئايالنى تاشلىۋېتىش» تەك ئىككى خىل قانۇنىي مەسئۇلىيەت تەكىتلىنىپ، تۆلەم تۆلەنگەندىن كېيىن «ئەرنىڭ باشقا خوتۇن ئېلىشى» ۋە «ئايالنىڭ باشقا ئەرگە تېگىشى» قانۇنلۇق دەپ كۆرسىتىلگەن. قوشۇمچە ھۆججەتتە كۈيئوغۇلنىڭ قېيناتىسىغا قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن. مەزكۇر ھۆججەتنىڭ يەشمىسىنى ئىشلىگۈچى لېۋشىس: «سوغدى يېزىقىدىكى نىكاھ ھۆججەتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەرەب ئىستېلاسىدىن ئىلگىرى سوغدىلاردا كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەسمىي خوتۇن، توقال ۋە ئاشنا قاتارلىق ئۈچ خىل شەكلى بولغان»⑪ دەپ قارايدۇ.

سەمەرقەنت پادىشاھى تارخۇنىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 710 ـ يىلى) تاڭ مۇزۇڭنىڭ جىڭيۈن 1 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىلا سەمەرقەنت يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى نىكاھ تۈزۈمۇشى ئالىلىقاچان مۇكەممەل قانۇن فورماتسىيىسىگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. دەۋر جەھەتتە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا مەنسۇپ بىرلغان خۇي چاۋنىڭ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت» (كەييوەنىنىڭ ئوتتۇرىلىرى) ۋە دۇخۇەنىنىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» (تيەنباۋنىڭ ئوتتۇرىلىرى) دا ئېيتىلغان «ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بەكلا ئوسال، نىكاھ ئىشلى-

رى تولىمۇ قالايمىقان بولىدىكەن. ئانىسى ياكى سىڭلىسىنى خوتۇن قىلىۋېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئادەتلىرىنى ھەرقايسى يات تائىپەلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ناچىرى دېيىشكە بولىدۇ» دېگەنىدەك ئەھۋاللار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارەئۇننەھر رايونىدىكى نىكاھ تۈزۈمىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ تاڭ سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئەھۋاللارنى تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ توي - نىكاھ ئادەتلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئىپادىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

## § 3 . ئۆلۈم - يېتىم

توققۇز ئوغۇزلاردىكى ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىنى ھازا ئادەتلىرى ۋە دەپنە ئادەتلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ھازا ئادەتلىرىدىكى «قۇلىقىنى كېسىپ يۈزىنى تىلىش» — شىمالدىكى ئوغۇز قوۋملىرى ۋە غەربتىكى ھەرقايسى ئوغۇز مىللەتلىرى ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەت بولۇپ، قەدىمكى ئىچكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى دەپنە - مۇراسىم مەدەنىيىتىنىڭ زور بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغانىدى. «تىلىش» مەنىسىدىكى 剺 خېتىنى خۇيلان «لى» دەپ ئوقۇيدۇ ۋە؛ «كاۋشېڭ» ناملىق ئەسەردە 剺 دېگەنلىك كېسىش، تىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. «زىلىن» ناملىق ئەسەردە بۇ خەت [illegible] شەكلىدە يېزىلغان، رەسمىي تېكىستتە [illegible] دەپ يېزىلغان. بۇ خاتا، بارلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدا بۇ خەت يوق. ئۇ پەقەت ‹تىلىش› دېگەن سۆزدۇر»⑫ دەپ كۆرسىتىدۇ. يۈزىنى تىلىپ، قۇلىقىنى كېسىش ئارقىلىق قان ئاققۇزۇش ئەسلىدە شىمالىي چۆللۈكتىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ماتەم ئادەتلىرى ئىدى. ئوغۇزلاردىكى بۇ ئادەتنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى كەڭلىكى ئۇنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1- مىسال: يوڭيۈەننىڭ 3 - يىلى (91 - يىلى ) ھونلار گېڭ بىڭنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلنى يىغا ـ زار قاپلىدى. بەزىلەر يۈزلىرىنى تىلىشىپ قان ئاققۇز-
دى» («كېيىنكى خەننامە» 49 ـ جىلد «گېڭ بىڭنىڭ تەرجىمىھا-
لى»). 2 ـ مىسال: «تۈركلەر مېيىتنى چېدىر ئۆيگە قويغاندىن
كېيىن، مېيىتنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئەر ـ ئايال بولۇشىد-
غا قارىماستىن ئات ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، چېدىرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.
يۈزلىرىنى تىلىشىپ ھۆڭگىرەك ئېيتىشىپ يىغلىشىدۇ. يۈزلىرىدىن
قان ئاقتۇرغىنىچە چېدىرنى يەتتە مەرتىۋە ئايلىنىدۇ» («قانۇنلار
قامۇسى» 197 ـ جىلد «تۈركلەر»). 3 ـ مىسال: چيەنيۈەننىڭ
3 ـ يىلى (759 ـ يىلى) كۆل بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ
خانىشى نىڭگو مەلىكە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىنى تىلىپ
ھۆڭرەپ يىغلىغان» («كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە
قىسسە»). 4 ـ مىسال: موڭغۇللار «ئاتالمىش ئاق تاتارلاردۇر.
ئۆزلىرى سىپايىرەك، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا ۋە ۋاپا-
دارلىققا ئادەتلەنگەن، ئاتا ـ ئانىسى قازا قىلغاندا يۈزىنى تىلىپ
يىغلىشىدۇ» («موڭغۇل- تاتار خاتىرىلىرى»). 5 ـ مىسال: جور-
جىتلار «يېقىن بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋاپات بولسا،
پىچاق بىلەن پېشانىسىنى تىلىپ يىغلايدۇ، ياشلىرى بىلەن قانلىرى
ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بۇنى قان ـ ياشلىق ئۇزىتىش دەپ
ئاتىشىدۇ («بۈيۈك جىن دۆلىتى تەزكىرىسى» 39 ـ جىلد).

قۇرىغار غۇزلىرىغا كەلسەك ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىن سۈي ـ تاڭ
دەۋرلىرىگىچە بۇ ئادەتلەرنىڭ غۇزلاردىكى ئەھۋالى ھەققىدە تارىخنامى-
لەردە كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. ساۋ ساۋ قۇرغان ۋېي سۇلالىسى-
نىڭ تەيخې يىللىرى (227 — 233 ـ يىللار) دۇنخۇاڭ ۋالىيسى
ساڭسى قازا قىلغاندا «ماتەم خەۋىرىنى ئاڭلىغان قۇرىغار غۇزلىرى
چېرىكچى بەگ ۋە دورغاپ مەھكىمىلىرىگە يىغلىپ ھازا تۇتتى،
بەزىلىرى پىچاق بىلەن يۈزلىرىنى تىلىپ قان ـ ياشلىرى ئارقىلىق
ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلدى»⑬. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شېن-
گۈينىڭ 2 ـ يىلى (519 ـ يىلى) دۇنخۇاڭلىق سۇڭ يۈن ئۇدۇندىن
ئۆتۈش سەپىرىدە «ھازىدار ئائىلىلەرنىڭ چاچلىرىنى قىرقىپ، يۈزلە-

رىنى تىلىپ ھازا تۇتىدىغانلىقى، تۈت سۇلاڭ ئۆزۋنلۇقتىكى چاچلىرى-
نىڭ بىر دەمدىلا قىرقىلىپ بولىدىغانلىقى» نى كۆرگەن[14]. جېنگوەن-
نىڭ 23 - يىلى (649 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ ۋاپات بولغاندا «تۈت
ئىقلىمدىكى ھەر تۈرلۈك زاتلاردىن ئوردىغا سالامغا ۋە سوۋغات تاپشۇ-
رۇشقا كەلگەنلەر نەچچە يۈز كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ماتەم خەۋىرىنى
ئاڭلىغانلار چاچلىرىنى كېسىپ، يۈز - قۇلاقلىرىنى تىلغىنىچە قان-
ياشلىق يىغا - زار قىلىشتى»[15]. روشەنكى، شۇەنزاڭ خاتىرىلىگەن
«يۈزلىرىنى تىلىپ قۇلاقلىرىنى كېسىشىدۇ، چاچلىرىنى يۇلۇپ،
ياقىلىرىنى يىرتىشىدۇ» دېگەن تەسۋىر تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي غوزلار-
نىڭ ئىلگىرى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ھازا ئادەتلىرىنىڭ ئىخچام بايانى
ئىدى. قېزىۋېلىنغان سوغدى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ۋەسىقىلەر-
دىكى خاتىرىلەرنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. پەنجىكەنتتىكى 2 -
نومۇرلۇق خارابىنىڭ ئالدى زال جەنۇبىي تېمىغا سىزىلغان چوڭ
تېپتىكى تام رەسىمىدىمۇ سوغداقلاردىن ئالتە كىشى، تۈركلەردىن بەش
كىشىنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ چېدىرى ئالدىدا يۈزلىرىنى تىلىپ، قۇلىقىنى
كەسكىنىچە يىغلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش بار.

غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدا يۈزىنى تىلىپ قۇلىقىنى كې-
سىدىغان ئادەتلەر ماتەم مۇراسىمىدىن باشقا سورۇنلاردىمۇ قوللىنىل-
غان. 1 - مىسال: «پادىشاھ مۇزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن
گويۇەنجىننى ئوردا مىراقۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ پايتەختكە قاراپ
سەپەرگە ئاتلىنىدىغان چاغدا، ئەنشىدىكى قەبىلە سەردارلىرى يۈزلىرى-
نى تىلىپ يىغلىغىنىچە ئۇزىتىپ قويدى»[16]. تيەنباۋنىڭ 10 - يىلى
(751 - يىلى) گاۋشيەنجى ئەن سىشۇنىڭ ئورنىغا خېشى ساتراپى
بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، «ئەن سىشۇن غوزلارغا يۈزلىرىنى
تىلىپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ قېلىپ داۋاملىق خېشى ساتراپى بولۇشى
ھەققىدە تەلەپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغان»[17]. 2 - مىسال: ۋەنسۇيىنىڭ
تۇڭتيەن 1 - يىلى (696 - يىلى) «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى
ئاشىنا كۇلچاينىڭ ئۆيىدە ناخشا - ئۇسسۇلغا بەكمۇ ماھىر بىر زىلۋا
كېنىزەك بار ئىدى. لەي جۇنچېن كۇلچاينىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە

www.uyghurkitap.com

كۆلچاي ئىسيان قىلماقچى، دەپ ئەرز قىلدۇرۇپ ھېلىقى دېدەكنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ھەرقايسى تۈرك ئاقساقاللىرىدىن نەچچە ئون كىشى قۇلاقلىرىنى كېسىپ يۈزلىرىنى تىلىپ بۇ دەۋا ئادىل بولمىدى، دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاران دېگەندە كۆلچاي جەمەتىنى قىرىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى («كونا تاڭنامە» 186 ـ جىلد «لەي جۈنچېننىڭ تەرجىمىھالى»).

يۇقىرىقى مىساللار «قۇلاقلىرىنى كېسىپ يۈزلىرىنى تىلىش» ئادىتىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدىكى قايغۇنى، شۇنداقلا ۋىدالىشىشتىكى جۇدالىقنى ۋە ئۇۋالچىلىقتا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. غۇز ئادەتلىرىدىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ كۆپ قىرلىقلىقىنى مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

توققۇز غۇزلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىنى سەمەرقەنتنى ئاساسىي مىسال قىلىپ تۇرۇپ بايان قىلىشقا بولىدۇ. «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 193 ـ جىلدىدا ۋېي جيېنىڭ «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «پايتەختنىڭ سىرتىدىكى بىر جايدا مەخسۇس دەپنە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 200 نەچچە ئۆيلۈك تۇتۇن بار. ئۇ يەردە ئالاھىدە ياسالغان بىر قورۇ بار. بۇ قورۇدا مەخسۇس ئىت بېقىلىدۇ. ھەر قېتىم بىرەر ئادەم ئۆلگەندە بۇ كىشىلەر ئۆلۈكنى ئېلىپ كېلىپ قورۇغا قويۇپ قويىدۇ. ھېلىقى ئىتلار ئۆلۈكنىڭ گۆشلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالغان ـ قاتقان سۆڭەكلىرىنى يىغىۋېلىپ دەپنە قىلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە گۈەنسەي (ئۆلۈك ساندۇقى) ئىشلەتمەيدۇ. بۇ خىل دەپنە ئادىتى شەكىل جەھەتتە ھىندىستاننىڭ «دالىغا دەپنە قىلىش» ياكى «ئورمانغا دەپنە قىلىش» ئادەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «نوملار شەرھى» نىڭ 73 ـ جىلد «مېيىت ئورمانلىقى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇنىڭ ئەسلىي نامى ئىشتو پونا، يەنى سوغۇق ئورمان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئورمانلار ناھايىتى قويۇق ۋە سوغۇق بولغاچقا ئاشۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ئوردا سېپىلىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۆلۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئورمانلىقتا تو-

شۇپ كېلىـــدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ يەر ئاساسەن مېيىت قويۇلىدى-
غان جاي بولۇپ قالدى. مېيىت گورمانلىـقى دېگەن نام ئەنە شۇنىڭ-
دىن كەلگەن». ئەمما، تالاش دەۋرىدىكى توققۇز غوزلاردا ئەرەب ئىس-
تېلاسىدىن ئىلگىرىكى ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى ئومۇملاشقان بولغاچ-
قا، ئۇلاردىكى دەپنە ئادىتىنىڭ «بۇددا» قائىدىسى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرد-
سى» دە قەيت قىلىنىشىچە: «غەربىي يۇرتتىكى غوزلار قانۇن جەھەت-
تە ئىبادەتخانىلارغا بويسۇنىدۇ». شۇنداق بولغانىكەن، سەمەرقەنتتى-
كى مېيىتنى ئىتقا يېگۈزۈپ سۆڭىكىنى دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ
مەنبەسىنى پېرسىيىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ھېردوت «تارىخ»
ناملىق ئەسىرىنىڭ I توم 140 - پاراگرافىدا: «ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا پارسلار ئۆلۈكنى قۇشلار ياكى ئىتلارغا يېگۈزگەندىن كېيىن،
ئاندىن دەپنە قىلىدىكەن» دەپ يازىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر-
گە قارىغاندا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئانا ماكانىدا ھەقىقەتەنمۇ سەمەر-
قەنتتىكى دەپنە ئادىتىنىڭ ئەسلىي شەكلى مەۋجۇت بولغان: «مېيىت
ھەمىشە تاغ باغرىغا بىرەر ئاي قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ مېيىتلارنى يەر-
لىككە قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر
بولۇپ، ئادەتتە مەينەتلەر دېيىلىدۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرگەن ۋاقىتلى-
رىدا قوڭغۇرىقى ئارقىلىق باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ»⑱. ئېنىق-
كى، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى مەخسۇس دەپنە ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر پارسلاردىكى «مەينەتلەر»
گە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە
كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. بىرى، قورۇدا بېقىلىدىغان ئىتلار «سە-
مەرقەنت پىستىلىرى» بولماستىن «يۇگرەك ئىت» دەپ داڭقى چىققان
پېرسىيە ئىتلىرى ئىدى: «بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل رەڭلىك-
لىرى بىر كۈندە 700 چاقىرىم يۈگرەلەيدىكەن ھەمدە سېرىق رەڭ-
لىكلىرىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. بۇلار ھەقىقىي پېرسىيە ئىتلىرى-
دۇر»⑲. بۇ ئىتلارنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشكە خۇمار ئىكەنلىكى
شىمالىي چى سۇلالىسى خېچىڭنىڭ 3 - يىلى (564 - يىلى) نەنياڭ

بېگى چاۋنىڭ ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقىدا دەسلەپ بولۇپ كۆزگە چېلىقىدۇ: «قۇچاقتىكى بالىسى بىلەن كېتىۋاتقان بىر ئايال يول بويىدىكى چۆپلۈككە كىرىۋالدى. چاۋ ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن بالىنى يۇلۇپ ئالغىنىچە پېرسىيە ئىتىغا تاشلاپ بېرىپ يېگۈزۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئايال داد - پەرياد كۆتۈرگىنىچە قاتتىق يىغلىدى. چاۋ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ ئىتلىرىنى ھېلىقى ئايالنى يېۋېتىشكە قويۇپ بېرىۋىدى، ئىتلار ئۇنى يېمىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۇستۇۋېشىغا ئىتلار يېۋەتكەن بالىنىڭ قانلىرىنى سۇۋاپ ئىتلارنى كۇشكۇشلىۋىدى، ئىتلار ھاۋشىغىنىچە بېرىپ ئۇ ئايالنى يېۋېتىشتى»⑳. يەنە بىرى، توققۇز غۇزلاردا گۈەنسەي ئىشلىتىش ئادىتى بولمىغان بىلەن «سۆڭەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دەپنە قىلىش» تا ئىشلىتىدىغان دەپنە جابدۇقلىرى بولغان. بۇ ئالاھىدە جابدۇق ئاتالمىش «سۆڭەك كومزىكى» نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. خان جەمەتى ئالتۇن كومزەك ئىشلىتەتتى: «1- ئاينىڭ 6- كۈنى، 7- ئاينىڭ 15- كۈنى پادىشاھ ئاتا - ئانىسىنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئالتۇن كومزەككە سالغاندىن كېيىن، كومزەكنى شاھانە كارىۋاتقا قويىدۇ، ئاندىن كارىۋاتنى ئايلانغىنىچە خۇش پۇراق گۈللەرنى چاچىدۇ، ئاندىن پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە نەزىر قىلىپ بېرىدۇ»㉑. ئاۋام پۇقرالار ساپالدىن ياسالغان سۆڭەك كومزىكى ئىشلىتىدۇ، بۇ خىل كومزەكلەر خارەزىم رايونىدا دائىم دېگۈدەك تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى توق قەلئەدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەك كومزىكىنىڭ سىرتقى يۈزىگە يۈزلىرىنى تىلىپ قۇلاقلىرىنى كېسىپ ھازا تۇتۇۋاتقان غۇز ئەر- ئاياللىرىنىڭ تەسۋىرىي رەسىمى ئويۇلغان㉒. دەپنە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە بۇيۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆڭەك كومزىكى مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋ. بارتولدنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، روسىيە تۈركىستانىدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ پېرسىيىدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكى دەل ئۇلاردا سۆڭەك كومزىكى كەڭ ئومۇملاشقانلىقتىنكەن㉓.

ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر بۆلەك تارىخىي بايانلارنى تەھلىل قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. «كونا تاڭنامە» نىڭ 112 - جىلد «لى خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى شۆەنزوڭنىڭ كەييۈەن يىللىرى تەييۈەن شەھىرىدىمۇ مېيىتنى ئىتقا يېگۈزىدىغان دەپنە ئادىتى مەۋجۇت بولغان: «تەييۈەنلىكلەرنىڭ كونا ئادىتىدە گەرچە بۇددا تەلە-ماتلىرىنى ئۆگىنىشنى كەسىپ قىلغان راھىبلار بولسىمۇ، ئەمما مېيىتنى گۆەنسەيگە سالمايدىكەن. ئەكسىچە، مېيىتنى شەھەر سىرتى-دىكى بىر جايغا ئېلىپ چىقىپ جان - جانىۋارلارغا ئوزۇق ئورنىدا قويۇپ بېرىدىكەن. ئۇزاق يىللار ساقلانغانلىرىنى يەرلىك كىشىلەر (سېرىق ئورەك) دەپ ئاتايدىكەن. يەنە بۇ جايدا مىڭلىغان ئىتلار بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ئۆلۈكلەرنىڭ گۆشىنى يەپ ياشايدىكەن. بۇ ئىتلار بالىلار ۋە ئاجىز- ئورۇقلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقتىن، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى قاتقان-كەن. بۇ ئەھۋاللارغا ئىلگىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى چارە قىلالماپتۇ. لى خاۋ مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق تۈزۈملەر-نى بېكىتىپ، پۇقرالارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. لەشكەر-لەرنى ئىشقا سېلىپ ئىتلارنى تۈركۈملەپ ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى يىراق-يىراقلارغا قوغلىۋەتتى». سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بۇنىڭغا قارىتا «بۇ ئەھۋال ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى ئادەت. ئاتالمىش سېرىق ئورەك دې-گىنىنى غەربلىكلەر سۈكۈت سۇپىسى دەيدۇ» دەپ قارايدۇ㉔. بۇ خۇلاسە ئاساسەن يۇقىرىدا بىز نەقىل كەلتۈرگەن «غەربىي ئەللەر ھەققىدە خاتىرە» دىكى سەمەرقەتلىكلەرنىڭ دەپنە ئادىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، پۈت دەسسەپ تۇرالىشى ناتايىن. بىزنىڭ-چە «مېيىتنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ جان - جانىۋارلارغا ئوزۇق ئورنىدا قويۇپ بېرىش» ئادىتى شۆەنزاڭ خاتىرىلىگەن «جە-سەتنى ئورمانلىققا قويۇپ ھايۋانلارغا يېگۈزۈش» تەك ھىندىستانچە «دالاغا دەپنە قىلىش»㉕ ئادىتىنىڭ ۋارىيانتى. بۇ ئادەتنىڭ تەييۈەن راھىبلىرى تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇشى دەل ئۇلارنىڭ ھىندىستاندىكى قەدىمكى ئادەتكە ھۆرمەت قىلغانلىقى ئارقىسىدا كېلىپ چىققاندى. ئاتالمىش «سېرىق ئورەك» ئېھتىمال جەسەت سۆڭەكنىڭ «يىللاپ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆرۋشى ئارقىسىدا رەڭگى ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن قويۇلغان نام بولسا كېرەك، ئۇ ماھىيەتتە بۇددىزىم مۇرتلىرى «مېيىت قويىدىغان جاي» (قەدىمكى ھىندىستانلىقلار «مېيىت ئورمانلىقى» دەپ ئاتىغان) دەپ ئاتايدىغان جاي بىلەن بىرنەرسە بولۇپ، شەكىل جەھەتتە ئۇنى سەمەرقەنتتىكى «قورۇ» ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى «سۇپا» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. دىنىي مۇھىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەييۈەن بۇددىزىم گۈللەنگەن خېدۇڭ رايونىغا جايلاشقان، بۇ جايدىكى دالىغا دەپنە قىلىش ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غۇزلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن باغلىنىشلىقى يوق دېيەرلىك.

## § 4 . ئولتۇراق ئۆي

توققۇز غۇزلار ئىچكى ئاسىيا قۇرغاقلىقىنىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىغا تارقالغان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ئىقلىمى ئادەمگە يېقىشلىق. ئەمما، ئومۇمىي تەبىئىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا ھۆل-يېغىن ئاز، قۇرغاق كىلىماتقا مەنسۇپ. تالاس ۋادىسىدىن ئابىسكۇن دېڭىزىغىچە «3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە يامغۇرسىز ۋە بۇلۇتسىز ھاۋارايى بولىدۇ، ئاساسەن تاغدىكى ئېرىگەن قار سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ» (دۇخۇەن: «سەپەر خاتىرىلىرى»). بۇ خىل ھاۋا كىلىماتىغا ماس ھالدا ئۇلاردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەندى:

1) تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەر. «سۈينامە» نىڭ 83 ـ جىلدىدا بۇخارا «ئوردىلىرى ئاساسەن تۈز ئۆگزىلىك» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. پەنجىكەنت قەدىمكى شەھىرى ۋە باشقا خارابىلىكلەرمۇ سوغدىيانا رايونىدا تۈز ئۆگزىلىك قەسىر ـ ئايۋانلارنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يېرىم يانتۇ ياكى ئۇچ بۇلۇڭ شەكىللىك ئۆگزىلەر يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولسا-

مۇ، ئەمما پۈتۈن بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە «يامغۇرسىز ۋە بۇلۇتسىز» بولىدىغان رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەر يەنىلا ئەمەلىي ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە ئىدى.

2) توپا ئۆيلەر. دۇخۇەن ئۆزىنىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەر (باغاننا) دىن ئابىسكۇن دېڭىزىغىچە ھەممىلا كىشى دېگۈدەك توپا ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن». توپىدىن ياسالغان بۇ ئۆيلەرگە گەرچە ياغاچ تۈۋرۈكلەر ۋە ئىشىك ماڭلاي ياغاچلىرى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، نامدا يەنىلا «توپا ئۆي» دەپ ئاتىلاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىل ئۆيلەر ياغاچ ۋە توپىنىڭ ئارىلاشما قۇرۇلمىسىدىن تۈزۈلەتتى. دۇخۇەن مائورا دۆلىتى ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «تاملىرى ئېگىز ۋە قېلىن، ئۆگزىلىرى تۈز كېلىدىكەن. ياغاچلىرىغا نەقىش ئويۇلۇپ، تاملىرىغا رەسىم سىزىلىدىكەن». تام رەسىمى سوغدىلارنىڭ توپا ئۆيلىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ئىچكى زىننەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ئاددىيراق، ئوردا ۋە ئىبادەتخانىلار بولسا تولىمۇ ھەشەمەتلىك، نەقىشلىك كارىدورلۇق قىلىپ ياسىلاتتى.

پەنجىكەنتتىكى 3 -، 4 - نومۇرلۇق خارابىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەردە يەنە خانا - بۆلۈمچىلەر بار بولغان، ئىشىككە ئۇدۇل بولغان تامغا رەسىم سىزىلىپ زىننەتلەنگەن، رەسىمنىڭ ئاستىغا ئۈچ پۇتلۇق تاش ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھمان كۈتۈلگەن. بۇ ئورۇن ئۆينىڭ تۆرى ھېسابلانغان. مەش - ئوچاق توققۇز غۇزلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىدىكى ئاساسلىق ئەسلىھەلەرنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، ئاساسەن چوغدان، مەش، تام مەش قاتارلىق ئۈچ خىل شەكىلدە بولغان[26]. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدىغان ئاشخانا ئۆيلەر سوغدىيانادا ئاساسەن كۆزگە چېلىقمايدۇ.

ئۆي ئىچى قائىدە - يوسۇنلىرىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا، يەنە «غۇزچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش» نىڭ ئىككى خىل شەكلى بولغان. بىرى، خۇيلاننىڭ ئېيتىشىچە ئوڭ تىزىنى يەرگە تەگكۈ-

www.uyghurkitap.com

زۇپ، سول تىزىنى تىك تۇتقانچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش»[27]. بۇ خىل شەكىلنى لېكوك بېزەكلىكتىن ئېلىپ كەتكەن غوز تېۋىنغۇچى كىشىنىڭ رەسىمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنە بىرى، سوڭ دەۋرىدىكى جاۋ يۈشىنىڭ «مېھماندارچىلىق خاتىرىسى» نىڭ 7 ـ جىلدىدا: «قەدىمكىلەر ئولتۇرغاندا خۇددى ھازىرقى غوزچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا ئوخشاش ئىككى تىزىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تاپىنىنى ئۈستىگە قارىتىپ تاپىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىكەن» دەپ يازغان. پەنجىكەنت خارابىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بىرىدە بەش نەپەر تېۋىنغۇچىنىڭ ھەممىسى ئىككى تىزىنى يەرگە تىرەپ، تاپانلىرىنى ئۈستىگە قارىتىپ تاپانلىرىدا ئولتۇرغان كۆرۈنۈش بولۇپ، دەل «غوزچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش» نىڭ ئاساسىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## § 5 . كىيىم ـ كېچەك

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى لىۋ جېڭيەن ئۆزىنىڭ «پادىشاھ قەسرىدىكى كەچكى بەزمىدە غوزچە سەكرىمە ئۇسسۇلنى تاماشا قىلىش» ناملىق شېئىرىدا تېپىك قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بۇ دىيارمۇ كۆپ كۆرمىگەن شاش ئېلىنىڭ يىگىتلىرىنى، سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئەسكە سالار گاھ بۈركۈتنى، ئۈچىسىدا تار يەڭلىك غوزچە كۆڭلەك لەپىلدەيدۇ، باشلىرىغا كىيىۋالغان جىيەكلىك تىك قالپاقلارنى، يەرگە قويۇپ قولىدىكى ئۈزۈم تولغان سېۋىتىنى، كۈنپېتىشقا قاراپ بىردىن يادىغا ئالدى ئۆز يۇرتىنى، زەرباپ چەككەن رەڭدار يۇمشاق ئۆتۈكىدە تېپىپ ـ سەكرەپ، يالتىراتتى زەركەمەرنىڭ ئۈستىدىكى ياقۇتىنى»[28].

«شاش يىگىتلىرى» نىڭ ئۇسسۇل كىيىملىرى ھەشەمىتى جەھەتتە ئادەتتىكى كىيىملەردىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇ غوزچە كىيىملەرنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن قالپاق، كۆڭلەك، كەمەر، ئۆتۈك

قاتارلىقلارنى بىزگە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان كىيىلىش تەرتىپى بويىچە غۇزلارنىڭ كىيىم - كېچەك قۇرۇلمىسىنى تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىپ كۆرسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

1) قالپاق. «پادىشاھنىڭ كىگىز قالپىقى ئالتۇن ۋە ياقۇت بىلەن بېزەلگەن» دىن سىرت(29)، ئاۋام پۇقرالارنىڭ قالپىقى ئىككى خىل بولغان. بىرى، يۇقىرىقى شېئىردا بايان قىلىنغاندەك تىك شەكىللىك ئۈچلۈك قالپاق؛ يەنە بىرى، «تۇرمەللەنگەن چېكىلەكلىك»(30) قالپاق. بۇمۇ غۇزچە قالپاق بولسىمۇ، فۇنكسىيە جەھەتتىن سەل ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تىك - ئۈچلۈك قىسمى بوران - چاپقۇندا توساق رولىنى ئوينىسا، تۇرمەللەنگەن چېكىلىكى ئاپتاپنىڭ كۆزنى چېقىشىدىن ساقلاش رولىغا ئىگە. ھەر ئىككىلا خىل باش كىيىم «سەپەردىكى غۇزلار» ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىكى تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال قورچاقلار بۇ ئىككى خىل غۇزچە قالپاقنىڭ بىر ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

2) كۆڭلەك. «تار يەڭلىك غۇزچە كۆڭلەكلەر» دەل شۇئەنزاڭ تەسۋىرلىگەن «كىيىملىرى تار»(31) دېگەن ئەھۋال ئىدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا بۇ ھەم تار، ھەم چاققان كىيىم بولۇپ، بەدەنگە ھەم كېلەتتى. كەڭ پەشلىك، ئۇزۇن يەڭلىك كىيىملەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بۇ خىل غۇزچە كۆڭلەكلەر ئۆزى ئەپچىل، قولايلىق بولۇپ، ئېھتىمال قەدىمكى ئۇۋچىلىق كىيىم فورمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك.

3) كەمەر. كەمەر يۇمشاق ۋە قاتتىق دەپ ئىككى خىل بولغان. يۇمشاق كەمەر ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ بەل بوغقۇچى سۈپىتىدە كىيىمنى ھىم قىلىپ بەدەنگە ئىسسىقلىق بېرىش، شۇنداقلا ئەپچىل - چاققان بولۇشقا پايدىلىق بولغان. «شاش يىگىتلىرى» تاقىغان كەمەر مانا مۇشۇ تىپقا مەنسۇپ. قاتتىق كەمەرگە كەلسەك، ئۇ ئاساسەن قىممەت باھالىق ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىدىغان بولۇپ، بايلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالاھىيىتىنىڭ بەلگىسى بولغان. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىگە ئاساسلانغاندا، «زەركەمەر» گە خوروۇمدىن ئىشلەنگەن غىلاپ پارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قىلىچ، شەمشەر ياكى يالمان سېلىنىدۇ، كەمەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قىلىنغان ھالقا ئېسىلغاندىن باشقا، يەنە كۆپلەپ ياقۇت كۆز قىلىپ سېلىنىدۇ[32]. جېنگۈەننىڭ 1 ـ يىلى (627 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەر ھەدىيە قىلغان «تۈمەن ياقۇت كۆزلۈك زەر كەمەر»[33] سوغدى ئالتۇن كەمىرىنىڭ جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى رەسمىي نامى ئىدى.

4) ئۆتۈك. «شاش يىگىتى» كىيگەن يۇمشاق ئۆتۈك دائىملىق كىيىلىدىغان كىيىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ كىيىلىدىغان ئادەتتىكى ئۆتۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوغدىيانا تام رەسىملىرىدە يەنە تىزغىچە كېلىدىغان تار خوروم ئۆتۈك بولۇپ ھەربىي فورمىدەك قىلىندۇ[34].

توققۇز غۇزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئېنىقلاش چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندە يەنە ئومۇميۈزلۈك بولغان بىرنەچچە مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمىز:

1) كىيىم رەڭگى. خۇي لىن «نوملار شەرھى» نىڭ 21 ـ جىلدىدا: «غەربىي يۇرت پۇقرالىرى ئاساسەن ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ» دەپ يازغان. شۈەنزاڭ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ كىيىم رەڭگى پەرھىز قائىدىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «خەيرلىك كۈنلەردە ئاق كىيىم كىيىدۇ؛ ئەكسىچە بولسا قارا كىيىم كىيىدۇ»[35]. سەمەرقەنتلىكلەر ھەر يىلى 7 ـ ئايدا «تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلىش بايرىمى» نى ئۆتكۈزگەندە، «قارا رەڭلىك كىيىم كىيىش» ئارقىلىق ماتەم بىلدۈرگىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئادەتكە بولغان ھۆرمىتىدىن كەلگەنىدى.

2) چاچ پاسونى. «ۋېيىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «سەمەرقەنتتىكى ئەرلەر قىرقىما چاچ قويىدۇ». خۇي چاۋ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت» دە، «غۇزلارنىڭ بۇ مەركىزىي ئېلىدە چاچ ـ ساقالنى قىرقىپ تۇرىدىكەن» دەپ يازىدۇ.

بۇنىڭدىن توققۇز غۇزلارنىڭ تۈركلەردىكى «ئاچماق چاچ» ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىنى، ئەكسىچە پارسلارنىڭ «قىسقا چاچ» ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئاياللارنىڭ چاچ پاسونىغا كەلسەك، «يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن «ئاياللار يۆگىمە چاچ قويۇپ يۈرىدۇ» دېگەن باياندىن باشقا، پەنجىكەنت تام رەسىملىرى يەنە غۇز ئاياللىرىنىڭ چاچ ئۆرۈش ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: ئاياللارنىڭ چاچ ئۆرۈشى جەمئىي ئوڭغا ئىككى خىل، سولغا ئىككى خىل ۋە ئارقىغا بىر خىل ھالەتتە بولۇپ، ھەممىسىدىلا چاچلىرى بەللىرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇلارنى تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى فولكلور ئادەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، بۇنىڭ تېخى توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چاچ شەكلى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ[36]. دۇخۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ئابىسكۇن بويىدىكى غۇزلار چاچلىرىغا «يەسمەن» دېيىلىدىغان خۇش پۇراق مايىنى سۈرىدىكەن. «غەربىي يۇرتلۇقلار دائىم يەسمەن گۈلىنى تېرىپ، سىقىش ئارقىلىق خۇش پۇراق ۋە سىلىق ماي چىقىرىدىكەن».

3) رەخت. ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ يۇڭ، تېرە، پاختا، كىمخاب قاتارلىقلاردىن كىيىم كىيىش تەبىئىي. شۇڭا، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختاش ھاجەتسىز. ئەمما، رەخت تۈرلىرى ئىچىدىكى «جىيەك» دېگىنى كىشلەرنى ئوڭايلا قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى ئالىم رېن داچۇن «يىپەك ھەققىدە بايان» ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلىرەك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ باشقا خام ئەشيالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي توقۇلما ھالىتىدە بولىدۇ، شۇڭا ‹جىيەك› دەپ ئاتالغان». تاڭ دەۋرىدە «جىيەك» بىر خىل قىممەتلىك توقۇلما بۇيۇم سانىلاتتى. دۇفۇ «ۋەلىئەھدە جاڭ شېرىبىنىڭ جىيەك سوۋغا قىلغانلىقىغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك سوۋغىنى قوبۇل قىلالمىغانلىق سەۋەبىنى مۇنداق شەرھلەيدۇ:

www.uyghurkitap.com

«كەلدى مېھمان غەربىي شىمالدىن،
سوۋغا قىلدى ماڭا جىيەكنى.
تېگىل بولدى ماڭا ھۆرمىتى،
ئەمما ئۆزۈم ئېسىل زاد ئەمەس.
قوبۇل قىلىش ماڭا تەس كەلدى،
شۇڭا ئۇنى لايىق كۆرمىدىم».

بۇ جىيەكمۇ ئېھتىمال غەربىي يۇرتتىن كەلگەن بولسا كېرەك. «شاش يىگىتلىرى» قالپاق تىككەندە ئىشلەتكەن جىيەك بىر خىل رەخت بولۇپ، «جەننەت خاتىرىلىرى» دىكى «كەمەرگە تىكىلگەن قىممەتلىك جىيەك» دېگەن قۇرلارنىلا ئەمەس، «غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى» دىكى جاۋ فېييەننىڭ ئوتتۇغات قوبۇل قىلغان كۈندە «كىيىمىنىڭ پېشىگە جىيەك تۇتتۇۋالغان» ㊲ لىقىنىمۇ بۇنىڭغا ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ جىيەكنى باش كىيىمىگە ئىشلەتكەنلىكى پارسلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان. «سۇينامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» دە، بۇ ئەلدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارىدا «زەر جىيەك» مۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ پارسلاردىكى كىمخابلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «كونا تاڭنامە. پېرسىيە تەزكىرىسى» دە، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار رەيھانگۈلنىڭ رەڭگىدەك كۆك ۋە ئاق رەڭلىك ياغلىقلارنى ئىشلىتىدۇ، ياغلىقلىرىنىڭ ئىككى چېتىگە ئادەتتە كىمخابتىن جىيەك تۇتىدۇ». «يېڭى تاڭنامە» دە «جىيەك» سۆزى قىسقارتىۋېتىلىپ «ياغلىقلىرىنىڭ چۆرىسى كىمخاب» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن خاس ئىسىم ئومۇمىي ئىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان، بۇ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر بولمىغان قىسقارتىش بولۇپ قالغان. جىيەك ئادەتتە غۇزچە كىيىملەرنىڭ بىر خىل زىننىتى بولۇپ، ياقىغا، يەڭگە، شۇنداقلا پەشكە، مۈرىگە تىكىلەتتى ياكى چاپلىناتتى. مانا بۇ پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدە دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان «ساسانىيچە» كەشتە ئىدى㊳. «شاش يىگىتلىرى» نىڭ قال-

پاقلىرىمۇ ئېھتىمال چۆرىسىگە كەشتە تىكىلگەن باش كىيىم بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ساپ جىيەكتىن ئۈچ چىقىرىلغان قالپاق بولۇشى ناتايىن. كاۋكازىيىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردىكى «مۇساۋىيا بالقا» قەبرىستانلىقى دەۋر جەھەتتە VIII — IX ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەرۋايىت كەشتىلىنىپ، كىمخاب جىيەك تۇتۇلغان ئايالچە كۆڭلەك قېزىۋېلىنغان، بۇمۇ چۆرىسىگە جىيەك تۇتۇلغان» دېگەن يازما خاتىرىنىڭ چىنلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ㊴.

## 6 § . يېمەك - ئىچمەك

شۇەنزاڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سوغدى ئاھالىلىرى «بەكمۇ باي بولغىنى بىلەن كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكتە تولىمۇ ئاددىي» ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەھۋال تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى خەنزۇلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە چىقىرىلغان يەكۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، توققۇز غۇزلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا كېيىنكى يىللىرىدىن كېيىن «بايلار شاھانە تائاملارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، غۇزچە تائاملارنى يەيدىغان» ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى㊵.

خەن - تاڭ دەۋرلىرىدە جۇڭگودا كەڭ ئومۇملاشقان مۇسەللەس (ئۈزۈم ھارىقى) دەل توققۇز غۇزلارنىڭ ئەنئەنىۋى داڭلىق مەھسۇلاتى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسەللەس ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسىلاتتى. بىرى، ئۈزۈم بىلەن مېۋە شىرىنىسىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلاتتى، يەنە بىرى، ئۈزۈم شىرىنىسىنى قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. توققۇز غۇزلارنىڭ مىللىي ئىچىملىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسەللەس ھەم قىممەتلىك نەزىر بۇيۇمى، ھەم دىپلوماتىك سوۋغات بۇيۇمى بولۇپ قالغانىدى. تاڭ دەۋرىدە كەڭ ئومۇملاشقان ھادىسىلەرنىڭ بىرى دەل «غۇزلارنىڭ ھەر يىلى مۇسەللەس»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوۋغات قىلىپ تۇرغانلىقى ئىدى. غوزلاردىكى مەشھۇر قەدەھ بوييومى بولغان «پاترا» (سوغدىچە Patroδ قاچا شەكىللىك رومكا)[41]، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدا دائىم مۇسەللەس بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «مۇسەللەس، ئالتۇن پاترا، ۋۇ كېنىزەكلىرىنىڭ ھالىنى 15 ئات ئاران تارتار، (لى بەي)، «ئالتۇن پاترادا ئايلىنار قوچۇنىڭ مۇسەللىسى» (سېن سەن) قاتارلىقلار. سوپەت جەھەتتە بۇنىڭدىن سەل تۆۋەن تۇرىدىغان كۈمۈش پاترا ۋە مىس پاترامۇ بار ئىدى[42]. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىكى زىياپەت سورۇنلىرىدا دائىم دېگۈدەك چوڭ ئېغىزلىق قەدەھ كۆزگە چېلىقىدۇ، بۇ ئېھتىمال ئوتتۇرا تۈز- لەڭلىكتە مەشھۇر بولغان «پاترا» بولسا كېرەك.

مۇغ تېغىدىن بايقالغان VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ يېمەكلىك ھۆججەتلىرى توققۇز غوزلارنىڭ گۆش يېمەكلىكىدە قوي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. B11R نومۇرلۇق گۆش ھۆججىتىدە ۋاقتى كەمتۈك بولغان 11 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە بەنجىكەنتتىكى مەلۇم بىر غوز كىشىنىڭ ئالتە قېتىم قوي ئالغانلىقى، جەمئىي 12 تۇياق ساغلىق قوي ۋە ئىككى تۇياق قوچقار سويۇپ يېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن[43].

«كىلىماتى مۆتىدىل، بەش خىل زىرائەتنىڭ ھەممىسى ئۆسەلەي- دىغان» سوغدىيانا رايونى ئاشلىق زىرائىتىدە ئارپا ۋە بۇغداينى ئاساس قىلاتتى. شۇڭا، غوزلارنىڭ يېمەكلىكلىرى ئاساسەن ئۇنىڭدىن ئىش- لىنەتتى. خۇيلاننىڭ «نوملار شەرھى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 37- جىل- دىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «غوزلارنىڭ تاملىقى ئاساسەن پىلاۋ، داغلىما- نان، غوز نېنى، تاۋانان قاتارلىقلاردۇر». يۇقىرىقى تۈرلۈك يېمەك- لىكلەرنى شياڭدا ئەپەندى تەتقىق قىلىپ ئاساسەن ئايدىڭلاشتۇ- رۇپ بولغان[44]. بۇ يەردە پەقەت غوزچە يېمەكلىكلەرنىڭ تاڭ دەۋرى- دىلا ئەمەس، ھەتتا جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى جىيىڭدىيەن ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن شاھانە زىياپەتتىمۇ خەنزۇچە تائاملار بىلەن بىر داستى- خاندىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كۇپايە: «جىيىڭدىيەن

ئوردىسىدا چىن دۆلىتى ئەلچىلىرىگە بېرىلگەن زىياپەتتە توققۇز خىل تائام تىزىلدى. بىرىنچى، تۇزلانغان گۆش ياپراقچىسى؛ ئىككىنچى، يافدا قورۇلغان گۆش ياپراقچىسى؛ ئۈچىنچى، نېلۇپەر ياپرىقىغا ئېلىپ پىشۇرۇلغان گۆش نان؛ تۆتىنچى، قارا گۆشتە ئېتىلگەن غوزچە گۆشنان؛ بەشىنچى، قاقلاپ پىشۇرۇلغان شاھانە پىلاۋ؛ ئالتىنچى، جىيايۇەن بېلىقى؛ يەتتىنچى، نەيخۇا تالقىنى؛ سەككىزىنچى، جىياشا بېلىقى؛ توققۇزىنچى، سۇدا پىشۇرۇپ تۇزلانغان مېۋە قېقى»㊺. شۇەنزاڭ دەۋرىدە «ئاددىي» دەپ سۈپەتلەنگەن غوز تائاملىرى 600 يىللىق قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق لۇيۇ دەۋرىگە كەلگەندە «غوز نېنى» ۋە «پىلاۋ» دېگەن ئىككى خىل يېمەكلىك دۆلەت زىياپىتىدىكى «توققۇز خىل تائام» نىڭ ئىككى تۈرىنى تەشكىل قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتچە ئالاھىدىلىكلەر بىرلەشتۈرۈلگەن زىياپەت تائاملىرى بولۇپ قالغانىدى.

## 7 § . كالېندار

«كىتابلار جەۋھىرى» ۋە «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دا ساقلىنىپ قالغان غەربىي يۇرت سوۋغا مەكتۇپلىرىدا كەييۇەننىڭ 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى ) دىكى بۇخارا پادىشاھى دوساپۇتنىڭ ۋە سەمەرقەنت پادىشاھى غورېكنىڭ سوۋغات مەكتۇپلىرى، كەييۇەننىڭ 29 ـ يىلى (741 ـ يىلى) دىكى شاش پادىشاھى ئەل تۇدۇن قۇلنىڭ سوۋغات مەكتۇپى ۋە تيەنباۋنىڭ 4- يىلى(715-يىلى) دىكى ئۆرتۆپە پادىشاھى قارا بۇيرۇقنىڭ سوۋغا مەكتۇپى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. بۇ تۆت پارچە سوۋغات مەكتۇپى بىردەك تاڭ دەۋرىنىڭ يىلنامە تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن توققۇز غوزلاردىكى كالېندارچىلىق ئەھۋالىنى بىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بىراق، مۇغ تېغىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن ئۇلارنىڭ ئادەتتە پادىشاھ ياكى قەلئەبېگى تەختتە ئولتۇرغان دەۋر تەرتىپى

بويىچە يىللارنى ھېسابلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «نىكاھ ئەھدىنامىسى» «پادىشاھ تارخۇنىنىڭ 10 ـ يىلى» ئىمزالانغان: «يەر سېتىۋېلىش ھۆججىتى» بولسا «پەنجىكەنت قەلئەبېگى ئېركىن . چۇر. بىلگەنىڭ 15 ـ يىلى» دەپ ئىمزالانغان. سوغدىچە ھۆججەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسلانغاندا، ئەسلىي مەكتۇپ تېكىستى شۇ دۆلەتلەرنىڭ يىل ـ ئاي كالېندارى بويىچە يېزىلغان، ئەمما خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بۇ كالېندارلار قىسقارتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەرەب ئىستېلاسىدىن ئىلگىرى توققۇز جاۋۇپ پارسلاردىكى «ئاتەشپەرەس كالېندارى» نى سەل ـ پەل ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدا بىر يىل 365 كۈنگە، 12 ئايغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر ئاي 30 كۈندىن بولغان. ئېشىپ قالغان بەش كۈن كەبىسە يىلىغا قوشۇۋېتىلگەن. ئەمما، ئۇنىڭ كالېندار سانلىق قىممىتى پلانېتىلارنىڭ ئايلىنىش دەۋرىدىن بىر يىلدا ئالتە سائەتتىن پەرقلىنەتتى، تۆت يىلدا بىر كۈن پەرق كېلىپ چىقاتتى. بۇ پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سوغدى كالېنداردا ھەر تۆت يىلدا يىل بېشى جەزمەن ئالدىغا بىر كۈن سۈرۈلۈش كېرەك، دېگەن قائىدە قوللىنىلغان㊻. مەسىلەن، 710 — 713 ـ يىللىرى يىل بېشى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بولغان بولسا، 714 — 717 ـ يىللىرى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بولغان، 718 — 721 ـ يىللىرى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەلگەن بولسا، 722 — 725 ـ يىللىرى يىل بېشى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەلگەن㊼. كالېنداردىكى مۇشۇنداق ۋاقىت پەرقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە توققۇز غۇزلاردىكى «يىل بېشى» ھەققىدە ئوخشىمىغان خاتىرىلەر پۈتۈلۈپ قالغان: ۋېي جېي «غەربىي ئەللەر ھەققىدە خاتىرە» دە، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يىل بېشى ئىكەن دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، دۇخۇەن «سەپەر خاتىرىلىرى» دە، «ئۇلارنىڭ ئادىتىدە 5- ئاي يىل بېشى بولىدىكەن» دەيدۇ، «يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە بولسا «12- ئاي يىل بېشى بولىدىكەن» دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

ئاتەشپەرەسلىك كالېندارىغا ئوخشاش سوغدى كالېندارىدىمۇ 12 ئاينىڭ ھەممىسىگە ئىلاھىي نام بېرىلگەن، مەسىلەن 8 - ئايغا «سۇ ئىلاھى» ، 9 - ئايغا «ئوت ئىلاھى» ، 12 - ئايغا «ئايال يەر ئىلاھى» دېگەندەك ناملار قويۇلغان. 30 كۈننىڭ ھەر قايسىسىنىڭمۇ مەخسۇس نامى (كۆپىنچە ئىلاھىي نام) بولغان، پەقەت 8- ، 15- ، 23- كۈنلىرىلا «خۇدالىق كۈن» دېگەن ئورتاق نامدا ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر ئاي تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن، «ھەپتە» نىڭ ئىزنالىرىمۇ تەبىئىي ھالدا روشەنلەشكەن[48].

ھەپتە تۈزۈمى سوغدى كالېندار سىستېمىسىدىكى مۇھىم بىر تەركىب، بىر ھەپتە يەتتە كۈن بولۇپ ھەربىرىگە تەرتىپ بويىچە كۈن، ئاي ۋە بەش ئاناسىر (ئوت، سۇ، ياغاچ، مېتال، تۇپراق) قاتارلىقلارنىڭ نامى قويۇلغان بولۇپ، «يەتتە كۈن» نى تەشكىل قىلىدۇ. تاڭ سۇزۇڭنىڭ چيەنيۈەننىڭ 2- يىلى (759- يىلى) يازغان، بۇكوڭ تەرجىمە قىلغان خەيرلىك ۋە خەيرسىز كۈنلەردىكى ياخشى-يامان تۈنلەر ھەققىدە نوم» دا غۇزچە يەتتە كۈننىڭ نامى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ 1933 - يىلى بايقالغان A12 نومۇرلۇق مۇغ ۋەسىقىسى «كالېندار» دىكى سوغدىچە يەتتە كۈن نامى بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ؛ مى (myγšt)، مو (m'γ)، يۈنخەن (Wrγ'n)، دى (tyr)، خۇۋۇ (wrmšt)، ناشيې (nryδ). پەقەت «جىخۇەن» دېگەن بىرىلا چۈشۈپ قالغان بولۇپ Kaivān دېيىلىدۇ[49]. يەتتە كۈنلۈك كالېندارنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى ھەققىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەمباللىقتىكى ياخشىلىق - يامانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا باشقىلار ئاللىقاچان تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان[50]. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز.

## 8 § . بايرام

ھازىرقى مەۋجۇت بولغان كلاسسىك خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە توق-

www.uyghurkitap.com

قۇز غۇزلاردىكى بايراملاردىن جەمئىي يېڭى يىل بايرىمى، ئەجدادلارغا نەزىر قىلىش بايرىمى، تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلىش بايرىمى ۋە سوغۇقنى تىلەپ سۇ سېپىش بايرىمى قاتارلىق تۆت تۈرلۈكى خاتىرىلەنگەن. ھەر يىلى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بۇ بايراملار قەرەرلىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان، بايرام مەزگىلىدە ھەر خىل مۇسابىقىلەر، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە بۇتخانا يىغىلىشلىرى بولۇپ، قايتا ـ قايتا دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش رېتىمىنى شەكىللەندۇرگەندى.

1) يېڭى يىل بايرىمى. ۋېي جىيې «غەربىي ئەللەر ھەققىدە خاتىرە» دە: «6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يىل بېشى بولىدۇ. بۇ كۈنى پادىشاھتىن پۇقراغىچە يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قىرقىيدۇ. پايتەختنىڭ شەرقىدىكى ئورمانلىقتا يەتتە كۈن مەرگەنلىك مۇسابىقىسى بولىدۇ. مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنى بىر دانە ئالتۇن تىللا دەرەخكە چاپلاپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭغا دەل تەگكۈزەلىگەنلەر بىر كۈن پادىشاھلىق قىلىدۇ» . «پادىشاھتىن ئاۋام پۇقراغىچە» ھەممىلا كىشىنىڭ ئەڭ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشىپ بايرام پەيزىنى سۈرىدىغانلىقىدىن يەتتە كۈنلۈك بۇ بايرامنىڭ ئومۇمىي خەلققە ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. «مەرگەنلىك» دېگىنى چەۋەندازلىق ۋە ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىنى كۆرسىتىدۇ. 7 ـ كۈنىدىكى «تىللاغا ئوقيا ئېتىش» مۇسابىقىسى سەمەرقەنتتىكى يېڭى يىل بايرىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. دەل تەگكۈزگۈچىنىڭ بىر كۈن پادىشاھ بولىدىغانلىقىدەك ئادەت ھەربىي دېموكراتىك تۈزۈم دەۋرىدىكى «قابىللار خان بولۇش» قەدىمكى ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ئىدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، فىرېيىز «ئالتۇن شاخ» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە بۇنى «ۋاقىتلىق پادىشاھ» ئادىتىنىڭ تارىخىي ئىسپاتى قىلىۋالغان[51] .

2) ئەجدادلىرىغا نەزىر قىلىش بايرىمى. ھەر يىلى 6 ـ ئايدا سەمەرقەنتتىكى ئىبادەتخانىلاردا نەزىر ـ چىراغ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن: «بۇ ئەلدە ئەجدادلار ئىبادەتخانىسى بار. بۇ جايدا 6 ـ ئايدا

نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ. ھەرقايسى ئەللەرمۇ كىشى ئەۋەتىپ نەزىرگە
ياردەملىشىدۇ» («سۈينامە» 83 ـ جىلد). مەزكۇر بايرامنىڭ ۋاقتى
ۋە ئورنىدىن باشقا ئەھۋاللىرى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس.

3) تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلىش بايرىمى. بۇ
دىنىي خاراكتېرلىك بايرام بولۇپ، ئادەتتە 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ:
«ئۇلارنىڭ ئادىتىدە كۆك ئىلاھقا چوقۇنىدۇ، ئېيتىلىشىچە، ئىلاھ-
نىڭ ئوغلى 7 ـ ئايدا ۋاپات بولۇپ، سۆڭەكلىرى غايىپ بولۇپ
كەتكەنلىكتىن، بۇ ئىلاھقا ئىشىنىدىغانلار ھەر يىلى مۇشۇ ئايدا، قارا
رەڭلىك قاتلىما كىيىملىرىنى كىيىپ يالاڭ ئاياغ ھالدا مەيدىسىنى
سىلىغىنىچە قار ـ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، پوتلىلىرىنى ئېقىتىپ
قاتتىق يىغلىشىدىكەن. ئەر ـ ئاياللاردىن بولۇپ ئۈچ ـ تۆت يۈزچە
كىشى كەڭ دالىغا يىغىلىپ تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلى-
دىكەن. بۇنداق قىلىش يەتتە كۈن داۋاملىشىدىكەن» («قانۇنلار قامۇ-
سى» 193 ـ جىلد). سۆڭىكى يوقىلىپ كەتكەن بۇ «تەڭرى ئوغلى»
دەل ئادونىس تىقمۇس (Adonis — Tqmmūz) ئىدى[52]. ئۇنىڭغا بول-
غان ئېتىقاد بابىلون دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ زىرائەت-
لەرنىڭ قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن قايتا ياشىرىشقا بولغان ئارزۇ-
ئارمىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ[53]. ئۇزاق دەۋرلىك تارقىلىش
نەتىجىسىدە ئەسلىي سام تىلىدىكى «تەڭرى ئوغلى» نىڭ ئىسمى كۆپ
خىل ۋارىيانتقا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بايرامنىڭ مۇددى-
ئاسى غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە تارقال-
غان. سوغدىيانا رايونىدا بولسا «تەڭرى ئوغلى» ئەپسانىسى تەدرىجىي
ھالدا سىياۋۇش داستانى بولۇپ شەكىللەنگەن. مەزكۇر قەھرىمان
«ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارادا شەھەر قۇرغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت
دەھشەتلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىگاھىنى كىشىلەر بارا-
بارا مۇقەددەس تاۋابگاھ قىلىۋالىدۇ. ھەر يىلى يېڭى يىلنىڭ 1- كۈنى
سەھەردە مىڭلىغان- تۈمەنلىگەن كىشىلەر سىياۋۇش ئۈچۈن دالىدا
نەزىر قىلىدۇ، خوراز سويۇپ، مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئېيتىشى-
دۇ»[54]. بۇ بىر دەبدەبىلىك بايرام بولغانلىقتىن غۇزلارنىڭ «دالىغا

يېغىلىپ» تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلىش بىلەن تىقمۇس ئېتىقادىدىكى باھارغا تەلپۈنۈش پائالىيىتىنىڭ مۇددىئالىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق مەۋجۇت ئەمەس.

4) سوغۇقنى تىلەپ سۇ سېپىش بايرىمى. «يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە: «11 ـ ئايدا ناغرا ـ دۇمباقلارنى چېلىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە سوغۇقنى تىلەپ بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ» دېيىلىدۇ. «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» نىڭ 21 ـ جىلدىدا بۇ بايرام قائىدىلىرى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان بايانلار بېرىلگەن: «سوغۇقنى تىلەش غەربىتىكى يات ئەللەردىن سەمەرقەنتكە تارقالغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىشتا چوڭ ـ كىچىك ناغرا، پىپا، بەشتار، غۇڭقا، نەي قاتارلىق سازلار چېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بايرىمى ھەمىشە 11 ـ ئاي كېلىشىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى ئۇلار يالىڭاچ بولۇشۇۋېلىپ سۇ چاچقىنىچە ئۇسسۇل ئويناشىپ سوغۇق تىلەپ سەكرەپ ـ تاقلايدۇ». ناخشا ـ سازدىن ھۇزۇر ئېلىش ۋە سۇ چېچىپ شادلىققا چۆمۈش دائىم كۆرۈلىدىغان ھادىسە، ئەمما بىر مىللەتنىڭ بايرىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك. سوغدىلارنىڭ سۇ چېچىش بايرىمى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ساسانىيلار پادىشاھى پېرۇس (459 — 483) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن، بەختكە يارىشا پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن پۇقرالار ئامان قالغان، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىشىلەر مۇشۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئادەت قىلغان [55]. بۇ ھەقتە خۇيلان «نوملار شەرھى» نىڭ 40 ـ جىلد «سۇ ـ مو قالپىقى» دا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «يەرلىكلەرنىڭ ئادىتىدە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يامانلىقنى قوغلايدىكەن، يىرتقۇچ ئالۋاستىلارنىڭ پۇقرالارنى يەپ كېتىشىدىن پاناھلىق تىلەيدىكەن». ئېنىقكى، توققۇز غۇزلاردىكى 11 ـ ئايدا سوغۇق تىلەش

ئادىتى خەلق ئىچىدىكى جىن - شەيتانلارنى قوغلايدىغان بىر خىل پائالىيەت ئىدى. ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا بولغان تەشەككۇر يوشۇرۇنغان بولۇپ، «غۇز پادىشاھىغا سۇ چېچىپ سوغۇق تىلەش» ئويۇنىنىڭ نامى («كونا تاڭنامە. پادىشاھ جۇڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە») دىنلا بۇ خىل ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۇ چېچىشقان ۋاقىتتىكى «يالىڭاچ بولۇۋېلىش»، «ناغرا - دۇمباق چالغىنىچە سەكرەپ - تاقىلىشى» قەدىمكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى-نىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ بايراملىرى ئەلۋەتتە مۇشۇ تۆت تۈر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان ئاپتورلار سوغدىلاردا پارسلارغا ئوخشاشلا بايرامنىڭ بەكلا كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكەن. ئەل. بىرۇنىينىڭ (973 — 1048) خاتىرى-لىرىگە ئاساسلانغاندا 6 - ئاينىڭ 2 - ۋە 15 - كۈنى بايرام بولۇپ، بۇ كۈنلىرى چوڭ بازار بولىدىكەن. «ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ، ئىبادەتخانىغا توپلىنىدۇ. بۇ يىغى-لىش ئۇدا يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ»[56]. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىز-دەك، توققۇز غۇزلاردىكى يېڭى يىل بايرىمى ۋە تەڭرى ئوغلىنىڭ سۆڭىكىنى تەلەپ قىلىش بايرىمىنىڭ ھەممىسىلا يەتتە كۈندىن بو-لۇپ، بۇ بايراملار بىلەن ئىبادەتخانا يىغىلىشلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئۇنىڭدىن سىرت توققۇز غۇزلاردىكى بايرامنىڭ ئۈزۈم پىشقان مەزگىلگە توغرا كېلىدى-غانلىقى ئېنىق. ئەل. بىرۇنى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «باباخار» ياكى «بامىخار» بايرىمى يەنى «مەي باغلىغان ئۈزۈمنىڭ ساپ شىرنى-سىنى ئىچىش» بايرىمى ئىكەنلىكىنى، 5 - ئاينىڭ 26 كۈنىنىڭ «كالىنخار بايرىمى» يەنى «ئۈزۈم تېتىش بايرىمى» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ بايرام بىر يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 9 كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن[57]. ئەپسۇس-كى، يېزا ئىگىلىك خاراكتېرىدىكى بۇ بايراملار قەدىمكى جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما، «شاجۇ، يىجۇ (ئېۋىرغول)

تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇقلىرىغا ئاساسلانغاندا، جېنگوۋېن يىللىرى «سەمەرقەنت سەردارى كالڭ يەندىيەن» غۇزلارغا باشچىلىق قىلىپ شاش شەھىرىنىڭ تۆت چاقىرىم جەنۇبىغا ئۇزۇمزارلىق بەرپا قىلىپ «ئۇزۇم شەھىرى» دەپ ئاتىغان، شۇنداق بولغانىكەن، «باباخار» تۇرىدىكى بايراملارنى غۇزلار پىچان ئەتراپلىرىدىكى غۇز مەھەللىلىرىگە ئېلىپ كەلمىگەن، دەپ ھېچكىم كېسىپ ئېيتالمايدۇ.

## 9 § . سودىگەرلىك

توققۇز غۇزلار «سودىغا ماھىر» خەلق بولۇپ، سودىگەرلىك سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدىن سۇي ـ تاڭ دەۋرلىرىگىچە غۇز سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار تارىخىي مەنبەلەردە كۆپلەپ ئۇچرىسىمۇ، بىراق سودا ئىشلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان قائىدە ـ يوسۇنلار ھەققىدە بىرەر مۇكەممەل خاتىرىنىڭ يوقلۇقى كىشىنى راستتىنلا ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. تۆۋەندە بايان قىلىدىغانلىرىمىز پەقەت ھەرقايسى ۋەسىقىلەردىن تىرىشىپ تېپىلغان بىر قىسىم يىپ ئۇچى بولۇپ، پايدىلانغۇچىلارغا ئازراق بولسىمۇ ياردىمى تېگىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە رەتلەندى.

1) سودا كارۋىنى. چاڭئەننىڭ 3 ـ يىلى (703 يىلى) سۇي رۇڭ يۇقىرىغا يوللىغان مەكتۇپىدا: «چېگرا رايونلاردا ئوغرى ـ قاراقچىلار كۆپىيىپ قالدى، شۇڭا سودىغا ئاتلانغانلار يىل ـ يىللاپ توپلىشىپ يۈرىدىغان بولدى» دېگەن㊽. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سودىغا ئاتلانغانلار» دەل سودىگەر غۇزلاردىن تەشكىللەنگەن سودا ئەترىتى ئىدى. چېگرا رايوندىكى خېيىمخەتەر ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ تەھلىكىسى نەتىجىسىدە غۇز سودىگەرلىرى پەقەت بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپ يولغا چىققاندىلا سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كېپىللىك قىلغىلى بولاتتى. سودا كارۋىنىدىن ئايرىم ئېلىپ بېرىلغان

ئىشلار ھەمىشە بالا ـ قازا ئېلىپ كېلەتتى. جېنگۆەن يىللىرىنىڭ
دەسلىپى شۆەنزاڭ غەربكە نوم ئېلىپ كېلىشكە ماڭغاندا، ئاگنى (قارا
شەھەر) دا ئۆز كۆزى بىلەن بىر مەيدان ئېچىنىشلىق تراگېدىيىنى
كۆرگەن: «ئەينى ۋاقىتتا نەچچە ئون سودىگەر بىرلىشىپ كارۋان
بولۇشۇپ يولغا چىققانىكەن. شۇلاردىن بىرنەچچىسى تېزرەك مەنزىلگە
يېتىپ بېرىپ دەسلەپكى پايدىغا ئېرىشىش تاماسىدا يېرىم كېچىدە ئۆز
ئالدىغا باشباشتاقلىق قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئون نەچچە چاقىرىم يەرگە
بارا ـ بارمايلا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بىرەرىمۇ قېچىپ
كېتەلمەپتۇ»⑲. دۇنخۇاڭدىكى 45 ـ نومۇرلۇق ئۆڭكۈردىكى «غۇز
سودىگىرىنىڭ قاراقچىغا ئۇچرىشى» ناملىق تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تام
رەسىمىدە بىر قاراقچىنىڭ قىلىچ كۆتۈرگىنىچە يولنى توسۇپ تۇرغان-
لىقى، غۇز سودىگىرىنىڭ تىز لانغىنىچە يالۋۇرۇۋاتقانلىقى سىزىلغان
بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تارىخىي رەسىم ئارقىلىق ئىسپاتلاشتەك ئالاھىدە
قىممەتكە ئىگە. ئومۇمەن، سودا كارۋىنىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدى-
لىكى يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.
دۇنخۇاڭ مەكتۇپلىرىدىن P2005 نومۇرلۇق ھۆججەت «شاجۇ تۇتۇق
مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىلىك ئەھۋالى» دا، قاشقۇۋۇقنىڭ سىرتىدىكى
«غۇز كۆلى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:
«شاجۇنىڭ غەربىي شىمالىغا 110 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىر كۆل
بار. ئۇنىڭ سۈيى شورلۇق بولغانلىقتىن پەقەت يېقىن ئەتراپتىكى
بۇلاق سۇلىرىنىلا ئىچىشكە بولىدۇ. قاشقۇۋۇقتىن يانغان غۇز سودى-
گەرلىرى بۇ يەردە توختاپ قونىدۇ، شۇڭا بۇ جاي غۇز كۆلى، دەپ
ئاتىلىدۇ» . سودا كارۋىنىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى «كارۋان بېشى»
تەيىنلەش ئىدى. بۇنداق كارۋان بېشى پەقەت ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ
سودىگەرلەردىن بولۇشى ناتايىن ئىدى. شۆەنزاڭ بىر ئاچارى بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەردىنمۇ بەكرەك ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە
ئىگە ئىدى، شۇڭا «ھەمراھلىرى بەش يۈزگە يەتكەن بولۇپ، ھەممى-
سى بىردەك شۆەنزاڭنى كارۋان بېشى قىلىپ سايلىۋالغان. ئۇنىڭ
چېدىرى ئوتتۇرىدا بولۇپ، قالغانلار ئۇنى چۆرىدەپ قونالغۇ قىلىش

ئارقىلىق قوغدايتتى» [60]. بۇ بايانلاردىن تاڭ دەۋرىدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ قونالغۇ شەكلىدە يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا سودا كارۋانلىرىغا ئوخشاش «هالقىسىمان قونالغۇ» شەكلىنى قوللانغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت سودا كارۋىنى تەركىبىدە يەنە مۇئەييەن ساندىكى ئەمگەكچى هۈنەرۋەنلەر بولاتتى. تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن سودا كارۋانلىرىدا قۇل، دېدەك، هۈنەرۋەن، ئاتباقار قاتارلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقى مەلۇملۇق.

2) بەخت تىلەش. سودىگەرلەرنىڭ بەخت تىلەش پائالىيىتى ئاساسەن زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن. جاڭ جۇنىڭ «تەبىئەتكە تەلپۈنۈش» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3-جىلدىدا ئاتەشپەرەسلىك ئىبادەتخانىلىرىدىكى مۇراسىملارنى تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «خېنەن مەهكىمىسى دېفاڭ ۋە نەنشى شەهىرىدىكى شىفاڭدا ئاتەشپەرەسلىك ئىبادەتخانىسى سالغان. هەر يىلى غۇز سودىگەرلىرى بۇ يەرگە يىغىلىپ بەخت تىلىشىدۇ. قوي-چوشقا سويۇشۇپ پىپا ۋە ناغرا-دۇمباقلىرىنى چېلىشقانچە هاراق-شاراب ئىچىشىدۇ ۋە ناخشا-ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىلاهقا ئاتاپ يەرگە مەي تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىلاهقا ئاتىغان غۇزلاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، ئەتراپتىكىلەر بەس-بەستە ئۇنىڭغا ئاتاپ پۇل تاشلىشىدۇ، ئاندىن هېلىقى غۇز بىسى يالتىراپ تۇرغان قىلدىن ئۆتكۈدەك شەمشەرنى قورسىقىغا تىقىپ دۈمبىسىدىن چىقىرىدۇ، ئاندىن ئالدى-كەينىگە قوچۇپ ئۇچەي-باغرىنى چۇۋۇپ هەممە جايىنى قانغا بويايدۇ. بايلا يېگەن نەرسىلىرىنىڭ هەممىسى قانغا مىلەنگىنىچە يەرگە چۈشۈپ قورسىقىدا هېچ نەرسە قالمايدۇ. بۇ غەربىي يۇرتتىكى خىيالىي ئېتىقاد بولۇپ سانىلىدۇ». «شاجۇ، يىجۇ (ئېۋىرغول) تەزكىرىسى» نىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىنىڭ پارچىسىدا دىنىي يېتەكچىنىڭ كۆز باغلاش ماهارىتى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ «ئىلاهنىڭ زېمىندىكى مۇئەككىلى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئۇ مەست-بىهوش هالەتتە تۇرۇپ «ئەلدىكى بارلىق ئىشلارنىڭ تەگرى ئىرادىسىدىن بولغانلىقى» دىن بېشارەت بېرەتتى.

يۇقىرىقى ئىككى بۆلەك نەقىلنى ئومۇملاشتۇرغاندا، «غوز سودىگەر-لىرىنىڭ بەخت تىلەش» پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنىڭ تەڭرىگە نەزىر قىلىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىش، تەڭرى يولىدا كۆز باغلاش ھۈنىرى-نى كۆرسىتىش ۋە تەڭرىدىن بەخت تىلەش قاتارلىق ئۈچ ھالقىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

3) بايلىقتا بەسلىشىش. توققۇز غوزلار «پايدا قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى» دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلاردا ئۆزگىچە بولغان «بايلىقتا بەسلىشىش» ئادىتى شەكىللەنگەن: «غوز سودىگەرلىرىنىڭ ئادىتىدە، يىلدا بىر قېتىم يۇرتداشلار چوڭ يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەرقايسى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى بىر ـ بىرلەپ كۆپچىلىككە ئېلان قىلىدۇ. بايلىقى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى قالپاق كىيگىنىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ، قالغانلار بايلىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ»⑹. مال ـ بايلىقىغا قاراپ ئورۇن تەرتىپى بەلگىلەش ئادىتىنى شۇەنزاڭنىڭ «بايلىقى كۆپ بولغىنى ئەتىۋارلىنىدۇ» دېگەن بايانىنىڭ ئىزاھى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا توققۇز غوزلاردىكى دەرىجە ئۇقۇمىنىڭ ئاللىقاچان سودا ئېڭىغا سىڭىپ بولغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. «شۇەنخې رەسىملىرى شەجەرىسى» نىڭ 1-جىلدىدا ئېيتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى يەن لىبېن «يات ئەلدىكى بايلىقتا بەسلىشىش رەسىمى» ناملىق بىر پارچە رەسىم سىزغانىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ رەسىم ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ زادى قانداق رەسىم ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

ئاخىرىدا بىز ئەن لۇشەننىڭ ئىسيان ھارپىسىدا فەنياڭدا بايلىق تىزىملىكىنى ئوقۇغان ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى سودا ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدە سورۇندا يۈرگۈزۈلۈشىنى ئېنىقلاپ باقايلى. «ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە» نىڭ 1 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەن لۇشەن باشقىچە قىياپەتتە ھەرقايسى ئەل سودىگەرلى-رىگە ئارىلىشىۋېلىپ، ھەر يىلى يات ئەللەردىن مىڭلىغان ئاجايىبات-لارنى ئەكەلدۈرەتتى. ھەر قېتىم سودىگەرلەر يىغىلغاندا ئەن لۇشەن غوزچە كىيىملىرىنى كىيىپ، ئەڭ ئەزىز ئورۇندا ئولتۇراتتى، ئاندىن

خۇش پۇراق كۈجىلەر كۆيدۈرۈلۈپ قىممەتلىك بۇيۇملىرى قاتار تىزد-
لاتتى. ئەتراپىدا يۇزلىگەن مەھرەملەر لەببەي، دەپ تۇراتتى. مىڭلى-
غان غۇزلار يۈكۈنگىنىچە تەڭرىدىن بەخت تىلەيتتى. ئەن لۇشەن
دەبدەبە ئىچىدە قۇربانلىق ماللارنى سويۇپ داش قازانغا سالاتتى.
ھەرقايسى سېھىرگەرلەر ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ ناخشا ـ
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ پائالىيەت تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە
داۋاملىشاتتى» . «تەڭرىدىن بەخت تىلەيدىغان» بۇ سورۇندا ئەن لۇ-
شەن ئېنىقكى، بايلارنىڭ كاتتىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تۆرنى
ئىگىلەپ، پۈتۈنلەي غۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىش كۆرەتتى. مەسى-
لەن، «غۇزچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئەڭ ئەزىز ئورۇندا ئولتۇرماق»
ۋە «قالپاق كىيىپ تۆردە ئولتۇرماق» ؛ «قۇربانلىق ماللارنى سويماق»
ۋە«قوي ـ چوشقا سويۇش» ؛ «ناغرا- دۇمباق چېلىپ ناخشا- ئۇسسۇل-
غا چۈشۈپ كەتمەك» ۋە «پىپا ـ نەي سادالىرى ئىچىدە يىقىلىپ
قالغۇچە ئۇسسۇل ئويناش» ، سېھىرگەرلىك ۋە«كۆز باغلاش» قاتار-
لىق تۇرلەر ئارىسىدا نېمىدېگەن كۆپ ئوخشاشلىق- ھە! شۇبھىسىز-
كى، بۇ يۇقىرىقى سودا ئادەتلىرىنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن كۆرۈنۈشى
ئىدى. ئەن لۇشەن «يىڭجۇدىكى ئارىلاش غۇزلاردىن» بولۇپ، ئىلگى-
رى بازارلاردا دەللاللىق قىلغان. شۇڭا ئۇ، «غۇز سودىگەرلىرىنىڭ
ئادەتلىرى» گە بەكلا پىششىق ئىدى. شۇڭا، «تەڭرىدىن بەخت تى-
لەش» ۋە «بايلىقتا بەسلىشىش» ئارقىلىق ھەرقايسى غۇزلارنى قاي-
مۇقتۇرغانلىقى ئۇنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (742 — 756) نىڭ ئاخىرى
ئىسيان تەييارلىقىنى قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى بولۇپ
قالغانىدى.

## § 10 . غۇز ئىسىملىرى

كلاسسىك تارىخىي ۋەسىقىلەردە تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلاردا
كۆپ كۆرۈلىدىغان كاڭ( 康 ) ، ئەن( 安 ) ، ساۋ( 曹 ) ، شى( 石 ) ،

مى( 米 ) ، خې( 何 ) ۋە شى( 史 ) قاتارلىق يەتتە فامىلە كەلڭ خاتىرىلەنگەن. «ۋاسسالىلار كۆپىنچە قەبىلە نامىنى فامىلە، دەپ ئاتايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇلارنىڭ جەمەت فامىلىسى بولۇپ قالغان»[62]. فامىلە بىلەن دۆلەت تەۋەلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈۋېلىشتەك بۇ خىل ھادىسىنى غۇزچە فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىشىدىكى ئەندىزە دېيىشكە بولىدۇ. خۇددى دىڭ مىڭشى «قەدىمكى ۋە ھازىرقى فامىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە» نىڭ 24 ـ جىلدىدا كۆرسەتكەندەك: «مى( 米 ) جەمەتى غەربىي يۇرتتىكى ماغيان ( 米国 ) پۇقرالىرىدىن جۇڭگوغا كەلگەنلىرىنىڭ فامىلىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن» ئىدى. باشقا تارىخىي كىتابلار، قەبرە پۈتۈكلىرى ۋە قېزىۋېلىنغان يازما ھۆججەتلەردىمۇ «دۆلەت نامىنى فامىلە قىلىۋېلىش» قا دائىر كۆپلىگەن مىساللار كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەردە ـ بىر- بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

غۇزچە فامىلە تەتقىقاتىدا ئىلگىرى مۆتىۋەر ئالىملار (ساڭيۇەن جىنزاڭ، شياڭ دا، فېڭ چېڭچۈن، ياۋۋېيۇەن) نىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق ئاللىقاچان كۆپلىگەن مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن دېسەك، ئۇنداقتا غۇزچە ئىسىملار مەسىلىسى تەبىئىي ھالدا تېخى قول تەگمىگەن ساھە بولۇپ چىقىدۇ. چېن يىنكې ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا سالماقلىق بىلەن: «ئېلىمىز تارىخشۇناسلىرى غۇز فامىلىلىرى ھەققىدىكى مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، تەتقىق قىلىشنى جىددىي كۈتۈپ تۇرغان غۇزچە ئىسىملار ھەققىدىكى مەسىلىلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆرسە بولاتتى»[63] دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، يېرىم ئەسىردىن بۇيان بۇ ساھەگە بىرەر كىشى راۋۇرۇس قول سېلىپ باقمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوغدى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى خېلى ئوبدانلا چوڭقۇرلىدى، ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ۋە قوللىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئۇسۇللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى، بولۇپمۇ مۇغ تېغىدىكى سوغدىچە ھۆججەتلەر ۋە دۇنخۇاڭ، تۇرپان خەنزۇچە ۋەسىقىلىرىدىكى غۇزچە كىشى ئىسىملىرى ئادەمنىڭ

ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك ئەھۋالنى شەكىللەندۈردى. مەزكۇر پاراگراف-
تا بىر قىسىم غۇز ناملىرىنى ئىلگىرىكىلەر ئاق قويغان بوشلۇقنى
تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى غۇزچە ئىسىملار ھەققىدىكى
تەتقىقاتتا ئېچىلغان يولنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە
شەرھلىمەكچىمەن.

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ كىشى ئىسىملىرى ئارىسىدا
ھەممىگە تونۇشلۇق ئىككى ئىسىم بار: بىرى ئەن لۇشەن ئۆگلۈك،
يەنە بىرى شى پەنتو، ئالدىنقىسى شى سىمىڭ ئىسياننى قوزغىغۇچى
ئەن لۇشەن، كېيىنكىسى شۇەن زاڭنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان
كىشى. بۇ ئىككى غۇزچە ئىسىمنىڭ تەكرارلىنىش نىسبىتى ناھايىتى
يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

ئەمدى «لۇشەن» ( 禄山 ) ئىسىملىك كىشىلەرنى تىزىپ كۆ-
رەيلى: ئەن لۇشەن ( «ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە» ) ، ساۋلۇشەن
( «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 6 - قىسىم، 470 - بەت ) ، كاڭ لۇشەن
( «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 7 - قىسىم 470 - بەت) ، مى لۇشەن
( «بازار بېلىتى» ) . ئەن لۇشەن «ئادەتتىكى پادىچى» ئىدى. قالغان
ئۈچەيلەنمۇ بىردەك جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ كىشىلەر
ئىدى. بۇ ئەھۋال «لۇشەن» دېگەن ئىسىمنىڭ ئەن، ساۋ، كاڭ، مى
فامىلىسىدىكى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئەگەر بۇنىڭغا «شىئالۇشەن» ( دۇنخۇاڭ «ھېسابات دەپتەرلىرى» ) ۋە
«ئەنئالۇشەن» ( داگۇ ۋەسىقىلىرى 2368 - نومۇر) تۈرىدىكى ئۆز-
گەرگەن شەكىللەرنى قوشساق بۇ غۇزچە ئىسىمنىڭ قوللىنىلىش
دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. خېنىنىڭ (Henning) نىڭ تەتقىقاتىغا
ئاساسلانغاندا« 禄山 » ئاھاڭ تەرجىمە بولۇپ، «نۇر» «يورۇقلۇق»
دېگەن مەنىدىكى پارسچە roxšan دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىسكەندەر زۇلقەر-
نەيىنىنىڭ خانىشى بولغان باكتېرىيە مەلىكىسىمۇ مۇشۇ ئىسىمنى
قوللانغان[64]. پارس تىلىدىن سوغدى تىلىغا، ئاقسۆڭەكلەردىن
خەلق ئارىسىغا تارقىلىش جەريانىدا «لۇشەن» ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى

سۈپىتىدە چوڭقۇر مەنبەگە ئىگە بولغان. شۇڭا، ئۇنىڭ غۇزچە كىشى ئىسىملىرى ئارىسىدا كۆپ تەكرارلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى شۈەنزاڭ گاۋجۇ ئايمىقىدا چېگرىدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا «بالا غۇز» دىن بىرنى تاپقان، «ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىغاندا فامىلەم شى، ئىسمىم پەنتو دەپ جاۋاب بەرگەن»[65]. بۇمۇ دائىم ئۇچرايدىغان غۇزچە ئىسىم ئىدى. مەسىلەن، ساۋ پەنتو («تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 7- قىسىم 351- بەت). خې پەنتو (تۇرپان ۋەسىقىلىرى 3- قىسىم، 319- بەت)، ئەن پەنتو («تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 6- قىسىم، 365- بەت). «پەنتو» دېگەنلىك سوغدى تىلىدىكى Bntk نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «قۇل»، «مالاي» دېگەن مەنىدە[66]. بىراق، يىجۇدىكى چوڭ دىندار بەي پەنتو (تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى يېزىلغان «شاجۇ، يىجۇ (ئېۋىرغول) تەزكىرىسى» نىڭ پارچىسى) مۇ بۇ ئىسىمنى قوللانغان. ئەمما، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى «قۇل»، «مالاي» دېگەن مەنە بويىچە ئەمەس، بىر خىل ئەركىلەتمە ئىسىم سۈپىتىدە چۈشىنىش ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق. غۇزچە ئىسىملاردا «پەنتو» دېگەن تەركىبنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋەسىقىلەردىنلا مەلۇم. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتۇڭ 11 - يىلى (545 - يىلى) ۋېي پادىشاھى تەيزۇ تۈركلەرگە «جيۇچۇەنلىك غۇز ئەن نوپەنتو» نى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن («جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»)، ئۇنىڭ ئىسمىنى «نو» (ئىلاھ نامى بولغان Nāhid نىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىشى) غا «پەنتو» نى قوشۇش ئارقىلىق «ئىلاھنىڭ قۇلى» مەنىسىدىكى ئىسىم قىلىنغان، دەپ پارچىلاپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ سوغدىچە يېزىلىشى Nanē Bandak بولۇپ سوغدىچە مەكتۇپلاردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ[67].

غۇزچە ئىسىملارنىڭ مەنىلىرىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، غۇزچە ئىسىملارنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېنىقلاشقا توغرا كەلسە، تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئېھتىمال ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىسە كېرەك.

1. غۇزچە ئىسىملاردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئارقا قوشۇمچىلار

مەشھۇر سوغدىشۇناس ئالىم لىۋشىس مۇنداق دەيدۇ:
«y'n — («ۋىستا» دا yana -، — yāna شەكلىدە قوللىنىلسا،
قەدىمكى پارس تىلىدا - yāna دېيىلگەن) ۋە prn — (مىدىيە تىلىدا-
farnah) قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان كىشى ئىسىملىرى مۇغ ۋە-
سىقىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان سوغدىچە ئەر كىشى ئىسىم-
لىرى ھېسابلىنىدۇ»[68]. تاڭ دەۋرىدىكى تەرجىمە ئۇسلۇبى بىلەن
سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ئىككى خىل غۇزچە كىشى ئىسىم-
لىرى قوشۇمچىسىنىڭ كۆپىنچە «يەن» (延) ۋە «فېن» (芬) ئىكەن-
لىكىنى بايقايمىز. كارلگېرىننىڭ بېكىتىشى بويىچە بولغاندا، ئۇلار-
نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى «يەن» نىڭ ian، «فېن» piugn شەكلىدە بول-
غان[69]. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇغ تېغىدىكى سوغدىچە ھۆججەتلەرنىڭ تىلى
بىلەن ماس كېلىدۇ. تاڭ دەۋرى ۋەسىقىلىرى ۋە قېزىۋېلىنغان ھۆج-
جەتلەردىكى بۇ ئىككى تۈرگە مەنسۇپ غۇزچە كىشى ئىسىملىرى ناھا-
يىتى كۆپ. بۇ يەردە پەقەت ئىككى بۆلەك قىلىپ گۇرۇپپىلىدۇق:

بىرىنچى، «يەن» شەكلىدىكى ئىسىم: ساۋئالەنيەن، ساۋپويەن،
خې پويەن (تۇرپان ۋەسىقىلىرى» 3- قىسىم، 120 -، 319 — 320-
بەتلەر)، ساۋ يەنيەن، شى ۋۇ پويەن (يۇقىرىقى ئەسەر، 6 - قىسىم،
479 - بەت) ئەن مويەن، كاڭ ۋۇپويەن، كاڭ تويەن (يۇقىرىقى
ئەسەر، 7 - قىسىم 94-، 389-، 470- بەتلەر)، ساۋفۇدى يەن،
شى لياۋيەن، ئەن لياۋيەن، (دۇنخۇاڭ «ھېسابات دەپتەرلىرى»).

ئىككىنچى، «فېن» شەكلىدىكى ئىسىم: شى يەنفېن («يېڭى
تاڭنامە» 193 جىلد)، شى نىڭفېن («تاڭشى چوڭجۇننىڭ قەبرەتې-
شى»)، مى جىفېن «مى جىفېننىڭ قەبرە پۈتۈكى»)، شى شىفېن،
ئەن خۇشۇفېن، كاڭ جىيېشىفېن، خې فۇدىفېن، شى بودىفېن (دۇن-
خۇاڭ «ھېسابات دەپتەرلىرى»)، ساۋموفېن («تۇرپان ۋەسىقىلى-
رى» 7 - قىسىم 475 - بەت).

سوغدى تىلىدا «يەن» دېگەنلىك «سوۋغات» دېگەن مەنىدە بو-
لۇپ، قوشۇمچە «شۆھرەت، پاناھلىق» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرەت-

تى؛ «فېن» بولسا «بەخت، تەلەي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى(70). غۇزچە ئىسىملاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان سۆز قوشۇمچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەش غۇز كىشىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشتا چوڭ رول ئوينايدۇ، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىسپاتلاشتا بۇ تېخىمۇ مۇھىم. مەسىلەن، «شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىلىك ئەھۋالى»نىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىدا شىچىڭ بازىرىنىڭ سەردارى كاڭ فودەنيەن ۋە ئىنىسى دىشىباغا دائىر ئىشلار خاتىرىلەنگەن. دوكتور خانېداتورو گەرچە ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما «فودەنيەن» دېگەن ئىسىمنى مانى دەستۇرلىرىنى ئېلىپ جۇڭگوغا كەلگەن پېرسىيىلىك «فودودەن (Furs — todan)، يەنى ھەقىقىي دىنىنىڭ مەردانىسى دېگەن مەنىدە) بىلەن سېلىشتۇرۇپ قويۇپ(71)، «ئاقىلمۇ بىر قېتىم ئازىدۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويغان. ئۇنىڭ خاتالىقى ئۇنىڭ «يەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ھازىرقى زامان سوغدشۇناسلىرى بۇ مەسىلىنى ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولدى. «فودەنيەن» دېگەن ئىسىمنى ئەسلىگە قايتۇرغاندا Pərtam—yān، يەنى «تۇنجى سوۋغات»(72) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دىشىبانىڭ ئاكىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن فودەنيەنگە «بىرىنچى بوۋاق» دېگەن مەنىدىكى ئىسىمنىڭ قويۇلۇشىمۇ لوگىكىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 2. غۇزچە ئىسىملاردىكى دىنىي تۈس

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز جاۋۇپلار رايونىنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىنىي كۆرگەزمىخانىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتىقادى تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا دىنلىرىلا ئەمەس، نېستورى، مانىي دىنلىرىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى، يەرلىك دىنىنىڭمۇ كۆپلىگەن ئەر - ئايال مۇرىتلىرى بار ئىدى. شۇڭا، غۇزچە كىشى ئىسىملىرىغا سىڭىپ كەتكەن دىنىي تۈس ھادىسىلىرىگە ھەيران قېلىش ھاجەتسىز ئىدى. ئىلگىرىكىلەرنىڭ «مى ساباۋ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا كۆرسىتىپ

ئۆتكەنىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىچە مىساللارنى كۆرسىتىشكە بو-
لىدۇ:

«بۇددا» سۆزى سوغدى تىلىغا كىرگەندىن كېيىن «فۇدى» (Pwt) شەكلىگە مۇقىملاشقان، شۇڭا دۇنخۇاڭ، تۇرپان ۋەسىقى-
لىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان غۇزچە كىشى ئىسىملىرىدىن «فۇ-
دىيەن» (Pwty'n) نى «بۇددا ئىنئام قىلغان» ياكى «فۇدىفېن» (Pwtypnn) نى «بۇددانىڭ ھىمايە قىلىشىغا ھاۋالە قىلماق» دېگەن مەنىدە دەپ پېشىشكە بولىدىغان بولۇپ، ھەممىسىلا بۇددىزم ئېتىقادى تۈسىنى ئالغان⑬.

غۇزچە ئىسىم بولغان «نىڭنىڭفېن» (nnyprn) ياكى «نىڭفېن» قاتارلىقلار (nny ئىلاھى) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ⑭، بۇنىڭغا سوغدىياناىدىكى يەرلىك ئېتىقادنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقى ئې-
نىق.

ئۇنىڭدىن باشقا غۇز كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئىلاھ ناملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش-
كە تېگىشلىك: قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەردىكى «ساۋئالەنيەن»، «كاڭ ئالەنيەن» ۋە «ساۋئالەنپېن» قاتارلىق ئىسىملاردىكى «ئالەن» دېگەن بۆلەك تاڭ دەۋرىدىكى يىجۇ ئايمىقىنىڭ رويۈەن ناھىيىسى ئىبادەتخانى-
سىدىكى «ئالەن ئىلاھى» غا بولغان ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. يىجۇ ئايمىقى چوڭقۇر دەرىجىدە غۇزلاشقان چېگرا ئايماقلار-
نىڭ بىرى بولۇپ، «ئالەن» دېگىنى ئېھتىمال غۇز ئىلاھلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ سوغدى تىلىدا r'm دەپ تەلەپپۇز قىلىنى-
شىدىن قارىغاندا، «تىنچلىق، خاتىرجەملىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ⑮، «ئالەنيەن» (r'my'n) دېگەن تۈردىكى ئىسىملار ئىلاھنىڭ شاپائى-
تىدىن تىنچلىق تىلەش ئارزۇسىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك.

3. غۇز ئىسىملىرىدىكى تۈركچە تەركىبلەر

VII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى غەربىي يۇرتنى ئىگىلەپ، ئاسىيولارنىڭ قەدىمكى زېمىنىغا جايلاشتى، شۇنداقلا قاغانلىق بارگاھىنى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدى-

كى مىڭبۇلاق دېگەن جايغا كۆچۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قۇرىغاردىكى
ھەرقايسى ئەللەر پادىشاھلىرىغا ئىلتەبىر ئۇنۋانىنى بەردى ھەمدە بىر
دىن تۇدۇن ئەۋەتىپ ھاكىمىيەتكە نازارەت قىلدى، ئۇلار يەنە باج -
سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى»[76]. بۇ خىل ھۆ-
كۆمرانلىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى بىلەن سوغدىيانا رايونى تەدرىجىي
تۈركلىشىپ ئىسىم قويۇشتا تۈركچە تەركىبلەرنى قوللىنىش ھادىسى-
سى ئاقسۆڭەكلەردىن پۇقرالارغىچە سىڭىپ كىردى، غۇزلار ئىسىم
قويۇشتىمۇ تۈركچە تەركىبلەرنى قوبۇل قىلدى. تۈرپان ۋەسىقىلىرى-
دىمۇ تۈركچىلەشكەن غۇزچە ئىسىملار كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىدۇ.
مەسىلەن، «ئەن جىياشا» سوغدىچە q’š’ns دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان
بولۇپ، تۈركچە «تۆمۈر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.
«تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» نىڭ 199- جىلدىدا مۇنداق
دېيىلىدۇ: «تۈركلەر يۇرتىدىن ئالىي دەرىجىلىك تۆمۈر چىقىدۇ. ئۇلار
بۇنى جىياشا دەپ ئاتايدۇ» ؛ «خې موخېتو» ، يەنى تۈركچە Bāγatur
(باتۇر) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى؛ «ئەن داخەن، لوتېچىن، خې تۇ-
دۇن، كاڭ ئەيجىن» ، يەنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈركلەردىكى 28
دەرىجىلىك ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىدىكى تارقان، تېكىن، تۇدۇن،
ئېركىن قاتارلىق ناملار ئىدى؛ «ساۋفۇلېي» — Bars نىڭ ئاھاڭ
تەرجىمىسى ئورخۇن تۈرك تىلىدا «يولۋاس» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ[77]. بەزىدە «پۇلېي» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.
يۇقىرىقى بىرنەچچە جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىز قانداقتۇر
غۇزچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ شەرھىسى ئەمەس، پەقەت غۇز ئادەتلىرى-
نىڭ غۇز كىشى ئىسىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئازدۇر -
كۆپتۇر كۆچىلاپ كۆرۈش ئارقىلىق كىشى ئىسىملىرىنىڭمۇ توققۇز
غۇز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەق-
سىتىدىكى تەتقىقاتتۇر، خالاس.

ئىزاھلار

① «تارىخىي خاتىرىلەر» ، 123 - جىلد، «پەرغانە تەزكىرىسى» .
② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 215 - جىلد،

ئەسلىدىكى «ۋاسساللار ئاۋۋال ئانىسىغا، ئاندىن ئاتىسىغا سالام بېرىدۇ» دېگەن جۈملە «غوز ئاۋۋال ئانىسىغا، ئاندىن ئاتىسىغا سالام بېرىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، بۇنداق قىلىش ئەن لۇشەننىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى.

③ «سۈينامە» 83 ـ جىلد.

④ «كىتابلار جەۋھىرى»، 999 ـ جىلد.

⑤ ئو. ئى. سىمىرنوۋا: «سوغدى پۇللىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان، مىس پۇل قىسمى»، موسكۋا 1981ـ يىل نەشرى، 359 — 361 ـ بەتلەر.

⑥ ۋ. ئا. لىۋشىس: «موغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە قانۇن ھۆججەتلىرى»، موسكۋا، 1962 ـ يىل، 47 ـ بەت.

⑦ لىۋشىس: يۇقىرىقى ئەسەر، 23 — 26 ـ بەتلەر.

⑧ «تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، 7ـ قىسىم، 1986 ـ يىل نەشرى، 94ـ بەت.

⑨ نارشاھى: «بۇخارا تارىخى». فرېي ئىشلىگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 1954 ـ يىل، 40 — 41 ـ بەتلەر.

⑩ «ئارخېئولوگىيە»، 1986 ـ يىللىق 9 ـ سان، 844 — 845 ـ بەتلەر.

⑪ لىۋشىس: يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەسەر، 30 ـ بەت.

⑫ خۇيلان: «نوملار شەرھى»، 14 ـ جىلد.

⑬ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، 16 ـ جىلد، «ساڭ سىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑭ «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى»، 5 ـ جىلد.

⑮ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، 199ـ جىلد.

⑯ «يېڭى تاڭنامە»، 122 ـ جىلد، «گوييۈەنجېننىڭ تەرجىمىھالى».

⑰ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، 216ـ جىلد.

⑱ «قانۇنلار قامۇسى»، 193ـ جىلد، «پېرسىيە تەزكىرىسى».

⑲ «كونا تاڭنامە»، 198 ـ جىلد، «پېرسىيە تەزكىرىسى».

⑳ «شىمالىي چىنامە»، 12 ـ جىلد، «نەنىياڭ بېگى چاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

㉑ «سۈينامە»، 83 ـ جىلد، «شاش تەزكىرىسى».

㉒ ش. م. شۇكۇروۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا مىنياتورا سەنئىتىدىكى رەسىملەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە تەھلىل»، «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، موسكۋا، 1977ـ يىل 104 — 109 ـ بەتلەر ۋە 22 ـ رەسىم.

㉓ ۋ. ۋ. باتولد: «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا

ھەققىدىكى تۆت تەتقىقات»، لېيدېن، 1962 ـ يىل، 9 — 10 ـ بەتلەر.

㉔ سېن جۇڭمىيەن: «سۇي ـ تاڭ تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 1982ـ يىل، 319 ـ بەت.

㉕ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 2 ـ جىلد.

㉖ ۋ. پ. ۋورونىكا: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى»، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1963 ـ يىل 6 ـ سان، 87 — 95 ـ بەتلەر؛ ئا. م. بېلېنىسكى: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلىرى»، لېنىنگراد، 1973 ـ يىل 25 — 38 ـ بەتلەر.

㉗ خۇيلان: «نوملار شەرھى»، 36 ـ جىلد.

㉘ «تاڭ نەزمىلىرى»، 7 ـ قاپ 9 ـ قىسىم.

㉙ «يېڭى تاڭنامە»، 221 ـ جىلد.

㉚ «جاڭ چېڭجى ئەسەرلىرى»، 8 ـ جىلد.

㉛ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1 ـ جىلد.

㉜ ئا. م. بېلېنىسكىي: «سوغدىلاردىكى ئالتۇن كەمەر»، «شەرق مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرى»، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 213 — 217 ـ بەتلەر؛ ۋ. ئې. راسپوپوۋا: «VI — VIII ئەسرلەردىكى سوغدىلاردا كەمەر»، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 1965 ـ يىل 4 ـ سان، 78 — 91 ـ بەتلەر.

㉝ «كونا تاڭنامە»، 194 ـ جىلد.

㉞ ئى. ب. بېنتوۋىچ: «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى»، «شەرق مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرى»، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 203 ـ بەت.

㉟ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد.

㊱ بېنتوۋىچ: يۇقىرىقى ماقالە 208 ـ بەت. بېلېنىسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سەنئىتى»، لېيپزىگ، 1980ـ يىل، 57ـ، 74 — 75 ـ بەتلەر؛ «توققۇز غوزلاردىكى چاچ پاسونى ھەققىدە» — «يېزا ـ قىشلاقلار ھەققىدىكى 10 ماقالە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957ـ يىل، 58 — 59ـ بەتلەر.

㊲ «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» 116 ـ، 236 ـ جىلدلار.

㊳ بېنتوۋىچ: يۇقىرىقى ماقالە 200 — 201 ـ بەتلەر؛ بېلېنىسكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سەنئىتى» 85 — 87 ـ بەتلەر.

㊴ ئا. ئا. ئېرۇسالىمىسكايا: «يىپەك يولىدىكى ئالانلار دۇنياسى»، «قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسرلەردىكى شەرق مەدەنىيىتى»، لېنىنگراد،

1978 ـ يىل، 159 ـ بەت.
㊵ «كونا تاڭنامە»، 45 ـ جىلد، «كىيىم ـ كېچەك تەزكىرىسى».
㊶ سەي خۇڭشېڭ: «‹سۇينامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى، ھەققىدە مۇھا-
كىمە»، «ئەدەبىيات ـ تارىخ»، 26 ـ قىسىم، 106 — 107- بەتلەر.
㊷ «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى»، 144 ـ جىلد، «ۋاڭ يا».
㊸ م. ن. بوگولىيوبوۋ، ئو. ئى. سىمىرنوۋا: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان
سوغدىچە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر»، موسكۋا، 1963 ـ يىل، 36 ـ بەت.
㊹ شياڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»،
1957 ـ يىل، 48 — 50 ـ بەتلەر.
㊺ لۇيىبۇ: «لاۋشۈئەن خاتىرىلىرى»، 1 ـ جىلد.
㊻ لېۋشىس: «ئاتەشپەرەسلەر كالېندارى»، «قەدىمكى دۇنيا يىلنا-
مىسى»، موسكۋا، 1975 ـ يىل، 312 ـ بەت.
㊼ لېۋشىس: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە قانۇن ھۆججەتلە-
رى» 58 ـ بەت.
㊽ ئا. ئا. فرېيمان: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ رەتلەنمىسى
ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات»، موسكۋا، 1962- يىل، 33- بەت؛ خېننىڭ:
« سوغدى كالېندارى»، «خېننىڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، لېيدىن، 1977 ـ
يىل، 629 — 635 ـ بەتلەر.
㊾ فرېيمان: يۇقىرىقى ئەسەر 60 ـ بەت.
㊿ يې دېلۇ: «يەتتە كۈنلۈك كالېندارنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە
تەتقىقات»، «فۇرېن ئىلمىي ژورنىلى»، 11- جىلد، 1— 2- سان137 — 157-
بەتلەر؛ ۋاڭ جۇڭمىن: «دۇنخۇاڭ كالېندارى ھەققىدە تەتقىقات»، «دۇنخۇاڭ
مەكتۇپلىرى ھەققىدىكى ماقالىلەر توپلىمى»، 1984- يىل، 116 — 133- بەت-
لەر.
(51) فرېيمز: «ئالتۇن شاخ»، 1 ـ قىسىم، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا،
1987 ـ يىل، 418 ـ بەت.
(52) خېننىڭ: «سوغدى ئىلاھى ھەققىدە تەتقىقات»، لوندون ئۇنىۋېرسىتې-
تى، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 28 ـ جىلد
2 ـ سان، 1965 ـ يىل، 252 ـ بەت.
(53) فرېيمز: يۇقىرىقى ئەسەر 472 ـ بەت.
(54) نارشاھى: «بۇخارا تارىخى»، 23 ـ بەت.
(55) ن. پ. لوباچېۋا: «ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانلىرىنىڭ كالېندار ئىشلە-
تىش تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى ھۆرمەت ۋە نەزىر ئادەت-

لىرى» ، موسكۋا، 1986 ـ يىل، 24 — 25 ـ بەتلەر.

(56) ئەل. بروني: «قەدىمكى مىللەتلەر يىلنامىسى» ، لوندون، 1979ـ يىل، 234 ـ بەت.

(57) ئەل. بروني: يۇقىرىقى ئەسەر 234 — 235 ـ بەتلەر؛ لوبا چېۋا: يۇقىرىقى ئەسەر 27 ـ بەت.

(58) «كونا تاڭنامە» ، 94 ـ جىلد، «سۇي رۇڭنىڭ تەرجىمىھالى».

(59) «شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، 2 ـ جىلد.

(60) «ئالىي راھىبلار تەرجىمىھالى. شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى».

(61) «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» ، 403 ـ جىلد.

(62) «كونا تاڭنامە» ، 104 ـ جىلد، «قوشۇخان تەرجىمىھالى». غۇز فامىلىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات توغرىسىداغا قارالڭ: ياۋ ۋېيۇەن: «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غۇز فامىلىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىل؛ ن. باسكاكوۋ: «تۈركچىدىن كەلگەن رۇسچە فامىلىلەر» ، موسكۋا، 1979 ـ يىل.

(63) چېن يىنكى: «جىن ـ مىڭ سارىيى خاتىرىلىرى» ، 2ـ توپلام، 1980ـ يىل، 242 ـ بەت.

(64) ئي. گ. پوللېيبلانىك: «ئىچكى موڭغۇلدىكى سوغدى مەھەللىلىرى» ، «توڭباۋ» ، 41 ـ جىلد، 1952 ـ يىل، 333 ـ بەت.

(65) «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، 1 ـ جىلد.

(66) لېۋشىس: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە قانۇن ھۆججەتلىرى» ، 197 ـ بەت.

(67) ج. خاراماتتا: «ئىران ۋە تۈرك» ، «ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 25 ـ جىلد، 1972 ـ يىل، 18 ـ بەت.

(68) لېۋشىس: يۇقىرىقى ئەسەر 58 ـ بەت.

(69) ب. كارلگېرىن: «ئانالىتىك خەنزۇ تىلى لۇغىتى» ، 43 ـ، 95 ـ بەتلەر.

(70) خېنىنىڭ: «سوغدى تىلى ھەققىدە تەتقىقات» ، لوندون، 1940ـ يىل، 6 ـ بەت.

(71) «دوكتور خانېداتورونىڭ تارىخشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرى» ، 1 ـ قىسمى، توكيو، 1957 ـ يىل، 401 — 402 ـ بەتلەر.

(72) پوللېيبلانىك: يۇقىرىقى ماقالە 333 ـ بەت.

(73) ۋېبىر: «سوغدى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، «ھىندى ـ گېرمان تەتقىقاتى» ، 77 ـ جىلد، 2 — 3 ـ سان، 1972ـ يىل، 199 —

201 ـ بەتلەر؛ يەنە قاراڭ: چى تيەنۋېن: «VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سوغدى مەھەللىلىرى»، «ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ جۇڭگو تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما» IX توم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1993- يىل 10- ئاي، 156 — 171 ـ بەتلەر.

(74) ۋېبىر: يۇقىرىقى ماقالە، 98 ـ بەت؛ لېۋشىس: يۇقىرىقى كىتاب، 53- بەت.

(75) ۋېبىر: يۇقىرىقى ماقالە 202 ـ بەت؛ يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە «ئالەن» ( 阿揽 ) سۆزى «ئالان» ( 阿兰 ) دىن كەلگەنىكەن. ئەمما، بۇ قاراشنىڭ پاكىتلىرى كىشىنى ھېچقانچە قايىل قىلالمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

(76) «كونا تاڭنامە»، 194- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(77) ۋ. ۋ. رادلوۋ: «تۈركىي شېۋىلەرنىڭ تەجرىبە لۇغىتى»، IV توم 2 ـ قىسىم، ساينت ـ پېتربۇرگ، 1911 ـ يىل، 1487 ـ بەت.

# Ⅲ باب توققۇز غوزلارنىڭ سوۋغات مەكتۇپى ۋە سوۋغات بۇيۇملىرى

توققۇز جاۋۇپلار «سودىغا ماھىر» لىقى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى كېزىپ يۈرۈپ «ئىچكى ئاسىيادىكى فىنكىيەلىكلەر» دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشكەن. ئۇلار شەرقتىكى سودا پائالىيەتلىرىدە قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەرنىڭ «سوۋغات بېرىپ شەرەپ قۇچۇش» ئەنئەنىسىگە① ۋارىسلىق قىلىپ ئات - تۆگىلىرىگە مىڭىنچە چۆل - باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتتى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە ئۈزمەستىن سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، كېلىش مەنبەسى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ھەقىقەتەنمۇ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قىلىش قىممىتىگە ئىگە. ئەۋۋەلىسى غوز سودىگەرلىرىنىڭ سوۋغات ئېلىپ كېلىش ھادىسىسى خەن - تاڭ دەۋرلىرىدىكى دائىم كۆرۈلىدىغان تارىخىي ۋەقەرلەردىن ئىدى. توققۇز غوزلار بىلەن تاڭ ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسەن «سوۋغات» ۋە «ھەدىيە» ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى.

«سوۋغات» بېرىش ئارقىلىق «سودا قىلىش» شارائىتىدىكى سوۋغاتلار ئىككى قىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچە ئالاھىدە تاۋارلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. شۇڭا، سوۋغات بۇيۇملىرى قۇرۇلمىسى ئەمەلىيەتتە، ۋاستىلىك ھالدا تاۋار قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالاتتى، ئاندىن قالسا توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرى ئىچىدە ھەم يەرلىك مەھسۇلاتلار، ھەم يات ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملار بار ئىدى، بولۇپمۇ كېيىنكىسىنىڭ سالمىقى زورراق ئىدى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان «يات ئەللەرنىڭ ئېسىل ماللىرى» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر - قەلئەلەرنىڭ رۇم، پېرسىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئەھۋاللاردىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىچكى ئاسىيا تاۋار ئوبوروتىنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، تاڭ ئىمپېرىيىسىگە كىرگەن غەربىي غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرى ئىچكى ئوردىدىن ھالقىپ چىققان ۋە كۆپلىگەن تۈرلەر خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ ئۇلارنىڭ ئىستېمالىغا سىڭگەن، شۇنداقلا ئالاھىدە سوۋغات بۇيۇمى بولۇشتىن كوندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇشقا يۈزلىنىپ (مەسىلەن، مۇسەللەس، تاش ھەسەل)، تاڭ دەۋرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتقاندى. ماھىيەتتىن ئالغاندا، سوۋغات تارىخى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىش تارىخى ئىدى. بۇ ساھەدىكى يول ئېچىش خىزمىتى كۆپ تەرەپلىمە بىلىم دائىرىسىگە چېتىلىدۇ، توۋەندە بايان قىلماقچى بولغانلىرىمىز پەقەت دەسلەپكى ئۇرۇنۇش، خالاس.

## § 1 . سوۋغات يولى ۋە سوۋغات قەرەلى

تيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەشرىپدار باۋ فاڭ «چىڭگىش كۆڭۈللەر» ناملىق شېئىرىدا غەربىي غۇزلارنىڭ سوۋغات بېرىش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

«دېڭىز ئىچىدە خەن ئۆيلىرى تىنچ سۆكۈتكە چۆمۈپتۇ،
تۈمەنلىگەن يات شاھلار كۆڭۈل ئىزھار قىلىپتۇ.
سوۋغات قىپتۇ غۇزلارمۇ مۇسەللەسنى ھەر يىلى،
تۇلپار ئاتلار كىشنىشىپ بېدىلىكتە چېپىشىپتۇ»②.

بۇ قىسقىلا بىر كۆپلىيت شېئىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سوۋغات
يولى، سوۋغات قەرەلى ۋە سوۋغات بۇيۇمى قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەسىلە
يوشۇرۇنغان. سوۋغات بۇيۇملىرى كېيىنكى پاراگرافلاردا ئايرىم تەھ-
لىل قىلىنىدىغان بولۇپ، مەزكۇر پاراگرافتا ئالدىنقى ئىككى مەسىلە
ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرمەكچىمىز.

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات لىنىيىسى ئومۇمەن
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارەئۇننەھر ۋادىسىدىن باشلىنىپ سۇياپ دەريا-
سى، ئىسسىقكۆل، چوڭ قۇملۇق ئارقىلىق خېشى كارىدورىغا كى-
رىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چاڭئەنگە تۇتىشاتتى. يول بويى تاغ - دەريالار
كىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، گۇەن جيادەن خاتىرىلىگەن «ئەنشىدىن
غەربىي يۇرت يولىغا كىرىدۇ» دېگەن ئەھۋالدىن شارائىتنىڭ قانداقلى-
قىنى ئاز - تولا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ③. پۈتۈن سوۋغات لىنىيە-
سىدىكى، تەبىئىي شارائىت ناچار بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەزى يول
بۆلەكلىرىدە ئوغرى - قاراقچىلار ئاۋۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، توققۇز
غۇزلار جەزمەن «ھەمراھ» بولۇشۇپ، سودىدا ھەمكارلىشىشى كېرەك
ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سەپەرنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا كې-
پىللىك قىلغىلى بولاتتى. سودا جۇغراپىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
غەربتىن شەرققە بولغان پۈتكۈل لىنىيىدە سۇياب، ئىدىقۇت، لياڭجۇ
قاتارلىق ئۈچ شەھەر سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ توشۇلۇشى بىلەن ئەڭ
زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

سۇياب شەھىرىنىڭ خارابىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغى-
زىستان رېسپوبلىكىسىنىڭ ئاقبېشىم دېگەن يېرىدە④. «ھەرقايسى
ئەللەرنىڭ سودا كارۋانلىرى چۈشكۈن قىلىدىغان»⑤ بۇ كارۋان شە-
ھىرى يەنە كېلىپ «ئون ئوق قاغان» نىڭ بارگاھى جايلاشقان جاي
ئىدى. تياۋلۇنىڭ 1 - يىلى (679 - يىلى ) پېي خاڭجيەن «ئون
ئوق قاغانى» ئاشىنا دۇتى جىنى يوقاتقاندا، ئورۇنباسار سانغۇن ۋاڭ
فاڭيى سۇياب شەھىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىققان، «شەھەرنى چۆ-
رىدەپ سېپىل سوقتۇرۇپ ئۈچ جايغا قوۋۇق ئورناتقان، بۇنىڭ بىلەن
كىرىپ - چىققۇچىلارغا قۇلايلىق يارىتىلغان، پۈتۈن قۇرۇلۇش 50

كۈندە تاماملانغان. غەربىي يۇرت غوزلىرى بۇنىڭدىن ھەيرانۇھەس بولۇشۇپ ئۆلارنىڭ تەدبىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغىنىچە ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئانە قىلغان»⑥. سودىگەرلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشى ۋە گۆھەر - مەرۋايىتلارنىڭ بۇ جايغا مەركەزلىشىشى ئارقىسىدا سوياب غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغات لىنىيىسىدىكى ئالاھىدە ئورنىغا ئىگە بولۇپ قالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايدا سۇياب قورغىنىنى تەسىس قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. تاڭ دەۋرىدىكى شەۋكەتلىك كاتتىلارنىڭ ئۆيلىرىدە يەنە سۇيابلىق قۇللار بار ئىدى. روك يۇ ئۆزىنىڭ «مۇشەققەتلىك سەپەر» ناملىق شېئىرىدا «ئۆتكەن يىلى سېتىۋالغان قۇلۇم سۇيابلىق بىر قۇل» دەپ يازغان. بۇ ئېھتىمال سۇيابتىكى قالايمىقانلاشقان سىياسىي ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋال بولسا كېرەك. «چەكسىز كەتكەن دەريا بويىدا يات فامىلىلىك تۈركلەرنىڭ سانسىزلىغان چەۋەندازلىرى ئات ئويناتتى، تېرىقچىلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىشىپ بۆلارغا قوشۇلدى، بۇلىنىپ قاق سەنەم بولغانلىرى قولدېدەككە ئايلاندى»⑦.

قۇرىغارنىڭ سوۋغات لىنىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆتكەل قوچۇ ئىدى. بۇ جاي چاڭئەنگە 4300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بولۇپ، چەت - چېگرا رايونىغا مەنسۇپ ئىدى، غوز يېزىقىنى ۋە قوشۇمچە خەنزۇ يېزىقىنى قوللىناتتى. «سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مالىمانچىلىقتىن كېيىن، دەشت - باياۋاندىكى يوللار ئېتىلىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىن سوۋغات ئېلىپ كەلگەنلەر بىردەك قوچۇ ئارقىلىق كېلىدىغان بولدى»⑧. شۇڭلاشقا، شۇەنزاڭ غەربكە نوم ئېلىپ كېلىشكە ماڭغاندا، قوچۇ پادىشاھىنىڭ غەربىي يۇرت 24 دۆلەتكە قارىتا 24 پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ جاي ھەم بۇددا يولىدا ساۋاپ تاپىدىغان، ھەم باج - سېلىق يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئورۇن، شۇنداقلا قوچۇ پادىشاھ جەمەتى «غەربىي يۇرتتىكى ھەربىر شەپىگە دىققەت قىلىپ يۇقۇرىغا مەلۇمات يوللايدىغان»⑨ ئورۇن ئىدى، شۇڭا

تاڭ ئىمپېرىيىسى قوچۇنى ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۆزەتخانىسى
قىلىۋالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوچۇ پادىشاھى كيۇ ۋېنتاي تەتۈر
ئېقىم قوزغاپ «غۇز سودىگەرلىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى، سوۋغات بۇيۇم-
لىرىنى تارتىۋالدى»⑩. بۇنىڭ بىلەن تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەننىڭ 14-
يىلى (640 ـ يىلى) قوچۇ پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، بۇ جايدا شىجۇ
(غەربىي ئايماق) تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. يېقىنقى يىللاردا
تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ئارىسىدا شيەنخېڭ 4 ـ يىلى
(673 ـ يىلى) سەمەرقەنتلىك سودىگەر كاڭ ۋۇپويەنىڭ شىجۇدا
تۆگە ساتقانلىقىغا ۋە كاڭ خېچا قاتارلىق سودىگەرلەرنىڭ «ئائىلە
بويىچە ئاستانىگە بېرىش» ئۈچۈن شىجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىدىن «يول
سورىغانلىقى» غا ئائىت ھۆججەتلەر بار⑪. بۇ ماتېرىياللار تاڭ دەۋرى-
دىكى غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغات لىنىيىسىدە قوچۇنىڭ ئوتتۇرا بېكەت-
لىك فۇنكسىيىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، كيۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەۋردىكىگە ئوخشاشلا سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلى-
كىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خېشى كارىدورىدىكى مۇھىم قورغان لياڭجۇ يەنە ۋۇۋېي ياكى
گۇزاڭ دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات يەتكۈ-
زۈش يولىدىكى قەدىمكى ھۆججەتلەردىكى kc'n دېگەن نام «گۇزاڭ»
نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى⑫. «ۋېينامە. قۇرىغار تەزكىرىسى»
نىڭ «سوغدىيانا» بۆلىكىدە ئېيتىلىشىچە، V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدىلا «سوغدى سودىگەرلىرى لياڭجۇغا كۆپلەپ مال يۆتكىگەن».
تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە كەلگەندە شۈەنزاڭ چېگرىدىن
چىقىشتىن ئاۋۋال بۇ يەردىن ئۆتكەندە لياڭجۇ ئۇنىڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر
تەسىر قالدۇرغان: «لياڭجۇ شەھىرى خېشى رايونىنىڭ مەركىزى
ئىكەن. ھەر ئىرىق ـ ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدى-
كەن. كېلىپ ـ كېتىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدى-
كەن»⑬. لياڭجۇدىكى توققۇز غۇز سودىگەرلىرىنىڭ بەزىلىرى بۇ
جايدا بالا- چاقىلىرى بىلەنلا ماكانلىشىپ قالغان، بولۇپمۇ ئەن (安)
جەمەتىدىكىلەر ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقانىدى. تاڭ سۇزۇڭنىڭ جى-

دي2ـ يىلى (757 ـ يىلى) «خېشى باسقاقىبېكى گەي تىگلۈن ۋە ۋۇۋېيدىكى توققۇز غۇزلاردىن سودىگەر ئەن مېنۇۋ قاتارلىقلارساتراپىبېكى جۇ بىنى ئۆلتۈردى، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئالتە تۈمەندىن ئېشىپ كەتتى. ۋۇۋېينىڭ يەتتە كىچىك شەھىرىدىن بەشىنى غۇزلار ئىگىلىۋالدى»⑭. مۇشۇ بىر مىسالدىنلا توققۇز غۇز سودىگەرلىرىنىڭ ۋۇۋېيدىكى سەل چاغلاشقا بولمايدىغان كۈچلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

توققۇز غۇزلار تاڭ دەۋرىدە قەرەلسىز سوۋغات يەتكۈزۈپ، بىرەر ئېنىق ۋاقىت ئۆلچىمىنى شەكىللەندۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سوۋغات يەتكۈزگەن قېتىم سانى يەنىلا كۆرۈنەرلىك بولغان.

## 2 § . سوۋغات مەكتۇپى ھەققىدە تەھلىل

تاڭ دەۋرى ۋەسىقىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان توققۇز غۇزلارغا ئائىت سوۋغات مەكتۇپلىرى بىردەك شۇەنزۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنى بۇخارا، سەمەرقەنت، شاش ۋە ئۆرتۆپە قاتارلىقلارنىڭ سوۋغات مەكتۇپلىرى ئېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە سوۋغات تاپشۇرۇلغان يىل، ئاي تەرتىپى بويىچە ئاۋۋال تېكىستىنى بېرىپ ئارقىدىن تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمىز.

1) كەييۈەننىڭ 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا يوللانغان بۇخارا پادىشاھى دوساپۇتنىڭ سوۋغات مەكتۇپى: «كەمىنە دوساپۇت ئېيتىدۇكى: پېقىر تەڭرى ئۆزى زېمىنغا مۇقەددەس خان قىلىپ تىكلىگەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ يىراق دىياردىكى چۆپ ـ خەس كەبى قۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەجايىكى تەڭرىگە ئىبادەت قىلغاندەك قول قوۋۇشتۇرۇپ تىزلانغىنىمچە ئىلتىپاتلىرىدىن شاپائەت كۈتمەكتىمەن. بۇخارادا ئەلمىساقتىن تارتىپ پېقىرنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئىزچىل خان بولۇپ كەلگەنىدۇق. بۇ جەريانىدا مەيلى لەشكەرلىرىمىز بولسۇن ياكى پۇقرالىرىمىز بولسۇن ھەممىسى بىرنىيەت ـ بىرمەق-

سەتتە ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ يىلدىن باشلاپ ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئەلدە ئەنسىز-لىك باش كۆتۈردى. تەڭرىگە قىلغان قان - ياشلىق تىلاۋىتىمىزمۇ ھازىرقى ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىلاجسىز قالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىز تۈركەشلەرگە بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەققىدە ئەلچى ئەۋەتىپ، شەخسەن ئۆزۈم ئۆز ئىلىمنىڭ لەشكەر - سەرۋازلىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئەرەبلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەكچى بولدۇم. شۇ مەقسەتتە تەڭرىدەك ھەيۋەتلىك ئالىيلىرىدىن ياردەم سورىدىم. نۆۋەتتە پېرسىيە بۇغىسىدىن ئىككى تۇياق، رۇم تېكىستىدىن بىر پارچە، كۆركۈم گۈلدىن 30 جىڭ، خام تاشھەسەلدىن 100 جىڭ يوللىدىم. يەنە كەمىنىلىرىنىڭ ئايالى خاتۇن چوڭ تېكمەتتىن ئىككى پارچە، گۈللۈك تېكمەتتىن بىر پارچە ئېلىپ ئالىيلىرىنىڭ خانىشلىرىغا سوۋغات قىلدى. ناۋادا سوۋغاتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ قالسىلا كەمىنىگە ئات يوپۇقى ۋە ئايالىم خاتۇنغا كىيىم گىرىملىرى ھەدىيە قىلارلا» («كىتابلار جەۋھىرى»، 999 - جىلد).

مەزكۇر ياردەم سوراش مەكتۇپى بۇخارا پادشاھى دوساپۇت I (ئەرەبچە ئىسمى «تۇكاسپادا I »، 700 — 720) تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرلىرى يوللانغان. ئۇنىڭ ئۆزى 727 - يىلى ئەرەب ئىستېلاچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. مەكتۇپتا ئۇ-نىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ تۈركەش - بۇخارا بىرلەشمە قوشۇنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇر-تاق قارشى تۇرۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى بۇخارا پادشاھى قوللانغان «يىراق دىياردىكى چۆپ - خەس كەبى قۇلى» دېگەن ئىبارە كېيىنكى مەكتۇپتىكى سەمەرقەنت پادشاھى قوللانغان «يىراقتىكى ئات تۇيىقى ئاستىدا چەيلەنگەن ئوت - خەس كەبى قۇللىرى» دېگەن ئىبارىگە ئوخشاشلا سوغدى تىلىدىكى كەمتەر-لىك ئىبارىلىرى ئىدى. مۇغ تېغىدىن بايقالغان A14 نومۇرلۇق ھۆج-جەتنىڭ 2 — 3- قۇرلىرىدىكى CRYPWmy — kβbntk نى بۇنىڭغا ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ تەرجىمىسى بولغان «يىراقتىكى

ئوت — خەس كەبى قۇلى» نىڭ سوغدى تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئەرزىمەس قۇل» دېگەنلىك بولىدۇ⑮.

2) كەيىۋەننىڭ 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا سەمەرقەنت پادىشاھى غورەك (سوغدى تىلىدا (Wr’kk) نىڭ يوللىغان سوۋغات مەكتۇپى: «كەمىنە غورەك ئېيتىدۇكى: پېقىر تەڭرى ئۆزى زېمىنغا مۇقەددەس خان قىلىپ تىكلىگەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ يىراقتىكى ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن ئاجىز قۇللىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۈتكۈل جەمەتىم ۋە بارچە غوز ئەللىرىنى يېتەكلەپ ئەزەلدىن بۈيۈك ئەلگە تەلپۈنۈپ كەلدۇق، ئىسيان كۆتۈرۈش ياكى بۈيۈك دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىدە بولمىدۇق، پەقەت ئۇلۇغ ئەل ئۈچۈن خالىس خىزمەتتە بولۇپ كەلدۇق. ھالبۇكى، 35 ـ يىلدىن تارتىپ ھەر قېتىم ئەرەب قاراقچىلىرى بىلەن سوقۇشقىنىمىزدا لەشكەر ـ سەرۋازلارنى تولۇق ئىشقا سېلىپ كەلگەن بولساقمۇ، جانابلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدۇق. بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئەرەب قوشۇنىنىڭ كاتتىۋېشى ئەمىر قۇتەيبە زور قوشۇننى باشلاپ بۇ يەرگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلار بىلەن سوقۇشتۇق. بىز زور قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە قاراقچىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان بولساقمۇ، ئەرەبلەرنىڭ لەشكەرلىرى بەكلا كۆپ بولغانلىقتىن ئۇلار بىلەن كۈچ ئېلىشالماي قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز شەھەرگە مەھكەم بېكىنىۋالساق ئەرەبلەر شەھەرنى قاتمۇقات قورشاۋغا ئېلىپ 300 پالاخماننى شەھەر تۆۋىگە سۆرەپ كېلىپ شەھەر سېپىلىنى ئۈچ جايدىن بۇزۇپ تاشلىدى، ئۇلار شۇنداق قىلىپ شەھىرىمىزنى ئىشغال قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. تەڭرىدەك ئۇلۇغ شاپائەتلىرىنى ئايىماي خەنزۇ لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ بىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزگە ياردەملەشتۈرۈشلىرىنى سورايمىز. ئەرەبلەر يۈز يىل دەۋر سۈرۈشكە بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ يىل بۇ مۆھلەت توشىدۇ. ئەگەر خەن لەشكەرلىرى يېتىپ كەلسىلا كەمىنىلىرى ئەرەبلەرنى مەغلۇپ قىلالايمەن. ھازىرچە تۆلپاردىن بىرنى، پېرسىيە تۆگىسىدىن بىرنى ۋە ئىككى تۇياق بوغا سوۋغات قىلدۇق. كەمىنىلىرىنىڭ سوۋغىسى ئالىيلىرى-

ىنىڭ دىتىغا ياراپ قالسا پېقىرغا قىلغان قايتۇرما سوۋغىلىرىنى پې-
قىرنىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە، ئۇنى ماڭا ساق - سالامەت
يەتكۈزگۈسى» («كىتابلار جەۋھىرى» 999 - جىلد).
ناھايىتى روشەنكى، يۇقىرىقى سوۋغات مەكتۇپىدا توققۇز غۇز-
لارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرى ئەسلەپ
ئۆتۈلگەن. بۇ يەردە غەرب ۋەسىقىلىرى ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بۇ ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئىزاھ-
لاپ ئۆتمەكچىمىز: بىرىنچى، «35 - يىلدىن تارتىپ» دېگەن ئىبارە
ئەرەبلەرنىڭ خوراسان باش ۋالىيسى سەئىد (بۇ پېرسىيلىك كىشى-
نىڭ ئىسمى ئەرەبچە ۋەسىقىلەردە «سالام» دېيىلىدۇ.) نىڭ 683- يى-
لى بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا
بۇخارا پادىشاھىنىڭ خانىشى دۆلەتنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
«خوتۇن بولۇشقا رازى بولۇش» بەدىلىگە سەمەرقەنت پادىشاھى تار-
خۇننىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى⑯. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ئۇرۇش ئوتلىرى غەربىي سوغدىيانادىن شەرقىي سوغدىياناغا
تۇتاشقان. ئىككىنچى، ئەمىر قۇتەيبە ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى
بويسۇندۇرۇش ئورۇشلىرىدىكى مەشھۇر قوماندان. «ئالتە يىل بۇ-
رۇن» دېگىنى مەزكۇر سوۋغات مەكتۇپى يوللىنىشتىن ئالتە يىل
ئىلگىرىكى سەمەرقەنت قورغىنىنىڭ قولدىن كېتىش ۋەقەسىنى كۆر-
سىتىدىغان بولۇپ، بۇ چاغدىكى غورىك ئاللىقاچان قۇتەيبەگە ئەل
بولۇپ بولغانلىقتىن، ئۆز ئارزۇسىنى سىرتقا قارىتا مەخپىي تۇتقان.
ئەمىر قۇتەيبە قول قويدۇرغان سۈلھى كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى1936-
يىلى تۇركىيىدىن تېپىلغان بىر پارچە پارسچە ۋەسىقىدە ئېنىق قىلىپ
خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا سەمەرقەنت ئىككى مىليون كۈمۈش تەڭگە ۋە
ئۈچ مىڭ قۇلنىڭ باراۋىرىدە (ھەربىر قۇل 200 كۈمۈش تەڭگە
باھالانغان) تۆلەم پۇل تاپشۇرىدۇ، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتە قۇتەي-
بەنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن⑰. خورلۇققا چىدى-
مىغان غورىك قول ئاستىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ ئۆرتۆپە
دۆلىتىگە كەتكەن ۋە شۇ جايدىكى سەرگەردانلىق مەزگىلىدە مەكتۇپ

يوللاپ «خەنزۇ لەشكەرلىرى» دىن ياردەم سورىغان، بۇمۇ دەل غو-
رىكنىڭ ۋەتەننى قايتا قۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى.
ئۈچىنچى، ئەرەبلەر شەھەرنى قورشاشتا ئىشلەتكەن «پالاخمان» نى
پەنجىكەنت خارابىسى (ھازىرقى سەمەرقەنتنىڭ شەرقىگە 60 كىلومې-
تىر كېلىدىغان جايدا) دىن قېزىۋېلىنغان تام رەسىملىرى پارچىسى-
دىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ رەسىم 1970 - يىلى بايقالغان
بولۇپ، ئۇنىڭدا «پالاخمان» نى ئاتماقچى بولۇۋاتقان ئەھۋال تەسۋىر-
لەنگەن: بىرنەچچە تۇتقۇچى جاھاز، ئېتىش تۇۋرۇكى ۋە بەش تال
تارتىش ئارغامچىسى ۋە بەش كىشىنىڭ ئارغامچىنى تارتىۋاتقان كۆرۈ-
نۈشى ناھايىتى ئېنىق سىزىلغان. قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ جۇڭ-
گوچە ئۇسلۇبتىكى تاش ئاتىدىغان قورال بولۇپ، «قوراللار ھەققىدە
ئومۇمىي بايان» دا بايان قىلىنغان تاق ئۇچلۇق توپقا بەكلا ئوخشايدۇ.
ھېلىقى بەش نەپەر پالاخمانچى لەشكەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە كەل-
سەك، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە تەقى - تۇرقىدىن خەنزۇلارغى-
مۇ، ئەرەبلەرگىمۇ، سوغدىلارغىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئېھتىمال ئەرەبلەر-
گە بەيئەت قىلغان غەربىي ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر بولسا
كېرەك⑱. تۆتىنچى، مەكتۇپتا ئېيتىلغان «ئەرەبلەر يۈز يىل دەۋر
سۈرۈشكە بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ يىل بۇ مۆھلەت توشىدۇ» دېگىنى
ئېھتىمال «ھىجرىيە كالېندارى» دىكى «ھىجرىيەت» (مەككىدىن مە-
دىنىگە يۆرۈش قىلغان خاتىرە كۈن) تىن باشلىنىپ سوۋغات يوللانغى-
چە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغان بولۇشى مۇمكىن
بولۇپ، بۇ ئارىلىق 97 يىل بولىدۇ. ھىجرىيە كالېنداردا كەبىسە
يىلى بولمىغانلىقتىن، ھەر 30 يىلدا بىر يىل ۋاقىت پەرقى كېلىپ
چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇ «يۈز يىل» دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭدىن
VIII ئەسىردىكى توققۇز غۇزلارنىڭ بويسۇندۇرۇشقا قارشى كۈرەش جەر-
يانىدا «ئەرەبلەر يۈز يىلدا تۈگىشىدۇ» دېگەن ئەپسانىنى تارقىتىش
ئارقىلىق، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلغانلىقلىرىنى قىياس قى-
لىشقا بولىدۇ. بۇ خىل سىياسىي ئالدىن كۆرەرلىك ئېھتىمال «ئوت
بىلەن قارغاش» قا ماھىر ئاتەشپەرەسلىك ئىبادەتخانىلىرىدىن تارقال-

غان بولۇشى مۇمكىن.

3) كەييۈەننىڭ 29 ـ يىلى (741 ـ يىلى ) شاش پادىشاھى ئىبل تۇدۇن قۇل يوللىغان سوۋغات مەكتۇپى: «كەمىنە قۇللىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئەلگە سادىق بولۇپ كەلدۇق، خۇددى تۈركەش خاقانى ئەلگە سادىق بولغىنىدەك، تەڭرى قاغانغا يۈلىنىپ تۇرۇپ، يۈتىمىزنى ئۇزۇن سۇنالىدۇق. بۇگۈنكى كۈندە تۈركلەرمۇ تەڭرى قاغانغا بويسۇندى. ئەمدىلىكتە كۈنپېتىشتىكى ئاپەت يېگانە ھالدا ئە-رەبلەردىن كەلمەكتە، ئۇلار تۈركلەرنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەمەس. شۇڭا، ھازىر تىلەيدىغىنىمىز تۈرك قەبىلىلىرىنى قولدىن چىقارماي تۇرۇپ ئەرەبلەرگە يۈرۈش قىلساق ھەرقايسى ئەللەر ئۆزلۈكىدىن تىنجىيتتى» («تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 99-جىلد).

ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتى ئالدىدا، شاش دۆلىتىمۇ بۇخاراغا ئوخشاشلا تۈركلەر بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-را مەزگىللىرىدىكى توققۇز غۇزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ «ھەرقاي-سى ئەللەرنى ئۆزلۈكىدىن تىنجىتىش» نىڭ بىردىنبىر ئىستراتېگى-يىسى بولۇپ قالغاندى.

4) تيەنباۋنىڭ 4 ـ يىلى (745 ـ يىلى) ئۆرتۆپە پادىشاھى قارا بۇغرا يوللىغان سوۋغات مەكتۇپى: «ئۇلۇغ بوۋىمىزدىن تارتىپ تەڭرى قاغانغا سادىق بولۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەمدىلىكتە ئىستېلانىڭ زەربىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىرىگە موھتاج بولۇۋاتى-مىز. كەمىنە قۇللىرىنىڭ دۆلىتى تاڭ دۆلىتىنىڭ بىر ئايمىقى بو-لۇپ، ياۋنى قوغلاپ چىقارماق ئىستىكىدە كەمىنە قۇللىرى سادىق قەلبىمنى ئەل ئۈچۈن يۈرۈشكە ئاتىماقچىمەن» («كىتابلار جەۋھە-رى» 977- جىلد).

ئۆرتۆپە پادىشاھى قارا بۇغرا ئىلگىرى شەرقى ئۆرتۆپە پادىشاھى (720 — 740)، كېيىنچە غەربىي ئۆرتۆپە پادىشاھى (740 — 760) بولغان. مۇشۇ ۋاقىتتا يوللانغان مەكتۇپتىكى «تاڭ دۆلىتى-نىڭ بىر ئايمىقى بولماق» دېگىنى ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇش

ئۇمىدىنى بىلدۈرسە، «ئەل ئۈچۈن يۈرۈش قىلماق» دېگىنى ئەمەلدە يەتتە، ئىستىبلاغا قارشى ئارزۇ ئىدى.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن سوغدى مەكتۇپلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ئارقىلىق توققۇز غۇزلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش ۋە دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى تاڭ سۇلالىسىگە باغلىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. تۈركلەر بىلەن بىرلىشىش بولسۇن ياكى تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتىشنى ئۆتۈنۈش بولسۇن، ھەممىسىدە جەزمەن جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت ئىدى. شۇ چاغدا، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ «712 — 755) دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ سوغدى يەتكۈزۈش يۇقىرى دولقۇنىنىڭ مەقسىتى تەبىئىي رەۋىشتە «سوغدى بىرىپ شەرەپ قۇچۇش» نى ئادەت قىلغان ئەنئەنىۋى سودا پائالىيىتىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ئوخشىمايتتى، بەلكى ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بەلگىلىگەنىدى. شۇ ۋاقىتلاردا، يەنى VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى؛ 706 — 709 يىللىرى بۇخارانى بويسۇندۇردى؛ 710 — 712 يىللىرى خارەزىم ۋە سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى؛ 751 ـ يىلىغا كەلگەندە شاش دۆلىتىمۇ مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى⑲. سوغدىيانا شەھەر ـ قەلئەلىرىنى يۇتۇپ كەتكەن «غازات» دولقۇنلىرى غەربتىن غۇز سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنى سوغدى يوللاش يوللىرىغا چۈشۈپ تاڭ ئىمپېرىيىسىگە بېقىندى بولۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەپ ياتار «غۇز مېھمانلىرى» دىن بولۇپ قالدى⑳.

توققۇز غۇزلارنىڭ ھەر قېتىمقى سوغدى توشۇغۇچى ئەلچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى بەكلا چولتا (كەيىۋەننىڭ 19 ـ يىلىدىن 27 ـ يىلىغىچە بىرمۇ ئەلچى سوغدى ئېلىپ كەلمىگەن، روشەنكى بۇ يەردە بىر كەمتۈكلۈك بار) بولۇپ، بۇ ھەقتە توغرا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى مەلۇم بولدى: بىرىنچىدىن، ئەلچىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا

پادشاھنىڭ ئىنىلىرى ۋە كوراگانلار بولغان؛ ئىككىنچىدىن، سەمەر-قەنت، بۇخارا، كېش، ماغىيان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى كۆپىنچە پايتەخت قولدىن كېتىپ دۆلەت ھالاك بولغاندىن كېيىن، سەرگەردار ھۆكۈمەت ياكى ئەلنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى تەسىرى زور شەخسلەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن؛ ئۈچىنچىدىن؛ ئەلچىلەر ئۈمىكىدە-كىلەرنىڭ سانىنى بىلىشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما تيەنباۋنىڭ 12 ـ يىلى (753 ـ يىلى ) «ئۈچ قارلۇقلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە 130 كىشىلىك بۇ ئۈمەك تۆت تارماققا بۆلۈنۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى» ( «كىتابلار جەۋھىرى» 971 ـ جىلد) دېگەن مىسالغا ئا-ساسلىنىپ تۇرۇپ قۇرىغار ئەلچىلەر ئۈمىكىنىڭ سودا كارۋىنى شەك-لىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىر ئادەمنىڭ ھەم «سەردار» ، ھەم «كار-ۋان بېشى» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۆمەكنىڭ ھەم سودا قىلىش، ھەم سوۋغات يەتكۈزۈشتەك قوش خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى غۇۋا كۆرۈۋالالايمىز. خۇددى چاۋاننېس «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 4 ـ بۆلۈمىدە ئېيتقاندەك: «ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو ئوردىسىغا سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەر-دىن پادىشاھ، دەپ ئەسكەرتىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەم كارۋان بېشى، ھەم دۆلەت ئەلچىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن».

ئەلچىلەر تاپشۇرغان سوۋغات بۇيۇملىرىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالاتتى ۋە باھاسىنى بېكىتىپ قويىاتتى. «يېڭى تاڭنامە» 48 ـ جىلد «ئەمەل ـ مەنسەپ تەزكىرىسى» دە، بۇ ھەقتە كونكرېت بەلگىلىمە بېكىتىلگەن: « تەقدىم قىلىنغان ئاتلارنى ئوردا مىراقۇل مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ سەرخىللىرىنى ئوردىغا ئۆت-كۈزىدۇ. كېسەل ۋە ناچارلىرى ئوردا مىراقۇلىغا تاپشۇرۇلىدۇ. سوۋغات قىلىنغان دورىلارنى تېۋىپلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتى باھاسىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۈركۈت، لاچىن، ئىت، قاپلان قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولغاچقا، تېۋىپلار ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ خاتىرىلەپ قويىدۇ. ئىشقىلىپ، تەقدىم قىلىنغان بۇيۇملار بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈ-

رۇلۇپ تەكشۈرۈلىدۇ. تۆگە ۋە ئاتلاردىن ياخشىلىرى ئوردىغا كىرگۈ-
زۈلىدۇ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرى ھەرقايسى ئايماق ۋە ناھە-
يىلەردە قالدۇرۇلىدۇ».

## 3 § . سوۋغات بۇيۇملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

خەن - ۋېي دەۋرلىرىدىن تارتىپ، ۋەزىپىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەۋەتكەن سوۋغىلىرى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ يوللىغان سوۋغىلىرى روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئالدىنقىسى گەرچە تاۋار ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدىكى بۇيۇملار بولسىمۇ، ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يېمەك- ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە چىنە-قاچىلار بولماستىن، بەلكى يىراق يات زېمىندىن ئېلىپ كېلىنگەن «جاۋاھىر»، «گۆھەر»، «ئاجايىبات» ۋە «ئاجايىپ - غارايىپ ماھارەت» قاتارلىقلار بولدى. تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرى قۇرۇلمىسىمۇ ئاساسەن مۇشۇ دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. «ئاجايىپ - غارايىپ ماھارەت» كە مەنسۇپ بولغان پاكىنەك (ھەددىدىن زىيادە پاكار ئادەم — ت) لەر ۋە ئۇسسۇلچى قىزلار سوۋغاتلاشتۇرۇلغان سەنئەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى بۇيۇملار بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، مەزكۇر پاراگرافتا ھايۋانلار، ئۇسۇملۇكلەر، مىنېرال ماددىلار، توقۇلما بۇيۇملار، ھەر خىل جابدۇقلار ۋە يېمەكلىكلەر قاتارلىق ئالتە تۈر بىلەن چەكلەنگەن ئاساستا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم بۇيۇملارنىڭ نامى، شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

### 1. ھايۋانلار

1) شىر. سوغدىچە Srrw دېيىلىدۇ. سەمەرقەنت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىر چىقىدىغان ئاساسلىق ماكان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايانلار بار: «سەمەرقەنت دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت شەھىرى. پايتەختكە 12 مىڭ 720 چاقى-

ىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىدا غەزنە ناملىق تاغ بولۇپ، بۇ جايدا شىر بار. ھەر قېتىم ئەلچى كەلگەندە شىر سوۋغات قىلىدۇ» . دېمەك، سەمەرقەنتنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە شىر سوۋغات قىلىشى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا قائىدە ئىدى. سوۋغات قىلىنغان شىرلار ھەممىشە كۆندۈرۈلمىگەن بولۇپ، چېن چېڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە چۈشەنچە بېرىدۇ: «شىر ئامۇ دەرياسى بويىدىكى بۈك - باراقسان ئورمانلىقلاردا تۇغۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەسلەپ تۇغۇلغاندا كۆزى يۇمۇق بولىدىكەن. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئاندىن كۆزىنى ئاچىدىكەن، كۆزى ئېچىلغۇچە بولغان مەزگىلدە شىر بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ باقسا قولغا ئۆگىنىدىكەن. چوڭ بولۇپ كەتكەندە ياۋۇزلىشىپ كۆندۈرۈش تەسكە چۈشىدىكەن» . سوۋغات قىلىنغان شىرلار سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆندۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ياۋايى تەبىئىتى يوقىلىدۇ. شۇڭا، «كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى غەربىي يۇرت ئەللىرى شىر سوۋغات قىلغاندا» ، «چاڭئەنگە بولغان غەربىي لىنىيىدىكى يول ئۈستىدە راباتلارنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگىلا باغلاپ قويىدىغان ㉑ ئەھۋاللارنى كۆرۈشكە بولاتتى. بىراق، شىر بەرىبىر گۆشخور ھايۋان بولغاچقا، «بىر كۈندە ئىككى قوي ۋە سىركە، گەن، تاتلىق قايماق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى قۇتا يەيدۇ»㉒ ، شۇڭا ئۇ كۆندۈرۈلگەن ھالەتتىمۇ تۈمەن چاقىرىم يول بېسىپ ئېلىپ كېلىنگىچە ئۇنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ تۇرۇشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. جېنگۈەننىڭ 9 - يىلى (635 - يىلى) سەمەرقەنت تاڭ سۇلالىسىگە تۇنجى قېتىم شىر سوۋغات قىلغاندا، «پادىشاھ يىراقتىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ سوۋغاتنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن باش مۇنشى يۈشىنەنگە شىرغا ئاتاپ تىزمە پۈتۈشنى بۇيرۇغان» («يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى») ، كېيىن يەنە شىر سوۋغات قىلغاندا ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا بولغان. مەسىلەن، ۋەنسۈي - توڭتيەننىڭ 1 - يىلى (696 - يىلى) 3 - ئايدا يې تاۋ «شاش دۆلىتى سوۋغات قىلغان شىرنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە تەكلىپ» نى سۇنۇپ سەۋەبىنى مۇنداق

ئىزاھلايدۇ: «شىر يىرتقۇچ ھايۋان، گۆش يېمىسە تۇرالمايدۇ. يىراق-
تىكى سۇياب قەلئەسىدىن شەۋكەتلىك پايتەختىمىزگە كەلگۈچە گۆش-
تىن قىينىلىپ قالىدۇ، تارتقان جاپاغا تۇشلۇق ئىش بولمايدۇ»㉓.
ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ۋۇ ۋالىدىخان قوللىغان بولسىمۇ، پادىشاھ
شۈەنزۇڭ مومىسىنىڭ گېپىنى بىر ياقتا قايرىپ قويۇپ، ئىككى
نۆۋەت (كەييۈەننىڭ 15 - ، 17 - يىللىرى) توققۇز غۇزلارنىڭ
سوۋغات قىلغان شىرىنى قوبۇل قىلغان. غەربىي يۇرت شىرلىرىنىڭ
جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى
«شىر جۇڭگودا» دا تەپسىلىي توختالماقچىمىز.

2) ئات. تاڭ دەۋرىدە توققۇز غۇزلار جەمئىي 10 قېتىم ئات
سوۋغات قىلغان بولۇپ، تۇرلۇك سوۋغاتلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا
تۇرىدۇ. «بۇ يەرلەردىن ئېسىل ئاتلار چىقىدىغان» («يېڭى تاڭنامە.
سەمەرقەنت تەزكىرىسى») بولغاچقا، باۋ فاڭنىڭ شېئىرىدىكى «تۇل-
پار ئاتلار كىشىنىشىپ بېدىلىكتە چېپىپتۇ» دېگەن مىسرالاردا دەل
خەن دەۋرىدىكى كلاسسىك ئىبارىلەر ئارقىلىق تاڭ دەۋرىدىكى ۋەقەر-
لەر مەدھىيىلەنگەندى. تاڭ نەزمىلىرىدىكى غەربىي يۇرت سوۋغاتلىق
ئاتلىرى ھەققىدە يېزىلغان تەسۋىرلەردىن يەنە ۋۇزېتيەن دەۋرىدىكى
شائىر چياۋجىجى يازغان «تۇلپارغا مەدھىيە» نى مىسال قىلىشقا
بولىدۇ: «تۇلپارلارنىڭ كىشنىگىنى غەربىي شىمالدىن ئاڭلىنار،
دېسەڭ ئۇنى ئارتۇق كەتمەس بەجايىكى ئەجدىھا، چاپتۇرغاندا سەن
ئۇنى مىڭ داۋاندىن بىر ئاشار»㉔. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بەجايىكى
ئەجدىھا» سەمەرقەنتنىڭ تۇلپارلىرىنى كۆرسىتەتتى. «تاڭ سۇلالى-
سىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 72 - جىلدىدا «سەمەرقەنت ئېتى
كانكىيىدىن چىقىدىغان بولۇپ، پەرغانە ئېتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ
ئاتلار گەۋدىلىك كېلىدۇ. ۋۇدې يىللىرى سەمەرقەنت 4000 ئات
سوۋغات قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىكى مەنسەپدارلارنىڭ ئاتلىرى كۆپىند-
چە ئاشۇ ئاتلارنىڭ نەسلىدۇر» دېيىلىدۇ㉕. ۋۇدېنىڭ 9 - يىلى
سەمەرقەنت سوۋغات قىلغان «تۇلپارلار» نىڭ ئېسىل ئاتلار ئىكەنلى-
كى ئېنىق، ئەمما ئۇنىڭ «4000» ئىكەنلىكى باشقا ھۆججەتلەردە

ئۇچرىمايدۇ، ئېھتىمال «40 ئات» خاتا ھالدا «4000 ئات» دەپ يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ توققۇز غوزلار ھەر قېتىم ئات سوۋغات قىلغاندا، ئىككىدىن يۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوخشىمىغان ساندا ئېلىپ كەلگەن. سانى چەكلىك بولغان سەمەرقەنت ئاتلىرى پوچتا ياكى لەشكىرىي لاۋازىمەت ئىشلىرىغا سېلىنمايتتى، ئەكسىچە ئوردىدىكى مەخسۇس خادىملارنىڭ كۆندۈرۈشى ئارقىلىق مەخسۇس شاھىنشاھقا تەييارلىناتتى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئىككى خاس ئېتى بولۇپ، بىرى، «قاشتېشى گۈللۈك تۇلپار»، يەنە بىرى، «كېچىدە نۇر چاچار» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئاتلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، دۇفۇنىڭ «تۇلپار نەزمىسى» دىكى «پەرغانىنىڭ گۈللۈك دۇلدۇلى» دېگەن مىسرالارغا قارىغاندا، ئۇلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن) ياكى بولمىسا «توپچى ئات» ۋە «ئۇسسۇلچى ئات» قىلىپ ئىشلىتىلەتتى㉖. جېڭ چۇخۇيىنىڭ «شاھلار ھەققىدە ئومۇمىي خاتىرە. تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە، سوۋغات قىلىنغان ئاتلارنى ئۇسسۇلچى ئات قىلىپ كۆندۈرۈشنىڭ تەپسىلىي جەريانى خاتىرىلەنگەن: شۈەنزۇڭ ئۇسسۇلچى ئاتلارنى تەييارلاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن، تۆت يۈز ئات ئوڭ ـ سول قىلىپ ئىككى توپقا ئايرىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆز ـ كۆز قىلىش، بەزىلىرى ئامراقلىق قىلىش مۇددىئاسىدا كۆندۈرۈلۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا چېگرا سىرتىدىن ئات سوۋغات قىلىدىغانلار كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلارنى ئۆزلىرى كۆندۈرەلمىگەن ئاتلارنى كۆندۈرۈشۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار چىرايلىق كەشتە تۇتۇلغان يوپۇقنى ئاتقا يېپىپ، ئاتنىڭ يايلىنى تاراپ چىققاندىن كېيىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئاستى، ئاندىن «يانتۇ قەدەھ» دېگەن كۈينى ئۇن نەچچە مەرتىۋە چېلىشۋىدى، ئات ئالدى ـ كەينىگە چاپچىپ ئوڭ ـ سولغا تەۋرەنگىنىچە مۇزىكىغا ماسلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتنى ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ پەشتاققا يېتىلەپ چىقىپ ئاتنى مىنگىنىچە تىزگىنىنى قويۇۋېتىشۋىدى، ئات پەرۋاز قىلغان قۇش كەبى چاپچىشقا باشلىدى. سۇس سېرىق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشىپ

قاشتېشى كەمەر تاقىغان، تەقى ـ تۇرقى تولىمۇ قامىلاشقان ياش سازەندە يىگىتلەر ئاتنى چۆرىدەپ ساز چېلىۋىدى، ھېلىقى ئات پەشتاق ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويىنىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەر يىلقى كۆز-لۈك يىغىم بايرىمىدا ئوردىدا ئات ئۇسسۇلى كۆرسىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۇسسۇلچى ئاتلار پۇقرالار ئارىسىغىمۇ تارقالدى». يېقىندا قېزىۋې-لىنغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ تۇلۇمسىمان كۈمۈش چەينەككە ئۇسسۇل-چى ئاتنىڭ يايلىغا ئارتىلغان لېنتا ـ پۆپۈكلەرنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان-لىقى، تىزلىنىپ تۇرۇپ يەردىن قەدەھنى چىشلەپ ئېلىۋاتقانلىقى ئويۇلغان بولۇپ، مەنبەلەردىكى «ئات يايلىنى ياساپ. تاراپ، ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى قىستۇرماق» ۋە «تىزلىنىپ تۇرۇپ قەدەھنى چىشلەپ ئېلىپ، چەكسىز ئۆمۈر تىلەيدۇ» (جاڭ شۇ «ئۇسسۇلچى ئاتقا مەد-ھىيە») دېگەن قۇرلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

3) سەمەرقەنت تايغىنى. سەمەرقەنتلىكلەر ھەدىيە قىلغان ئىتلار تاڭ دەۋرىدە «سەمەرقەنت تايغىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە ئاغچا ـ خېنىملارنىڭ ئەرمىكى بولۇپ قالغانىدى. تيەنباۋ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر ياز كۈنى پادىشاھ شۈەنزۇڭ شاھزادە بىلەن شاھمات ئويناۋاتقاندا، «ياڭ گۈيفېي ئۇلارنىڭ ئويۇننى تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. پادىشاھ ئۇتتۇرۇپ قويغىلىۋاتقاندا ياڭ گۈي-فېي يېنىدا ئولتۇرغان سەمەرقەنت تايغىنىنى نوقۇشلايدۇ. ئىت بىر سەكرەپ شاھمات تاختىسىنى ئۆكتۈرۈپ ئۇرۇقلارنى قالايمىقان قىلى-ۋېتىدۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ»㉗. غەربتىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ ئىتلار تاڭ ـ سۇڭ دەۋرلىرىدىن تاكى مىڭ ـ چىڭ دەۋرلىرىگىچە ئىزچىل تۇردە ناھايىتى قىممەت باھالىق بولۇپ كەلدى، پەقەتلا جۇڭگوغا ئېلىپ كېلىنگەن لىنىيىسى قۇرۇق-لۇق ۋە دېڭىز يولى دەپ ئايرىلغانلىقتىن نام جەھەتتىن ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلەندى، خالاس. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئەھۋال كىتابى-مىزنىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە «قابا ئىتنىڭ تارىخى» دېگەن ماۋزۇدا بايان قىلىنىماقچى. ئىت سوۋغات قىلىش توغرىسىدا يەنە بۇخارانىڭ «ئىككى

باشلىق ئىت» تەقدىم قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 970 ـ جىلدىدا، «ۋەنشۈي ـ توڭتيەنىنىڭ 2 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇخارا ئىككى باشلىق ئىتتىن بىرنى تەقدىم قىلدى» دېيىلىدۇ. «ئىككى باشلىق ئىت» دېگىنى ئەمەلىيەتتە، ئىككى باشلىق تۇغۇلۇپ قالغان غەيرىي ئىت كۈچۈكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 35 ـ جىلد «بەش ئاناسىر تەزكىرىسى» دە، ئۇنىڭ ۋۇ ۋالىيەدىخانىنىڭ زاۋاللىق دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە بىر ئەلدە ئىككى شاھ مەۋجۇت بولغانلىقىدەك يامانلىقنىڭ بېشارەتى دەپ قاراپ «باشنىڭ كۆپ بولۇشى پادىشاھنىڭ بىر بولمايدىغانلىقىدۇر، دېيىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى».

## 2. ئۆسۈملۈكلەر

4) ئالتۇن شاپتۇل، كۈمۈش شاپتۇل. سەمەرقەنت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مېۋە ـ چېۋە ماكانى. شۆەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، بۇ يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان، مېۋە ـ چېۋە تولۇپ ـ تاشقان». ياللۇغ چۇسەيمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ماۋرائۇننەھر ئايمىقىنى «ئاق ئالۇچا، قىزىل شاپتۇل يەيدۇ كۆزنىڭ يېغىنى» دەپ مەدھىيىلىگەن. شۇڭا، سەمەرقەنت شاپتۇلىمۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. جېنگۇەننىڭ 11 ـ يىلى (637 ـ يىلى) «سەمەرقەنت ئالتۇن شاپتۇل ۋە كۈمۈش شاپتۇل سوۋغات قىلدى. پادىشاھ ئۇنى ئوردا بېغىدا ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى». جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى (647 ـ يىلى) ئوردا ۋەزىرلىرى تەيزۇڭخاننىڭ پەرمانى بويىچە ئالتۇن شاپتۇلنى «قىممەتلىك مېۋە» قاتارىدا سوۋغاتلار خاتىرىسىگە كىرگۈزدى: «سەمەرقەنت سوۋغات قىلغان سېرىق شاپتۇلنىڭ چوڭلۇقى ئاققۇ تۇخۇمىچىلىك كېلىدىغان بولۇپ، رەڭگى ئالتۇندەك ساپسېرىق بولغانلىقتىن، ئالتۇن شاپتۇل دەپ ئاتىلىپ قالغان» ㉘. «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 193 ـ جىلد «سەمەرقەنت

تەزكىرىسى» دە، ئالتۇن شاپتۇلنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغان ۋاقتى خاتا ھالدا سوۋغات قىلىنغان يىلى، دەپ پۈتۈلۈپ قالغانلىقتىن، بۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. جۇڭگودا قەدىمدىلا شاپتۇل ئۆستۈرۈلگەن ۋە تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ھىندىستانغا تارقىلىپ سانسكرىت تىلىدا «چىنانى» («خەنزۇلار ئېلىپ كەلگەن» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. ئۇنداقتا سەمەرقەنت سوۋغات قىلغان سېرىق ۋە ئاق شاپتۇللار قانداق بولۇپ تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ ئالاھىدە خاتىرىگە ئېلىنىدى ۋە ئوردا بېغىدا يېتىشتۈرۈلدى؟ بۇ شۈبھىسىز ئۇنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىنراقى ئۇنىڭ قەدىمكى جۇڭگودىكى شاپتۇل «ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»، «بالا - قازادىن ساقلايدۇ»، ھەتتا «خىزىر بولغىلى بولىدۇ» دېگەندەك خۇراپىيلىققا تولغان پىسخىكا بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىپ قالغانلىقى ئىدى.

5) كۆركۆمگۈلى. بۇخارا سوۋغات قىلغان كۆركۆمگۈلى قىزىلگۈل ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئۆسۈملۈك. «مەشھۇر ناملارنىڭ تەرجىمە شەرھى» نىڭ 3 - جىلد «خۇش پۇراق جىسىملار» بابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۆركۆمگۈلى ساجۇمو دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ‹جۇ يوسۇنلىرى› دا ئېيتىلىشىچە بەزىلەر ئۇنىڭدىن نەزىر ھارىقى ياسايدىكەن؛ ‹سۆز ۋە خەتلەر› دە خاتىرىلىنىشىچە كۆركۆمگۈلى دېگىنى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىراق چېگرىدىن ھەدىيە قىلىنىدىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئىلاھلارغا ئاتاپ كۆيدۈرۈپ ئىبادەتخانىلارنى خۇش پۇراق ھىدقا تولدۇرىدىغان كۆجىلەرنى ياسايدىكەن». بۇ خىل خۇش پۇراق گۈل كاپىسادىن چىققىدۇ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» نىڭ 14 - جىلدىدا، «نەنجۇ ئايمىقىدىكى ئاجايىباتلار ھەققىدە خاتىرە» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۆركۆمگۈلى كاپىسادىن چىققىدۇ، قولدا تېرىلىدۇ. ئىلگىرى بۇتقا تېۋىنغۇچىلار ئىشلەتكەن. ئۇ گۈلنى ئاپتاپتا بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن غۇزىكىدىن كۆركۆم چىققىدۇ. رەڭگى

ساپسېرىق بولۇپ، تۈگمىگۈلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، خۇش پۇراق هاراق ئىشلىگىلى بولىدۇ» . «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 970- جىلدىدا جېنگۇەننىڭ 21 - يىلىدىكى سوۋغات بۇيۇملىرى خاتىرىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «كۈركۈمگۈلنىڭ يوپۇرمىقى مۇۋەببەلسىپىتنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ، 9 - ئايدا ئېچىلىدۇ. شەكلى تۈگمىگۈلنىڭ ئۆزىلا. رەڭگى قېنىق، خۇشبۇي ھىدى نەچچە ئون قەدەم نېرىغا پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقنى تېرىسا ئۈنمەيدۇ، شۇڭا يىلتىزىنى تىكىش كېرەك» . كۈركۈمگۈلى بۇتقا تېۋىنىشتىن باشقا يەنە تاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىككى خىل ئىشقا كەڭ ئىشلىتىلگەن. بىرى، هاراق چىقىرىش، لى بەينىڭ «مېهمان بولماق» ناملىق شېئىرىدا، «لەنلىڭنىڭ مەيلىرى كۈركۈمگۈلدىن ياسىلار، قۇيساڭ ئۇنى قەدەھكە كەھرىۋادەك نۇر چاچار» دېگەن مىسرا بار. يەنە بىرى، خۇشبۇي بۇيۇم (ئەتىر) ياساش. دۇەن چېڭشى ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا «كۈركۈم دېگەن يەردىن ئۈنگەن گۈلدىن چىقىدۇ، سالساڭ قويىنۇڭغا ئۇنى خۇش پۇراق ھىد چاچىدۇ. » دەپ يازغان. خۇارۇي خانىمنىڭ «ئوردىغا ھەدىيە» دېگەن شېئىرىدىكى «كۆك پاينداز سېلىنغان قىزىل تېكمەت ئۈستىگە، قاتار - قاتار قويۇلغان كامفورا ۋە كۈركۈمگۈل» دېگەن مىسرالار تاڭ ئوردىسىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى«يەرگە كامفورا ئىسرىقى ۋە كۈركۈمگۈل يېيىتىپ قويىدىغان» ئادىتىنى كۆرسىتەتتى. كەييۇەننىڭ 7- يىلى (719- يىلى) بۇخارانىڭ كۈركۈم تەقدىم قىلغاندا تۆت پارچە تېكمەتنى قوشۇپ تەقدىم قىلغانلىقىدىن خۇش پۇراق بۇيۇملارنىڭ گىلەم- پايندازلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ سوۋغات قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

6) ئوسما. ئوسما قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاياللىرىنىڭ كۈندىلىك گىرىم بۇيۇملىرىدىن بولۇپ، پەرغانە ئويمانلىقىدىن كاسپىي دېڭىزى بويلىرىغىچە «ئاياللار قوغۇشۇن ئېقىنى گىرىم بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلەتمەيدۇ. ئەكسىچە، قېشىغا ئوسما قويۇۋالىدۇ»[29]. ئوسما ئۆسۈملۈكتىن چىقىدىغان بوياق ماتېرىيالى. جۇڭگودا ئاياللارنىڭ

قېشىغا ئوسما قويىدىغانلىقى بەكلا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ مەۋ-
جۇت بولۇپ كەلگەن ھادىسە. «چۇ نەزمىلىرى» دىلا «ئۇپا سۇرسە
ئاقىرار، ئوسما قويسا قارىدار، چاچسالڭ خۇش پۇراق سۇنى، تېخىمۇ
بەك پارقىرار» دېگەن مىسرالار بار. شۇڭا، سەمەرقەنتنىڭ سوۋغات
قىلغىنى مەشھۇر «پېرسىيە ئوسمىسى» بولمايدىكەن ئۇنى قانداقتۇر
«ئاجايىپ ـ غارايىپ بۇيۇم» دېيىشنىڭ ئورنى يوق. بىراق، كەيىۋەن-
تيەنباۋ يىللىرىدىن كېيىنكى ئوردىدا ئەۋج ئالغان «قاشقا ئوسما
تېمىتسا قاش ئىنچىكە، ئۇز بولۇر» (بەي جۈيى «شىڭياڭدىكى ئاق
چاچلىق كىشى» ) دەيدىغان گۈزەللىك ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ئېيتقان-
دا، غەربىي يۇرتنىڭ بۇ خىل گىرىم بۇيۇملىرى يەنىلا ۋاقتى ئۆتكەن
ھېسابلانمايتتى.

### 3. مىنېرال ماددىلار

7) تۇچ ( 鍮 ) . بۇ پارسچە «تۇتىيا» دېگەن سۆزنىڭ قىسقار-
تىلما تەرجىمىسى، يەنى سىنك ۋە مىسنىڭ ئارىلاشمىسى[30]. قەدىمكى
جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە بۇ سۆز ( 鍮 ) ئەڭ دەسلەپ «سۆزلەر
جەۋھىرى» نىڭ 18 ـ جىلد «مېتال» قىسمىدا ئۇچرايدۇ:
«تۇۋ ( 鍮 ) ئالتۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ»[31]. ماغىيان دۆلىتى
سوۋغات قىلغان تۇچ ئېھتىمال پېرسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى
مۇمكىن. «ۋېينامە»، «سۇينامە» لەردە پېرسىيەنىڭ يەرلىك مەھ-
سۇلاتلىرى قاتارىدا سېرىق مىس (تۇتىيا) ئىزچىل تىلغا ئېلىنىدۇ.
«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 11- جىلدىدا
پېرسىيەدىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۇتىيا چىقىدۇ، دېيىلگەن. مىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساۋ جاۋ «قەدىمكى ھېكمەتلەردىن ئۈزۈندە»
ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ساپ تۇتىيا پېرسىيەدىن چىقىدۇ.
رەڭگى ئالتۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئوتتا كۆيدۈرسىمۇ قىزىل رەڭ-
گى ئۆڭمەيدۇ». پېرسىيە گۈللەنگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى
قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى كاۋكاز رايونىغىچە كېڭەيگەن، يېقىنقى
يىللاردا كاۋكازدىن قېزىۋېلىنغان تۇتىياغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلى-

قىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنى جۇڭگو ۋەسىقىلىرى بىلەن ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. 1967 ـ يىلى كاۋكازىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىن «موساۋىيا ـ بالقا» دەپ ئاتالغان VIII — IX ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بىر قەبرە قېزىلدى. مەزكۇر قەبرىدىن چىققان 47 پارچە بۇيۇمنىڭ 33 دانىسى تۇتىيادىن ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ خىمىيۋى تەركىبى بويىچە سىنك مىقدارى 14% دىن تۆۋەن بولغان تۇتىيا ۋە سىنك مىقدارى 15 — 20% تىن 50% — 40 كىچە بولغان يۇقىرى سىنكلىق تۇتىيا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى شىرلىن يازغان «نوملار شەرھى. داۋامى» ناملىق ئەسەرنىڭ 5 ـ جىلدىدىكى شەرھى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ: «غەربىي يۇرت دورا ئارقىلىق مىس تاۋلايدىكەن. شۇڭا، ئۇلار تاۋلىغان مىس ئېسىل ۋە ناچار دەپ ئىككى خىل بولىدىكەن؛ ناچىرى ئاقۇچ بولۇپ كۈل رەڭگە مايىل بولىدىكەن، ئېسىلى سارغۇچ بولۇپ ئالتۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، بۇ خىلدىكىلىرى ھەقىقىي تۇتىيا دېيىلىدىكەن. بۇنى ئالتۇندىن ئاسانلىقچە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئالتۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۇتىيا» يىپەك يولىنىڭ كاۋكازىيە بۆلىكىدە نىسبەتەن كەڭ تارقالغان㉜. روشەنكى، توققۇز غۇزلارنىڭ بۇ نەرسىنى سوۋغات قىلىشى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىچكى ئاسىيا سودىسىنىڭ تاۋار قۇرۇلمىسى بىلەن ماس كېلەتتى. تۇتىيا (تۇچ) تاڭ دەۋرىدە ئاساسەن بىرى بۇت قۇيۇشتا ئىشلىتىلەتتى. چاڭئەندىكى «خۇايەن قەسرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇتىيادىن قۇيۇلغان ئالتە چى ئېگىزلىكتىكى ناھايىتى نەپىس بىر بۇت بار ئىدى.» («يوياڭ مەجمۇئەسىنىڭ داۋامى» 5 ـ جىلد). تاڭ دەۋرىدە تۇتىيادىن بۇت ياساش ناھايىتى ئومۇملاشقان، شۇڭا پادىشاھ ۋۇزوڭ بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش پەرمانىنى چۈشۈرگەن ۋاقىتلاردا «ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۇتىيادىن قۇيۇلغان بۇتلارنى ئېرىتىپ خەزىنە بېگىگە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان» («كونا تاڭنامە. پادىشاھ ۋۇزوڭ ھەققىدە خاتىرە»). يەنە بىرى، كېيىم- كېچەكلەرنىڭ بېزىكى ئورنىدا ئىشلىتى-

لەتتى. «8- ۋە 9 - دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كىيىملىرى كۆك رەڭلىك بولۇپ، تۇتىيا بىلەن بېزىلەتتى» («يېڭى تاڭنامە» 24 - جىلد «ھارۋا ۋە كىيىم - كېچەك تەزكىرىسى»). پۇقرالارغا كەلسەك بۇنداق «ئالتۇنغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان» تۇتىيا ئۇلاردا ئاساسەن بولمايتتى. شۇڭا، كوچىدىكى بىكار تەلەپلەر بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ كېتەتتى. يۈەن جىنىنىڭ «خېرىدارلار ھەققىدە» ناملىق شېئىرىدا بەزىلەرنىڭ تۇتىيادىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشلار پاش قىلىنغان:

«بازارغا كىرىپ كەلسەم شۇنداق بىر پاراڭ بولدى،
سەھرا يېرىدە بۇنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىدى:
قولىغا سېلىۋالغان جۈپ تۇتىيا ئۈزۈكىنى،
بويىنىغا ھەم ئېسىپتۇ تۇتىيادىن زەنجىرنى،
ئۇياق - بۇياققا قاراپ سەھراغا كېلىپ سېتىپتۇ،
چېكىپ كۆرسە ئالتۇننى باشقا سادا چىقىپتۇ».

8) قىزىل تۇز ۋە قارا تۇز. ئىككىلىسى «رەڭلار تۇزى» غا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا مەلۇمات يوق دېيەرلىك بولغاچقا، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئامالسىزمىز. «سۇينامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» نىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرىدە، قارا تۇزنىڭ جاغۇدا بەگلىكى ۋە جەنۇبىي ھىندىستاندىن چىقىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. قىزىل تۇز ھەققىدە «ۋېينامە. قۇرىغار تەزكىرىسى» دە غەزنە دۆلىتىدىن قىزىل تۇز چىقىدۇ، دېيىلىدۇ. غەزنە بولسا جاغۇدا بەگلىكىنىڭ پايتەختى. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىككى خىل تۇز بىردەك جاغۇدانىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەت تۆمۈر قاپقىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، تۆمۈر قاپقىنىڭ شىمالىدىكى خارەزم، كېش، شاش قاتارلىق دۆلەتلەردىن كۆپ يىراق ئىدى. توققۇز ئوغۇزلار سوۋغات قىلغان قىزىل تۇز ۋە قارا تۇز ئېھتىمال جاغۇدادىن كەلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ ئىككى خىل تۇز ئادەتتە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلەت-

تى. «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» نىڭ 11 ـ جىلد «رۇڭ تۇزى» دا، «قارا تۇز قوساقتا يەل توشۇپ قالغاندا داۋا بولىدۇ،» «قىزىل تۇز مەنىنى كۆپەيتىپ زەكەرنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ» دېيىلگەن.

9) ھېقىق. بۇ غەربىي يۇرتتىكى «يەتتە گۆھەر» نىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ناھايىتى شۆھرەت قازانغانىدى㉝. شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىدىكى خېجيەن ۋاڭى يۈەن چېنىنىڭ ئۆيىدىكى «غەربىي يۇرت گۆھەرلىرى» قاتارىدا ھېقىقتىن ئىشلەنگەن بىر سىر قاچىسى بار ئىدى («لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەق-قىدە زىيارەت خاتىرىسى» 4- جىلد). «مەشھۇر ناملارنىڭ تەرجىمە شەرھى» نىڭ 3 ـ جىلد «يەتتە گۆھەر» بابىدا، «ھېقىق ئاتنىڭ مېڭىسىدەك قىممەتلىك» دېيىلىدۇ. ھېقىق قانچە قىزىل بولسا شۇنچە ئېسىل ھېسابلىنىدۇ، «قەدىمكى ھېكمەتلەردىن ئۈزۈندە» نىڭ 2 ـ جىلدىدا، «قەدىمكىلەر رەڭگى قىزىل بولمىغان ھېقىقنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدۇ، دېگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. دۇفۇ «ۋېي فېڭلۇنىڭ قەسرىدە ساۋ سانغۇنىنىڭ ئات سىزىشىنى تاماشا قىلىش» دېگەن شېئىرىدا «ئىچكى قەسىرگە قويۇلغان قارامتۇل قىزىل رەڭلىك ھې-قىق قاچا» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېقىقتىن ئىشلەنگەن داڭلىق بۇيۇملارنىڭ جەزمەن قارامتۇل قىزىل رەڭدە بول-دىغانلىقى مەلۇملۇق. توققۇز غوزلار سوۋغات قىلغان ھېقىق مانا مۇشۇ خىلدىكىسىدىن ئىدى. ئەن لۇشەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا كىچىكرەك ھېقىق تەخسىدىن ئىككىنى، چوڭ ھېقىق تەخسىدىن بىرنى ئىنئام قىلغان㉞. بۇ ئەھۋال ئىنئامنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى ئوردىدىن سىرتقا تارقىلىشىدا ئاساس-لىق يول بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھېقىقلىرى كېيىنكىلەرنىڭكىدەك كىچىككىنە بولماستىن، ئا-دەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە يوغانىدى. يىفېڭنىڭ 2 ـ يىلى (677 ـ يىلى) پېي خاڭجيەن «ئون ئوق قاغان» نى تىنچىتقاندا، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئارىسىدا «كەڭلىكى ئىككى چىدىن ئاشىدىغان ئاجايىپ ھېقىق» بار ئىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردە

سەرۋازلىرى بۇنى ئاجايىپ گۆھەر، دەپ ئاتاشقان («كونا تاڭنامە» 84 ـ جىلد).

### 4. توقۇلما بۇيۇملار

10) كوسارا. قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ بىر خىل داڭلىق كىگىزى. لى خې «خانزادىلەرگە مەدھىيە» دە، ئوردا مەلىكىلىرىنىڭ مۇڭلانغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تىنىدىن كوسارانىڭ ئىسسىقىدەك ھىد كېلەر، يەتتە تىكەن يۇلتۇزىمۇ بۇنى كۆرۈپ تەلپۈنەر». ۋاڭ چى «لى چاڭجى شېئىرلىرىنىڭ شەرھى» دە مەزكۇر بۇيۇم ھەققىدە تەپسىلىي پىكىر يۈرگۈزگەن: «بۇ نەرسە ‹پىساڭ› ناملىق كىتابتا يۇڭ سېلىنچا دېيىلىدۇ. ‹شىمالىي قەسىردىكى كىتابلار كۆچۈرۈلمىسى› دە ئىنچىكە يۇڭدىن توقۇلغىنى كوسارا بولىدۇ، دېيىلگەن. ‹يۇنخۇي› دا بولسا يۇڭدىن توقۇلغانلىرى كوسارا بولىدۇ دەپ ئىزاھلانغان. ‹توڭيا› دېگەن ئەسەردە ئوتتۇرا ئەنەتكەكتىن چىقىدىغان كوسارا ھازىر پورۇ دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلىدۇ». ئومۇمەن، بۇ ئىككى خىل بۇيۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي پەرق «خام ماتېرىيالدا ئەمەس، بەلكى ھۈنەر سەنئەتتە، كوسارا ئىنچىكە يۇڭدا توقۇلغان زىلچا، پورۇ توم يۇڭدا توقۇلغان زىلچىدۇر㉟. بېي چىجىنىڭ ئەپسانىۋى ھېكايىلىرىدە كوسارا كاتتا غۇز بايلىرىلا ھوزۇرلىنالايدىغان مەئىشەت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ: «جى فاسۇن غۇز مىللىتىدىن بولۇپ، گۇاڭجۇ ئايمىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. تېبابەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكتىن تەدرىجىي كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ 8 — 9 چى كېلىدىغان بىر چوڭ كوساراسى بولۇپ، رەڭگارەڭ رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ» («تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» 119ـ جىلد). كوسارا — ئىسسىقلىق رولى بولغاندىن باشقا يەنە ئۆي بېزەشكىمۇ ئىشلىتىلگەن. سېن سەن «قاش قوۋۇقتا سانغۇنغا ئوقۇلغان مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا:

«ئىسسىق ئۆيگە كەشتىلىك پەردىلەر ھىم تارتىلغان، تامغا رە-

سىم ئورنىغا كوساراللار ئىشلىغان» دەپ رەسىم نۇسخىلىرى چۈشۈ-
رۈلگەن بۇ كوساراننىڭ تامغا ئاسقىلى بولىدىغان گىلەم رولىنى ئويند-
ىيالايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. بۇ ئىككى تۈرلۈك يۈڭ توقۇلما بۇيۇم-
نى تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ئىشلەپچىقىرالىسىمۇ («قانۇنلار
قامۇسى» 193 - جىلد «سەمەرقەنت تەزكىرىسى» گە قاراڭ) ئەمما
ئېخىنىكا سۈپىتى جەھەتتە يەنىلا ۋىزانتىيە (يەنى رۇم) نىڭ ئوخشاش
تۈردىكى مەھسۇلاتىغا يەتمەيتتى㊱. كونستانتىنپولدىكى ئوردا توقۇمى-
چىلىق كارخانىسى قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتە يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە
ئىدى. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 - جىلد «داكچىن
ھەققىدە خاتىرە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جىيەك، كوسارا، زىلچا -
پاياندار، چېدىر قاتارلىقلارنى ناھايىتى سۈپەتلىك ئىشلەيدۇ. بۇنچى-
لىك رەڭدار بۇيۇملارنى دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ھېچقايسى دۆلەت ئىش-
لەپچىقىرالمايدۇ». شۇڭا، كەييۈەننىڭ 7 - يىلى (719 - يىلى)
بۇخارا بۇ خىل توقۇلمىنى سوۋغات قىلغاندا، سوۋغات مەكتۇپىدا
«رۇم (رىم) نىڭ كوساراسى» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن، بۇمۇ
ئۇنىڭ بۇخارادا ئەمەس، ۋىزانتىيىدە ئىشلەنگەن داڭلىق مەھسۇلات
ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە ئېيتىلغانىدى.

11) ۋارنا. «سۈينامە» نىڭ 93 - جىلدىدا «پېرسىيىدىن ۋارنا
رەخت چىقىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ رەختنىڭ سوغدىيانانىڭ
ئەمەس، ئىراننىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى مەلۇملۇق. بۇ نامنىڭ ئېتى-
مولوگىيىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت: رافېيىر بۇ
سۆزنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ پارس تىلىدىكى Var — nax، يەنى «يىپەك
توقۇلما بۇيۇم» ۋە «كىمخاب» تىن تۈزۈلگەن بىرىكمە سۆز دەپ
قارايدۇ㊲. پ. پېللىئوت بولسا سانسكرىت تىلىدىكى Varnaka، يەنى
«رەڭ، گۈل» دىن تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن دەپ ئوتتۇرىغا
قويىدۇ㊳. بۇ خىل پېرسىيە كىمخابى ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىگە
كەلگەندە قانداقتۇر ئاق رەڭلىك بولسا ئەتىۋارلىنىدىغان بولغان.
«كۆكتارتىنىڭ سىرتىدىكى ئاجايىپ جايلار» نىڭ 3 - جىلدى ۋە
«ۋاسساللار تەزكىرىسى» نىڭ 1 - جىلدىدا «باغداد ئېلى ئاق ۋارنا

رەختى ئىشلەپچىقىرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شىمالىي سۇلڭ سۇلالى-سىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى «ئاق ۋارنا» نى ئەرەبلەر ئىككى قې-تىم يەنى چۇنخاۋنىڭ 4- يىلى (993- يىلى) ئىككى توپ، جىداۋ-نىڭ 1- يىلى (995- يىلى) ئۈچ توپ سوۋغات قىلغان㊴.

12) پاپانداز㊵. تاڭ ئوردىسى ياكى كاتتىلار يىغىلىشىدىكى ئۇسسۇلچىلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەندە، يەرگە سېلىپ ئۇستى-دە ئۇسسۇل ئوينىلىدىغان كىگىزسىمان توقۇلما پاپانداز دېيىلگەن. دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدىن پاپاندازنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلى-قىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: بىرى، ئۇزۇن چاسا شەكىلدە بولۇپ، 172 ـ ئۆڭكۈردىكى جۈپ كىشىلىك ئۇسسۇلدا ئىشلىتىلگەن؛ يەنە بىرى، 180 ـ ئۆڭكۈردىكى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل رەسىمىدە ئۇچرايدىغان يۇمىلاق شەكىللىك نۇسخا. تاڭ نەزمىلىرىدە پاپانداز ھەققىدىكى تەسۋىرلەر كۆپ بولۇپ، بۇلارنى تارىخنامىلەردىكى كەم-تۈكلۈكنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولىدۇ. بەي جۈيى «كۆك چېدىردا پۈتۈلگەن 12 قاپىيە» ناملىق شېئىرىدا: «سازەندىلەر ھەممىسى سول پەگاھدا ئولتۇرار، تۆپتۈز قىلىپ پاپانداز يەر يۈزىگە سېلىنار» دەپ يازسا، ليۇيۇشى «كەيفېڭ ئايمىقىدا تەنھا بەگزادە بىلەن بازارغا كى-رىپ مۆھلەتنى ئۆزگەرتكەنلىكنى ئەسلەش» ناملىق شېئىرىدا:

«ناخشىچىلار سەھنىدە يەلپۈگۈچنى ئوينىتار،
يەرگە سېلىنغان پاپانداز جۇلالىنىپ پارقىرار.»

دەپ تەسۋىرلەيدۇ؛ لى شاڭيىن «سۆگەت» ناملىق شېئىرىدا:

«مەشرىقتىن چىققان بوراندا پاپانداز قايرىلىپ قالدى،
تاماشادىكى كەيپىيات بىردەملىكتە يوق بولدى.»

دەپ تەسۋىرلىسە، ۋاڭ جيەن «ئوردىغا مەدھىيە» ناملىق يۈز كۇپلېت-لىق شېئىرىنىڭ 84 ـ كۇپلېتىدا:

«قاشتېشى ئەينىڭ ئۇدارى لەگلەك كۆيگە ئالماشتى،
پاياندازنى يەڭگۈشلەشكە بېشارەتمۇ بېرىلدى.»

دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى بۇ مىساللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، پاياندازنىڭ نەقىش تۇتۇپ توقۇلغان بۇيۇم ئىكەنلىكىنى، ئۇنى سەھنىدە ياكى يەرگە سېلىشقا بولىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئويۇن جەريانىدا ئالماشتۇرۇپ سەھنە كەيپىياتىنى كۈتۈرۈش ئۇنۇمىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. سوۋغات بۇيۇملىرى قاتارىدا ئېلىپ كېلىنگەن پاياندار تەبىئىي هالدا ئوردا ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىلەتتى. تاڭ دەۋرىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك پاياندار تيەنباۋنىڭ 9- يىلى (750- يىلى) پېرسىيە سوۋغات قىلغان «ئوتقاش گۈللۈك پاياندار» ۋە «قېلىن يۇڭلۇق پاياندار» ئىدى㊶ (ئەينى ۋاقىتتا ساسانىيلار سۇلالىسى ئاللىقاچان گۇمران بولغان. شۇڭا، پېرسىيە سودىگەرلىرى سوۋغات ئېلىپ ماڭغۇچى ئەلچى قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى). توققۇز غۇزلار سوۋغات قىلغان «تابىش پاياندازى» غا كەلسەك ئۇنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بۇيۇملاردىن ئىكەنلىكى ناتايىن. چۈنكى، «تابىش» (رافېيىر ئۇنى ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدىكى tabix سۆزى، دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن) قانداقتۇر قوپاللىراق يۇڭ توقۇلما بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى خۇيلان «نوملار شەرھى» نىڭ 10- جىلدىدا «بورا» دەپ ئىزاھلىغان.

### 5. جابدۇقلار

13) كرىستالدىن ئىشلەنگەن كۆز دورىسى قۇتىسى. توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرى ئىچىدىكى «كرىستالدىن ياسالغان كۆز دورىسى قۇتىسى» ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقا تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئېنىق. تاڭ دەۋرىدە قورىغاردىكى كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرى سوغدىلار ئەمەس، بەلكى ھىندىستان ۋە داكچىن ئەللىرىدىن كەلگەن راھىب-

لار ئىدى. ھىندىستان راھىبلىرى ھەققىدە لىۋيۇشى «كۆز تېۋىپى بىراھمان راھىبغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دېگەن:

«كۆز نۇرى ئاجىزلاشسا،
سەۋر قىلماق تەس كېلۇر.
ئۇستازدا بولسا زەر سوزگۈچ،
نادانلىقمۇ يوق بولۇر.»

داكچىن راھىبلىرى ھەققىدە بولسا دۇخۇەن «سەپەر خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دەيدۇ: «داكچىنلىقلار كۆز كېسەللىكلىرى ۋە تولغاقنى داۋالاشقا ماھىر. بەزىلىرى ئۇشتۇمتۇت كۆرمەس بولۇپ قالغانلارنى داۋالىيالىسا، بەزىلىرى مېڭىنى يېرىپ قۇرتلارنى تازىلايدۇ». داكچىنلىق نېستورىيان راھىبلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى بۇرۇندىنلا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدا شۆھرەت قازانغانىدى. تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگودا ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزى ھەم قالغان. IX ئەسىردە چېڭدۇ شەھىرىدە «داكچىنلىق بىر راھىبنىڭ كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى» ھەققىدە «لى ۋېنراۋ ئەسەرلىرى» نىڭ 12 ـ جىلدىدا خاتىرىلەر بار. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ بەيخۇي، ناۋخۇ قاتارلىق ئىككى پەللىسىنى ئۇۋۇلاپ كۆزىنى روشەنلەشتۇرگەن خاس تېۋىپ چىن مىڭخې (秦鸣鹤)㊷ جۇڭگوغا كەلگەن غۇزلارنىڭ «ئۆز دۆلىتىنىڭ نامىنى فامىلە قىلىۋېلىش» ئەندىزىسى بويىچە قارىغاندا، داكچىنلىق كۆز دوختۇرى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. بۇنىڭدىن سىرت داكچىننىڭ كرىستال چىقىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىنىمۇ دىققەتتىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. كرىستال پارقىراقلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل ئەينەك بولۇپ، ۋېي يىڭۋۇ «كرىستالغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ھەرنەرسىنىڭ سايىسى شۇنچە ئەينەن چۈشىدۇ،
نەرى تېشى نەرى ئىچى، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

تۇتسالڭ ئەگەر سەن ئۇنى ئون بەش كۈنلۈك شۇ ئايغا،
يالتىرىغان تامچىلارنى بارچە كۆزلەر كۆرىدۇ.»

يۇقىرىقى مۇھاكىمىگە ئاساسەن، كەييۇەننىڭ 28- يىلى (740- يىلى) سەمەرقەنت سوۋغات قىلغان «كرىستالدىن ئىشلەنگەن كۆز دورىسى قۇتىسى» ئەمەلىيەتتە داكچىن ئېلىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئەينەك كۆز دورىسى قۇتىسى، دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتا كەتمەيدۇ.

14) ئېسىل كارىۋات. غۇز كارىۋىتى ۋېي - جىن، سۈي - تاڭ زامانىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان يېنىك تىپتىكى ئولتۇرۇش جابدۇقى بولۇپ، قاتلاپ ئېسىپ قويۇشقا ياكى بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە بولاتتى. لياڭ خانلىقى دەۋرىدىكى شائىر يۈجيەنۋۇ «غۇز كارىۋىتىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«تارالدى ئېسىل نامى بارچە ياقا يۇرتلاردا،
كۆندى ئاڭا ھەممە كىشى ئوتتۇرا ئاستانىدا.
پۇتى يانتۇ بولسىمۇ كارىۋات ئۆزى رۇس تۇرار،
ئوخشايدۇ بەجايىكى چۈۋالچاق دۇردانىغا.»

دۇنخۇاڭدىكى سۈي دەۋرىگە مەنسۇپ 402 - نومۇرلۇق تام رەسىمدە بىر ياساۋۇلنىڭ غۇز كارىۋىتىدا ئولتۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن، غەرب خەنزۇشۇناسلىرى يېقىندا غۇز كارىۋىتى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازدى. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ㊸. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ غۇز كارىۋىتى ئارقا - ئارقىدىن سوۋغات قىلىنىپ تۇرغان، تيەنباۋنىڭ 6 - يىلى (747 - يىلى) پېرسىيە ئەلچى ئەۋەتىپ ھېقىق كارىۋاتتىن بىرنى سوۋغات قىلغان㊹. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ھېقىق «يەتتە گۆھەر» نىڭ بىرى بولۇپ، توققۇز غۇزلار تەقدىم قىلغان «ئېسىل كارىۋات» ئېھتىمال ھېقىق بىلەن بېزەلگەن غۇزچە كارىۋات بولسا كېرەك.

### 6. يېمەكلىكلەر

15) تاش ھەسەل. قەدىمكى ئاسىيادا تاش ھەسەل ئۈچ خىل بولاتتى. بىرىنچى، تاغ ھەسىلى، يەنى تەبىئىي تاش ھەسەل. لى چاڭجى «جەنۇبىي گۈلزار» دېگەن شېئىرىدا قوللانغان «پۈتىغا چورۇق كىيىپ تاش ھەسەلدىن يىغىپتۇ» دېگەن ئىبارە دەل مۇشۇ خىل تەبىئىي تاش ھەسەلگە قارىتىلغان مەدھىيە ئىدى. تاۋ خۇڭجىڭ «گىياھلارغا ئىزاھات» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تاش ھەسىلى تاغ ھەسىلىدۇر. ئۇ ئېگىز تاغلاردىكى تاغ جىنسلىرى ئارىسىدا بولىدۇ، رەڭگى كۆكۈچ، ئاچچىقراق، يېسە كۆڭۈل ئاينىيدۇ. ئۇنىڭ ھەرىسى قارا رەڭلىك بولۇپ، كۆكۈيۈنگە ئوخشىشىپ قالىدۇ». بۇ يەردىكى «يېسە كۆڭۈل ئاينىيدۇ» دېگەن سۆز ئەكس تەسىر قوزغايدۇ دېگەنلىك. شۇڭا، بۇنداق خۇسۇسىيەتتىكى بۇيۇمنىڭ سوۋغاتلىققا تاللىنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، سولۇر شېكىرى. «ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى توپلىمى» نىڭ 87 - جىلد «شېكەر قومۇشى» بابىدا، «جەنۇبتىكى سەككىز ۋىلايەت تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق يېزىلغان: «جياۋجىدا شېكەر قومۇشى كۆپ، بىر سۇڭ تومۇلۇقتا، بىرەر جاڭ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بۇ خىل شېكەر قومۇشى بامبۇكقا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنى ئوشتۇپ سۈيىنى ئىچىشكە بولىدۇ، تەمى تاتلىق. سۈيىنى سىقىپ ئالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ۋاق ئاپتاپقا قاقلاپ قويسا سولۇرغا ئايلىنىدۇ، ئېغىزغا سالسا دەرھال ئېرىيدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى تاش ھەسەل، دەپ ئاتايدۇ». بۇ نەرسە «تەمى تاتلىق» بولغىنىكەن، سوۋغات بۇيۇمى بولالىشى ئېنىق. بىراق، غەربىي ئاسىيادىكى تاش ھەسەلنىڭ ھالىتى سولۇر شېكىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. دۇخۇەن «سەپەر خاتىرىلىرى» دە مۇنداق يازىدۇ: «تاش ھەسەل ئۈيمىچىلىقىنى ئۇلار روشا دەپ ئاتايدىكەن. جۇڭگونىڭكىدەك شاھىنشاھ مەپلىرى بولىدىكەن. ھەر قېتىم بايرام بولغاندا ئۇنى بايلارغا سوۋغات قىلىشىدىكەن». تاش ھەسەلگە بىر نەرسىلەرنى ئۈيغىنىدىنلا بۇ خىل

ھەسەلنىڭ يۇمشاق - ئەۋرىشىم سولۇر شېكىرىگە ئوخشىمايدىغان-لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ ئۇچىنچى، ساركارا (Sarkarā) . قاي-نىتىش ئۇسۇلى ھىندىستاندىن تارقالغان. ئۇنىڭدا قومۇش شېكىرى-نىڭ شىرنىسىگە سۈت ۋە ماي قوشۇپ قاينىتىپ چەككىلىگەندىن كېيىن، پارچە- پارچە بولۇپ قېتىشىدۇ㊺. توققۇز غۇزلار سوۋغات قىلغان تاش ھەسەل ئالدىنقى ئىككى تۈرلۈكى ئەمەس، پەقەت ئاخىر-قى بىرى يەنى ساركارا، دەپلا تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ بەزىبىر ئادەتلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆ-تۈشكە توغرا كېلىدۇ: «سەمەرقەنتلىكلەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تاش ھەسەل بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپ، ئالىقىنىغا يېلىم سۈركەپ قويى-دۇ. بۇ چوڭ بولغاندا گېپى بالدەك تاتلىق بولسۇن، پۇل - مالنى يارىيېلىمدەك چىڭ تۇتسۇن، دېگىنى» («يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى») . كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا غۇزلىرى-نىڭ نەزىرىدە تاش ھەسەل خام ئەشياسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئاق رەڭلىك ۋە قارا رەڭلىك، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى، ئەمما بۇخارا-لىقلار سوۋغات قىلغان تاش ھەسەلنىڭ قايسى خىلدىكى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلمىگەنلىكتىن ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىزمىز.

16) مۇسەللەس. توققۇز غۇزلار ھەم سودىغا ماھىر، ھەم مەي-خۇمار خەلق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى بولغان مۇسەل-لەس خەن - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا جۇڭگودا كەڭ شۆھرەت قازانغان. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: سوغدىيانادا تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى تاتلىق. شۇڭا، مۇسەللەسنىڭ تەمى ئالاھىدە ياخشى» دېيىلىدۇ. جاڭ خۇا «مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» نىڭ 5 - جىلدىدا تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ مۇسەللىسى يىل - يىللاپ ساقلىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ. ئون يىل بولغى-نىنى ئىچكەندىمۇ كەيپى ئەتىسىلا قايتىدۇ» . شۇڭا، «غۇزلار ھەر يىلى مۇسەللەس سوۋغات قىلىپ تۇراتتى» دېگىنى ئۆزىگە خاس ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلەتتى. غەربىي يۇرت

مۇسەللىسىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخىنى ئىلگىرىكىلەر تولىمۇ
تەپسىلىي تەتقىق قىلغان㊻. شۇڭا، بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرماي-
مىز. ئەمما، توققۇز غۇزلارنىڭ مۇسەللەسچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك ئىككى تۈرلۈك ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيالنى قوشۇمچە قىلىپ
قويماقچىمىز: بىرى، ھېسابات تالونى. مۇغ تېغىدىن تېپىلغان 69- نو-
مۇرلۇق ۋەسىقە مەي تالونى يېزىلغان ياغاچ تارىشا بولۇپ جەمئىي
سەككىز قۇر خەت يېزىلغان. ئۇنىڭدا 11 نەپەر غۇزنىڭ مەي گەمىسى-
دىن ئۈچ قاپىش، تۆت قاپىش ۋە بەش قاپىش(سوغدىچە ھەجىم
بىرلىكى، تەخمىنەن 10 لىتىرغا تەڭ) دېگەندەك ئوخشىمىغان مىقداردا
مەي ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن㊼. يەنە بىرى، كاسىپخانا. Ⅷ — Ⅶ
ئەسىردىكى مۇسەللەس ئىشلەيدىغان كاسىپخانىلار خارابىسى ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ پەنجىكەنت، خارەزىم ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا
بايقالدى. بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر ۋادىسىنىڭ
ھەقىقەتەنمۇ غەربىي يۇرتتىكى مۇسەللەس «بازىسى» ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرىدۇ. 1979 - يىلى تاڭ دەۋرىدىكى شەرقىي ئۆرتۆپە دۆلىتى
(سۇترىشانا) تەۋەسىدىن بىر كاسىپخانا قېزىپ چىقىرىلدى. ئۇ كى-
چىكرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، تۇرۇبا بىلەن مەي
ئورىكىگە تۇتىشىدۇ، بۇ يەردىن بىللە قېزىۋېلىنغان نەرسىلەردىن يەنە
ساپال قۇمرىلار بار㊽. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، توق-
قۇز غۇزلار تاڭ تەيزۇڭ «قوچۇنى ئىشغال قىلىپ قىمىز چىقىرىش
ۋە ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، ئوردا بېغىدا سىناق
قىلغان ۋە مۇسەللەس ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالغان»㊾دىن
كېيىنمۇ كەيىۋەن يىللىرى مەزگىلىدە داۋاملىق مۇسەللەس سوۋغات
قىلىپ تۇرغان، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئوردا بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن
گۈل تاماشاسىدا ياڭ گۈيفېي يەنىلا «قوچۇ ۋە لياڭجۇ مۇسەللەسلىرى-
دىن توختىماي ئىچكەن»㊿. بۇ ئەھۋال ئارىدىن 70 — 80 يىل
ئۆتكەندىن كېيىنمۇ دوراپ ئىشلەنگەن مۇسەللەسنىڭ يەنىلا سوۋغات
قىلىنغان مۇسەللەس بىلەن تەڭ تۇرالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئومۇمەن، قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغات پائالىيىتى قويۇق

سودا تۇسىنى ئالغانىدى. سەمەرقەنت، بۇخارا، تۈركەش خانلىقى قاتارلىق ئەللەرنىڭ «پۇتۇنلەي ئاجايىپ ـ غارايىپ بۇيۇملارنى سوۋ-غات قىلىشى» دەك ئەھۋالغا قارىتا، تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 ـ يىلى (719 ـ يىلى) «باھاغا سۇندۇرۇپ ھەق بېرىش، ئېسىللىرىنى ئىلغىۋېلىش» پرىنسىپى («كىتابلار جەۋھىرى» 168 ـ جىلد) نى بېكىتكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ھەم سوۋغات تاپشۇرۇش، ھەم سودا قىلىشتەك قوش خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت پائالىيىتىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئېنىق. ئالاھىدە تاۋارلارنىڭ سوۋغات قىلىپ يوللىنىشى ۋە بۇ خىل سوۋغات بۇيۇملىرى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى بولسا ئاشۇ بۇيۇملارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئاز ـ تولا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بېقىشقا تىرىشىپ كۆرمەكچىمىز.

## 4 § . سوۋغات بۇيۇملىرىدىن توققۇز غۇزلارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت پائالىيىتىگە نەزەر

تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرى شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش غول لىنىيىسىنىڭ ئاساسلىق بېكەتلە-رىگە جايلاشقانىدى. جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، پېرسىيە مەدەنىيىتى ۋە ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى قاتارلىق تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا قوشۇلغان بۇ رايونى مۇھىم خەلقئارالىق ئورۇن-نى ئىگىلەيتتى.

توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات تاپشۇرۇش پائالىيىتىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان سەمەرقەنت دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئوتتۇرا ئاسىيا-نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مال يۆتكەش مەركىزى ئىدى، «يات ئەللەر-دىكى قىممەتلىك ماللار ھەممىشە مۇشۇ دۆلەتكە يىغىلىدىكەن» («بۇ-

يۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ) . تاكى مىڭ سۇلالە-
سىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە سەمەرقەنت يەنىلا سودا پائالىيەت-
لىرىدە ۋاستىچىلىك رولىنى ئويناپ كەلگەنىدى. «ماللارنىڭ تۈرى
ساناقسىز، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ئەلدىن چىقىدىغان مەھ-
سۇلات بولماستىن ھەرقايسى ئەللەردىن بۇ يەرگە توشۇپ كېلىنگەن»
(«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى») . بۇ خىل تاۋار
قۇرۇلمىسى تەبىئىي رەۋىشتە سوۋغات بۇيۇملىرىغا ئۆز تامغىسىنى
باسقان. ئالدىنقى پاراگرافتىكى سوۋغات قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى مۇ-
لاھىزىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارەئۇننەھر ۋادىسىنىڭ ھەقىقىي
يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن شىر، ئات، ئالتۇن شاپتۇل، كۈمۈش شاپ-
تۇل، ئۇسما ۋە مۇسەللەس قاتارلىقلارنىڭلا بارلىقىنى مۇقىملاشتۇ-
رۇشقا بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا سوۋغات بۇيۇملىرى كۆپىنچە
يات شەھەر قەلئەلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، رىم چوڭ
كوساراسى ۋە رىم ئىتى قاتارلىقلار ۋىزانتىيىدىن چىقىدۇ؛ تۇتىيا ۋە
ۋارنا رەختى پېرسىيىدىن كەلتۈرۈلگەن؛ كۇركۇمگۇلى ۋە خام تاشھە-
سەل ئېھتىمال ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن بولسا كېرەك. توققۇز
غۇزلارنىڭ بۇ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك كېلىش لىنىيىلە-
رىنىڭ ھەرقايسىسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئىدى.
بىرىنچى، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سۈرىيە ئۆلكىسى قەدىمكى زا-
ماندا دۇنيانىڭ ئۈنچە - مەرۋايىت مەركىزى ئىدى[51]. «كونا تاڭنامە»
198 - جىلد «رۇم تەزكىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق خاتىرىلەن-
گەن. «غەربىي يۇرتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن مەرۋايىتلارنىڭ كۆپىنچە-
سى مۇشۇ ئەلدىن توشۇلغان» . VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈرك
قاغانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كونستانتىنوپولغا ئەلچىلىككە بارغان
مانىياچ يىپەك - گۆھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوغدى
سودىگىرى ئىدى[52]. شۇڭا، توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرى
تەركىبىدە داكچىن مەرۋايىتلىرىنىڭ بولۇشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ؛
ئىككىنچى، سوغدى شەھەر - قەلئەلىرى بىلەن شەرقىي ئىران تېرر-
تورىيىسى تۇتىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى

ئالاقە ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىدى. پېرسىيە پادىشاھى دارىئوس مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە تىكلىگەن «بېھىستۇن ئابىدىسى» دە، خارەزىم
ۋە سوغدىيانانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاخمېندلار سۇلالىسىنىڭ 16- باج
رايونىغا تەۋە بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە كېلىپ پېرسىيە زورو-
ئاستېر دىنىنىڭ ماكانى ئىدى. «كونا تاڭنامە» نىڭ 198 - جىلد
«پېرسىيە تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «غەربىي يۇرتتىكى
بارچە غۇزلار ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدا بولۇپ، بۇ دىن ئۇلارغا پېر-
سىيىدىن كىرگەن» . توققۇز غۇزلار رايونى پۈتۈنلەي ئاتەشپەرەسلىك
ئومۇملاشقان جاي بولغاچقا، ئۇلار پېرسىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى
قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، ماددىي مەدەنىيەتتىمۇ كۆپلىگەن پارسچە
ئېلېمېنتلارنى ساقلاپ قالغاندى (مەسىلەن، بىناكارلىق، زىبۇزىن-
نەت) . شۇڭا، پېرسىيىدىن چىقىدىغان بەزى مەھسۇلاتلارنى سوۋغات
بۇيۇمى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئوچۇقلا چۈشىنىشكە بولىدۇ؛ ئۈچىن-
چى، بىراھمانلار بىلەن غۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۇزاق
تارىختا ئىگە ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى
ئاشۇكا ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن-
دى. پەنجىكەنتتىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە تام رەسىمگە ھىندىستان
داستانى «ماخابخاراتا» نىڭ تۆتىنچى بابىدىكى شاھزادە يىچى ھەققىدى-
كى ھېكايە ماتېرىيال قىلىنغان[53]. بۇ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ
توققۇز غۇزلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاخىرىدا تۆۋەندىكى مۇھىم بىر تارىخىي باياننى مۇھاكىمە قىلىپ
كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد «سەمەرقەنت
تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خېۋا دۆلىتى كۇشانىكا ياكى
كۇشان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كانگىيىنىڭ كىچىك خانى تۇرغان قوشانىيە
شەھىرى مۇشۇ يەر شۇ. شەھەرنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى قەۋەتلىك
بىر راۋاق بار. ئۇنىڭ شىمالىي يۈزىگە جۇڭخۇا ئېلىدىكى قەدىمكى
ئىمپېراتورلار، شەرقىي تۈرك، بىراھمان، غەربىي پېرسىيە، رۇم
قاتارلىق ئەللەردىكى خان - پادىشاھلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇ
ئەلنىڭ پادىشاھى بۇنى ھۆرمەت بىلەن تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ» .

خىۋا — سەمەرقەنت ۋە بۇخارانىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، «سوغدىيانانىڭ يۈرىكى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن. راۋاق تېمىغا سىزىلغان پادىشاھلارنىڭ سۈرەتلىرى كىشىگە ئىختىيارسىز «تۆت تەڭرىقۇت رىۋايىتى» نى ئەسلىتىدۇ. «تۆت تەڭرىقۇت» يەنە «تۆت ھۆكۈمران» دەپمۇ ئاتىلاتتى، يەنى «ئىنسانلار ھۆكۈمرانى» جۇڭگو؛ «پىل ھۆكۈمرانى» ھىندىستان؛ «گۆھەر ھۆكۈمرانى» پېرسىيە ياكى رۇم؛ «ئات ھۆكۈمرانى» توخرىلار ياكى تۈركلەر. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرق، جەنۇب، غەرب ۋە شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى㊿. خىۋانىڭ پايتەختىدىكى راۋاق تېمىغا سىزىلغان تام رەسىمى پادىشاھنىڭ جەنۇب يۆنىلىشىدە تۇرۇپ تېۋىنىشىغا ماسلاشتۇرۇپ سىزىلغاچقا، رەسىم يۈزى راۋاقنى ئايلاندۇرۇپ سىزىلمىغان، پەقەت ئوڭ، ئوتتۇرا ۋە سول تەرەپلىرىلا ماس كەلتۈرۈلگەن. بۇلاردىكى «تۆت ھۆكۈمران» نىڭ يۆنىلىشى رىۋايەتتىكىدىن باشقىچىراق بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش. روشەنكى، خىۋا پادىشاھى تېۋىنىپ كەلگەن بىر قاتار تام رەسىمى «تۆت ھۆكۈمران» كۆچ - ھەيۋىسىنىڭ ئىپادىسى ۋە توققۇز غۇزلارنىڭ خەلقئارالىق پائالىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى ئىدى. بۇنىڭدىن تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشى پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئىزاھلار

① «خەننامە»، 96 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».
② «تاڭ نەزمىلىرى» 5- قاپ 6- كىتاب، 307- جىلد.
③ «يېڭى تاڭنامە»، 43 - جىلد.
④ ج. كلاۋسون: «ئاق بىشىم — سۇياب»، «خان جەمەتى ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1961- يىل 4- سان، 1 — 13 - بەتلەر.
⑤ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 1 - جىلد.
⑥«يېڭى تاڭنامە»، 111- جىلد، «ۋاڭ فاڭيىنىڭ تەرجىمھالى».

⑦ «يېڭى تاڭنامە»، 221- جىلد، «سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

⑧ «كونا تاڭنامە»، 198- جىلد، «ئاگنى تەزكىرىسى».

⑨ «كونا تاڭنامە»، 198- جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى».

⑩ «يېڭى تاڭنامە»، 221- جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى».

⑪ «تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، 7- قىسىم، 1986 - يىل، 88 — 94، 389 — 390 - بەتلەر.

⑫ ۋ. خېنىنىڭ: «قەدىمكى سوغدى مەكتۇپلىرىنىڭ دەۋرى»، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1948 - يىل، 12 - جىلد، 609 - بەت.

⑬ «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 1 - جىلد.

⑭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 219 - جىلد.

⑮ لېۋشىس: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان قانۇن ھۆججەتلىرى»، 78-، 81- بەتلەر.

⑯ نارشاھى: «بۇخارا تارىخى»، 1954 - يىل ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 40 — 41 - بەتلەر.

⑰ ئو. ئى. سىمىرنوۋا: «قىسقىچە ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، «سوۋېت شەرقشۇناسلىقى»، 1957- يىل 2- سان، 119 — 133 - بەتلەر؛ يۇقىرىقى ئاپتورنىڭ «712 - يىلىدىكى سەمەرقەنت توختامى ھەققىدە»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەييارلىغان دوكلات»، 28- قىسىم، 1960 - يىل، 69-، 79- بەتلەر.

⑱ ئا. م. بېلېنىسكى، ب. ئى. مارشاك: «ئوتتۇرا ئاسىيا پالاخمانلىرى ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى رەسىم»، «قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيىتى»، لېنىنگراد، 1978 - يىل، 215 — 221 - بەتلەر.

⑲ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 1979- يىل 1- قىسىم، 241 — 243 - بەتلەر؛ ۋالىڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوچېركى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 - يىل، 244 — 252 - بەتلەر.

⑳ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، «دېزۇڭ خاتىرىلىرى»، جېنيۈەنىنىڭ 3 - يىلى (787 - يىلى).

㉑ لى جاۋ: «دۆلەت تارىخىغا تولۇقلىما»، 1 - جىلد.

㉒ «مىلى سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىـ-
رىسى».

㉓ «تاڭ مەكتۇپلىرى»، 169 ـ جىلد.

㉔ «تاڭ نەزمىلىرى»، 2ـ قاپ 3ـ قىسىم، 81 ـ جىلد.

㉕ يۇ. ئا. زويېۋ: «ۋاسسال كېنەزلىرىنىڭ ئات تامغىلىرى»، «قازاقىسـ-
تاننىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر يېڭى ماتېرىياللار»، ئالمۇتا،
1960ـ يىل 110ـ بەت.

㉖ پ. ۋ. كرول: «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيسۇلچى ئاتلار»، «توڭباۋ»،
1981ـ يىل، 67ـ جىلد، 240 — 268 ـ بەتلەر.

㉗ دۇەن چېڭشى: «يۇياڭ مەجمۇئەسى»، 1 ـ جىلد؛ ۋاڭ رېنيۇ:
«كەييۇەن ـ تيەنباۋ يىللىرىدىكى خاتىرە»، 2 ـ جىلد.

㉘ «كىتابلار جەۋھىرى»، 970 ـ جىلد.

㉙ «قانۇنلار قامۇسى»، 193 ـ جىلد.

㉚ رافېير: «جۇڭگو ۋە ئىران»، 1964ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 340—
343 ـ بەتلەر.

㉛ راۋ زوڭيى: «ئۇتتيا ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، 2ـ
قىسىم، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1983ـ يىل، 627 — 630 ـ بەتلەر؛ جاڭ
خۇڭجاۋ: «ئاجايىپ تاشلار. گۆھەر تاش»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرى-
ياتى، 1993ـ يىل، 343 — 355ـ بەتلەر.

㉜ ئا. ئا. ئېرۇسالىمسكايا: «كاۋكاز سودا يولىدىكى قەدىمكى تۇتتيا»،
«سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1986ـ يىللىق 4ـ سان، 100 — 109 ـ بەتلەر.

㉝ ۋ. ئى. ماركوۋىن: «ھېقىق — بەخت تېشى»، «ئارخېئولوگىيە
ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 130 ـ كىتاب، 1965 ـ يىل
نەشرى.

㉞ ياۋرۇنېڭ: «ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە»، 1ـ جىلد.

㉟ فۇجىتا تويوخاچى: «كوسارا ھەققىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو جەنۇبىي
دېڭىزىنىڭ قەدىمكى قاتناش تارىخى ھەققىدە تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 1936ـ
يىل، شاڭخۇ نەشرىياتى؛ مايوڭ: «شىنجاڭ قارۇشتى ۋەسىقىلىرىدىكى كوسا-
را»، «جۇڭگودىكى مىللىي قەدىمكى يېزىقلار ھەققىدە تەتقىقات»، 1983ـ يىل،
50 — 55 ـ بەتلەر.

㊱ ئا. م. بېلىنىسكى، ئى. ب. بېنتوۋىچ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىپەكچى-

لىك تارىخى» ، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» ، 1961- يىل 2- سان، 66 — 78 - بەتلەر؛ «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان كىمخاب رەختلەر» ، «سوۋېت ئېتنوگ- رافىيىسى» ، 1963- يىل 4- سان، 108 — 119- بەتلەر.

㊲ رافېيىر: «جۇڭگو ۋە ئىران» ، 323 — 325 - بەتلەر.

㊳ ئى. شافېر: «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇلى» ، بېركلېي، 1963- يىل 201- بەت؛ پ. پېللىئوت: «ماركوپولوغا ئىزاھ» ، پارىژ، 1959 - يىل، 483 — 484 - بەتلەر.

㊴ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ، 490 - جىلد، «ئەرەب تەزكىرىسى» .

㊵ رېن بەنتاڭ: «تاڭ ئويۇنلىرى» نىڭ 2- قىسىم، 976- بەتتە: «پاياندازدېگىنى سەھنىگە سالىدىغان سېلىنچا بولسا كېرەك» دەيدۇ.

㊶ «كونا تاڭنامە» ، 198- جىلد، «پېرسىيە تەزكىرىسى» .

㊷ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 203- جىلد، خۇڭداۋنىڭ 1 - يىلى (683 - يىلى) .

㊸ ك. پ. فىزگېرالد: «غۇز كارىۋتى: جۇڭگودا ئورۇندۇقنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، لوندون، 1965 - يىل 1 — 88 - بەتلەر.

㊹ «كىتابلار جەۋھىرى» ، 971 - جىلد.

㊺ جى شيەنلىن: «ھىندىستاننىڭ شېكەر ياساش ئۇسۇلىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە دۇنخۇاڭ فراگمېنتى» ، «تارىخ تەتقىقاتى» 1982 - يىل 1 - سان، 124 — 136 - بەتلەر؛ «قەدىمكى ھىندىستاندا قۇم شېكەرنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1984- يىل 1- سان، 25 — 42- بەتلەر.

㊻ رافېيىر: «جۇڭگو ۋە ئىران» ، 43 — 70 - بەتلەر؛ ئى. شافېر: «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇلى» ، 141 — 145 - بەتلەر.

㊼ م. ن. بوگولىيۇبوۋ، ئو. ئى. سىمىرنوۋا: «مۇغ تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» ، موسكۋا، 1963- يىل، 32 — 33 - بەتلەر.

㊽ ئا. ئې. بەردى مۇرادوۋ: «سۇترىشانانىڭ شىمالىدىكى مەي كاسپخانىسى» ، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» ، 1986- يىل 4- سان، 210 — 214- بەتلەر.

㊾ «كىتابلار جەۋھىرى» ، 970- جىلد.

㊿ يۈشى: «ياڭ تەيجېن ھەققىدە قىسسە» ، 1 - جىلد.

(51) خىرت: «داكچىن دۆلىتى ھەققىدىكى تولۇق خاتىرە» ، 1964- يىل

خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 98 — 106 ـ بەتلەر.

(52) ئا. ئا. ئېرۋسالىمىسكايا: «سوغدىيانانىڭ ۋىزانتىيە ۋە مىسىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، «ئاسىيا ـ ئافرىقا خەلقى»، 1967ـ يىل 3ـ سان، 119 — 126ـ بەتلەر.

(53) گ. ل. سېمېنوۋ: «پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىكى ‹ماخابخاراتا› سۇژىتى» — «شەرق مەدەنىيەت مىراسلىرى»، لېنىنگراد، 1985 ـ يىل، 216 — 228ـ بەتلەر.

(54) پ. پېللىئوت: «تۆت تەخرىقۇت توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 3ـ كىتاب، 1962ـ يىل، 84 — 103 ـ بەتلەر.

# VI باب بېتىك دۆلىتى هەققىده قىسقىچه مۇلاهىزه

بېتىك دۆلىتى بۇخاراغا بېقىندى شەهەر دۆلىتى بولۇپ، توققۇز غۇزلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەقىل ئورنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ بولغانلىقى، يەنە كېلىپ بېتىك دۆلىتىنىڭ «غۇز تائامىلىرى» تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېتىك دۆلىتىنىڭ تارىخى هەققىده ئاز - تولا مۇلاهىزه يۈرگۈزۈپ بېقىش هەقىقەتەنمۇ ئەرزىيدىغان ئىش. گەرچه هازىر بىز توپلىغانلار پەقەت پارچه - پۇرات ماتېرىياللار بولسىمۇ، شۇلارغا قارىتا مەلۇم دەرىجىده مۇهاكىمه يۈرگۈزۈپ بېقىش هەر هالدا جىم تۇرغاندىن ياخشىراق بولۇپ قالار، شۇنداقلا تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلارنى تەتقىق قىلىشقا ياردىمى تېگىپ قالار.

## § 1 . بېتىك دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە خەلق تۇرمۇشى

«سۇينامه» دىكى توققۇز جاۋۇپلار هەققىده بېرىلگەن خاتىرىلەرده بېتىك دۆلىتى هەققىده مۇستەقىل بايانلار يوق، پەقەت بۇخارا دۆلىتى هەققىدىكى بايانلار ئارىسىدا بەزى پارچه ۋە ئۈزۈك قوشۇمچه خاتىرىلەر بار: «بۇخارانىڭ غەربىگه يۈز نەچچه چاقىرىم كېلىدىغان جايدا مىڭ نەچچه تۈتۈنلۈك بېتىك دۆلىتى بار. بۇ ئەلنىڭ پادىشاهى يوق بولۇپ، بۇخارالىقلار باشقۇرىدۇ».

«بېتىك دۆلىتى» مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىده هەيۋەت-

لىك قىلىپ Bai kand دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، نامى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى هازىرقى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەسلىدە 20 گېكتار كۆلەمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى دەپ ئىككى چوڭ بۆلەك قىلىپ سېلىنغانلىقى، شەھەرنىڭ سۇنئىي خەندەك بىلەن ئورالغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇخارا بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان بۇ خەندەكنى كېيىنچە كىشىلەر «بېتىك خەندىكى» دەپ ئاتىۋالدى. بېتىك بۇخارادىنلا كېيىن تۇرىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە بۇخارا بوستانلىقىدىكى بىر چوڭ سودا مەركىزى بولغانىدى①. هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەرەبچە تارىخ ئەسەرلىرىدىكى «بېتىك دۆلىتى» گە ئائىت بايانلارنى «سۇينامە» دە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان ئىككى تۈرلۈك ئەھۋالغا تولۇقلىما قىلىشقا بولىدۇ:

1) «مىڭ تۇتۇندىن كۆپرەك» بى 毕 فامىلىلىك ئايالنىڭ زادى قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئەرەب تارىخشۇناسلىرى ناهايىتى ئېنىق خاتىرىگە ئالغان: «بېتىك پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار جۇڭگو ۋە ياقا يۇرتلارغا مال ئاپىرىپ ھەسسىلەپ پايدا ئالىدۇ»②. «ياقا يۇرتلارغا مال ئاپىرىدۇ» دېگەنلىك ئۇلارنىڭ لىق مال قاچىلانغان كېمىلەرنى ھەيدەپ كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە بېرىپ سودا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلىدىغان بى فامىلىلىك غۇز سودىگەرلىرى «سوۋغات بېرىپ شەرەپ قۇچۇش» ئەنئەنىسى بويىچە سوۋغات توشۇغۇچى ئەلچى قىياپىتىگە كىرىۋالاتتى. دايېنىڭ 11 ـ يىلى (615 ـ يىلى) باش باهاردا بېتىك دۆلىتىنىڭ بۇخارا، ئۆرتۆپە، خىۋا، مەرۋى (مائۇرا) قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئوردىغا سوۋغات تاپشۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى ③ بۇنىڭغا ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە شارائىتتا بېتىكلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ھالدا يىپەك توشۇش بىلەن شۇغۇللانغانىدى. «تەبەرى يىلنامىسى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا

خاتىرىلىنىشىچە، 706 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جوڭ زوڭ خاندانىڭ شېنلوڭ 2 ـ يىلى) ئەرەب نەۋكەرلىرى شەھەرگە قىستاپ كەلگەندە بېتىكلىكلەر قوتەيبە بىلەن سۇلھىلىشىشكە مەجبۇر بولۇپ، بەش مىڭ قولىنىڭ باھاسىغا توغرا كېلىدىغان بەش مىڭ توپ يىپەك سوۋغا قىلغان. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ مەشھۇر يىپەك شەھىرىنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. جۇڭگوغا كەلگەن بېتىكلىك سودا كارۋانلىرى سان جەھەتتىمۇ زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. 722 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 10 ـ يىلى) ئەرەب قوشۇنىنىڭ باش مۇپەتتىشى ئەلى. قاراشى جۇڭگودىن مال ئېلىپ قايتقان 400 نەچچە كىشىلىك بېتىك سودىگەرلىرىنى جازادىن كەچۈرۈم قىلغان.

2) «پادىشاھى يوق» دېگەن ئىبارە بېتىك دۆلىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. توققۇز جاۋۇپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پادىشاھى بار تۇرسا بېتىك دۆلىتىنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ قالغىنى قانداق ئىش؟ «سۇينامە» دىكى ئاشۇ بىرقۇر بايان ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يېزىلىپ قالمىغاندى. بېتىك دۆلىتى تاغلىق ۋە ئېدىرلىق رايونغا جايلاشقانلىقتىن، ناھايىتى مۇستەھكەم ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمان تارىخشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمدە بېتىك دۆلىتى ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز ۋە مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، قورۇل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ھەم پولات ئىستىھكام دەپ تەرىپلەنگەن»④. ئەرەب ئىستېلاسىنىڭ ھارپىسىدا بېتىك ئالىمقاچان كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان «سودىگەرلەر شەھىرى» گە ئايلىنىپ بولغانىدى. گەرچە «بۇخارا باشقۇرىدۇ» غان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەر ئاپتونومىيىلىكىدىكى «ئەركىن شەھەر» ياكى «سودىگەرلەر جۇمھۇرىيىتى» ئىدى⑤. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى راۋاجلانغان تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ ئورا كۆز، قاڭشارلىق «ئوچىنچى تەبىقە» گە، شۇنداقلا «مىڭ تۇتۇندىن كۆپرەك» بولغان چەكلىك كۆلەمدىكى «پادىشاھسىز» شەھەر كوممۇنىسى قۇرۇشقا ئاساس سالغانلىقىنىڭ ئىپا-

دىسى ئىدى. شۇڭا، زامانىمىزدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر ئاپتونومىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ ئىشنى توققۇز جاۋۇپلاردىكى بىتىك دۆلىتىدىن باشلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ⑥.

## § 2. بىتىك دۆلىتىنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ۋە بۇددىزىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تاڭ دەۋرىدىكى سوغدىيانا ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئەۋج ئالغان رايونلاردىن ئىدى. خۈي چاۋ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان ساياھەت»تە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئالتە دۆلەت يەنى بۇخارا، ئۆرتۆپە، كېش، شاش، ماغىيان، سەمەرقەنتلەردە ھەممىلا كىشى ئوتقا چوقۇنىدىكەن، بۇددا تەرىقىتى دېگەندىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىكەن. پەقەت سەمەرقەنتتىلا بىر بۇتخانا بار ئىكەن. بۇتخانىدىكى بىردىنبىر راھىپ بولغان ھېلىقى كىشىمۇ بۇددىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۇقۇپ كەتمەيدىكەن». بۇ VIII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئەھۋال، شۇەنزاڭ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى سەمەرقەنتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پادىشاھ ۋە پۇقرالار بۇددا تەرىقىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئوتقا چوقۇنۇشنى تەرىقەت دەپ قارايدۇ. شەھەردە ئىككى ئىبادەتخانا بولسىمۇ، مۇقىم ئولتۇرۇشلۇق راھىبلار يوق. سەپەردىكى راھىبلار بۇ جايغا چۈشۈپ قونماقچى بولسا بارچە غۇزلار ئوت قويۇپ قوغلايدۇ، قونۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ». كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈز يىل مابەينىدە ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ، بۇددىزمنىڭ چەتكە قېقىلىشىدەك ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. بىتىك دۆلىتى «بۇخارانىڭ باشقۇرۇشى» دا بولغانىكەن، ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادتا بۇخارادىن باشقىچىراق يول تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس. سۇڭ سىداۋنىڭ «شەرقىي ئاستانە خاتىرىلىرى» دە، «يات قوۋملارنىڭ سوۋغات تاپشۇرۇش توپلىمى»

دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «سەمەرقەنتتە زورو ئاس-
تىر (ئاتەشپەرەسلىك) ناملىق ئىلاھ بار. بىتىك دۆلىتىدە زورو
ئاستىر ئىبادەتخانىسى بار»⑦. بۇنىڭدىن تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز
غۇزلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىنىڭ مۇرىت-
لىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.
بىراق، ئېتىقاد ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولۇۋەرمەي-
دۇ، بىر قىسىملىق بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتەشپەرەسلەردىن
بولۇشى ناتايىن. تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن بىتىكلىكلەرنىڭ بەزىلىرى
بۇددا دىنىغا كىرگەن. تاڭ دەۋرىدىكى يۈەن جاۋجۇەننىڭ «پادىشاھ
دەيزۇڭ ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلغان ئەمىر مىمار مەنسىپىدىكى ئۇلۇغ
ۋەزخان گۇاڭجى سامىستو راھىبنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان مەلۇماتنامى-
سى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا دالىنىڭ 2 ـ يىلى (767 ـ يىلى) ئالىي
راھىب بۇكوڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە بەش راھىبنى تەك-
لىپ قىلغانلىقى، بۇ بەش كىشىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، يېشى ۋە
قىسقىچە ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن:
راھىب بى شۈيەن 55 ياش، ۋۇجۇ ئايمىقىدىن. سانسكرىتچە
«تاتاگاتانىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرى توغرىسىدىكى سۇترا» نىڭ بىر بۆلۈ-
مىنى يادقا بىلىدۇ. تۈرلۈك نۇسخىدىكى «تارانى» سۇتراسىدىن يادقا
خەۋەردار. راھىبلىق نامى «خۇي دا»، جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىدا
تۇرىدۇ.
راھىب كاڭ شۇجۇڭ 43 ياش، ۋۇجۇ ئايمىقىدىن. 120 ۋاراق
نومنى يادقا بىلىدۇ. «تارانى» سۇتراسىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىنى
پىششىق يادلىغان. راھىبلىق نامى خۇي گۇەن. شەرقىي ئاستانىدىكى
گۇاڭفۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ سامىستو ئاچارىسى بارۇشاننىڭ قورۇسىدا
ئولتۇرىدۇ.
راھىب بى يۆيەن 43 ياش، ۋۇجۇ ئايمىقىدىن. سانسكرىتچە
«لاكرىتتى سۇترا» سىنى يادقا بىلىدۇ. «ۋاجراسىدىكا پىراجنا
پارامىتا سۇترا» ۋە تۈرلۈك نۇسخىدىكى «تارانى» سۇتاراسىنى پىش-
شىق يادلىغان. راھىبلىق نامى خۇي رى. جۇۋاڭيەن ئىبادەتخانىسىدا

ئولتۇرىدۇ.
بالا راھىب شى خۇيسەن 13 ياش، ۋۇجۇ ئايمىقىدىن. سانسكرىتچە «بۇددا ۋاتامساكا ماخاۋايپۇليا سۇترا» نى يادقا بىلىدۇ. ھازىر «تارانى» سۇتراسىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. راھىبلىق نامى خۇي گۇاڭ. شىمىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدۇ.
بالا راھىب لوچۇەن 15 ياش، ۋۇجۇ ئايمىقىدىن. سانسكرىتچە «بۇتساتۋانىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ تۆت مىزانى توغرىسىدىكى سۇترا» نى يادقا بىلىدۇ. ھازىر «تارانى» سۇتراسىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. راھىبلىق نامى خۇي جۈن. شىمىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدۇ⑧.
بۇ ئىسىملىكنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئۇچۇرنى ئىگىلەشكە بولىدۇ:
1) بەش كىشىنىڭ ھەممىسىلا «ۋۇجۇ ئايمىقىدىن» بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە تۇغۇلغان ياكى شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەمەس. ئېھتىمال چېگرىدىن يېڭى كىرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى بولسا كېرەك.
2) بەش كىشىنىڭ ئىسىم- فامىلىسىدىن قارىغاندا، لو ( 罗 ) فامىلىسى توخرى ( 吐火罗 ) نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى پۈتۈنلەي توققۇز غۇزلارنىڭ كاڭ ( 康 )، شى ( 石 )، بى ( 毕 ) فامىلىلىكلىرىدۇر.
3) بۇ بەش كىشىدىن ئۈچ كىشى خەنزۇچىلاشقان ئىسىم قوللانغان (شۇجۇڭ 守忠، خۇيسەن 惠琛، چۈەن 诠 ).
4) بى فامىلىلىك ئىككى كىشى يەنىلا غۇزچە ئىسىم قوللانغان (شۇيەن 数延، يۆيەن 越延 ). «يەن» (yan) بولسا سوغدىلاردىكى ئەرەنچە ئىسىملاردا دائىم ئۇچرايدىغان ئارقا قوشۇمچىلاردىن بولۇپ، توققۇز غۇزلاردىكى قائىدە - يوسۇنلار بايان قىلىنغان ئالدىنقى بابتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.
ئومۇمەن، VIII ئەسىردىكى بېتىك دۆلىتىنىڭ ئوتتا چوقۇنغانلىقىغا «ئاتەشپەرەسلىك ئىبادەتخانىسى» نىڭ بارلىقى ئىسپات بولالايدۇ، ئەمما بەزى بېتىكلىكلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ راھىب بولغانلىـ

قىغىمۇ ھۆججەتلىك ئىسپاتلار كەم ئەمەس. پەقەت يۈەن جاۋجۈەننىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا، كېيىنكى كىشىلەر تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان راھىبلاردىن خۇي دا ۋە خۇي رى قاتارلىق ئىككى كىشىنىڭ ئەسلىدە 40 — 50 ياشلاردىكى بېتىكلىك غوزلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەلىدى.

## § 3 . پىلاۋ ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودا ئومۇملىشىشى

تاڭ دەۋرىدىكى غوز سودىگەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بېتىك سودىگەرلىرى سەمەرقەنت، بۇخارا، كېش، شاش سودىگەرلىرىچىلىك شۆھرەت قازىنالمىغان. سەنئەت جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئۇلاردىن «بۇخارا كۈيى»، «سەمەرقەنت كۈيى» دېگەندەك مەدەنىيەت تۈرىدىكى نەرسىلەر تارقالغان ئەمەس. ئەمما، بېتىك دۆلىتىدىن تارقالغان بىر خىل يېمەكلىك «غوز تائاملىرى» نىڭ ئالدى بولۇپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ «پىلاۋ» ئىدى. خۇيلاننىڭ «نوملار شەرھى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 37 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «غوز تائاملىرىدىن پىلاۋ، داغ نان، غوز توقىچى، تاۋانان قاتارلىقلار بار».

پىلاۋ ئەسلىدىنلا بېتىكلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى ئىدى. بۇ ھەقتە تاڭ دەۋرىدىكى لى جىۋېڭ «زىجىيا توپلىمى» دا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پىلاۋ — بى ۋە لو ( 罗 ) جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى. ئۇلارنىڭ بۇنى يېيىشى مۇشۇ دەۋردىن باشلاندى دېيىش پۈتۈنلەي خاتا». ئەمەلىيەتتىمۇ، پىلاۋنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى تاڭ دەۋرىدىن باشلانغان ئەمەس. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا گۇيېۋاڭ «سۆزلەر جەۋھىرى» دە مۇنداق دېگەن: «پىلاۋ» «قوتۇرماچقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇندىن خېمىر يۇغۇرۇپ ئوتتۇرىسىغا قىيما سېلىنىدۇ». بۇنىڭدىن ئۇندىن ئىشلەنگەن بۇ خىل قىيمىلىق ناننىڭ تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىلا جۇڭگوغا تارقالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ

ئۇنىڭ ئاندىن كەڭ تۈردە ئومۇملاشقانلىقىمۇ راست.

تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەندە ئاشكارا تىجارەت قىلىدىغان پىلاۋخانىلاردىن باشقا، كاتتىلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ پىلاۋ ئېتىلەتتى: «ھازىرقى باي ئائىلىلەردە يېيىلىدىغان داڭلىق تائاملار مۇنۇلار: چۆچۈرە. بۇنىڭ شورپىسى (سۈيى) ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، يېگەندىن كېيىن چاينى كۆپ ئىچىشكە توغرا كېلىدۇ؛ گۈرۈچلىرى ئاق مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان تاڭزۇڭزا. خەن يۈ ئۈستام ئەتكەن گىلاسلىق پىلاۋ، بۇنىڭدا گىلاسنىڭ رەڭگىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ»⑨. يەنە ۋېي جۈيۈەننىڭ «دۇملىمە تائاملار» دېگەن ئەسىرىدە «چېچەك پىلاۋسى» دېگەن بىر بۆلۈم بار، شۇ بەتنىڭ يېنىغا «توققۇز قېتىم داغلىساڭ خۇش پۇراق بولار» (九炼香) دەپ ئىزاھلانغان بولۇپ، زادى نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، تاماق خۇرۇچنىڭ توققۇز قېتىم ئوتتا قۇرۇتۇلۇشىنى كۆرسىتەمدۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

تېخىمۇ بەكرەك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، تاڭ دەۋرىدە پىلاۋ گۇاڭدۇڭ تەۋەسىگىچە تارقالغان ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى خۇرۇچ قىلىنىپ يېڭى ئۇسلۇبتىكى «قىسقۇچپاقا پىلاۋسى» ياسالغان: «چىشى قىزىل قىسقۇچپاقىنىڭ قېپىنىڭ ئىچى تەرىپى سېرىق ۋە قىزىل شىلىمشىق بولىدۇ. چۈجە گۆشى سېرىق بولغاندەك ئۇنىڭ گۆشى خۇددى چوشقا گۆشىدەك ئاپپاق كېلىدۇ. لوق گۆش ئادەتتە قېپىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا دورا ـ دەرمانلارنى مۇۋاپىق سېلىپ، نېپىز خېمىر بىلەن پىشۇرسا قىسقۇچپاقا پىلاۋسى بولۇپ پىشىدۇ. بۇ ناھايىتى مەززىلىك ھەم ئېسىل بولۇپ، يېگەن كىشىنىڭ ئاغزىدىن تەمى كەتمەيدۇ.» بۇ ئەھۋال ليۇ شۈننىڭ «گۇاڭدۇڭدىكى غەيرىي ئىشلار ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2 ـ جىلدىدا بايان قىلىنغان. ليۇشۈن تاڭ جاۋزوڭ تەختتىكى ۋاقىتتا (889 — 904) گۇاڭجۇغا ئەمىرلەشكەر بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە نەنخەي دېڭىزى بويىنى كېزىپ چىققانىدى. غۇزچە پىشۇرۇلغان بۇ خىل «جەنۇبچە تاماق» «يېگەن كىشىنىڭ ئاغزىدىن تەمى كەتمەيدىغان» بولغانىكەن، جەز-

مەن «گىلاس پىلاۋسى» دىن قېلىشمىسا كېرەك. تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى يەنە «پاك ـ دىيانەت ۋە ئاددىي ـ ساددا» لىقنىڭ ئىپادىسى بولغان «قۇشقوناس پىلاۋ» مۇ بولغان. بۇ بىر خىل غورىگىل تاماق بولۇپ، «شىمالىي قەسىردىكى چۇش ھەققىدە ئۇششاق پاراڭلار» نىڭ 3 ـ جىلدىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە پىلاۋ جۇڭگودا تېخىمۇ بەكرەك ئومۇملاشتى. بۇنىڭ ئىپادىسى مۇنۇ ئىككى جەھەتتىن كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، دۆلەت زىياپىتىدىن ئورۇن ئالدى. لۇ يۇنىڭ «لاۋشۆ-ئەن خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرە بار: «جىيىڭدىيەن ئوردىسىدا جىن دۆلىتى ئەلچىلىرىگە بېرىلگەن زىياپەتتە توققۇز خىل تائام چىقىرىلدى. (1) تۇزلانغان گۆش ياپراق-چىسى؛ (2) ياغدا قورۇلغان گۆش ياپراقچىسى؛ (3) نېلۇپەر ياپرىقىغا ئېلىپ پىشۇرۇلغان گۆشنان؛ (4) قارا گۆشتە ئېتىلگەن غوزچە گۆشنان؛ (5) ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلغان شاھانە پىلاۋ؛ (6) جىايۇەن بېلىقى؛ (7) نەيخۇا تالقىنى؛ (8) جىاشا بېلىقى؛ (9) سۇدا پىشۇرۇپ تۇزلانغان مېۋە قېقى». 5 ـ خىل تائامنىڭ قانداق پىشۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە ھېچ نەرسە بىلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نامىدىن ( 群仙炙太平 ) ئاللىقاچان خەنزۇچە تۇس ئېلىپ بولغانلىقى مەلۇملۇق.

ئىككىنچى، يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاشقا ئىشلىتىلگەن. سوڭ دەۋرىدىكى ئوردا تېۋىپى ۋاڭ خۇەيىيىن قاتارلىقلار تۈزگەن «تەيپىڭ مۇقەددەس رېتسېپلىرى» دا كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ خىل «پىلاۋ» تىلغا ئېلىنىدۇ: (1) چوشقا جىگىرى پىلاۋسى. مىجەز بۇزۇلۇپ قوساق كۆپۈش ۋە ئىچ سۈرۈش، ھەددىدىن زىيادە جۇدەپ كېتىش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالايدۇ؛ (2) قوي بۆرىكى پىلاۋسى. قورساقنىڭ تۆۋەن تەرىپى ياداپ ـ تارتىلىپ كېتىش، بەل تېلىپ ئاغرىش، كىچىك تەرەت كۆپ كېلىش قاتارلىق كېسەللەرگە داۋا؛

(3) قوي جىگىرى پىلاۋسى. مىجەزى بوشاپ كېتىش، يېمەك - ئىچمەكتىن قېلىش، پۇت - قوللار كىچىكلەپ كېتىش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسىدىلا مۇۋاپىق ھالدا دورا ئارىلاشتۇرۇپ قىيمىلىق نان تەييارلانغاندىن كېيىن ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ⑩.

پىلاۋدىن ئىبارەت بۇ غىزچە تائام جەنۇبىي سۇلالىلەردىن تاڭ - سۇڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان نەچچە ئەسىرلىك جەرياندا خەنزۇ خەلقى-نىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق كاتتا ئائىلىلەردىن ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگىچە ئومۇملىشىپ، جۇڭگو يېمەك - ئىچ-مەك مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. شۇنداق بول-غاچقىلا، يۈەن سۇلالىسى دىرامىسى «پىپا خاتىرىلىرى» گە «گۆرۈچ پوستى پىلاۋسى» ئارقىلىق جان بېقىپ تۇرۇش كۆرۈنۈشى قىستۇ-رۇلغان.

پىلاۋ بىلەن غەربىي يۇرت تامىقى بولغان «پولۇ» ۋە غەربلىكلەر-نىڭ «گۆشنان» (Pie) ى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى-نى، غىزچە تائاملارنىڭ غەربكە تارقىلىش ۋە غەربچە گۆشناننىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا «بىلمەيدىغاننى بىل-مەيمەن دېيىش كېرەك» دېگەن قەدىمكى ساۋاق بويىچە قارىسىغا سۆزلىمەسلىك كېرەك⑪.

قوشۇمچە:

## § 4 . تارىخىي يىلنامە

تۆۋەندە يىلنامە ئەندىزىسى بويىچە قىسقىچە مۇلاھىزىدىن كەلگەن تارىخىي ۋەقەرلەرنى «تائىنامە» دىكى خاتىرىلەرنىڭ كەمتۈك جايىغا

قوشۇمچە قىلىشنى لايىق تاپتىم.

615 ـ يىلى (سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 11 ـ يىلى) : بېتىك دۆلىتى ئەلچىلىرى بۇخارا، ئۆرتۆپە، خىۋا، مائۇرا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سۇي گوردىسىغا سوۋغات ئالغاچ كەلگەن.

706 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 2 ـ يىلى) : بېتىك دۆلىتى ئەرەبلەر بىلەن سۇلھىلىشىپ، ئەرەبلەرگە جۇڭگو يىپىكىدىن 5000 توپ تەقدىم قىلغان.

722ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۈەن 10 ـ يىلى) : ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش مۇپەتتىشى جۇڭگودىن مال يۆتكەپ ماڭغان بېتىك سودىگەرلىرىدىن 400 كىشىنى جازادىن كەچۈرۈم قىلغان.

767 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ دالى 2 ـ يىلى) : بى شۇيەن، بى يۆيەن چاڭئەندە چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغان.

ئىزاھلار

① ئا. م. بىلىنسكىقاتارلىقلار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرى» ، لېنىنگراد، 1973ـ يىل 184ـ بەت؛ ۋ. ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ، 156ـ بەت.

② نار شاھى: «بۇخارا تارىخى» ، 1954 ـ يىل ئىنگلىزچە تەرجىمە نەشرى، 18 ـ بەت.

③ «سۇينامە» ، 4 ـ جىلد، «پادىشاھ ياڭدى ھەققىدە خاتىرە» .

④ «بۇخارا تارىخى» ، 44 ـ بەت.

⑤ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرى» ، 150 ـ بەت.

⑥ ئو. د. چېخوۋىچ: «فېئوداللىق دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر ئاپتونومىيىسى» ، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېقىن شەرقنىڭ تاۋار- پۇل مۇناسىۋىتى» ، موسكۋا، 1979 ـ يىل، 230 — 231 ـ بەتلەر.

⑦ ياۋ كۇەن: «شىشى پاراڭلىرى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1993ـ يىل 12ـ ئاي 1ـ نەشرى، 42 ـ بەت.

⑧ «داجېڭ يىللىرى يېڭىلانغان تىرى پىتاكا»، 52- توم، 835— 836-
بەتلەر.

⑨ دۇەن چېڭشى: «يۇيالڭ مەجمۇئەسى»، 7- جىلد.

⑩ جۇۋبي: «يېپىش ھەققىدە تەتقىقات»، جۇڭگو كىتابخانىسى، 1997- يىل
78 — 79 - بەتلەر.

⑪ شيالڭ دا: «تالڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»،
49 — 50 - بەتلەر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## تۈرك مەدەنىيىتى

# I باب تۈرك قانۇنى ۋە تۈرك جەمئىيىتى

## 1 § . مەسىلە ۋە ئۇسۇل

VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا باش
كۆتۈرگەن تۈرك خانلىقى ئاشىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ھەربىي-
مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە ئىدى. مۇقان قاغان دەۋرىدە(553— 572)
«ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخەينىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، غەربتە
ئابىسكۇن دېڭىزىغىچە تۈمەن چاقىرىم، جەنۇبتا قوملۇقنىڭ شىمال-
دىن باشلىنىپ، شىمالدابايقالغىچە 5 — 6 مىڭ چاقىرىم دائىرىگىچە
سوزۇلدى»①. بۇنداق زور ھەم كۆپ قەبىلىلىك دۆلەتكە ئاشىنا
ئۇرۇقى ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىش، قانۇن - تۈزۈم ۋاستى-
سىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. جۇڭگو ۋەسىقى-
لىرىدە تۈركلەردە «ئائىلە قانۇنى» بارلىقى② خاتىرىلەنگەن، ئورخۇن
ئابىدىلىرىدىمۇ «تۈركلەرنىڭ قانۇنى» ۋە «ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇ-
نى»③ دېگەن ئىبارىلەر كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا، تۈرك-
لەرنىڭ قانۇنى توغرىسىدا چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىش بەكمۇ زۆ-
رۈر. بۇ يەردە تۈرك قانۇنىنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى تولۇق تەسۋىرلەپ
بېرىشكە تېخى ئىمكانىيەت يوق، پەقەت بەزى پارچە - پۇرات مەلۇ-
ماتلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ VI — VIII ئەسىرلەردىكى تۈرك خان-
لىقىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنى بىرنەچچە
نۇقتا بويىچە تەتقىق قىلىپ كۆرمەكچىمىز. مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلى-

كىنى كۆزدە تۇتقاندا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالدىن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1) دائىرە مەسىلىسى. «تۈرك» سىياسىي بىرلەشمىنىڭ نامى بولغانلىقتىن، مىللىي مۇناسىۋەت نوقتىسىدىن مۇرەككەپ ئارىلاشما گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي (شىمال) تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككى چوڭ خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىلا شىمالىي تۈركلەر بىلەن قېرىنداش»④ بولۇشى تۈركلەرنىڭ شەرقتىن غەربكە كېڭەيگەنلىكى-نىڭ نەتىجىسى بولغانلىقتىن، تۈرك قانۇنى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىدە شەرقىي تۈركلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك. بىراق، شەرقىي تۈرك-لەردە يەنىلا ئانا قەبىلە ۋە تارماق قەبىلە دېگەندەك قەبىلە پەرقى مەۋجۇت ئىدى. تۈركلەرنىڭ ئانا قەبىلىلىرىنىڭ ئەسلىدە ئالتۇنتاغ (ئالتاي) ۋادىسىدا ياشاپ، كېيىنچە «ئۆتۈكەن ۋە ئورخۇن بويلىرىغا كۆچكەن»⑤ لىكىگە ئاساسەن تۈرك قانۇنى ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە يەنە ئورخۇن - يېنسەي ۋادىسىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك. بۇنداق بېكىتىش بەكمۇ ئەتراپلىق بولۇپ كەتمىسىمۇ، تۈرك قانۇنىنىڭ ساپ ھالىتىنى چۈشىنىشىمىزدە تولىمۇ قولايلىق بولىدۇ.

2) ماتېرىيال مەسىلىسى. تۈركلەر دەۋرىدىن قېپقالغان قانۇن ھەققىدىكى ماتېرىياللار مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ھۆججەتلەردىن ئەمەس، ئەكسىچە تارىخىي ۋەسىقىلەر ۋە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى پارچە ۋە ئۈزۈك خاتىرىلەردىن كۆزگە چېلىقىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئورخۇن - يېنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاشلار ۋە ئالتاي، شۇنداقلا جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى تۈرك قەبرىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قېزىش خىزمەتلىرى تۈرك تارىخىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. ئەمما، بۇ بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تۈركلەرنىڭ قانۇنى توغرىسىدا بىرگە يېتەرلىك مەلۇمات بېرەلمەيدۇ، يەنە كېلىپ يىل دەۋرى ئېنىق-لانغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇتلۇق قاغان (682 — 691) دىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ. شۇڭا، ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋاقىتتا، خەنزۇچە كلاسسىك ۋەسىقىلەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش

بولغان تۈرك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىر - بىرىنىڭ كەمتۈك جايلىرىغا قويۇشتا ئۆزئارا ماسلىشالماسلىق جەھەتتە زور قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر بابتا بەزىدە يەنە باشقا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ قانۇنىغا دائىر ماتېرىياللار قوشۇمچە ئىسپات قىلىندى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، تۈركلەر ھونلار، ئاۋارلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار بولسا تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۆرنەك قىلغانىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇشۇ تارىخىي تەرتىپنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى تۈركلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھالقىلاردىن قوشۇمچە پايدىلانماي بولمايدۇ.

## 2 § . تۈرك قانۇنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 1. «ئۆلۈش يەر» ۋە «مال تامغىسى»

تۈرك قانۇنىدىكى ئىگىدارچىلىق مەسىلىسىنى «ئۆلۈش يەر»، «مال تامغىسى» ۋە «قۇل» دېگەندەك ئۈچ خىل ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ماركس خېلى بۇرۇنلا: «ھەربىر تارىخىي دەۋردە ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئاستىدا راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەبىرى بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىشلەپچىقارغان بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر قېتىملىق تەسۋىرلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»⑥ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. خۇددى شۇنىڭدەك يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈركلەر دەۋرىدىكى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر قېتىم بايان قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئەمما، ماتېرىياللارنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن بايانلىرىمىز سەل تومتاق بولۇپ قالدى.

بۇ يەردە بايان قىلماقچى بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقلىرىدىن «قۇل» مەسىلىسى «قاراملىق» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، يەنە

بىر ماۋزۇدا ئايرىم مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

«ئۆلۈش يەر» ياكى «يەر بۆلۈپ بېرىش»، يەنى يايلاق چېگرىسىنى بەلگىلەپ بېرىش. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىكى هونلار «سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەرلىرى بولمايتتى، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەۋە يېرى بولاتتى»⑦. VI ئەسىردىكى تۈركلەرمۇ هونلارغا ئوخشاش «دائىم كۆچۈپ تۇراتتى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ماكانى بولمايتتى. ئەمما، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋالغان يېرى بولاتتى»⑧. تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئۆلۈشلۈك يەر» نىڭ كىمگە تەۋە بولىدىغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بەزى ئۇرۇنۇشلىرىمىزنى بايان قىلماقچىمىز.

598- يىلى تاردۇش قاغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مورىيۇسقا يوللىغان شاھانە مەكتۇپتا تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بىلەن «ئالتۇنتاغ» ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق مۇناسىۋەتنى بايان قىلىدۇ: «يەرلىك خەلقنىڭ بۇ تاغنى ئالتۇنتاغ، دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب، ئۇ يەردە مېۋە - چېۋىلەر تۆكمە بولىدۇ، مال - ۋارانلار تېز ئاۋۇيدۇ. تۈركلەردە شۇنداق بىر قانۇن باركى، ئەڭ قۇدرەتلىك قاغان ئالتۇنتاغنى ئىدارە قىلىدۇ»⑨. مەكتۇپتا ئېيتىلغان «ئالتۇنتاغ» چاۋاننېس قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي، كۇسەنگە يېقىن جايدىكى «ئاق تاغ» يەنى تۈرك قاغانىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ⑩. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۇرۇلگەندەك، «ئالتۇنتاغ» ئوت - سۈيى ئەلۋەك يايلاق بولۇپ، تاردۇش قاغانىنىڭ بۇ جايغا بولغان ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تۈرك قانۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. تاردۇش قاغانىنىڭ نەۋرىسى تۇن يابغۇ قاغان (618 — 628) دەۋرىگە كەلگەندە، «قاغان ئوردىسى شاش (ھازىرقى تاشكەنت) دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن جايغا يۆتكەلدى»⑪. شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 1 - جىلدىدا مىڭبۇلاقنىڭ ناھايىتى گۈزەل يايلاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «مىڭبۇلاقنىڭ دائىرىسى 200 چاقىرىمدىن ئاشىدىكەن. جەنۇبىدا قارلىق تاغ بار بولۇپ، قالغان ئۈچ تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن

يايلاق ئىكەن. سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، گۈل- گىياھلار ۋە دەل- دەرەخلەر بۈككىدە ئۆسكەن، تۈمەن خىل گۈللەر، تۈمەن خىل مەنزىرە ھاسىل قىلغان بۇ جايدا مىڭلىغان بۇلاقلار بار ئىكەن، شۇڭا بۇ جاي مىڭبۇلاق دەپ ئاتالغانىكەن. تۈرك قاغانى ھەر يىلى يازلىقلى كەلگەندە ئۆزى بىلەن بىللە توپ - توپ بۇغىلارنى ئالغاچ كېلىدىكەن. بۇ بۇغىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قوڭغۇراق ئېسىلغان بولۇپ، ئادەملەرگە بەكمۇ ئۆگىنىشىپ كەتكەنىكەن، ئادەمدىن پەقەت قاچمايدىكەن. قاغان بۇ بۇغىلارنى بەكمۇ ئەتىۋارلىغاچقا، پۈتكۈل ئەلگە بۇغىلارغا چېقىلماسلىق پەرمانى چۈشۈرگەنىكەن. كىمدەكىم بۇ بۇغىلارنى قەستەن ئۆلتۈرسە، قاغان ئۇنىڭ جەددى - جەمەتىنى قۇرۇتۇۋېتىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەردىكى بۇغىلار ئەجىلى توشقۇچە ياشىيالايدىكەن» . بۇ ئەھۋال تۇن يابغۇ قاغان ئۆزىنىڭ يازلىغان رايونىنى ئۇچ ئۇۋلاش مەنئى قىلىنغان رايون، دەپ بېكىتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ⑫، شۇنداقلا «جەددى - جەمەتىنى قۇرۇتۇش» دېگەن قاتتىق قانۇن ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. «مىڭبۇلاق» ۋە «ئالتۇنتاغ» توغرىسىدىكى بۇ ئىككى مىسالدىن قاغان ئوردىسى ئەتراپىدىكى ئەلۋەك يايلاقلارنىڭ تۈرك قاغانى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى رايونغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى «قەبىلە ئاقساقاللىرى» بىلەن «ئۇلۇش يەر» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەزەر سېلىپ كۆرەيلى: جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى (630 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ تۈركلەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، چېگرىنى ئەمىن تاپتۇرۇش پەرمانىنى چۈشۈرگەن. ياندىش ھۇدەيچى يەن شىگو «ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان: «كەم ئەقىل ۋەزىرلىرى شۇنداق قارايدۇكى، تۈرك، تېلې دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەريانىڭ شىمالىدىكى قوۋم. بىز ئۇلاردا قەبىلە ئاقساقاللىرى تۇرغۇزۇپ، شۇلار ئارقىلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرساق، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە زېمىن چېگرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى كېڭەيتىپ تۇرۇپ بەلگىلەپ بەرسەك

ۋە بۇنى قانۇنلاشتۇرۇۋەتسەك ئوردىدا ئولتۇرۇپلا يىراقتىكى بۇ قەبى-
لىلەرنى ئەمىن تاپتۇرغىلى، ئۇلاردىن ئەبەدىي خاتىرجەم بولغىلى
بولىدۇ» ⑬. شۇبھىسىزكى، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە
قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ دەرىجىسى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قەبىلى-
لەرنىڭ ۋە زېمىن چېگرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئۆزئارا
ماس كېلەتتى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇلۇش يەر»
ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا
قەبىلە ئاقساقىلى ئاقساقال بولمايتتى. شۇڭا، جېنگۇەننىڭ 20 -
يىلى (646 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ سىر - تاردۇشلارنى يىتچىت
قىلغاندىن كېيىن، تېلې (تېگرىك)، ئۇيغۇر قاتارلىق 11 قەبىلىنىڭ
ئەلچىلىرى نامە يوللاپ: كەمىنە قۇللىرىنىڭ ھەممىمىزنىڭ بۆلۈشۈ-
ۋالغان يېرىمىز بار، شۇڭا بىزنى تاردۇشلار زېمىنىغا سۈرۈۋەتمىسەڭ-
لار» ⑭ دەپ ئۆتۈنگەنىدى. ئۇلۇش يەر بولسا ئاندىن قەبىلە بولىدۇ.
قارا قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئاشىناشىر شۇ سەۋەبتىن «قەبىلىدى-
كىلەر باياشات بولغاچقا ھېچ نەرسىدىن قىسىلچىلىقىم يوق» ⑮. دەپ
ماختىنالىغانىدى. چۈنكى، ئۇ يايلاقتا بولغان باشقۇرۇش ئىمتىيازى
ئارقىلىق ماددىي جەھەتتىكى توقلۇقتا كاپالەتلىك قىلالىغانىدى.

تۈرك خاندانلىقى دەۋرىدە يايلاقلارنى قەبىلە ئاقساقاللىرى كونت-
رول قىلىۋالغان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشكە يايلاقلار يەنىلا كوللېكتىپ
ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. «كونا تاڭنامە» 3 - جىلد «پادىشاھ تەي-
زۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە، جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى
(648 - يىلى) «4 - ئايدا گوبى سىرتىدىكى تۈركلەر يايلاق تالىشىپ
جەڭگى - جېدەل قىلغاندا، پادىشاھ شەخسەن ئۆزى ۋاقىتلىق ھۆكۈم
چىقىرىۋىدى، ھەممىسى قوبۇل قىلدى». ئاشۇ قېتىملىق ماجىرا
تىنچىغاندىن كېيىن، چۇسۇيلىياڭ «شاھ ئالىيلىرىنىڭ پەزلى - ئېك-
رامى ئوكيانەك كەڭدۇر. مەيلى يىراق، مەيلى يېقىندىكىلەر بول-
سۇن بۇ شاپائەتتىن شادلانمىغىنى يوق. چۆللۈكنىڭ بېرىسىدىكى يات
قوۋملەرمۇ زېمىن چېگرىسى ھەققىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشنى
تىلەپ ئىلتىپات كۈتمەكتە» ⑯ دەپ مەدھىيە ئوقۇدى. تاڭ تەيزۇڭ
ھۆكۈم چىقىرىپ بەرگەن «زېمىن چېگرىسى» شەك - شۈبھىسىزكى،

«تۈركلەرنىڭ يايلاق تالىشىش» ماجىراسىدىكى ھەل بولمىغان زېمىننىڭ چېگرىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ خۇسۇسىي ماجىرا ئەمەس ئىدى. قارىغاندا يايلاق كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولغاچقا، ئۇلار كوللېكتىپ ھالدا يايلاق چېگرىسىنى قوغدىماقچى بولغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، يايلاقنى ئەمەلىيەتتە قەبىلە ئاقساقىلى باشقۇرغانىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: مال باققۇچىلار قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ؟ تۆۋەندىكى پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن چىقىرىلغان جاۋاب، خالاس.

كەيخۇاڭنىڭ 19 - يىلى (598 - يىلى) چىمەن (رامغان) قاغان سۇي ۋېندىنىڭ ئۈز قەبىلىلىرىگە يايلاق كېسىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىپ: «بەزى قەبىلىلەر سەددىچىنىنى كۆزلەپ جەنۇبقا سۈرۈلدى؛ بەزىلىرى بەيداۋ (ھازىرقى كۆكخوتنىڭ شىمالىدىكى بەيداۋ) ۋادىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئادەمزات ۋە مال - ۋارانلار تاغ - جىلغىلارغا بىر كەلدى. كەمىنە رامغان قۇرۇپ قالغان دەرەخكە يېڭى شاخ، سۆڭەككە يېڭىۋاشتىن گۆش قونۇپ تېرە ھاسىل بولغاندەك بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلۇغ سۇي دۆلىتىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىمىز»⑰ دېگەن. سىياسىي جەھەتتىكى بۇ خىل بېقىندىلىق مۇناسىۋەت تەبىئىي يوسۇندا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تايىنىش مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىنەتتى. ئەمما، بۇ يەردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە «مال - چارۋىسىنى بېقىپ بېرىش» باشقىلارنىڭ (ياكى باشقىلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى) تاغ - جىلغىلىرىدا پادا بېقىۋېلىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىدى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى «ئونگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ 5 - قۇرىدىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان خاتىرە بار: «تابغاچلارنىڭ شىمالىدىكى ئوغۇز بەگلىرىدىن يەتتە كىشى دۈشمەن بولۇپتۇ. (ئۇلاردىن) باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاتامنى مۇقەددەس باغا دەپ تونۇپتۇ ۋە بۇ يەردە ئاتام ئۈچۈن قوي بېقىپ كۈچ چىقىرىپتۇ»⑱. بۇ يەردىكى «كۈچ چىقىرىپتۇ» دېگىنى ئېنىقكى، چارۋا بېقىش ئىمتىيازى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلنى كۆرسىتەتتى. يايلاقتىن پايدىلانغۇچىلار يايلاقتىكى چارۋىنىڭ ھالىدىن

خەۋەر ئېلىشتەك ھاشارنى ئۈستىگە ئېلىشى شەرت بولغانلىقتىن، يايلاقنى كونترول قىلىش ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۆلۈش يەر» ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قۇللۇقتا ئاساس بولۇپ بەرگەن، شۇڭا تۈرك جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولغان «بەگلەر ۋە پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» نىڭ ماددىي مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى⑲.

تۈركلەر دەۋرىدىكى «ئۆلۈش يەر» نىڭ قالدۇق ئىزلىرى ئالتاي ۋادىسىدىكى ياپقان ئاتخانىسىدىن تېپىلدى. ئۇ جىلغىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرغۇچى زور يۇمىلاق تاش بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئاشۇ يوغان تاش بۇرۇنقى زاماندا ياپقان يايلىقىدىكى سىرلىق باتۇرنىڭ ھۇدۇد (چېگرا) بەلگىسى ئىكەن. كېسىلىۋ بولسا بۇنىڭ ھېچقانداق كۆلكىلىك يېرى يوق، ئۇ دەر ھەقىقەت ئومۇم (كومۇنا، ئورۇقداشلىق گۇرۇھى ياكى قەبىلىلەر) ئىگىدارلىقىدىكى يايلاقنى ئاقساقال (بەگ، خان ياكى باشقا كاتتىلار) باشقۇرغانلىقىنىڭ بىۋاسىتە ئىسپاتى، دەپ كۆرسىتىدۇ⑳.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى «ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا يېرى بولىدۇ» دېگەن ئىبارىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

1) «ئۆلۈش يەر» كۆرۈنۈشتە كۆچمەن توپ كوللېكتىپ پايدىلىنىدىغان مۈلۈك.

2) «ئۆلۈش يەر» نى ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى كونترول قىلىدۇ.

3) قاغاننىڭ ئۆز ئالدىغا «ئۆلۈش يەر» ى، يەنى ئوردا ئەتراپىدا بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىنى بولىدۇ.

4) «ئۆلۈش يەر» — ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسى.

مۇئەييەن «ئۆلۈش يەر» تەۋەسىدە بېقىلىدىغان چارۋىلار توپى تۈركلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا تايىنىدىغان ماددىي ئاساس ئىدى. «تۈركلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى مال ـ چارۋىلارنى ئۆلچەم قىلىدۇ»㉑ دېگەنلىك مال چارۋىلارنىڭ مۇھىملىقىنى يېتەرلىك

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە «مال تامغىسى» نى چىقىش نۇقتا قىلغان ئاساستا چارۋ-
لارغا بولغان ئىگىدارلىق مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

قەدىمكى چارۋىچىلىق پائالىيىتىدە مال تامغىسى ئىگىدارلىق ھو-
قۇقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇڭا، ٧ ئەسىردىكى قاڭقىللار «ئۆزلىرى-
نىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرى پىششىق بىلگەچكە، ماللار كەڭ دالىدا چې-
پىشىپ بىر- بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسىمۇ ئاسان تونۇۋالاتتى»㉒.
ئەگەر قاڭقىللار دەۋرىدىكى مال تامغىسى مالنىڭ ئۇرۇقتا ئورتاق تەۋە
ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دېيىلسە، ئۇ ھالدا «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت
مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 72 - جىلدىدا ئېيتىلغان تۈرك قەبىلىلىرى-
نىڭ مال تامغىسى مالنىڭ چارۋىدار ئۇرۇقلارغا ئورتاق تەۋە ئىكەنلى-
كىنىڭ قالدۇق ئىپادىسى ئىدى. چۈنكى، تارىخىي ماتېرىياللار تۈرك-
لەردە خۇسۇسىي مال - چارۋىنىڭ بولۇشى كەڭ ئومۇملاشقان ھادىسە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدە موڭغۇل ۋاڭ- گۇڭلىرىغا ئوخشاش
خۇسۇسىي مال تامغىسى ئىشلىتىش ھادىسىسى مەۋجۇت بول-
مىسىمۇ㉓، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدىكى خۇسۇسىي چارۋىنىڭ سانى
بەكمۇ كۆپ بولغان. بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى كۆل تېكىننىڭ «تۆت
مىڭ ئايغىرى»㉔ بولغان. «يوق تۇران ئابىدىسى» دىمۇ قەبرە ئىگى-
سىنىڭ «ئالتە مىڭ ئېتى» بار دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ㉕. بۇ چوڭ
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ماللىرى تەبىئىي كۆپىيىش قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق
كۆپەيگەندىن سىرت، يەنە مۇنداق ئىككى خىل ۋاستىنى قوللىنىش
ئارقىلىق كۆپەيگەن: بىرى، زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش. Ⅶ
ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى تۈركلەرگە يولباشچىلىق قىلىپ دۆلەتنى
ئەسلىگە كەلتۈرگەن قۇتلۇق (ئىلتېرىش قاغان) ئىشنى «توققۇز ئو-
غۇزلارنىڭ ئېتىنى بۇلاش» تىن باشلىغان㉖. يەنە بىرى، «مال- ۋاران
بېجى» يىغىش㉗. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن
بولغان سودىدا ئاشۇنداق كۆپ ساندىكى «سوۋغاتلىق ئات» ۋە «بازار-
لىق ئات» نى تەييارلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۈركلەردىكى ئاددىي چارۋىچىلاردىمۇ ئاز - تولا خۇسۇسىي چارۋا

بولاتتى. ئۇلار مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىرنەچچە ئاتنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلاتتى㉘، ئاندىن قالسا ئۆزى ئات تەييارلاپ سوقۇشقا چىقىش تۈرك چارۋىچىلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى㉙. ئۇنىڭدىن سىرت، ئالتايدىكى قەدىمكى تۈرك قەبرىلىرىدىن بىر- ئىككى ئاتنى بىللە دەپنە قىلغانلىقتەك ئەھۋالنىڭ پاكىتلىرى بايقالدى㉚. بۇلارنىڭ ھەممىسى مال چارۋىلارنىڭ خۇسۇسىيلارنىڭ مۈلۈكلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا تۈرك قانۇنىنىڭ چارۋا ماللارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە مۇناسىپ بەلگىمىلىلەرنى چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (تەپسىلاتىنى «جازا قانۇنى» قىسمىدىن كۆرۈڭ). چارۋا مالنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە خۇسۇسىيلىشىشقا يۈزلىنىشى ئۇنىڭ «بىۋاستە ئۆتكۈزگىلى» بولىدىغان «كۆچمە مۈلۈك»㉛ بولغانلىقىدا ئىدى.

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەرگە ئاساسەن تۈركلەر دەۋرىدىكى يايلاقتا ئىگىدارلىق قىلىش ۋە چارۋىغا ئىگىدارلىق قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ماركسنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ: «بۇ يەردە ئىگىلىۋېلىنغىنى ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىلغىنى ئەمەلىيەتتە پەقەت چارۋا مال، ھەرگىزمۇ يەر ئەمەس، ئەمما يەرنىڭ ھەممىلا يېرى ۋاقىتلىق ھالدا ئورتاق پايدىلىنىلىدۇ»㉜.

## 2. «قۇل» ۋە «پېقىر»

تۈركلەر دەۋرىدە «قۇل» (奴) دېگەن ئۇقۇم كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇ «پېقىر» (臣) نىڭ مەنىدىشى ئىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 4 - يىلى (584 - يىلى) ئىشبارا قاغان قول ئاستىدىكىلەردىن «پېقىر» (臣) دېگەن نېمە گەپ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋابەن «سۈي دۆلىتىدىكى «پېقىر» (臣) دېگەن گەپ بىزچە «قۇل» دېگەنلىك بولىدۇ㉝ دەپ جاۋاب بەرگەن. تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 13 - يىلى (725 - يىلى) بىلگە قاغان قول ئاستىدىكى قاراملارنى تىلغا ئالغاندا «تاتابى ۋە قىتانلار ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ قۇللىرى ئىدى»㉞ دەيدۇ. بۇنىڭدىن VI — VIII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە تۈركلەردە «پېقىر دېگەنلىك

قۇل دېگەنلىكتۇر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈ-
ۋالالايمىز. يالغۇز شەرقىي تۈركلەردىلا ئەمەس، بويسۇندۇرۇلغان
ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلغان.
VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قوچۇ پادىشاھى شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا
بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىشىگە ياردەملىشىش ۋە ئۇنى قوغداش يۈزىس-
دىن غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىغا يوللىغان مەكتۇپىدا مۇنداق
دېگەن: «قاغاننىڭ بىچارە قۇللىرىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئۇستازىغىمۇ
ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» ㉟. شۇڭا، شۇنى مۇقىملاشتۇ-
رۇشقا بولىدۇكى، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت «قۇل» ئۇقۇمىنىڭ ئىجتى-
مائىي مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان، ئاندىن قالسا مەنبەلەر يەنە شۇنى
ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ يەنە قۇل - دېدەكلەرنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈر-
دىغان ئەمەلىي مەنىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، (1) مۇقان قاغان
(553 — 572) جۇ خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى شى نىڭغا «يۈز نەپەر
قۇل - دېدەك سوۋغا قىلغان» ㊱؛ (2) VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى
سىر - تاردۇش قاغانى تاڭ تەيزۇڭغا: «تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن
كېيىن، تۈركلەرنىڭ قۇل - دېدەكلىرىنى پۇقرالىرى بىلەن
قوشۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىمىز كېرەك» ㊲ دېگەن تەكلىپنى بەرگەن؛
(3) VII — VIII ئەسىرلەرگە مەنسۇپ «قوشۇ سەيدام 10 - نومۇرلۇق
ئابىدىسى» دە مۇنداق بىر قۇر سۆز بار: «...يىل ئونىنچى ئايدا
كۇسۇدا قۇللارنى قولغا چۈشۈردۈم» ㊳. دېمەك، VI — VIII
ئەسىرلەردە «قۇل» سۆزى «پېقىر» غا ئوخشىمايدىغان ئىككىنچى
خىل مەنىدە قوللىنىلغان، يەنى سوۋغا قىلىنغان، تەقسىم قىلىنغان ۋە
ئەسىر ئېلىنغان قۇل - دېدەكلەرنى كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا تۈركلەر دەۋرىدە «قۇل» دېگەن بۇ
ئىجتىمائىي ئاتالغۇ مەزمۇن جەھەتتە ئىككى قىرلىق خاراكتېرگە ئىگە
بولغان: ئۇ كوللېكتىپ (بېقىندى قوۋم) نى كۆرسەتكەندە بېقىندى-
لىق مۇناسىۋەتتىكى ئورنىنى بىلدۈرسە، شەخسنى كۆرسەتكەندە قۇل-
لۇق ھالەتنى بىلدۈرگەن. «قۇل» ئاتالغۇسىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىدىكى
ئىككى قىرلىقلىقنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا ئاندىن مەنبەلەردىكى ئېنىق-

سىزلىقنى تۈگىتىپ، تۈركلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمران ۋە ئاۋام -
پۇقرا، قۇلدار ۋە قۇل - دېدەك قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ.

تۈركچە «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» گە ئاساسلانغاندا، بې-
قىندىلارنىڭ ھۆكۈمرانغا قارىتىلغان مۇناسىۋىتى «ئىقتىسادىي جەھەت-
تە «ياردەمچى قوشۇن ماڭدۇرۇش»، سىياسىي جەھەتتە «باش ئېگىپ
تىزلىنىش» ㊴، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا «تارتۇق تاپشۇرۇپ
پېقىرلىقنى ئېتىراپ قىلىش» ئىدى.

«باش ئېگىپ تىزلىنىش» ئالدى بىلەن تۈركلەر ئەۋەتكەن «تۇ-
دۇن» نىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. شېرۋى-
لارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، «تۈركلەر ئۈچ تۇدۇننى تۇرغۇزۇپ
باشقۇردى» ㊵. قىتانلارمۇ شۇنداق بولدى: «تۈركلەرنىڭ ئىشبارا
قاغانى تۇدۇن پەندىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى باشقۇردى ㊶. «غەربىي يۇرت-
تىكى بارچە ئەللەر پادىشاھلىرىغا ئىلتەبىر ئۇنۋانى بېرىلدى ھەمدە
بىردىن تۇدۇن ئەۋەتىلىپ ئۇلارنى باشقۇردى ۋە باج - سېلىق يىغىشقا
نازارەتچىلىك قىلدى» ㊷. تۈرك خانلىقى يەنە بەزىدە «قۇدىلىشىش»
ۋاسىتىسى ئارقىلىق قارام قوۋملارغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيت-
تى. مەسىلەن، بىلگە قاغان سىڭلىسىنى بارسبەگكە ياتلىق قىل-
غان ㊸، سەمەرقەنت پادىشاھى «قۇشچى غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ
قاغانىنىڭ قىزىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي غەربىي
تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالغان» ㊹ قاتارلىقلار. مەيلى قايسى
ۋاستە بولسۇن ھەممىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، شۇ
ئارقىلىق «ئادەم ۋە ئات چىقارغۇزۇپ چارۋا بېجى» ㊺ ئېلىشنى
مەقسەت قىلاتتى. بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ تارتۇق يوللاش شەكلى «يار-
دەمچى قوشۇن ئەۋەتىش» بولۇپ، بۇنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم رولى
بولىدىغانلىقىنى تېلى (تېگرېك) لارنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە
بولىدۇ: «تۈركلەر دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، شەرق ۋە غەربكە يۈرۈش
قىلىشتا تېلىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي دالىنى تىنچىت-
تى» ㊻. «ھەر يىلقى يامغۇر مەۋسۇمىدە قىرغىزلار تۆمۈر قازاتتى،

بۇ تۆمۈر جياشا ( 迦沙 ) دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭدىن لەشكىرى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ناھايىتى ئۆتكۈر قوراللارنى ياساشقا بولغاچقا، دائىم تۈركلەرگە تاپشۇراتتى»㊼. دېمەك، تۈرك خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى قارام قوۋملارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىدا ئىشقا ئاشقانىدى. قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتكۈل قەبىلىنىڭ «قۇل» قىلىنغانلىقىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەر ئىدى: (1) ئۆز قوۋمىنىڭ قاغانىدىن ئايرىلىش؛ (2) ئۆز ئېلىدىن ئايرىلىش؛ (3) ئۆز قوۋمىنىڭ ئەسلىي قائىدىلىرىنى ئۇنتۇش؛ (4) ئۆزى مەنپەئەتلىنىش ئېھتىماللىقىنى يوقىتىپ قويۇش؛ (5) ئۆز قوۋمىنىڭ زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇش㊽. شۇڭا، ھۆكۈمران ۋە قارام قوۋم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت تۈرك جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

تۈركلەردىكى قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ماچاڭشۇ ئەپەندى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان㊾. بۇ يەردە ئاساسەن قۇلدارلار ۋە قۇل - دېدەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

«قۇل» ئورخۇن ئابىدىلىرىدە qul دېيىلىدۇ، بۇ سۆز پېئىل qulmaq (ئەمگەك قىلىش) دىن كەلگەن بولۇپ، يات يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئىسىم يەنە باشقا بىر ئىسىم بولغان Orul (ئوغۇل) نىڭ تەركىبىي قىسمى، يەنى Oq (ئوق يەنى ئۇرۇق) قا qul (قۇل) نى قوشۇش بىلەن قاتار كەلگەن ئىككى r بوغۇمى q غا نۆۋەتلىشىپ ھاسىل بولغان سۆز ئىدى㊿. بۇ بىر قاتار تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى تۈركلەردىكى قۇللارنىڭ تاشقى مەنبەسىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، يەنە قۇللارنىڭ ئۇرۇق تەرىپىدىن ئاسرىلىپ «ئوغۇل» دەپ قارالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەردە ئۇرۇق ئىگىدارلىقىدىكى بىر خىل قۇللار مەۋجۇت بولغان بولۇپ، موڭغۇللار دەۋرىدىكى «چارۋىچى قۇللار» (unagan bogol) غا باراۋەر كەلگەن. ئۇنىڭدىن

سىرت يەنە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان خۇسۇسىي قۇللارمۇ بار بو-
لۇپ، بۇلار كۆپىنچە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا
تۈركلەر «بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ كەلگەن جەڭ ئولجىلىرىنى سانغۇن-
سەرۋازلارغا تارقىتىۋېتىدۇ» دېيىلىدۇ[51]. شۇبھىسىزكى، بۇ ئەھۋال
ھونلارنىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇ-
لارنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرىدىغان كونا ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرغانلىق ئە-
دى: «ئېرىشكەن غەنىيمەت - ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە
قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادەمنى ئۆزى قۇل قىلاتتى. دېمەك،
ھونلار جەڭ قىلىدىكەن، ھەممە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش
قىلاتتى»[52]. ئالدىنقى بەتتە نەقىل كەلتۈرگەن «كۇسۇدا قۇللارنى
قولغا چۈشۈردۇم» دېگەن ئەھۋال بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇلاپ -
تالىنىدىغانلار ئەلۋەتتە ئەر - ئايال، ئوغۇل- قىز ھەممىسىلا بولىدۇ.
ئەمما، تۈركلەر قىز - ئاياللارغا بەكرەك ھېرىسمەندەك قىلىدۇ.
ۋۇدېنىڭ 3 - يىلى (620 - يىلى) قارا قاغان بىگجۇ ئايمىقىغا
تېگىش قىلغاندا، «شەھەردىكى ساھىبجامال قىز - ئاياللارنىڭ ھەم-
مىسىنى بۇلاپ كەتكەن»[53]. شۇڭا، دايېنىڭ 3 - يىلى (607- يىلى)
سۈي ياڭدى قىتانلارنى مەغلۇپ قىلغاندا ئەسىر ئېلىنغان قىز- ئايال-
لارنىڭ يېرىمىنى تۈركلەرگە ئىنئام قىلغانلىقىغا ئەجەبلىنىش ھاجەت-
سىز[54]. ئېھتىمال باشقا كۆچمەن خەلقلەرگە ئوخشاش بۇلاپ كېتىل-
گەن قىز - ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى «شىرمەت ئوقياچى» تۈركلەرنىڭ
خوتۇنلىرى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ ئاياللاردىن تۇغۇلغان
باللار قائىدە بويىچە باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرغان. شۇڭا،
مۇقاننىڭ ئوغلى تاراس «ئانىسىنىڭ تېگى پەس بولغانلىقتىن خەلقئا-
لەم قايىل بولماي»[55] ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى
تارتىۋېلىنغان. ئەر قۇللارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى يازما ھۆججەت-
لەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا پەقەت
بەزى تايىنى يوق يىپ ئۇچىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئارخېئولوگلار
VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئالتاي قەبرىلىرىنى شەكلى ۋە دەپنە بۇيۇملى-
رىغا قاراپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان، شۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى

دەرىجىلىك قەبرىلەر قۇللارنىڭ ياكى نامراتلارنىڭ قەبرىسى بولۇپ، بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار ئارىسىدا سۆڭەكتىن ئىشلەنگەن ئوق باشلىرى، چارۋىدارنىڭ قەبرىسىدىن تۆمۈر ئوق بېشى چىققان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتايلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سۆڭەك ئوق بېشى ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قۇللار ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان بولسا كېرەك. بىراق، ئۇلارنىڭ قوي - كالا بېقىشقىلا بولاتتى، يىلقا بېقىشقا بولمايتتى، يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇللار يىلقىچىلار ئەمەس، بەلكى قوي - كالا چوپاندارلىرى ئىدى[56].

قۇل - دېدەكلەر تۈركلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە يېتىپ - قوپسىمۇ، ئۇلار يەنىلا خوجايىنىنىڭ مال - مۈلكى ھېسابلىناتتى. ناۋادا ئەركىن ئادەم بولماقچى بولسا تۆلەم تۆلەپ، جىسمانىي ئەركىنلىكنى سېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. جېنگۇەننىڭ 5 - يىلى (631 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ: «سۇي خاندانلىقىدا جاھان قالايمىقانلىشىپ، كۆپلىگەن خەنزۇ پۇقرالىرى بۇلاپ كېتىلگەن. دەرھال ئەلچى ئارقىلىق تۆلەم يەتكۈزۈلۈپ، 80 مىڭ ئەر - ئايالنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن[57]. يۇڭخۇينىڭ 4 - يىلى (653 - يىلى) تاڭ گاۋزۇڭ قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان «خەنزۇ پۇقرالىرى» ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپ، «زور مىقداردا پۇل-پۈچەك ئىنئام قىلغاندىن كېيىن بەزىلىرى دەرھاللا سېتىۋېلىنغان»[58].

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى تۈركلەر «قۇل» قىلىۋالغان «خەنزۇ پۇقرالىرى» ئىلتەرىش قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «ئۆزلۈكىدىن توپلىنىپ تاغ - جىلغىلارنى ماكان قىلىغان»[59]. يەنە بەزىلىرى «ئىلتەرىش مەغلۇپ بولغاندا قوچۇغا قېچىپ كەتكەن»[60]. بۇ ئەھۋاللار تۈرك خانلىقىدىكى خەنزۇ قۇللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ياكى قېچىپ كېتىش شەكلىدىكى سىنىپىي كۈرەشلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قۇلدارلار بىلەن قۇللار

ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋىتى كۆك تۈرك جەمئىيىتى-
دىكى بىر ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالغانىدى.

«قۇل» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىپادىلىگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى
كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، تۈركلەر جەمئىيىتىدە قۇللۇق تۈزۈم
ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، قۇللارنى ئەر-
كىن چوپاندارلاردىن كېلىپ چىققان «تۆت يۈزمىڭ شىرمەت ئوقيا-
چى»⑥① بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇل ـ دېدەكلەر تۈركلەرنىڭ نوپۇس
سانىدا ھېچقانچە سالماقنى ئىگىلىيەلمەيدۇ، شۇنداق تۈرۈقلۇق ئۇلار
يەنىلا «ئۇرۇق» نىڭ ئوغلى ياكى ئائىلە ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن
بىۋاستە تۈرمۇش ئەشيالىرىنى يىغىپ كەلگەن. شۇڭا، قۇلدارلار
بىلەن قۇللار مۇناسىۋىتى تۈركلەر جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددى-
يەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدا قۇللۇق تۈزۈم-
نىڭ ئوينايدىغان رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.
كۆپچىلىككە مەلۇمكى، Ⅵ — Ⅶ ئەسىردىكى تۈركلەر «ئوت - چۆپ
ۋە سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان» كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلى-
كى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئىگىلىكنىڭ ئاددىي خاراك-
تېرى چوپاندارلارنىڭ يىل ئوبدان كېلىپ بەرگەندىلا، ئاددىي ھالدا
قايتا ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنى، «پەۋقۇلئاددە قۇرغاقچىلىق بو-
لۇپ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ چېكەتكىلەر يامراپ كەتسە» دەرھال
«يەرلەر قاغجىراپ، ئىلاجسىز چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچىدىغانلىقى-
نى» ، ھەتتا «ئۇۋىسىنى كولاپ چاشقاننى، يىلتىزىنى كولاپ ئوت-
چۆپلەرنى، ھەتتا بەزىلىرى بىر ـ بىرىنى يېيىش ئارقىلىق جان
ساقلاشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى⑥②» بەلگىلىگەنىدى. بۇ خىلدىكى
ماددىي جۇغلانما كەمچىل بولۇش ھادىسىسى قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى
زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى تو-
لۇق نازارەت قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇللارنىڭ
سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە كۆچمەنلەرنىڭ ئوت - چۆپ ۋە سۇ
قوغلىشىپ كۆچۈش ھەرىكەتچانلىقىغا دەخلى بولاتتى. بۇ ئەھۋاللار

تۈركلەرنى قۇللار ئەمگىكىنى تار دائىرىدە چەكلەپ ئۇلارنى ئۆيلەشتۈ-
رۈش (توقاللىققا ئېلىش ياكى «ئوغۇل» قىلىۋېلىش) ئۇسۇلى ئارقى-
لىق بۇ خىل ئەمگەكچىلەرنى تۇرغۇزۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ
ئارقىلىق ئائىلىق ھوقۇق شەكلىدىكى قۇللۇق تۈزۈم شەكىللەندى.

## 3. ئائىلە ۋە نىكاھ

VI — VIII ئەسىرلەردىكى تۈرك كۆچمەن جەمئىيىتىدىكى ئەڭ
كىچىك ئىقتىسادىي بىرلىك ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلە بو-
لۇپ، جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە «ئۆيلۈك» ياكى «تۈتۈن» دەپ خاتىرىلەن-
گەن. قەدىمكى تۈرك تىلىدا بولسا inijügün ۋە arqarun دېگەن ئىككى
سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئاۋۋالقىسىنىڭ سۆز يىلتىزى ini (ئىنى،
ئۇكا) بولۇپ، «بالىلار ئۆيى» دېگەن مەنىدە؛ كېيىنكى سۆزنىڭ سۆز
يىلتىزى arqa (دۈمبە، ئارقا تەرەپ) بولۇپ، «ئۆيۋاق» دېگەن مەنى-
دە. ئۇلار ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ياكى ئائىلە
باشلىقى دېگەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى نۇقتىدىن «ئائىلە — بالىلار
ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئەجدادتىن تۈزۈلىدۇ» دېگەن بىر ئورتاق
رېئاللىقنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، inijügün ۋە arqarun بىر جۈپ
مەنداش سۆز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆز مەنىسىنى تارىخىي ئەمەلى-
يەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، تۈركلەردىكى ئۇ-
رۇقداشلىق تۈزۈم يىمىرىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا يېڭىدىن باش كۆتۈ-
رۈپ چىققان ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر ۋارىسلىق ھوقۇ-
قىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بالىلار ۋە چوڭلارنى ئاساس قىلاتتى.

كۆچمەن خەلقلەردە ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرنىڭ
مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي شەرت - شارائىتلار ھەققىدە ئېنگېلس
مۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: «چارۋا ماللار يېڭى تىرىك-
چىلىك ۋاستىسى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى كۆندۈرۈش ۋە كېيىنكى
ئەھۋاللاردىن خەۋەر ئېلىش ئىشلىرىنى ئەرلەر قىلغان. شۇڭا چارۋى-
لار ئۇلارغا مەنسۇپ بولغان. ھازىرقى كۈندە ئىشلەپچىقىرىشتا قولغا
كەلتۈرۈلگەن بارلىق ئېشىنچا ئەرلەرگە مەنسۇپ بولۇۋاتىدۇ؛ ئاياللار

ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا قاتناشسىمۇ، ئەمما مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىقتا ئاياللارنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ»(63). بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە تۈرك ئائىلىلىرىدىكى ئاياللار ئاللىقاچان ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆي ئىشىنى قىلىش شۇلارنىڭ ئىشى ئىدى. مەسىلەن، «بىرەر يولۇچى ئۆي ئىگىسىدىن يەيدىغان نەرسە سورىسا ئۇنى چېدىرغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىپ خوتۇنىغا ئاش - تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇيدۇ»(64). سايان ئالتايدىكى قورا قەبرىستانلىقىدىكى VIII — IX ئەسىرگە مەنسۇپ ئايال قەبرىسىدىن قول بىلەن چۆرۈلىدىغان تاش يارغۇنچاق تېپىلغان(65). بۇ «ئاش - تاماق تەييارلايدىغان خوتۇن» نىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى. بىراق، «ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ يەنىلا ساقلىنىپ تۇرغان»(66) بولۇپ، VI — VIII ئەسىردىكى تۈركلەردە تېخىمۇ كۆپ ساقلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى، ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ مال باقىدىغان ۋە لەشكىرىي توقۇنۇشلار كۆپ يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەرلەر كۆپىنچە سىرتتا يۈرۈپ قالىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان ئاياللار ئائىلە ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەيدۇ. كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچراشتىن كېلىپ چىققان بۇ خىل ئەمگەك تەقسىماتى تۈرك ئاياللىرىنى نىسبەتەن يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇندىن بەھرىمەن بولۇشتا رېئال ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ماددىي شارائىت يارىتىپ بەردى. ئانىلىق مۇناسىۋەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك تۇغقاندارچىلىق چۈشەنچىسى ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىغا دەلىل بولالايدۇ: (1) كۈيئوغۇلنى ئوغلىدەك كۆرۈش. ئىشبارا قاغان سۈي گاۋزۇغا يوللىغان نامىدە: «شاھ ئالىيلىرى ئايالىمنىڭ ئاتىسى، شۇنداقلا مېنىڭ ئاتام بولىدىلا، قىزلىرىنىڭ مۈرەببەسى بولغان كەمىنە ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر»(67) دېگەن. بىلگە قاغان پادىشاھ شۈەنزۇڭنىڭ ئۆزىگە مەلىكە

ياتلىق قىلغانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا: «پېقىر سىلىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر»[68] دەپ يازغان. (2) ئايال تەرەپنىڭ جىيەنلىرىنى ئەر تەرەپنىڭ جىيەنلىرىدەك كۆرۈش. تۈركچە «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» نىڭ ئاپتورى «مەڭكى جىيەنى يوللىغ تېكىن» دەپ ئىمزا قويغان. تۈركلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپ سىستېمىسىدا «تېكىن» قاغاننىڭ بالىلىرى ۋە ئىنىلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولسىمۇ، شىرەم تۇغقانلاردىن بولغان جىيەننىڭ «تېكىن» ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى تۈركلەرنىڭ ئاچا - سىڭىللارنىڭ بالىلىرى ۋە ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوخشاش كۆزدە كۆرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى[69].

ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئىزچىل ساقلىنىپ تۇرۇشى تۈرك ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇئەييەن ئورۇن ئىگىلىشىنى بەلگىلىدى. تارىخ كىتابلىرىدا «شىمالىي دىلارنىڭ ئادىتىدە كۆپىنچە ئىچكى كېڭەش ئاساس قىلىنىدۇ»[70] دەپ خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندىكى بىرنەچچە مىسال بۇنىڭ دەلىلى:

1) خاتۇننىڭ لەشكىرىي ئىشلارغا قول تىقىشى. «شىمالدىكى يات قوۋملەرنىڭ ئادىتىدە خاتۇن لەشكىرىي ئىشلارغا قول تىقىدۇ… يى چېڭ مەلىكە ئىشبەگ قاغانغا جىددىي ئايغاقچى ئەۋەتىپ شىمال تەرەپتىن ياۋ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر مۇھاسىرىنى بوشاتقان»[71].

2) خاتۇننىڭ قاغاننى تەختكە چىقىرىش ۋە تەختتىن چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى. «قارا قاغان ۋاپات بولغاندا، مەلىكە يى چېڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئاۋۇشنى كېسەلمەن دېگەن باھانە بىلەن تەختكە چىقىشتىن توسۇپ قويدى. كېيىنچە قارا قاغاننىڭ ئىنىسى دومىنى تەختكە چىقىرىپ ئېلىك قاغان، دەپ ئاتىدى»[72].

3) خاتۇننىڭ قاغان ۋە باشقا ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىشى. «ھۆدەيچى يۈەن جېن خان ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەلچىلىككە بارغاندا ئارقا - ئارقىدىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋېلىندى، خاتۇن، كۆلتېكىن، تۇنيوقۇق

قاتارلىقلار چېدىردا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى» [73] .

4) خاتۇننىڭ دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىغا ئارىلىششى: «بۇساتنىڭ ئانىسى ئورقۇن خاتۇن ئاساسەن دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئىشلاردا ئادىل ۋە دانا بولغانلىقتىن پۈتۈن ئەلنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى» [74] .

5) خاتۇننىڭ قاغاننى قەتلىئامدىن توسقانلىقى. «قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ قەتلىئام قىلماقچى بولغاندا، خاتۇن ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆز قىلىپ قاغاننى توختىتىپ قويدى» [75] .

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ھازىرقى مەۋجۇت ۋەسىقىلەردىن پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار تېپىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە تېخى بىۋاسىتە خاتىرىلەر تېپىلمىدى. ئەمما، قەدىمكى باشقا كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى تۈرك ئاياللىرى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە يەنىلا ئاز - تولا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان [76] .

ئائىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى بەزى كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى ئائىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرگىچە سۆرەپ كىردى.

بىرىنچى، بېقىۋېلىش. ئەن لۇشەننى ئەن جېنجيې ئائىلىسى بېقىۋالغان [77] . تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان مىساللار ئۇچرايدۇ. «بارلىق 2 - نومۇرلۇق ئابىدە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەنكى كۈنتىرىگ ئۈچ يېشىمدا ئاتامدىن ئايرىلدىم. قېرىنداشىم شانۇشەۋكەتلىك تۇتۇق مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى» [78] . بىرىنشتامىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «كۈنتىرىگ» دېگەن ئىسىم küni (توقال) ۋە tirig (تىرىك) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «توقالدىن تۇغۇلغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى بىر كاتتا ئائىلە بېقىۋالغان [79] . ئەن لۇشەن ۋە كۈنتىرىگنىڭ ئەھۋالى VIII ئەسىردىكى

تۈرك كۆچمەن جەمئىيىتىدە يېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئائىلە ئەزاسى سۈپىتىدە ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئەن لۇشەننىڭ «پادىچىدىن» ئىسسىيانكارغا ئايلىنىشى[80] دەك تارىختىن يېقىۋېلىنغۇچىنىڭ يەنە ئۆيدە قۇللۇق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، يېقىشقا بېرىش. «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جېنگۇەننىڭ 8- يىلى ئېلىك قاغان ۋاپات بولدى··· ۋەزىر قۇل تارقان تۇيغۇنيا ئەسلىدە ئېلىك قاغاننىڭ ئانىسى بوش خاتۇننىڭ مەھرىمى ئىدى. ئېلىك خان يېڭى تۇغۇلغاندا تۇيغۇنياغا يېقىشقا بېرىلگەن. ئۇ بالىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن خاتۇن زار - زار يىغلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان». ئېلىك خان كىچىكىدىن تۇيغۇنيا ئائىلىسىدە تۇرغان. «تارقان» دېگەنى ئېھتىمال ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى يېقىپ ئۆستۈرگەن ئەجرىگە تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان مەنسەپ بولسا كېرەك. يېقىۋېلىش ۋە يېقىشقا بېرىش بىردەك ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرك خانلىقى دەۋرىدە داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشى ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر ئۈچۈن كەڭ ئەمگەك كۈچى مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى ئۇرۇقلاردىكى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئەنئەنىسى ئېكسپىلاتاتسىيىنى ياپىدىغان قالقان بولۇپ قالغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن VI — VIII ئەسىردىكى تۈرك ئائىلىلىرىنىڭ توپ خاراكتېرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇمەن «ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى كۆپلەپ ساقلانغان ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلە» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئەمدى دىققىتىمىزنى ئائىلە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نىكاھ مەسىلىسىگە يۆتكەيلى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، تۈركلەردىكى نىكاھ ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس بايانلار خاتىرىلەنگەن: «ئوغۇل - قىز، ئەر -

ئاياللار چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جايغا يىغىلىدۇ. مۇشۇ سورۇندا بىرەر ئايال زاتىنى ياقتۇرۇپ قالغان كىشى قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى ماڭدۇرىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ كۆپىنچە رەت قىلمايدۇ. ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرى ياكى تاغىلىرى ۋاپات بولسا ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى ياكى جىيەنلىرى، ئۆگەي ئاپىلىرى، يەڭگىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. پەقەت ئۆگەي ئاپىلىرى ياكى يەڭگىلىرىدىن ئۆزىدىن چوڭىنى خوتۇن قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.» بۇ يەردىكى «ئۆزىدىن چوڭلىرىنى خوتۇن قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ» دېگەنلىك ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەتنى نىكاھ ئادىتى بولماستىن بەلكى تۈركلەردىكى نىكاھ ئادەت قانۇنى ئىدى. تۆۋەندە بىرنەچچە كىچىك ماۋزۇلار بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز:

1. نىكاھ جەھەتتىكى پۇتۇشۇش

يۇقىرىقى نەقىلگە قارىغاندا، تۈرك يىگىتلىرى قەبرىستانلىقتىكى يىغىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جورا ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل «يۈزلىرىنى تىلىپ، قۇلاقلىرىنى كېسىپ، قان - ياشلىرى دەريا كەبى ئاقىدىغان» سورۇندا جورا تاللىشى ھەرگىزمۇ خۇراپىيلىقتىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، كۆچمەن ئىگىلىكنىڭ تارقاقلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقى ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىنى (چەكلىك مەنىدىن ئېيتقاندا) يوققا چىقارغانلىقتىن، «ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزلار چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جايغا يىغىلغان» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جورا تاللاشقا مەجبۇر بولغانىدى. يات قوۋملارنىڭ بۇ ئادەتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېھتىمال «يىغلايمۇ ياكى كۈلەيمۇ» دېگەندەك ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ «شادلىق بىلەن ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن يىغىلىش» ئىدى، ئاندىن قالسا «قىز تەرەپكە ئەلچى ماڭدۇرغاندا قىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كۆپىنچە رەت قىلمايدۇ» دېگەن ئەھۋالدىن، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قىزلارنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قى-

لىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يۇقىرىقى نەقىلدە تويلۇق توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىلمىگەن، ئەمما تۈركلەرنىڭ جازا قانۇنىدا «ئايالىنىڭ تويلۇق مال-مۈلكىنى تاپشۇرىدۇ» دېگەن تۆلەم ئۇسۇلى بار (تەپسىلىي مەزمۇنىنى «جازا قانۇنى» دىن كۆرۈڭ). مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، خوتۇن ئالغاندا تويلۇق بېرىشى ئېنىق. مال-مۈلۈك ئىلەشتۈرۈلگەن شارائىتتا ئادەتتىكى تۈرك چارۋىچىلىرىنىڭ يېتەرلىك «تويلۇق مال-مۈلۈك» يىغىشى ئاسان ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئايال ئەسىرلەرگە بەكمۇ قىزىققان.

## 2. نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىش

تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخىدا يى چېڭ مەلىكە نىكاھ ۋارىسلىقىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ قالغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چىمەن قاغان، ئۇنىڭ ئوغلى شىبى قاغان، ئۇنىڭ ئىنىسى قارا قاغان، ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىك قاغان قاتارلىقلارغا خاتۇنبولغان. بۇ نىكاھ ئەھۋالى تۈرك قانۇنىنىڭ چوڭلارنىڭ نىكاھ ۋارىسلىقى بىلەن تەڭ قوراملىقلارنىڭ نىكاھ ۋارىسلىقىغا يول قويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى نەقىلگە ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا نىكاھقا ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدۇ:

1) نىكاھىغا ۋارىسلىق قىلىنىغۇچى ئايالنىڭ ئېرى ھايات بولسا؛

2) نىكاھىغا ۋارىسلىق قىلىنىغۇچى ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئانىسى بولۇپ قالسا؛

3) نىكاھقا ۋارىسلىق قىلغۇچى ياش جەھەتتە چوڭ بولۇپ قالسا.

بەزىدە ۋارىسلىق نىكاھ شارائىتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپمۇ تۇل ئايالللار باشقىدىن ياتلىق بولالايتتى. مەسىلەن، ئەن لۇشەن «كىچىك ۋاقتىدا يېتىمچىلىكتىن ئاپىسى بىلەن بىللە تۈركلەر ئارىسىدا ياشىغان. ئاپىسى كېيىنچە غۇز سانغۇنى ئەن بوجۇنىڭ ئىنىسى ئەن يەنيەنگە ياتلىق بولغان»[81]. ئەن لۇشەن ئاپىسىنىڭ ئۆز ئوغلى بولغانلىقتىن بۇ نىكاھقا ۋارىسلىق قىلالمايتتى. ئاپىسىنىڭ مەرھۇم يولدىشىنىڭ باشقا باللىرى، ئىنىلىرى ياكى جىيەنلىرى ھەققىدە تارىختا بىرەر خاتىرە بولمىغاچقا بىرنەرسە دېيىشكە ئىلاجسىزمىز.

قارىغاندا، ئەن لۇشەننىڭ ئاپىسى ۋارىسلىق نىكاھىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلاجسىز قالغان ئەھۋالدا باشقا كىشىگە ياتلىق بولغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەر تەرەپنىڭ ئائىلىسىدە نىكاھقا ۋارىسلىق قىلغۇدەك قانۇنلۇق كىشى بولمىسا، تۇل ئايال باشقا ئەرگە ياتلىق بولسا ۋە ئوغلى ئاپىسى بىلەن بىللە كەتسە يول قويۇلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ۋارىسلىق نىكاھ ئادىتى تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن داۋاملىق ساقلاپ قېلىنغان. مەسىلەن، VII ئەسىرنىڭ باشلىرى يابغۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇشاد ۋاپات بولغاندا «كىچىك ئوغلى تېكىن ئاكىسىنىڭ شادلىق ئورنىنى قولغا ئالدى ۋە ئۆگەي ئاپىسىنى خوتۇن قىلىۋالدى»[82].

3. تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسىدە ئومۇملاشقان «تۈركچە ئادەت»

سۈي لىڭچىن «ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئەلنەغمە مەھكىمىسىدىكى قىز - چوكانلارنىڭ خۇلق - مىجەزى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىسرىق يېقىپ قېرىنداشلىققا ئەھدىلەشكەنلەر ھەر قېتىمدا كۆپ بولسا 14 — 15 كە يېتىدۇ، ئاز بولغاندىمۇ 8 — 9 كىشىدىن ئاشىدۇ. بىرەر ئوغۇل بۇلاردىن بىرەرىنى ئالسا، قالغانلار شۇ قىزنى ‹خانىم› دەپ چاقىرىشىدۇ، ئالغۇچى يىگىتنىڭ ئاكىسى ‹كېلىنچەك› دەپ ئاتايدۇ، ئىنىسى بولسا ‹يەڭگە› دەپ چاقىرىدۇ… ئوغۇل بۇ قىزلاردىن بىرەرسىنى رەسمىي ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىسرىق يېقىشىپ قېرىنداشلىققا ئەھدى قىلىشقانلار يېڭى كېلىنگە ‹تۈركچە ئادەتنى ئۆگىنىڭ› ( 学突厥法 ) دەپ چۇقۇرلىشىدۇ. يەنە تېخى ‹قېرىنداشلىرىم ھەممىسى خوتۇنلۇق بولۇپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسام بولاتتى› دەپ تىللىرىنى چاكىلدىتىشىدۇ. قىزنىڭ ئىگىسى بولغان كىشى بۇنىڭغا ھېچقانداق قىزغانمايدۇ، قالغانلارمۇ بۇنىڭغا ھەيران قالمايدۇ». بۇ نەقىلدىكى «ئادەت» ئىبارىسى نىكاھ ئادىتىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركلەردە ئومۇملاشقان «ئىسرىق يېقىپ» ئىتتىپاق تۈزۈش ئادىتى بىلەن ئوخشاش نامدىكى باشقا

نەرسە ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۈركلەردە ۋارىسلىق نىكاھ ۋە بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھادىسىلىرىدىن(83) باشقا يەنە ئەلنەغمەچىلەر مەھكىمىسىدىكى سازەندىلەر «تۈركچە ئادەت» دەپ ئاتىۋالغان «بىر نەچچە قېرىنداشنىڭ بىر خوتۇن بىلەن ئۆتۈشى» دەك ئۆزگەرگەن شەكلىمۇ بولغان دېيىشكە مەلۇم ئاساس باردەك قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېنگېلس ئېيتقان «كۇلۇب نىكاھى» غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، «يەلتاپان ھەقەمسايىلەر» بەجايىكى بىر «نىكاھ كۇلۇبى» غا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ(84)، بۇ خىل «تۈركچە ئادەت» دېگەن ئاتالغۇ «ئەلنەغمەچىلەر مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرە» دىن باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ(85). يەنە كېلىپ ھونلار دەۋرىدىن بۇيان(86) موڭغۇل يايلىقىدا بۇ خىل نىكاھ ئادىتى مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسىدىكى سازەندە - ئۇسسۇلچىلارنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي غۇزلار (西胡) ياكى غەربىي غۇزلارنىڭ قېنى ئارىلاشقان(87) كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۇلارغا يۇققان بۇ ئادەتنىڭ مەنبەسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىزدەپ بېقىش بىرقەدەر ئاقىلانىلىك بولسا كېرەك(88). شۇڭا، «تۈركچە ئادەت» دېگىنى تۈركلەردىكى «ئادەت» دېگەن مەنىدىمۇ - يوق، بۇ يەنىلا گۇمانلىق.

ھازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئاكا - ئىنى قېرىنداشلارنىڭ بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن قىلىشى ئېفتالىتلاردىكى خاس نىكاھ ئادىتى. «جۇنامە» نىڭ 50 - جىلد «ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جازا قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادىتى تۈركلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئادىتى ئاكا- ئىنى قېرىنداشلار بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن قىلىدۇ. ئېرىنىڭ قېرىندىشى يوق بولسا ئايال بىر تال مۈڭگۈز چىقىرىلغان قالپاق كىيىۋالىدۇ. ئەگەر ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى بولسا، شۇلارنىڭ سانىغا قاراپ قالپىقىغا شۇنچە تال مۈڭگۈز چىقىرىۋالىدۇ». «قانۇنلار قامۇسى» 193- جىلد «توخرىلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «توخرىلار ئېفتالىتلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان... بۇ ئەلدە ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئازراق. شۇڭا، ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار بىر ئۆيدە يېتىپ

قوپىدۇ. بەش ئاكا ـ ئۇكىغا خوتۇن بولغان ئايال بەش مۇڭگۇزلۇك زىنىنەت بۇيۇمى تاقىۋالىدۇ، ئون ئاكا ـ ئۇكىغا خوتۇن بولغان ئايال ئون مۇڭگۇزلۇك زىنىنەت بۇيۇمى تاقايدۇ. قېرىنداشلىرى يوق ئەر باشقا ئەرلەر بىلەن شېرىكلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى بويىچە خوتۇن. نى بىرىنچى بولۇپ ئالغان كىشى ئۆمۈر بويى قايتا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. تۇغۇلغان بالا قېرىنداشلارنىڭ چوڭىغا مەنسۇپ بولىدۇ» .
خۇي چاۋ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت»⑧⑨ دە، يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«توخرىلار دۆلىتىدىن كەشمىر، فانيان، جاگۇدا قاتارلىق ئەللەرگىچە ئون بەش، بەش، ئۈچ، ئىككى قاتارلىق ساندىكى قېرىنداشلار بىر ئايالنى خوتۇن قىلىدىكەن، ھەربىر ئەركەكنىڭ بىردىن خوتۇن ئېلى. شى چەكلەنگەن بولۇپ، بۇنى ئائىلىنى بۇزىدىغان چارە دەپ قارايدى. كەن» . يۇقىرىقى نەقىللەردىن مەلۇمكى، قېرىنداشلارنىڭ بىرلا ئا. يالنى خوتۇن قىلىش ھادىسىسى ئەۋج ئالغان رايون ئاساسەن ئېفتالىت. لار ياشىغان ماكان بىلەن چەكلىنىدۇ. «جۇنامە» دىكى «ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار بىرلا ئايالنى خوتۇن قىلىدىكەن» دېگەن جۈملە «تۈركلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» غان ئادەتلىرى ئارىسىدا يەنە ئۇلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان ئالاھىدە ئادەتنىڭمۇ بارلىقىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن؛ «قانۇنلار قامۇسى» دا ئېيتىلغان «باشقا ئەرلەر بىلەن شېرىكلىشىدۇ» دېگەن سۆز ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسىدىكى سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلار. نىڭ «ئىسرىق يېقىشىپ قېرىنداشلىقتا ئەھدىلىشىشى» نىڭ نەق ئۆزى ئىدى. قەدىمكى پولشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئاشۇ خىل ئورتاق نىكاھنىڭ تاشقى بەلگىسى بولغان مۇڭگۇزلۇك قالپاق كۇشانىيلار دەۋرىدىلا بار بولۇپ، ئاساسەن كافىرىستان (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ نۇرىستان رايونى) يەنى ئېفتالىتلار رايونىدىن تارقال. غانىكەن⑨⓪. تەخمىنەن 556- يىلدىن كېيىن تۈركلەر ئېفتالىتلار رايونىغا كىرگەن، قىسمەن ئېفتالىتلار سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى ئارىلى. قىدىكى بوستانلىقتا كۆچۈپ كېتىپ VIII ئەسىرگە كەلگەندە يەرلىك ئاھالىگە پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، سۈرىيە مەنبەلىرىدە

ئېفتالىتلارنىڭ «تۈركلەر» دەپ ئاتالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى[91]. بۇ ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە ئېفتالىتلاردىكى قېرىنداشلار بىر ئائىلىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش تۈزۈمى كېيىنچە غەربىي تۈرك تېررىتورىيىسىدىكى بىر خىل نىكاھ ئادىتى بولۇپ قالغان؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئېفتالىتلار «توققۇز جاۋۇپلار» بىلەن سىڭىشكەن، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ نىكاھ ئادەتلىرى بۇخارا بوستانلىقى ۋە زەرەپشان جىلغىلىرىغا تارالغان. «ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ كەيىۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ ئېفتالىتلار دۆلىتى ئاللىقاچان مۇنقەرز بولۇپ تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كەتكەن، غەربىي تۈركلەرمۇ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن، ئەمما ئۆتمۈشتىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتمىگەن ۋاقىتلار بولۇپ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەلنەغمىچى سەنئەتكارلارنىڭ ئېفتالىتلاردىكى قېرىنداشلار بىرلا خوتۇندىن بەھرىمەن بولىدىغان تۈزۈمنى «تۈركچە ئادەت» دەپ ئاتىۋېلىشى خۇددى «ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماق» ئارقىسىدا كېلىپ چىققان «ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيدۈرۈپ قويۇش» ھادىسىسى بولسا كېرەك. ناۋادا بۇ قىياس پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: بىر خىل نىكاھ ئادىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسىدە ئومۇملاشقان ئاتالمىش «تۈركچە ئادەت» ئەمەلىيەتتە، «ئېفتالىتچە ئادەت»تۇر؛ ناۋادا «تۈركچە ئادەت» دەپ ئاتاشقا توغرا كەلسە پەقەت غەربىي تۈركلەرنىڭلا ئادىتى دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركلەردىكى ئادەت دېيىشكە بولمايدۇ.

## 4. تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى

ھازىرقى مەۋجۇت ۋەسىقىلەردىن تۈركلەرنىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىغا ئائىت بىۋاسىتە ماتېرىياللار تېپىلمىدى. شۇڭا، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا

مۇھاكىمە نۇقتىسىنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى دائىرىسىدىلا چەكلەشكە مەجبۇرمىز.

تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئۈستقۇرۇلمىدىكى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسىم. تۈرك جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە خانلىقنىڭ سىياسىي تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا، تۈركلەردىكى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن، ئىنى ئاغىغا ۋارىسلىق قىلىش، جىيەن تاغىسىغا ۋارىسلىق قىلىش دېگەندەك شەكىللەرنى باشتىن كەچۈردى. تۆۋەندە بۇ جەرياننى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

«جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ناردۇلانىڭ ئون خوتۇنى بولۇپ، تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئانا تەرەپنى فامىلە قىلىدىكەن. ئاشىنا ئەڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇل ئىكەن. ناردۇلا ۋاپات بولغاندا، ئون ئايالنىڭ بالىلىرى ئىچىدىن بىرسىنى خان قىلىپ تىكلەشكە توغرا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يىغىلىشىپ «كىم ئەڭ ئېگىزدىكى شاخنى سەكرەپ تۇتالىسا شۇنى خان قىلىپ تىكلەيلى» دەپ ئەھدى قىلىشىپتۇ. ئاشىنا يېشى كىچىك بولسىمۇ، ھەممىدىن ئېگىز سەكرىيەلىگەچكە، ھەممەيلەن ئۇنى خان قىلىپ تىكلەپتۇ ۋە ئاكىن شاد، دەپ ئاتاپتۇ». بۇ نەقىلدىكى «تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانا تەرەپنى فامىلە قىلىدىكەن» دېگەن ئەھۋال ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئەمما، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولسا «ھەرقايسى ئوغۇللار» بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ بەلگىلىرى ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك مۇجەسسەملەشكەن ناردۇلا دەۋرىنى ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىدىن ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمىگە يۈزلىنىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋر، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى خان «شاد» دەپ ئاتالغان بولۇپ، شۈبھىسىز ھەربىي سەردار ئىدى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا كېيىنچە «يات قەبىلىدىكى لەشكىرىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار شاد، دەپ ئاتىلىدىغان بولغان»[92]. ھەرقايسى ئوغۇللار-

نىڭ دەرەخ تۈۋىدە شاخقا سەكرىگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت ئۇ ۋاقىتتا كىچىك ئوغۇلنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى تېخى مۇقىملاشمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بولمىسا ئاشىنا سەكرىمىگەن بولاتتى. بۇ ئەھۋال ئالدىنقى ماۋزۇدا بايان قىلىنغان تۈرك ئائىلىلىرىنىڭ كەنجى ئوغۇلنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى بىلەن ھېچقانداق زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، «شاد» لىق ئورنىغا بولغان ۋارىسلىق مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشقا ئوخشىمايدۇ، ھەربىي سەردارنىڭ تاللىنىشى ئوغۇلنىڭ چوڭ - كىچىكلىك تەرتىپىنى ئەمەس، قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەمما، ئاكىن شادنىڭ غەلىبىسى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ «ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاللىقاچان ئالاھىدە ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ بىخ سۈرۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقى»[93] دىن دېرەك بېرەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ خاس ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى.

ئاكىن شاد تەختكە چىققاندىن كېيىن، 435 - يىلدىن 460 - يىللىرىغىچە[94] «بەش يۈز ئائىلىلىك كىشى ئاۋارلار تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئۇلار ئالتۇن تاغدا ماكانلىشىپ تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللاندى»[95]. «تۈمەن دەۋرىگە كەلگەندە قەبىلىلەر كۆپەيدى»، ئۇلارمۇ چېگرىدىكى بازارلارغا كېلىپ يىپەك - كىمخاب سودىسى قىلىشنى باشلىدى. ئۇلار جۇڭگو بىلەن مال ئالماشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى»[96] تۈركچە «تۈمەن» دېگەن سۆز «ئون مىڭ چەۋەنداز» ياكى «ئون مىڭ ئەركەكنىڭ سەردارى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، «قەبىلىلىرى كۆپەيدى» دېگەن بايان بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەريان ئالتۇنتاغ (ئالتاي) غا كۆچكەندىن كېيىنكى تۈرك مىللىتىنىڭ تۆۋەندىكىچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى، «تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللانغان»، يەنى تۆمۈردىن قورال ياساش ۋە ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان. ئاۋارلارنىڭ تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىمىز»[97] دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل تۈركلەر-

نىڭ تۆمۈر تارتۇق قىلىدىغان بېقىندى قەبىلە ئىكەنلىكىدە ئىدى.
ئىككىنچى، «چېگرىدىكى بازارلارغا بېرىپ يىپەك - كىمخاب سودىسى قىلغان» ، يەنى چېگرا سودىسى قىلغان. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆز ئىستېمالىدىن ئارتىپ كەتكەن قوشۇمچە مەھسۇلاتلارغا ئېرىشىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئۈچىنچى، ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ بەش يۈز كىشىلىك «شاد» تىن «ئون مىڭ ئەرنىڭ سەردارى» بولۇشى تۈرك ئاھالىسىنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، مىراس قالىدىغان ھەربىي سەردارلىق ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۆمۈر قورۇللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، سودا پائالىيەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتورلۇقى قاتارلىق «قەھرىمانلار دەۋرى» نىڭ ئالامەتلىرى تۈرك مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت دەرۋازىسىغا ئاياغ باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىشكە باشلىدى.
546 - يىلى «تېلېلار (تېگرىكلار) ئاۋارلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، تۇمەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر - سەرۋازلىرىنى باشلاپ تېلېلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى بىتچىت قىلدى. بەش تۇمەن ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشى ئەل قىلىندى»⑱. بۇ غەلىبە تۈرك مىللىتىنى «شەرق ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىش» تىكى قۇدرەتلىك ماددىي زاپاس كۈچ بىلەن تەمىن ئەتتى. 552 - يىلى تۇمەن دەشتىنىڭ شىمالىدا ئاۋارلارنى تارمار كەلتۈردى، تۈركلەر پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇپ، «تۆمۈرچى قۇللار» دىن بىراقلا خوجايىنغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەھۋاللار بىۋاستە ھالدا مۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: «بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ئاۋانگارت ۋەكىلى ھەربىي سەردار. بويسۇندۇرۇلغان رايوندىكى ئىچكى ۋە تاشقى مۇداپىئەنىڭ مۇجۇتلۇقى ھەربىي سەردارنىڭ ھوقۇقىنى زورايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي سەردارنىڭ ھوقۇقى پادىشاھلىق ھوقۇققا ئايلىنىدىغان پەيت يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خىل بۇرۇلۇش ھەقىقەتەن ئىشقا ئېشىپ بولدى»⑲. «ئون مىڭ ئەرگە سەردارلىق قىلىۋاتقان

تۈمەن» دەرۋەقە، «ئۈزىنى ئېلىك قاغان» دەپ ئاتىدى (100).

تۈمەن قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى كېرۈك تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ «ئىل ئېشىگ قاغان» دەپ ئاتالدى. 553 - يىلىغا كەلگەندە «كېرۈك قاغان ۋاپات بولۇپ، ئىنىسى ئېركىن تەختكە چىقتى ۋە مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى». مانا مۇشۇ يىلدىن تارتىپ «تەختكە ئوغۇل چىقىدىغان» كونا قائىدە «تەختكە ئىنى چىقىدىغان» يېڭى قائىدىگە ئورۇن بوشاتتى. تۈرك خانلىقىدىكى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى نېمە ئۈچۈن مۇقان قاغان دەۋرىگە كەلگەندە مۇشۇنچە-ۋالا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ بايان قىلىشقا ئاساس بولۇش ئۈچۈن «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى مۇناسىۋەتلىك خا-تىرىلەرنى تۆۋەندىكىچە رەتلەپ چىقتۇق:

«كېرۈك كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندا ئوغلى ئېشبارا تەخت-تىن ئىستىپا سورىدى. كېرۈكنىڭ ئىنىسى ئېركىن تەختكە چىقىپ مۇقان قاغان دەپ ئاتالدى. مۇقان قاغان تەختتە 20 يىل (553 — 572) ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئوغلى تالاچ تەختتىن يىراق-لاشتۇرۇلۇپ مۇقاننىڭ ئىنىسى تەختكە چىقىپ تابار قاغان، دەپ ئاتالدى.»

«تابار قاغان ئون يىل تەختتە ئولتۇرۇپ (572 — 581) كېسەلدىن ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلى ئەنلو-غا: ‹ئاڭلىشىمچە تۇغقاندارچىلىق ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكىدىنمۇ چوڭقۇر بولماسمىش. ئەپسۇسكى، قېرىندىشىم ئۆز ئوغلىغا تۇغقان-دارچىلىقنى يەتكۈزمىدى، ئەلنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. مەن ئۆلگەندىن كېيىن تالاچتىن كۆپرەك پەخەس بولغىن.› دېدى، كېيىن يۇرت چوڭلىرى تالاچنى قاغانلىققا كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، پۈتكۈل ئەل ئاپىسىنىڭ تېگى پەس، دەپ قوشۇلمىدى. ئەنلو ئېسىلزادە ئائىلىسى-دىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. شۇ چاغدا ئېشبارا يېتىپ كېلىپ يۇرت چوڭلىرىغا: «ئەگەر ئەنلو تەختكە چىقىدىكەن، پۈتۈن قېرىنداشلىرىمنى باشلاپ كېلىپ

ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمەن؛ ناۋادا تالاچ قاغان بولىدىكەن، ئۆز چېگرامدا شەمشەر ـ قىلىچلىرىمنى تەق قىلىپ ئەلنى قوغدايمەن» دېدى. ئىشبارا چوڭ ئوغۇل بولغانلىقى ۋە ئابرۇيلۇق بولغىنى ئۈچۈن ئەل- يۇرتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرىدا ئەنلو تەخت ۋارىسى قىلىپ كۆرسىتىلدى. تالاچ تەختكە چىقالمىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ناھايىتى نارازى بولۇپ ھەر كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ ئەنلونى قارغاپ تىللاتتى. ئەنلو ئاخىر تاقەت قىلالماي تەختنى ئىشباراغا ئۆتتۈندى. يۇرت چوڭلىرى كېڭىشىپ كۆرۈپ: «تۆتىنچى قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ئىشبارا دانالارنىڭ داناسى، دېيىشتى ۋە ئۇنى تەختكە چىقىرىپ 〈ئىل كولوگ شاد باغا ئىشبارا قاغان〉 دەپ ئاتىدى. ئادەتتە ئۇ 〈ئىشبارا قاغان〉 دەپ ئاتىلىدۇ».

«دەسلەپتە ئىشبارا ئوغلى يارلۇقنى باغرى يۇمشاق، دەپ ئىنىسى يابغۇ چۇلۇقنى تەخت ۋارىسى قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. يارلۇق شەخسەن ئۆزى چۇلۇققا ئەلچى ئەۋەتىپ تەختكە چىقارماقچى بولۇۋىدى، چۇلۇق «بىز تۈركلەردە مۇقان قاغاندىن تارتىپ كۆپىنچە ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، تەخت ئۈچۈن تۇغقاندارچىلىقتىن كېچىپ كېتىۋاتىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېكرام قىلىشىپ ئۆتۈشىنى ئۇنتۇدۇق. ئەگەر سەن تەختكە چىقساڭ مەن ساڭا باش قويۇشتىن ھەرگىز خىجىل بولمايمەن» دەپ جاۋاب ئەۋەتتى. يارلۇق يەنە ئەلچى ماڭدۇرۇپ چۇلۇققا: «تاغام، ئاتام ۋە مەن ھەممىمىزنىڭ يىلتىزى بىر، مەن پەقەت بىر شاخ، خالاس. مەن ئالىمادىس قاغان بولۇۋالسامۇ شاخنىڭ يىلتىزىغا ئىش ئۆگەتكىنى نەدە بار؟ تاغام مەن ئۈچۈن ئاتامدەكلا ھۆرمەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن يەنىلا بالا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەرھۇم ئاتامنىڭ بۇيرۇقى تۇرسا ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقا نېمە ھەددىم؟ شۇڭا تاغامنىڭ شۈبھىلەنمەسلەكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئېيتتى. مۇشۇنداق بەش ـ ئالتە قېتىم ئۆتۈنۈشكەندىن كېيىن چۇلۇق ئاخىر قاغانلىق تەختكە چىقىپ يابغۇ قاغان (581 — 587) دەپ ئاتالدى».

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ بايانلاردىن تۈركلەردىكى تەخت

ۋارىسلىقىنىڭ «ئەجدادلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى» ، يەنى قانۇندا بەلگى-
لەنگەن تەخت ۋارىسلىقى ۋە «مەرھۇم ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى» ، يەنى
تەخت ۋارىسلىقى ھەققىدىكى ۋەسىيەت بويىچە ئىككى خىل شەكىلگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، بولۇپمۇ كېيىنكىسىدە ئاغزاكى
ۋەسىيەت شەكلى قوللىنىلغان. ناھايىتى روشەنكى، «ئىنىسى ئاكى-
سىنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان» ۋارىسلىق پرىنسىپى «ئەجدادلارنىڭ قا-
ئىدە ـ يوسۇنلىرى» نى ئىنكار قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ،
شۇنداقلا «مەرھۇم ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى» نى ئىجرا قىلىشقا تۇرتكە
بولۇپ ئەنئەنىۋى كۆچلەرگە قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلدۇرىدىغىنى
تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولغان بىر خىل رېئال كۈچ ئىكەنلىكى ئېنىق.
كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى، يېڭى ۋارىسلىق پرىنسىپى ئورنىتىلىشى
بىلەنلا غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە بولدى، ھەتتا «شەمشەر، قىلىچىنى
تەق قىلىپ» ئەنلونى ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرغان ئىشبارامۇ
پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا «ئىنىسى چۇلۇقنى خانلىق تەختكە چىقى-
رىش» ھەققىدە ۋەسىيەت قىلدى. كونا تارىخنامىلەردە «يارلۇقنىڭ
باغرى يۇمشاق» دېيىلىپلا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلمىگەن.
«ئىنىسىنىڭ ئاكىسىغا ۋارىسلىق قىلىشى» دەك يېڭى تۈزۈمنىڭ VI
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق
ئەمەس ئىدى. كېرۇك قاغان ۋاپات بولغان مەزگىللەردە تۈركلەر
ئالىلىقاچان مۇستەقىل بولۇپ، سىرتقا قارىتا زېمىن كېڭەيتىش يولىغا
مېڭىۋاتاتتى. مۇقان قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاۋارلار ۋە
ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۈزۈل ـ كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلاپ،
تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى
ئاشىنا جەمەتىگە يېڭى سىياسىي باش قېتىمچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى:
بىر تەرەپتىن «قەبىلىلەرگە يېڭىدىن ـ يېڭى يات خەلقلەر قوشۇلۇپ،
ھەربىر قەبىلىنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، دۈش-
مەنلەرنىڭ غۇدۇراشلىرى كۆپەيدى» (101) ، يەنە بىر تەرەپتىن «گۇرۇھ-
ۋازلىق، تەخت تالىشىش، ئاتا بىلەن تاغا ئوتتۇرىسىدا گۇمان، تاشقى

جەھەتتىن يوچۇق، ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلۇش» [102] پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەگەر يەنىلا ئەسلىدىكى «ئەجدادلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى» بويىچە تەختكە ئوغلى ۋارىسلىق قىلىۋېرىدىغان بولسا، تەبىئىيلا ئىقتىدارسىز «ئوغۇل قاغان»لار پەيدا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەرقايسىسى بىردىن تەۋەلىكنى بېسىپ ياتقان قاغاننىڭ قېرىنداشلىرىمۇ ئۆز نېسى-ۋىسىگە شۇكۇر قىلىپ يۈرۈۋەرمەيتتى. شۇڭا، قاغانلار ئىلاجسىزلىق-تىن «ئوغلى بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىق» قا قارىماستىن قېرىن-داشلىرى ئارىسىدىن يارامىلىق ئىز باسار تاللاشتى. كىيروكىنىڭ ئىنى-سى مۇقان دەل مۇشۇنداق «لەشكىرىي يۈرۈشكىلا تۇغـۇلـغـان» كىشى ئىدى [103]. مۇقاننىڭ ئىنىسى تابارمۇ قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان رەھىمسىز ھۆكۈمراندى [104]. تابارنىڭ جىيەنى ئىشبارامۇ يۇقىرىقى نەقىلدە كۆرگىنىمىزدەك «ئوغۇللارنىڭ چوڭى ۋە باتۇرى ئىدى» . ئىشبارانىڭ ئىنىسى چۇلۇقمۇ ھۆكۈمرانلاردا بولۇشقا تېگىش-لىك «باتۇر ۋە تەدبىرلىك بولۇش» شەرتىنى ھازىرلىغانىدى [105]. بۇ شەخسلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، خانلىق تەخت ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشتىن ئاۋۋاللا كىچىكرەك شاھزادىلەرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان. مەسىلەن، شىبى قاغان ۋاپات بولۇش ئالدىدا «ئوغلى سۇبىبەگنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقتىن، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، نىبۇ شاد قىلىپ تەيىنلىدى ۋە شەرقتە ئورۇنلاشتۇرۇپ يۇجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىغا قويدى، ئاندىن ئىنىسى ئىلگبەگ شادنى تەختكە چىقىرىپ چۇلۇق قاغان، دەپ ئاتىدى» . چۇلۇق ۋاپات بولغاندىمۇ ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەردى: «ئوغلى ئاۋۇش شاد كېسەلمەن بولغاچقا، تەخت ۋارىسلىقىدىن قالدۇرۇلدى. چۇلۇقنىڭ ئىنىسى تۇربەگ تەختكە چى-قىرىلىپ ئېلىگ قاغان، دەپ ئاتالدى» [106]. مۇقان قاغاندىن ئېلىگ قاغانغىچە بولغان خانلىق تەختنىڭ داۋاملىشىش تارىخىدا، «ئىنىسى

ئاكىسىنىڭ ئورنىغا، جىيەنى تاغىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىدىغان» ئىشلار ئەڭ كۆپ يۈز بەردى، شۇڭا بۇ ئەھۋالنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىمۇ قۇتلۇق تۈركلەرگە يولباشچىلىق قىلىپ تۈرك دۆلىتىنى قايتا قۇرغاندىن كېيىن، «ئوغلى تېخى كىچىك» بولغاچقا خانلىق تەخت قۇتلۇقنىڭ ئىنىسى بەگچۇرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئەمما، بەگچۇر تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە «ئوغلى بوگۇنى كىچىك قاغان، دەپ جاكارلاپ، ئىككى شادتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىپ قويغان»، بۇنىڭ بىلەن تەختنى ئوغلىغا مىراس قالدۇرۇش تەييارلىقى پۈتكەن. ئەمما، ئاقىۋىتى قانداق بولغان؟ «قۇتلۇقنىڭ ئوغلى كۆلتېكىن ئەسلىدىكى ھەممە قەبىلىلەرنى توپلاپ، بەگچۇرنىڭ ئوغلى كىچىك قاغاننى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى، شۇنداقلا ئىشەنچلىك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى ھەمدە ئاكىسى سول قول بىلىك خان بەگلەنىنى تەختكە چىقىرىپ بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى» [107]. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپلىرى كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يەنىلا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، بۇ ئۇسۇل ئوغلى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان «ئەجدادلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى» غا قارىغاندا تېخىمۇ زور جانلىقلىققا ئىگە بولۇپ، تۈرك خانلىقى دۇچ كېلىۋاتقان مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئۇزاق دەۋرلەرگىچە قوللىنىلغان.

ئومۇمەن، تۈركلەر دەۋرىدىكى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى «ئاتىغا ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش» تىن «ئاكىغا ئىنى ۋارىسلىق قىلىش، تاغىسىغا جىيەنى ۋارىسلىق قىلىش» تەك ئۆزگىرىش جەريانىدا، «مەرھۇم ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى» نىڭ «ئەجدادلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى» نى ئىنكار قىلىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ،

ئەمما ماھىيەتتە خانلىقتىكى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە خان جەمەتى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالدى (108).

تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى دائىرىسىگە مەنسۇپ يەنە ئىككى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ:

1) تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مۇراسىمى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «قاغان تەختكە چىققاندا ئالدى بىلەن ئوردىدىكى ئاساسلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار قاغاننى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ قۇياشنىڭ يۆنىلىشى بويىچە توققۇز مەرتەم ئايلاندۇرىدۇ، ھەربىر قېتىم ئايلانغاندا ۋەزىر - سەرۋازلار تىز پۈكۈپ باش ئۇرىدۇ. سالام بېرىپ بولۇنغاندىن كېيىن، قاغان ئات مىنىشكە بۇيرۇلىدۇ، ئاندىن كىمخاب بەلۋاغ بىلەن قاغاننىڭ بويىنى كۆزلىرى ئالىيىپ قالغۇچە سىقىلىپ، ئارىلىقتا سەل بوشىتىلىپ سەن نەچچە يىل قاغان بولماقچى؟ دەپ سورىلىدۇ. كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كاللىسى ئايلىنىپ كەتكەن قاغان مانچە يىل دېيەلمەي قالىدۇ. ۋەزىر ۋە سانغۇنلار ئۇنىڭ گېپىدىن ئۆزلىرى كېكىشىپ بىر قىسقىراق ساننى چىقىرىدۇ» . ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ تۈركلەردىكى كۈنگە چوقۇنۇش ۋە كۆكنى ئۇلۇغلاش دىنىي ئادىتىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مۇراسىمىدىكى ئىنكاسى ئىدى. ھۆكۈمران سىنىپ بۇ خىل مۇراسىمدىن پايدىلىنىپ قاغاننى ئىلاھلاشتۇرغان ۋە خانلىق ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە سەۋەب تېپىشقان (109). بۇلاردىن يەنە شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى ئەينى ۋاقىتتىكى دىندىن خالىي ھاكىمىيەتكە يەنە بىر قەۋەت «سىرلىق» ئىلاھىي نۇر يالىتىلغانلىقتىن، كىشىلەر خانلىق ھوقۇقىنى تەڭرى ئاتا قىلغان دەپلا قارايتتى، ئۇلاردا خانلىق ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن ئۇقۇم تېخى شەكىللەنمىگەنىدى.

2) تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپى. «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن تابار قاغاننىڭ ۋاپاتىدىن

كېيىنكى تەخت ماجىراسى توغرىسىدىكى بايانلاردىن «قاغاننىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى يەنە يۇرت چوڭلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك» [110] لىكى مەلۇم. ئەمما، ئىشبارانىڭ «شەمشەر – قىلىچلارنى تەق قىلىپ» تۇرغان تەھدىتى ئالدىدا «يۇرت چوڭلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ ياق دېيىشكە جۇرئەت قىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئەنلو تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتىلدى» . بۇنداق بولغاندا «يۇرت چوڭلىرىنىڭ قاغان تىكلىشى» نى ھەممىشە پەقەت مۇراسىم تەرتىپىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ. ئەمما، بۇ قەدىمىي ئەنئەنە تارىخنىڭ گىرانتتېشى ئەمەس ئىدى. «ئەنلو تاقەت قىلالمىغان» ۋاقىتتا «يۇرت چوڭلىرى كېڭىشىپ كۆرۈپ «تۆتىنچى قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ئىشبارا دانالارنىڭ داناسى، دېيىشتى ۋە ئۇنى تەختكە چىقاردى» . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەيۋىسى ئەلنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىشبارامۇ «سايلام» دېگەن نىقاب ئاستىدا خانلىق تەختكە چىققان.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنى خۇلاسىلىسەك، تۈركلەر دەۋرىدە خانلىق ھوقۇقىنىڭ قولغا كېلىشى نەسەب، ئىلاھىي تۇس ۋە سايلام قاتارلىق ئۈچ ئامىلغا باغلىق بولغان. نەسەب خانلىق تەختىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساس، سايلام نەسەبنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى. ئىلاھىي تۇس بولسا قاغاننى «تەڭرىنىڭ ئەلچىسى» قىلىپ بېزەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، بۇ ئۈچ ئامىل بىر – بىرىگە بەكمۇ ماسلىشىدىغان بولۇپ، زىددىيەتلىك ھېچ يېرى يوق ئىدى.

## 5. جازا قانۇنى

جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ جازا قانۇنىغا ئائىت خاتىرىلەردىن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99 – جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ئەڭ مۇكەممەل سانىلىدۇ: «ئۇلار (تۈركلەر — ت) نىڭ قانۇنىدا ئاسىيلىق قىلغانلار، قاتىللار، باشقىلارنىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلار، ئات چېدىرىنى ئوغرىلىغانلار بىردەك ئۆلۈمگە

ھۆكۈم قىلىنىدۇ، پاھىشىۋازلىق قىلغانلارنىڭ زەكىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ ۋە بېلى ئۇشتۇلىدۇ. باشقىلارنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئېغىر بولغان مال - مۈلۈك جەرىمانىسى قويۇلىدۇ ۋە ئۆزى باسقۇنچىلىق قىلغان قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. باشقىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگۈچىلەرگە قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جەرىمانە قويۇلىدۇ، كۆزنى زەخىملەندۈرگۈچىلەر قىزىنى تۆلەمگە تۇتۇپ بېرىدۇ، قىزى بولمىسا ئايالىنىڭ تويلۇق مال - مۈلكىنى جەرىمانىگە تۆلەيدۇ، باشقىلارنىڭ پۇت - قولىنى سۇندۇرۇۋەتكۈچىلەر ئات بىلەن تۆلەم تۆلەيدۇ. ئات ۋە باشقا نەرسە - كېرەك ئوغرىلىغۇچىلار ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىسى بويىچە جەرىمانە تۆلەيدۇ» [111].

بۇ نەقىلگە ئاساسەن جىنايەتلەرنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) دۆلەت ئىشلىرىغا چېتىشلىق جىنايەت. ئىسيان يەنى «تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈش» [112]، «قاغانغا سۇيىقەست قىلىش» [113]، لەشكىرىي مۇددەتكە ئەمەل قىلالماسلىق [114] ۋە قوشۇنغا يول باشلىغاندا يولدىن ئېزىپ قېلىش [115] قاتارلىقلار.

2) مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى. ئات چېدىرى، ئات ۋە باشقا نەرسە - كېرەك ئوغرىلاش قىلمىشى؛

3) ئائىلىنى بۇزۇش جىنايىتى. باشقىلارنىڭ ئايالى ۋە قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش؛

4) جىسمانىي ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى. قاتىللىق ۋە سوقۇشۇپ باشقىلارنى يارىلاندۇرۇش (كۆزىنى قۇيۇۋېتىش، پۇت - قولىنى سۇندۇرۇۋېتىش).

جازانىمۇ مۇنداق تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۆلۈم جازاسى. دۆلەت ئىشلىرىغا چېتىشلىق جىنايەت سادىر قىلغۇچىلار ۋە ئىشرەتۋازلار، ئات چېدىرى ئوغرىلىغۇچىلار قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئالاھىدە ئۆلۈم جازاسى بولغان

«زەكىرىنى كېسىپ، ھىلىنى ئوشتۇش» تىن باشقا يەنە «ھىلىنى سۇندۇرۇش» [116]، كالىلىسىنى ئېلىش [117] ۋە «ئورەك» [118] (تىرىك كۆمۈۋېتىش) قاتارلىق جازا تۈرلىرىمۇ قوللىنىلغان.

ئىككىنچى، تەن جازاسى. تولشادنى ئېلىگ قاغان بىر قېتىم «ئۆيگە سولاپ قويۇپ قاتتىق قامچىلىغان» [119]، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە (تۇۋرۇككە ياكى دەرەخكە) «يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ ئېسىپ قويۇش» جازاسىمۇ بولغان [120].

ئۈچىنچى، جەرىمانە ۋە تۆلەم. جەرىمانە مىقدارى جىنايەتنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلگەن، تۆلەم ۋاستىلىرى مال - مۈلۈك، ئات ۋە قىز بولغان.

تۆتىنچى، ئېغىر ئەمگەككە سۈرگۈن قىلىش ۋە «قوشۇندا نەزەربەند قىلىش. بۇلار كۆپىنچە چەت ئەل ئەلچىلىرىگە قوللىنىلغان. مەسىلەن، ۋۇدېنىڭ 5- يىلى ۋېن يەنبونى ئېلىگ قاغان«چوغاي ۋادىسىدىكى چەت ۋە سوغۇق جايغا پالىۋەتكەن» [121]، شىڭلى يىللىرى پېي خۇيگۈنى بەگچۇر«بىر مەزگىل قوشۇندا نەزەربەندكە ئالغان» [122].

جىنايەت ۋە جازا بەلگىلىمىلىرىدىن تۈركلەردىكى جازا قانۇنىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1) خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش. ئات ۋە چارۋىچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق خۇسۇسىي مۈلۈكلەرنىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىقى قاتتىق جازا تەدبىرلىرى ئارقىلىق قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئات ئوغرىلىغۇچىغا جەرىمانە قويۇلغان، ئەمما ئات چېدەرى ئوغرىلىغۇچى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ ئەھۋال تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە ئارقاننىڭ ئاتتىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئارقان يالغۇز ئاددىيغىنە چارۋىچىلىق سايمىنى بولۇپلا قالماستىن يەنە بىر تۈرلۈك ھەربىي قورال ئىدى.

2) ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى قوغداش. «ئاسى-

لىق» ئۇقۇمى «تۈركلەرگە خائىنلىق قىلىش» ۋە قاغانغا سۇيىقەست
قىلىش دېگەندەك ئىككى خىل جىنايى قىلمىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى-
غان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بۇ ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ ھوقۇقچىلىق
ئىدىيىسىدە «پادىشاھ بىلەن دۆلەت بىر گەۋدە بولۇش» ئۇقۇمىنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركچە مەڭگۈ - تاشلاردا «ئەل» ۋە
«قاغان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەمىشە بىللە تىلغا ئېلىنىشى ئەنە شۇ سە-
ۋەبتىن ئىدى. قاغاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئېغىر جازا بېرىشكە
تېگىشلىك بولغانلىرىنى «مەنسەپتىن چۈشۈرۈپ ئەسلىي قەبىلىگە قاي-
تۇرۇۋېتىش» [123] ئۇسۇلى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق قانۇنى بولغان «سەك-
كىز لايىھە» گە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇمۇ ئالاھىدە ئىمتى-
يازنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

3) ئەرلەر ھوقۇقىغا ئېتىبار قىلىش. تۈرك قانۇنىدا باشقىلار-
نىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، باشقىلار-
نىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئېغىر مال - مۈلۈك جەرىمانىسى
قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئوخشاش بىر «باسقۇنچىلىق» (تارى-
خىي ئەسەرلەردە بۇنىڭ زىنا ياكى باسقۇنچىلىق ئىكەنلىكى ئەسكەرتىل-
مىگەن) جىنايى قىلمىشىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ سالاھىيى-
تىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىنلا جىنايەتچى ئۈستىگە ئېلىشقا تې-
گىشلىك بولغان جىنايى جاۋابكارلىقنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك پەرقى
شەكىللىنىپ قالغان. قانۇننىڭ «ئايال» لارغا «قىز» لار نىڭكىدىنمۇ
چوڭراق كاپالەتلىك ھوقۇقى بەرگەنلىكىمۇ ئاياللار ھوقۇقىنىڭ ئەرلەر
ھوقۇقىغا بېقىندى بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

4) ئاتىلىق ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش. قىزنىڭ تۆلەم ۋاستىسى
بولغانلىقى ئاتا بولغۇچى ئۆز قىزىنى ئۆزىنىڭ جىنايىتىگە قۇربان
قىلىۋەتسە قانۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، تۈرك قانۇ-
نى قىز بالىنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ ئائىلە باشلىقىنىڭ ئىگىدارچى-
لىق ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان.

جازا قانۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دەۋا تەرتىپى ھەققى-

ده ماتېرىيالنىڭ كەملىكىدىن بىرنەرسە دېيىشكە ئاجىزمىز. پەقەت تۈرك ئەمەل سىستېمىسىدا «رېغاننىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تەپتىش قىلىپ، بىرنەچچە قېتىملىق ماجىرانى بېسىقتۇرغان» [124] لىقىنىلا بىلىمىز. بۇ ئېھتىمال ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار بولسا كېرەك. «كونا تاڭنامە. 186 ـ جىلد، «لەي جۇنچېننىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەر بار:

«شۇ ۋاقىتتا كۇنپېتىشتىكى قەبىلە ئاقساقىلى ئاشىنا كۆلچاينىڭ ئۆيىدە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بىر زىلۋا دېدەك بار ئىدى. لەي جۇنچېن كۆلچاينىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ، كۆلچاي ئىسيان قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەرز قىلدۇرۇپ، ھېلىقى دېدەكنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ھەرقايسى قەبىلىلەردىن ئون نەچچە مۆتىۋەر دەۋادا ئۆۋالچىلىق بولدى، دەپ يۈزلىرىنى تىلىپ قۇلاقلىرىنى كېسىپ ئەرز سۇندى. شۇنداق قىلىپ، ئاران دېگەندە كۆلچاينى جەددى ـ جەمەتى بويىچە قىرىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى». بۇنىڭدىن تۈرك مۆتىۋەرلىرىنىڭ نەزىرىدە يۈزلىرىنى تىلىپ قۇلاقلىرىنى كېسىشنىڭ مۇھىم قانۇني ئىسپات، دەپ قارىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ خىل دەپنە مۇراسىمىدىكى جازا ئادەتلىرىنى دەۋا ۋاستىسى قىلىۋېلىش ھادىسىسى تۈرك قانۇنىنىڭ تېخى ئىچكى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

## § 3 . خۇلاسە

ئۇرخۇن ـ يېنسەي ئابىدىلىرىدە torü سۆزى «ئادەت» ، «قانۇن» ۋە «ھوقۇق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ [125]. بۇ ئۇقۇمنىڭ كۆپ قىرلىق مەنىگە ئىگە بولۇشى تۈرك قانۇنىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭمۇ تۆۋەندىكى ئورتاق قانۇنىيەتكە بويسۇنغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئى-

دى: «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولغان مەلۇم باسقۇچىدا ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات ۋە مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى بىر ئورتاق قائىدە ئارقىلىق چاڭگىللىغا ئېلىۋېلىش ھەمدە شەخسلەرنى بىر ئامال قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى شەرتلىرىگە بويسۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك بىر ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. بۇ دەسلەپتە ئادەت ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، كېيىنچە قانۇنغا ئايلىنىدۇ. قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، قانۇننى ساقلاپ قېلىشنى مەسئۇلىيەت قىلغان ئورگان — ئاممىۋى ھوقۇق يەنى دۆلەت مۇقەررەر يوسۇندا مەيدانغا چىقىدۇ» ⑫⑥. VIII — VI ئەسىرلەردىكى تۈرك دۆلىتى قاغان باشچىلىقىدىكى دەرىجە تۈزۈمى ۋە نەسەب تۈزۈمىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ھەربىي - مەمۇرىي ئورگان بولۇپ، «يابغۇ، شاد، تېكىن، ئېلتەبىر، تۇدۇنبار قاتارلىق تەرتىپتە كەلگەن چوڭ - كىچىك 28 دەرىجىلىك ئەمەل - مەنسەپ تەسىس قىلغان. بۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالىدۇ» ⑫⑦ بۇ ئەمەل - مەنسەپ سىستېمىسىنىڭ ئەزالىرى «جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ چىققان ھوقۇقنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، جەزمەن ئالاھىدە قانۇن ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى قولغا كىرگۈزۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ قانۇن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار مۇقەددەس ۋە دەخلى - تەرۇزسىز بولۇپ قالدى» ⑫⑧.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈرك دۆلىتىنى ھىمايە قىلدۇاتقىنى قەغەزگە چۈشۈرۈلمىگەن ئادەت قانۇنلىرى ئىدى. بۇ قەبىلە دەۋرىدىكى ئادەت قانۇنىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، يەنى ئەسلىدىكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورتاق قائىدىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىدى. تۈرك جازا قانۇنىنىڭ روشەن سىنىپىيلىقى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

ئەمما، بۇنداق دېگەنلىك دۆلەت باشلىقى بولغان قاغان قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چەكسىز ھوقۇققا ئىگە دېگەنلىك ئەمەس، ئەمەلد-

يەتتە پەقەت قاغانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىدىلا «ئەجدادلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى قايرىپ قويۇپ» ، ئۇرۇق - توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە قارىماي تەختنى ئىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەلىگەن. پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا «قائىدە - يوسۇنلار ئۇزاق دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەچكە ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولمايتتى» [129] ، قاغان ئىزچىل تۈردە «ئاتا - بوۋىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆز خەلقىنى باشقۇرۇپ كەلگەن» [130] قانۇن ئىجراچىسى ئىدى. بىلگە قاغان (716 — 734) نىڭ «يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم» [131] دەپ ھەۋەس بىلەن سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئارا ياردەملىشىشىدەك قەدىمكى ئەنئەنىلەر ئارىسىدىن يۇغۇرۇپ چىققان ئەلنى ئەمىن تاپتۇرۇش تەدبىرلىرى ئىدى. خانلىق ھوقۇقى ئەنئەنىۋى تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، تۈركلەر دەۋرىدە «پادىشاھ بىلەن دۆلەت بىر گەۋدە بولۇش» ئۇقۇمى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما «خانلىق ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان» چۈشەنچە تېخى يوق ئىدى.

تۈركلەردىكى قەدىمكى ئادەت خاراكتېرى نېمە ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىدىكى يېڭىلىنىش جەريانىدا يەنىلا مۇئەييەن نوپۇزغا ئىگە بولۇپ كېلەلىدى؟ قارىغاندا ئۇ پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ئاساس تېخى ئۈزۈل - كېسىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغاندەك قىلىدۇ. ئالدىنقى ماۋزۇلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك، تۈركلەر دەۋرىدە يەنىلا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى كۆپلەپ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىز يالغۇز چارۋىلارنىڭ خۇسۇسىيلىشىش ھادىسىسى ۋە يايلاقنىڭ ئورتاقلىقىدەك قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە ئاتلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى دەۋرىدىكى شانۇشەۋكەتنىڭ شىرەم تۇغقانلارغا ئالاھىدە قاراش چۈشەنچىسى ۋە «ئۆي ئىچى سىياسىتى كۆپرەك بولۇش» ئادىتى ئارقىلىق ئاتلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرگە ئۆز شولىسىنى چۈشۈرگەنلىكىنى بايقىدۇق.

ھەتتا ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىمۇ بېقىشقا بېرىش ۋە بېقىۋېلىش تۈزۈملىرىدەك ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئەنئەنىسىنى نىقاب قىلىۋالغانىدى. گەرچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش يەنىلا «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى دەۋرى» بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، قانۇن چۈشەنچىلىرى قەدىمكى ۋە ئاددىي بولغان ئۆرپ - ئادەتلەردىن مۇتلەق ئايرىلىپ كەتمىگەنىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك قانۇنىغا روشەن سىنىپىي تامغا بېسىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ئۆرپ - ئادەتلەردىن كېلىپ چىققانلىقىدەك ئەسلىي قىياپىتىنى ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىز ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي ياۋروپا گېرمان پادىشاھلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان ھوقۇقشۇناسلىق ھادىسىلىرىنى يادىمىزغا كەلتۈرىدۇ: «قانۇن ئۆرپ - ئادەتتىن كېلىپ چىققان، پادىشاھلىق ھوقۇق قانۇندىن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە بىۋاسىتىلا ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنىڭ ئىنكاسى». بىراق، ئادەت قانۇنى بىلەن ئىمتىياز قانۇنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرك قانۇنى ھەققىدە تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىمىز VI — VIII ئەسىردىكى تۈرك جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

ئىزاھلار

① «جۇنامە»، 50 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

② «سۈينامە»، 84 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

③ «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» شەرقىي يۈزى 13 - قۇر. سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 - يىل نەشرى، 881 - بەت.

④ «كونا تاڭنامە»، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
⑤ «يېڭى تاڭنامە»، 217ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
⑥ ماركس: «پەلسەپە نامراتلىقى»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، IV توم 180 ـ بەت.
⑦ «تارىخىي خاتىرىلەر»، 110 ـ جىلد، «ھونلار ھەققىدە قىسسە».
⑧ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە». تۈركلەر باش كۆتۈرۈشتىن ئاۋۋالقى ئالتاينىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردا ك. جېتمارنىڭ: «تۈرك-لەردىن ئىلگىرىكى ئالتاي» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. «يىراق شەرق قەدىمكى مۇزېيخانىسىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1951 ـ يىل 23 ـ جىلد، 135 ـ، 223ـ بەتلەر.
⑨ س. سىموكاتا: «تارىخ» V توم، 8 ـ پاراگراف 12ـ بۆلەك، 1957ـ يىل نەشرى، 161 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى ئەسەر 212ـ بەت، چاۋانېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1958 ـ يىل تەرجىمە نەشرى، 212 ـ بەت.
⑪ «كونا تاڭنامە»، 194ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
⑫ موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭمۇ چەكلەنگەن ئوۋچىلىق رايونى بولات-تى: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1954 ـ يىل نەشرى، 373 — 374 ـ بەتلەر.
⑬ «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، 73 ـ جىلد.
⑭ يۇقىرىقى ئەسەر 96 ـ جىلد.
⑮ «يېڭى تاڭنامە»، 110 ـ جىلد، «ئاشىنا شىرنىڭ تەرجىمىھالى».
⑯ «كىتابلار جەۋھىرى»، 37 ـ جىلد.
⑰ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».
⑱ س. ئې. مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ-تاشلىرى»، 1959 ـ يىل نەشرى، 10 ـ بەت، «باغا» سۆزى «ئاتا» دېگەن مەنىدە. پېللىئوت «تۈيغۇنلارنىڭ موڭغۇل تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئە-كەنلىكى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە («غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇ-ئەسى» 7 ـ كىتاب، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1957ـ يىل نەشرى، 33ـ بەت) بۇ نامنى تۈركلەر ئاۋارلاردىن قوبۇل قىلغان، دەپ قارايدۇ. ج. كلاۋسون «ئون-گىن مەڭگۈتېشى» نىڭ 5 ـ قۇرىنى باشقىچە تەرجىمە قىلغان: «تابغاچلارنىڭ شىمالىدىكى ئازى (؟) ۋە ئوغۇزدىن يەتتە كىشى (بىزگە قارشى) دۈشمەنلىك

غەرىزىدە بولۇپتۇ. مېنىڭ ئاتام... شۇنىڭ بىلەن خانغا ئەگىشىپ يۈرۈشكە ئاتلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت كۆرسىتىپتۇ» (ج. كلاۋسون: «ئۇنگىن مەڭگۇ-تېشى»، «خان جەمەتى ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»، 1957 - يىل قوشما 3 — 4 - سان، 188 - بەت).

⑲ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم 880 - بەت.

⑳ س. كىسېلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 1954 - يىل نەشرى، 514 — 515- بەتلەر؛ س. گ. كىلياشتورنىي: «تۈرك خانلىقىدىكى يەر ئىگىدارچىلىقى»، «يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق فېئودالىزىمىدىكى يەر ئىگىدارچىلىقى»، موسكۋا، 1979 - يىل نەشرى، 98 — 99-بەتلەر.

㉑ «كونا تاڭنامە»، 62 - جىلد، «جېڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

㉒ «ۋېينامە»، 103 - جىلد، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

㉓ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەرقايسى بەگ - پادىشاھلار ۋە باشقىلار ئات، تۆگە ياكى باشقا يوغانراق چارۋىلىرىغا تامغا بېسىپ قويىدىكەن ۋە كەڭ يايلاقتا قويۇۋېتىدىكەن، مەخسۇس ئادەمنىڭ قارىشى ھاجەتسىزكەن. ئېگىلىرى ئوخشىمىغان ماللار ئارىلىشىپ كەتسىمۇ بەلگىگە قاراپلا ئايرىۋالغىلى بولىدىكەن، يايلاقتىن يانغاندا ھەرقايسى چارۋىلار بەلگىسى بويىچە ئىگىسىنىڭ قوتانلىرىغا قايتىدىكەن («2 - قىسىم 284 - بەت).

㉔ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم، 887 - بەتكە ۋە 907 - بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

㉕ س. مالوۋ: «تۈركلەرنىڭ يېنسەي يېزىقلىرى»، 1952 - يىل نەشرى، 19 - بەت.

㉖ «يېڭى تاڭنامە»، 215- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉗㉘ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉙ پېقىرنىڭ ئاددىي ئەسىرى: «تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلىي ۋە ئۇرۇش تېخنىكىسى» — «ئىلمىي تەتقىقات» ژۇرنىلى، 1963 - يىل، 5 - سان 45 - بەت.

㉚ كىسىلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 531- بەت.

㉛ ماركس: «كاپىتال»، I توم، خەلق نەشرىياتى، 1953 - يىل نەشرى، 75 - بەت.

㉜ ماركس: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلگىرىكى ھالەتلىرى»،

خەلق نەشرىياتى، 1953 ـ يىلى 75 ـ بەت.

㉝ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉞ «كونا تاڭنامە» ، 194ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉟ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، 1 ـ جىلد.

㊱ «جۇنامە» ، 28 ـ جىلد، «شى نىڭنىڭ تەرجىمىھالى».

㊲ «كونا تاڭنامە» ، 194ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊳ مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلىرى» ، 53 ـ بەت. ئۇ بۇ يەر نامىنى «قىش» دەپ ئوقۇيدۇ.

㊴ «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ كىچىك تېشى 8- قۇر ۋە 5- چوڭ تېشى 2 ـ قۇر، مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» ، 1951 ـ يىلى نەشرى، 35 — 36 ـ بەتلەر. «باش ئېگىپ تېزلىنىش» تەك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەمەلىي پاكىتلار بار. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى گورنو-ئالتاي ئاپتونوم ئۆلكىسىدىكى چۇراشمان دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ قەبرىدىن بىر يۇمىلاق تاش ئويما رەسىم تېپىلغان. رەسىم ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن: سول تەرەپتىكى كاتتىلاردىن بولغان ۋەزىرنىڭ يۈز شەكلى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۈرك بالبالىرىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ ئوتتۇرىدا ئوۋچىلىق قىلىۋاتقان ئۈچ چەۋەندازنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئوڭ تەرەپتىكى ئاقسۆڭەك ئايالغا باش ئۇرۇۋاتقان، ئايالنىڭ يېنىدا ئوغلى ئۆرە تۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ تاش ئويما يەنە «شىمالدىكى يات قوۋملارنىڭ ئادىتىدە خاتۇن لەشكىرىي ئىشلارغا قول تىقىدۇ» دېگەن خاتىرىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. «ئائىلە ۋە نىكاھ» قىسمىغا قاراڭ.

㊵ «سۇينامە» ، 84 ـ جىلد، «شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە».

㊶ «سۇينامە» ، 84 ـ جىلد، «قىتانلار ھەققىدە قىسسە».

㊷ «كونا تاڭنامە» ، 194ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊸ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 2- قىسىم، 882 ـ بەت.

㊹ «كونا تاڭنامە» ، 198ـ جىلد، «سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

㊺ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊻ «سۇينامە» ، 84 ـ جىلد، «تېلېلار ھەققىدە قىسسە».

㊼ «يېڭى تاڭنامە» ، 217ـ جىلد، «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».

㊽ س. گ. كىلياشتورنىي: «ئىچكى ئاسىيا كۆچمەن دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي بېقىندىلىق شەكىللىرى» ، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق ئەللىرىدە قۇللۇق تۈزۈم» ، موسكۋا، 1986 ـ يىلى نەشرى، 335 ـ بەت.

⑭ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىدىكى جەمئىيەت ئالمىشىش تۈزۈ-
مىسىدا»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1958 ـ يىل 4 ـ سان، 52 ـ بەت. ئۇنىڭدىكى
1 ـ ۋە 2 ـ مەنبەنى پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ. 3 ـ مەنبەنى
چۈشەندۈرۈشتە بېرىلگەن تېكىست مۇنداق: «بۇ يەتتە يۈز كىشى ئۆز ئېلىدىن
ئايرىلىپتۇ، قاغاندىن ئايرىلىپتۇ. ئەجدادلارنىڭ قانۇنىدا ئېلى ۋە قاغاندىن
ئايرىلغانلار قۇل ۋە دېدەك بولىدۇ، تۈركلەرنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان
كىشىلەردىن بولۇپ قالىدۇ». تۈركچە «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ چوڭ تاش
13 ـ قۇرنى مالوۋ مۇنداق تەرجىمە قىلغان: «يەتتە يۈز كىشىگە ئىگە بولغاندىن
كېيىن ئاتام قاغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە ئېلىدىن،
قاغاندىن ئايرىلىپ قالغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەر-
نى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ» («قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» 37 —
38 ـ بەتلەر). خەن رۇلىن ئەپەندى («تۈركچە كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىنىڭ
تەرجىمىسى ۋە ئىزاھلىرى»، دۆلەتلىك بېيپىڭ تەتقىقات يۇرتىنىڭ خىزمەت
دوكلاتى» 6 ـ جىلد، 6 ـ سان 20 ـ بەت) ۋە سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىلەرنىڭ
(«تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم 881 ـ بەت) نېمىسچە
ۋە ئىنگلىزچە يەشمىسىگە ئاساسەن خەنزۇچىگە قىلغان تەرجىمىسىمۇ يۇقىرىقى
تەرجىمە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

⑮ ئا. ن. بېرنىشتام: «VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن- يېنسەي تۈرك-
لىرىنىڭ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، 1946- يىل نەشرى 116 — 125-
بەتلەر.

⑯ «كونا تاڭنامە»، 62 ـ جىلد، «جېڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

⑰ «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە».

⑱ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑲ «كونا تاڭنامە»، 75- جىلد، «ۋېي يۈنچىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑳ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑳ كىسېلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 534-
بەت؛ كىلياشتورنىي: «موڭغۇلىيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، يېڭى سىبىرىيە
1985 ـ يىل نەشرى، 166 ـ بەت.

⑳ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑳ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى»، 199 ـ جىلد، «قىرغىزلار
ھەققىدە قىسسە».

⑳ «كونا تاڭنامە»، 68- جىلد، «جاڭ گوڭجىننىڭ تەرجىمىھالى».

⑳ «كونا تاڭنامە»، 198 ـ جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى».

(61) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 99- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(62) سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - قىسىم، 314 - بەت.

(63) ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، خەلق نەشرىياتى، 1954 - يىل نەشرى، 155 - بەت.

(64) «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى»، 297 - جىلد.

(65) كېسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 543 — 551 - بەتلەر.

(66) ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 134 - بەت.

(67) «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(68) «كىتابلار جەۋھىرى»، 979 - جىلد.

(69) «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم، 891 — 892 - بەتلەر.

(70) «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، 9 - جىلد.

(71) «كونا تاڭنامە»، 63 - جىلد، «سۇيۇەنىڭ تەرجىمىھالى».

(72) «كونا تاڭنامە»، 194- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(73) «يېڭى تاڭنامە»، 215- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(74) «كونا تاڭنامە»، 195- جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(75) «كونا تاڭنامە»، 109- جىلد، «جۇبە قالىنىڭ تەرجىمىھالى».

(76) «كېيىنكى خەننامە»، 89 - جىلد، «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە». «ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ پىكرى بويىچە بولىدۇ» دېيىلىدۇ. تاشتو «گېرمانىيە تەزكىرىسى» دە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر جۈملە سۆز قىلىدۇ: «ئۇلار (گېرمان ئەرلىرى) ئەزەلدىن ئاياللارنى كەمسىتمەيدۇ؛ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ» (سەنليەن كىتابخانىسى 1958 - يىل تەرجىمە نەشرى، 58 - بەت).

(77) «كونا تاڭنامە»، 200- جىلد، «ئەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى».

(78) مالوۋ: «يېنسەي تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 21 - بەت.

(79) بېرنشتام: يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسەر 115 - بەت.

(80) «يېڭى تاڭنامە»، 225 - جىلد، «ئەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى».

(81) ياۋ رۇنېڭ: «ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە»، 1 - جىلد.

(82) «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 - جىلد.

(83) تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدا «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ شىمالىي يۈز 9 ـ قۇرى ۋە «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم، 886- بەتكە قاراڭ.

(84) ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 59 ـ بەت.

(85) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 20 ـ جىلدىدا، سىمدارو ئاياللىرىنىڭ باش كىيىمىگە ياغاچ تاقىۋالىدىغانلىقى سۆزلىنىپ كېلىپ «زېمىن تۈركلەر بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان» دېيىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ بىر خوتۇندىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش ئادىتىنىڭ تۈركلەردىن كەلگەنلىكىگە ئىسپات بولالمايدۇ. چۈنكى، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى بىلدۈرىدىغان «ياغاچ مۈڭگۈز» بىلەن ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى بىلدۈرىدىغان «مۈڭگۈزلۈك قالپاق» نىڭ ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ.

(86) سېن جۈڭمىيەن ئەپەندى ھونلاردىكى «ئاتىسى ئۆلسە، ئۆگەي ئاپىسىنى خوتۇن قىلىدىغان، قېرىندىشى ئۆلسە ئايالىنى خوتۇن قىلىدىغان» نىكاھ ئادىتى بىلەن «ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرە» دىكى «تۈركچە ئادەت» نى «ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە» دەپ قارايدۇ («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم 1117 ـ بەت)، ئۇ ئەمەلىيەتتە ۋارىسلىق نىكاھ ۋە قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق نىكاھ ئادەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. رېن بەنتاڭ ئەپەندى «ئەلنەغمىچىلەر مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرىگە ئېنىقلىما» (جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1962 ـ يىل، 51 ـ بەت) دېگەن ئەسىرىدە ئاشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.

(87) چېن يىنكې: «يۈەن بەي شېئىرلىرىغا ئېنىقلىما»، ئەدەبىيات قەدىمكى ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1955 ـ يىل نەشرى، 149 ـ بەت.

(88) شياڭ دا ئەپەندى ئەلنەغمىچىلەرنىڭ «تۈركچە ئادەت» نى ئۆگىنىشىنى «ئەينى ۋاقىتتا تۈركلەر بەكمۇ قۇدرەت تاپقان بولۇپ، پايتەخت چاڭئەندە توپ-توپ تۈرك سەرگەردانلىرى لاغايلاپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى مۇشۇ شەكىلسىز ئارىلىقتا يەرلىك ئاھالىگە سىڭگەن» دەيدۇ («تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1957- يىل، 44- بەت). ئەمەلىيەتتە، كېيىن يىللىرى چاڭئەندىكى «غوزلىشىش» شامىلى «تۈركلىشىش» تىنمۇ ئېغىر ئىدى.

(89) «داجېڭ يىللىرى تۈزىتىلگەن تىرىپىتاكا»، 51- جىلد، 978- بەت.

(90) ئېفتالىتلارنىڭ نىكاھ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئېنوكى كازۇئو يازغان

«ئېفتالىتلار دۆلىتى ھەققىدە تەتقىقات»، شەرقىي ئوكيان ئەدەبىيات تەتقىقات يۈرتىنىڭ تەتقىقات خاتىرىلىرى، 58- قىسىم، 1959- يىل نەشرى، 51 — 55 - بەتلەر.

⑨① فىراي ۋە سايىلى: «سالجۇقىلاردىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا شەرق تۈركلەرى» — «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 1943 - يىل نەشرى، 63 - جىلد، 3 - سان، 205 - بەت.

⑨② «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑨③ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 102 - بەت.

⑨④ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىدىكى جەمئىيەت ئالمىشىش تۇغۇرىسىدا» — «تارىخ تەتقىقاتى»، 1958 - يىل نەشرى، 3 - سان، 13 - بەت.

⑨⑤ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑨⑥⑨⑦⑨⑧ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑨⑨ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 147 - بەت.

①⓪⓪ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

①⓪① «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

①⓪② ①⓪③ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

①⓪④ تابار قاغان: «جەنۇبتىكى ئىككى ئوغلۇم (شىمالى چى سۇلالىسى ۋە شىمالى جۇ سۇلالىسى) ۋاپادارلىقىنى ئىپادە قىلىۋاتسا پۇل-پۇچەكتىن قانداقمۇ قىسىلىپ قالاي» دېگەن.

①⓪⑤ «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

①⓪⑥ ①⓪⑦ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

①⓪⑧ تۈركلەر دەۋرىدىكى پۈتكۈل خانلىق ھوقۇق مەسىلىسىدە تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدىن باشقا يەنە باشقا خىل ھوقۇق قۇرۇلمىسى يەنى «ئوتتۇرا قاغان» نىڭ «شەرقىي قاغان» ۋە «غەربىي قاغان» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ بار. بۇ ھەقتە خۇيافۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «تۈرك دۆلىتى شىبى قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنى بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ھوقۇق پارچىلىنىپ كەتكەن فېئوداللىق دۆلەتتىن ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئودالىق دۆلەتكە يۈزلەنگەن»، «تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 1 - كىتاب، شەنجۇڭ نەشرىياتى، 1967 - يىل،

ياپونچە نەشرى، 277 ـ بەت.

(109) ئىشبارا قاغان ئۆزىنى «تەڭرىدىن تۇغۇلغان» دەۋالغان («سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»)؛ بىلگە قاغاننىڭ ھۆرمەت نامىدىمۇ «تەڭرىگە ئوخشاش ۋە تەڭرىدىن بولمىش» دېگەندەك ئىبارىلەر بار («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم 908 ـ بەت).

(110) ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957 ـ يىل نەشرى، 22 ـ بەت.

(111) «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» نىڭ جياچىڭنىڭ 8ـ يىلى تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا مۇنداق بىر غەيرىي جۈملە بار: «باشقىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى سۇندۇرسا، قول بىلەن تۆلەم تۆلەيدۇ». سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى مەزكۇر ئەسەرنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى خۇالوڭچى نۇسخىسى ۋە «قانۇنلار قامۇسى» دا بىردەك «ئات تۆلەيدۇ» دېيىلگەنلىكىگە ئاساسەن ئىزاھلىغاندا، «بۇ جايدىكى قول بىلەن تۆلەم تۆلەيدۇ، دېگىنى خاتالىق» دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم 605 ـ بەت). ھازىرقى تەتقىقاتتىن قارىغاندا ئىش مۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك. «ئات» بىلەن «قول» شەكلى ناھايىتى پەرقلىق بولغان خەتلەر بولۇپ، ئاسانلىقچە خاتا بېسىلىپ قالمايدۇ، ئاندىن قالسا «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» گەرچە «قانۇنلار قامۇسى» نى ئاساس قىلسىمۇ، نۇرغۇن كەمتۈك جايلارنى تولۇقلاپ قويغان. مەسىلەن، «تۈركلەر» قىسمىدىكى «يەرلىك مەھسۇلاتلىرى» دېگەن ماۋزۇنىڭ ئاخىرىغا باشقا كىتابلاردا ئۇچرىمايدىغان تاغ ـ دەريا ناملىرى ۋە شەھەر ناملىرىدىن 13نى قىستۇرۇپ قويغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاشۇ ماۋزۇدىكى «قول بىلەن تۆلەم تۆلەيدۇ» دېگەن ئىبارىنىمۇ قارىسىغا قوشۇپ قويغاندەك قىلمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ بايان ھەققىدە بەزى گۇمانلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتىش زۆرۈر ئەمەس.

(112) «ۋۇدېنىڭ 3ـ يىلى (620ـ يىلى) سۇڭ جىنگاڭ تۈركلەرگە خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى، شاڭگۇ تەۋەسىگە كەلگەندە تۈرك چەۋەندازلىرى قوغلاپ يېتىشىپ تىرىك تۇتتى ۋە بېلىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى» («كونا تاڭنامە» 55ـ جىلد، «ليۇ ۋۇجۇنىڭ تەرجىمىھالى»).

(113) «كەيۈەننىڭ 22 ـ يىلى (734 ـ يىلى) بىلگە قاغان «بۇيرۇق چور تەرىپىدىن زەھەرلەنگەندىن كېيىن بۇيرۇق چور پارە ـ پارە قىلىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمۇ قۇرۇتۇۋېتىلدى» («يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»).

⑪④ «شىنگوڭنىڭ 1 ـ يىلى (697 ـ يىلى) سۈن ۋەنرۇڭ بەش كىشىنى قاراقۇمغا لەشكىرىي ئاخبارات يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇلاردىن ئىككى كىشى كېچىكىپ قالغانلىقتىن بەگچۇر قاتتىق خاپا بولۇپ ئۇ ئىككىسىنى قەتل قىلدى» («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ قىسىم، 338 ـ بەت، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ 206 ـ جىلدىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

⑪⑤ «تۈنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» نىڭ 1 ـ ئابىدە شىمالىي يۈز 26 ـ قۇرىدا: «يول باشلىغۇچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى» دېيىلىدۇ («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم 860 ـ بەت).

⑪⑥ «كونا تاڭنامە»، 55ـ جىلد، «لىيۇۋۇجۇنىڭ تەرجىمىھالى».

⑪⑦ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم 132 ـ بەت.

⑪⑧ «يېڭى تاڭنامە»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە قارا قاغان «كاتتىلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ كېلىپ بىراقلا كۆمدۈرۈۋەتكەن» دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

⑪⑨ «كونا تاڭنامە»، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑫⑩ «تىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1ـ قىسىم 335 ـ بەت.

⑫① يۇقىرىقى ئەسەر 162 ـ بەت.

⑫② يۇقىرىقى ئەسەر 340 ـ بەت.

⑫③ «يېڭى تاڭنامە»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەگچۇر ئۆلگەندە كۆلتېكىن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى تامام قىرىپ تاشلىدى. تۈنيۇقۇقنىڭ قىزى سابۇق خاتۇن بەگلەن (بىلگە قاغان) نىڭ خانىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئامان قالدى ۋە ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ كەتتى. «كەڭ ئايچۇر تارقاننىڭ مەڭگۈتېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەگچۇرنىڭ ئىنىسى باسمىلتېكىن قاغاننى دورا بېرىپ جايلىۋېتىشنىڭ پۇر-ستىنى ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا كەڭ ئايچۇر تارقان دورىنى ئوغرىلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويدى ۋە مەخپىي ھالدا بەگچۇرغا ئاپىرىپ بەردى. بەگچۇر ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرغەزەپكە كېلىپ باسمىلنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، كەڭ ئايچۇر تارقان ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. ئاقىۋەت باسمىل ئۆز قەبىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىلدى» («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2ـقىسىم 851ـ بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، قاغانغا سۇيىقەست قىلغۇچىنىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى ئېنىق. باسمىلتېكىننىڭ ئۆلۈمىدىن كەچۈرۈلۈشى قانداقتۇر ئايچۇر تارقاننىڭ تۆھپىسىدىن ئەمەس، بەلكى سۇيىقەستنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدىن بولغانىدى.

⑫④ «قانۇنلار قامۇسى»، 197 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑫⑤ رادلوۋ: «تۈرك دىئالېكتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى»، Ⅱ توم 1 ـ قىسىم 1254 ـ بەت؛ تالات، تېكىن: «ئۇرخۇن تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» 1968 ـ يىل نەشرى، 385 ـ بەت.

⑫⑥ ئېنگېلس: « تۈرالغۇ ئۆي مەسىلىسى»، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، I توم خەلق نەشرىياتى، 1962ـ يىل نەشرى، 559 — 560ـ بەتلەر.

⑫⑦ ⑫⑨ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑫⑧ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 164 — 165 ـ بەتلەر.

⑬⓪ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2ـ قىسىم، 881ـ بەت.

⑬① يۇقىرىقى ئەسەر 883 ـ بەت.

# II باب تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى

تۈرك خانلىقى VI — VIII ئەسىرلەردە شىمالىي چۆللۈكتىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىدا قوشنا رايونلارغا ئىزچىل تۈردە تەھدىت بولۇپ كەلدى. مەزكۇر خانلىقنىڭ ھەربىي مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدە تۈرك لەشكەرلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 588 — 589 - يىللىرى ۋىزانتىيە قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ساسانىيلار دۆلىتىگە بېسىپ كىرگەنلەر تۈرك قوشۇنى ئىدى؛ سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 11 - يىلى (615 - يىلى) يەنمېننى قورشاۋغا ئېلىپ سۈي ياڭدىنى «جاۋ بېگى گاۋنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھۆڭگۈرەپ ئېيتىپ يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن» ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانمۇ تۈرك قوشۇنى ئىدى①. تاڭ گاۋزۇنىڭ شىبى قاغانغا قۇللۇق بىلدۈرۈشى يەنىلا تۈرك قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تۇشمۇتۇشتا باھادىرلار باش كۆتۈرۈۋاتقان ۋەزىيەتتە ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغانىدى…

تۈركلەرنىڭ ھەربىي تۇرمۇشى قەبىلە تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن تۈركلەر «كېسەل بىلەن قازا تېپىشنى نومۇس، جەڭگاھتا جان تەسەددۇق قىلىشنى شەرەپ»② دەپ بىلەتتى. تۈركلەرنىڭ ھەربىي تارىخىنى تەتقىق قىلمىغاندا تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشەندۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ قوشۇننىڭ تەشكىلىي، قوراللىنىشى ۋە جەڭ سەنئىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى مۇھاكىمە قىلىش تۈرك تارىخىدىكى ئاتلاپ

ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان تېمىلارنىڭ بىرى.

## § 1 . لەشكىري تۈزۈمى

تۈركلەردىكى لەشكىري پائالىيەت بىلەن كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا قەدىمكى زامانلاردىلا خاتىرىلەر يېزىلغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى باھادىرلار شەجەرىسى» نىڭ 1 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى مەرگەن، چەۋەندازلارنىڭ بولغانلىقىدا. ئۇلار پايدىنى كۆرسە ئالدىغا ئېتىلىدۇ، مۈشكۈلاتقا يولۇقسا بەدەر قاچىدۇ، كېلىپ - كېتىشى قۇيۇندەك تېز بولغاچقا ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئوق - يانى قورال، ساۋۇت - دۇبۇلغىنى كىيىم قىلىۋالغان بۇ قوشۇننىڭ مۇقىم جەڭ سېپى، مۇقىم لەشكىري قونالغۇسى يوق. ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ ياشايدۇ، قوي ۋە ئاتنى لەشكەري ئوزۇق قىلىدۇ. جەڭدە يەڭسە بۇلاڭ - تالاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ، يېڭىلىشنى ھار ئالمايدۇ. ئۇلاردا كېچىسى ياكى كۈندۈزى قوشۇننى چارلاپ پوستا تۇرىدىغان ئىش يوق. ئاشلىق ۋە پۇل - پۈچەك ساقلايدىغان ئامبار سالىدىغان ئىش تېخىمۇ يوق» . تاڭ تەيزۇڭنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى ۋاڭ رېنگوڭنىڭ دۈشمەندىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى تەشكىلسىزلىك دەپ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن. ئەمما، ھەقىقىي ئەھۋال VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى تۈرك ۋەزىرى تۇنيۇقۇقنىڭ تۆۋەندىكى قارىشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ: «تۈركلەر قوۋمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈزدىن بىرىگە يەتمەيدۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشەلەيدۇكى، ئۇلاردا مۇقىم تۇرالغۇ بولمايدۇ، لەشكىري ئىشلارغا ماھىر كېلىدۇ، كۈچلۈك ۋاقتىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئاجىز ۋاقتىدا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا، تاڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ» ③. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-

كى، تۈركلەرنىڭ كۆچمەن تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنىڭ جەزمەن مۇناسىپ لەشكىرىي تۇرمۇش شەكلىدىن پايدىلىنىشنى بەلگىلىگەن، تۈركلەردىكى «لەشكىرىي ئىشلار» نىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا «ئوۋچىلىق» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

تاڭ دەۋرىدىكى راھىب شۈەنزاڭ غەربكە بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە تۈركلەرنىڭ قورشاۋ ئوۋ قىلىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «سۇياب شەھىرىگە كەلسەك تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى شىكار قىلىۋېتىپتۇ، ئاتلار توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. قاغان يېشىل كىمخاب يېپىنچا ئارتقان، يالاڭۋاش، پېشانىسىدىن ئايلاندۇرۇپ يىپەك ياغلىقنى بېشىغا چەمبەرسىمان چىگىۋالغان بولۇپ، ئوڭ - سول تەرەپتىكى چاچلىرى رەتلىك تارالغان، تاۋار - دۇردۇن كىيىملەرنى كىيىشكەن 200 دىن كۆپرەك تارقاننىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ، لەشكەرلەردىن باشقىلار جۇۋا ۋە باشقا كىيىملەرنى كىيىشكىنىچە قوللىرىغا تۈرلۈك تۇغ - ئەلەملەر بىلەن ئوقيا ئالغىنىچە سانجاق - سانجاق تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ باش - ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىكەن④. «يابغۇ قاغاننىڭ ئوۋچىلىق مەيدانىدىكىلەر باش - ئايىغىغا كۆز يەتكۈسىز» بولغانىكەن، ئۇنىڭغا يەنە شۇنچىلىك ئات قوشۇلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، شۈەنزاڭ بۇ ھەقتە تەپسىلىي ۋە ئېنىق ئەھۋاللارنى خاتىرىگە ئالمىغان. شۇڭا، باشقا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللىرى ئارقىلىق تۈركلەردىكى قورشاۋ ئوۋنىڭ تەشكىللىنىش شەكلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇرمىز: «موڭغۇللار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلىپ كېلىشكە بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ. خەۋەر كەلگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى بىر ئايلىق مۇساپە دائىرىسىدىكى قەبىلىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ھايۋانلارنى قوغلاپ بەلگىلەنگەن دائىرىگە سۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ قوشۇندىكىلەر سول قانات، ئوڭ قانات ۋە ئوتتۇرا قوشۇن دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قوماندانى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇن- بالىلىرى ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرىدۇ»⑤. جورجىتلارمۇ قورشاۋ ئوۋ قىلغاندا

«ئوتتۇرىدىكى سېرىق ئەلەم مەركىزىي لەشكەرلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئوڭ ـ سول ئىككى قانات قوشۇن قىزىل ۋە ئاق ئەلەملەر بىلەن بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرەتتى» ، ئۇلارمۇ ئوخشاش ھالدا «ئوۋ باشلىنىش ئالدىدا ھەربىرى بىردىن ئوقنى تەق قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر 10 كىشىدىن بىر ئاتارمەن بېكىتىلىپ قالغان توققۇز كىشىگە مەسئۇل بولىدۇ. ھەرقايسى گۇرۇپپىلار بەلگىلەنگەن يۆنىلىشتە ماڭىدۇ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ»⑥. بۇنداق دېگەنلىك كۆچمەنلەر ئوۋ ئوۋلىغاندا دائىم تۇغ ـ ئەلەملەر ئارقىلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر ئون كىشىنى بىردىن گۇرۇپپا قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. ئوۋچىلىقتىكى بۇ خىل سەپكە تىزىلىش ئۇسۇلى لەشكەرىي ساھەگە كۆچۈرۈلگەن ۋە ئوڭ ـ سول ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن ماسلىشىدىغان شەكىل ھاسىل قىلىنغان، شۇنداقلا ئونلۇق تەشكىلىي پرىنسىپى بولۇپ قالغان. بۇ نۇقتا ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك تارقان (ئاقسۆڭەكلەر دېگەن مەنىدە، ھەممىسىنىڭ «تارقان» مەنسىپىدىكى كىشى بولۇشى ناتايىن) لارنىڭ «ئوڭ ـ سولدىن ئوراپ تۇرۇشى» نى قاغاننىڭ مۇلازىملىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، پۇقرالارنىڭ قوللىرىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە ئوقيالار بىلەن باغلاپ قاراش توغرىدەك قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال لەشكەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغۇچى تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ شۈەنزاڭنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ناۋادا بۇ قىياس خاتا بولمىسا تۈركلەرنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي سىستېمىسىدىكى «ئوڭ قانات شاد» ، «سول قانات شاد» دېگەنلەر پۈتۈنلەي ئوۋچىلىق تۈزۈمىنىڭ قېلىپىدىن چىققان نەرسىلەر بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئونلۇق سەپ ھەققىدە شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە بىرنەرسە دېيىلمىگەن، باشقا تارىخىي ۋەسىقىلەردىمۇ بىۋاسىتە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بەزى قالدۇق ئىزلارنى تېپىش مۇمكىن. قەدىمكى رىۋايەت دەۋرىدىلا تۈركلەردە ئونلۇق سان ئۇقۇمى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، «بۆرىدىن ئون بالا تۇغۇلۇپتۇ» ، «ناردۇلانىڭ ئون خوتۇنى باركەن» . كېيىنچە تۈرك خانلىقىغا ئۇل

سالغۇچى «تۈمەن»⑦ دەپ ئاتالغان، بۇمۇ «ئون مىڭ ئەركەكنىڭ
سەردارى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئونلۇق تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئالىي دەرى-
جىلىرىدىن ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، مويۇنچۇر (ئۇيغۇر بىلگە
قاغان) مەڭگۈتېشى شىمالىي يۈز 6 - قۇردىمۇ «مىڭبېشى»⑧ دېگەن
سۆز ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن قالسا ئونلۇق تۈزۈمدىكى قوشۇن شتاتى
قەدىمدىنلا شىمال مىللەتلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. موڭغۇل،
جورجىتلارلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، ھون، ئاۋارلارمۇ شۇنداق
قىلغان⑨. تۈرك خانلىقىنىڭ ئالدىنقى خانلىقلارنىڭ نام - ئەمەللى-
رىنى قوللانغانلىقىغا⑩ ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈمگە ۋا-
رىسلىق قىلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساسەن تۈرك قوشۇنلى-
رى ئونلۇق سىستېما بويىچە تۈزۈلگەن، شۇنداقلا بۇ ئۇسۇل ئوۋچى-
لىق شەكلىدىن كېلىپ چىققان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ئوۋچىلىق شەكلىدىن كېلىپ چىق-
قان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى تاشقى جەھەتتە ئوۋچىلىق
ئادەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان، بۇنىڭ بىلەن تۈرك ھۆكۈمرانلى-
رى ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەم لەشكەرلەرگە، ھەم ئوۋچىلارغا ئوخشايدىغان
قوش خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ رەقىبلىرىنى كۆپ قېتىم قايمۇقتۇرا-
لىغانىدى. مەسىلەن، دايېنىڭ 11- يىلى «شىبى قاغان ئوۋ ئوۋلاش
باھانىسىدە يەنمېنگىچە كېلىۋالغان»⑪. جېنگۇەننىڭ 1 - يىلى «ئې-
لىگ قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ھىيلىسىنى بىلىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ شوجۇ ئايمىقىغا يۆتكەلگەن قوشۇنلىرىنى ئوۋچىلىقتا ماڭ-
غانلار دەپ تونۇشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ جەڭ تەييارلىقى
ئىدى»⑫. تۈرك قوشۇنىنىڭ لەشكىرىي جەھەتتىكى تاشقى ئالاھىدى-
لىكىنىڭ ئوڭ-سول ۋە ئوتتۇرا دەپ ئۈچ رايونغا ئايرىلىش ۋە ئونلۇق
سىستېما بويىچە تەشكىللىنىش ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆت-
تۇق. ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تۈرك قوشۇنىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمى-
سى ھەققىدە توختالماقچىمىز.

تۈرك خانلىقى غايەت زور ساندىكى لەشكىرىي كۈچكە ئىگە بو-
لۇپ، جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ سانى «نەچچە

يۇزمىڭ»⑬ بولغان. بۇ زور قوشۇن ئاساسەن ياساۋۇللار، ئوقياچى سەرۋازلار ۋە شاشلار قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ياساۋۇللار فۇلى دەپ ئاتىلىدۇ، خۋاشيا تىلىدا بۇ ‹بۆرە› دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بۆرە نەسلىدىن بولغاچقا ئەجدادىنى ئۇنتۇمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». دېمەك، تۈركلەرنىڭ نەچچە يۇزمىڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قاغاننىڭ مۇلازىم قوشۇنى بولغان، بۇ قوشۇندىكىلەر ئاشىنا ئۇرۇقى يەنى بۆرە ئۇرۇقىدىن ⑭ بولغان ئۆز لەشكەرلەر بولغاچقا، «بۆرە» دەپ ئاتالغان. بۇ قوشۇندىكىلەر تۈركلەرنىڭ خانلىق قۇرۇشىدا زور تۆھپە قوشقان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن «بۆرىلەر» ئادەتتىكى نەۋكەرلەردىن دەرىجە جەھەتتىن يۇقىرىراق بولغان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى پۈتۈكلىرى بۇ قوشۇندىكىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەمما، «ياساۋۇللار» نىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا تۈرك قاغاننىڭ مۇشۇ ئاز ساندىكى ئۆز نەۋكەرلىرىگە تايىنىپ شەرق - غەربكە يۈرۈش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا تۈرك قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كىملەر؟ ل. گۇمىليېۋ: «تۆت يۇزمىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ياردەمچى نەۋكەرلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قوشۇندىكىلەر ‹ئوقياچى سەرۋازلار› دەپ ئاتالغان»⑮ دەپ قارايدۇ. مەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. ئوقياچى سەرۋازلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئەسلىي تۈرك قەبىلىسىدىكى ئاددىي چارۋىچىلاردىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. خۇددى بېرنىشتام ئېيتقاندەك: «تۈركلەرنىڭ قورال تۇتالايدىغانلىكى قەبىلە ئەزالىرىمۇ جەڭگە قاتنىششى كېرەك ئىدى. لەشكىرىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش كۆچمەنلەرنىڭ دائىملىق كەسپى»⑯ ئىدى. نەۋكەرلەرنىڭ يىغىلىش مەسىلىسىنى تۆۋەندە ئايرىم مۇھاكىمە قىلىمىز. بىز بۇ يەردە داۋاملىق ھالدا تۈرك قوشۇنىنىڭ 3 ـ تەركىبىي قىسمى توغرىسىدا ئىزدەنمەكچىمىز. شاشلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان⑰. ئومۇملاشتۇرۇپ

ئېيتقاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىدىن تەركىب تاپقان خىللانغان قوشۇندۇر. تۈرك قاغانى غۇزلارنى كۆپلەپ ئىشلەتكەنلىكتىن تۈرك قوشۇنىنىڭ غۇز تەركىبى بەكلا قويۇق ئىدى، بولۇپمۇ ئېلىگ قاغان دەۋرىدە (620 — 630) «غۇز قەبىلىسى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، غۇزلار بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئۆكتەم بولۇپ كەتكەن: «ئېلىگ ھەرقېتىم ئۇلارنى ئانا يۇرتىدىن يىراق جايلاردىكى مۇھىم ئىشلارغا سالاتتى. غۇزلار ئاچ كۆز ۋە تەلۋە بولۇپ خۇي - پەيلى تولا ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، پەرمان بويىچە مۇكاپاتلىنىپ تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ھەر يىلى لەشكىرىي ئۆزگىرىش قىلىپ تۇرىدۇ» ⑱. «مۇھىم ئىشلارغا سېلىش» نىڭ «يىلدا لەشكىرىي ئۆزگىرىش قىلىش» نىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىتلاردىكى غۇز نەۋكەرلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچ بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق. شۇڭلاشقا، شاشلارنىڭ ئېلىگ قاغان ھالاك بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى خالىماسلىقىنى⑲ ئەسلىدىكى ئىگىسىگە سادىق بولدى دېگەندىن كۆرە، تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ھەر يىلى لەشكىرىي ئۆزگىرىش قىلىش» تىن ھېساب ئېلىشىدىن قورققانلىقىدىن بولغان دېگەن تۈزۈك. قىزىقارلىقى، ئېلىگ قاغانىنىڭ ھەر يىلدىكى لەشكىرىي يۈرۈشتە شاشلارنى كونكرېت ئۇرۇشلارغا سالغانلىقى رەسمىي تارىخنامىلەردە پەقەتلا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئايرىم غەيرىي رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە ئانچە - مۇنچە مەلۇماتلار كۆزگە چېلىقىدۇ: «ۋۇدې يىللىرىنىڭ ئاخىرى تۈركلەر ۋېيشۇي كۆۋرۈكىگىچە قىستاپ كەلدى، ئوقياچى سەرۋازلىرى تۆت يۈز مىڭ كىشى ئىدى... غۇزلارنىڭ تاللانغان چەۋەندازلىرى ئاتلىرىنى چاپچىتىپ كۈندە نەچچە قېتىم جەڭگە چاقىردى» ⑳. تۈركلەر دەۋرىدىكى «غۇزلار» سوغدىلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تۈركىي تىلدىكى ياكى موڭغۇل تىلىدىكى خەلقلەردىن پەرقلىنىدۇ.㉑ بۇنىڭدىن قارىغاندا «غۇزلارنىڭ تاللانغان چەۋەندازلىرى» شاشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. مەسىلىگە بۇنداق قارىمىغاندا ئېلىگ قاغان دەۋرىدىكى غۇزلارنىڭ مۇھىملىقى ۋە شاشلارنىڭ نامى چىقماسلىقىدەك زىددىيەتلىك ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى

چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. شاشلار مەسىلىسىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا بار. «يېڭى تاڭنامە. جاڭ شۈننىڭ تەرجى-مىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «جاڭ شۈن نەنچيۈن قاتارلىق كىشىلەرنى قوۋۇقنى ئېچىۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار زىچى تۇرۇۋاتقان جايدىن ئۇرچاپ قىلىپ باستۇرۇپ ئۆتتى. دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيگەن ئاتامان شاشلارنىڭ مىڭ چەۋەندىزىنى باشلىغىنىچە تۇغ - ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ جاڭ شۈننىڭ ئالدىغا چىقتى». بۇ ئىشلار VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يۈز بەرگەن. ناۋادا ئېلىنگ دەۋرىدىكى شاشلار قۇمۇل ۋە لوپنۇردىكى سوغدى مەھەللىلىرىدىن كەلگەن㉒ دەپ قارالسا ئەن لۇشەن (ئۆڭلۇك) — شى شىمىڭ (سۆيگىن) ئىسيانىغا ئىشتىراك قىلغان شاشلار ئوردۇسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئالتە جۇپ سوغداق» (لۇ-جۇ، لىجۇ، خەنجۇ، سەيجۇ، يىجۇ ۋە چىجۇ) دىن كەلگەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۆڭلۇكنىڭ سەپەرۋەر قىلغىنى بىۋاستە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا غۇزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

تۆۋەندە تۈرك قوشۇنىنىڭ سەپكە ئېلىنىشى، تەمىنلەش ۋە باش-قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئاز - تولا مۇھا-كىمە قىلىمىز.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈرك قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۆز قەبىلە ۋە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ئادەتتىكى نەۋكەرىدىن تەشكىل تاپقان. شۇڭا، لەشكەر ۋە ئاتلارنىڭ سەپكە ئېلىنىش ئەھۋالىنى ئىككى قاتلامغا بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئۆز قەبىلىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار هونلارغا ئوخشاش «قاۋۇل، مەر-گەن بولۇپ، تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلار ئىدى»㉓ دېگەندەك بولسا كېرەك. ئەرەب تارىخشۇناسلىرى مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ھەم چو-پاندار، ھەم ئاتباقار، ئات سودىگىرى، تېۋىپ ۋە چەۋەنداز»㉔. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇقرادىن لەشكەرگە ئايلىنىش بىردەملىك ئىش ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى سۇياب ۋادىسىدىكى يات ئۇرۇق تۈركلىرى «دۇبۇلغا - ساۋۇتنى كىيىپ تۇرۇپ تېرىقچىلىق

قىلغان» [25]، بۇمۇ تۈركلەردىكى «لەشكەر - پۇقرا بىر گەۋدىلىكى»
نىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. يەنە بىرى، بېقىندى قەبىلە نەۋكەرلىرىنىڭ
سەپكە ئېلىنىشى ھەققىدە جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە كۆپلەپ خاتىرىلەر
بار: «شىمالىي چى سۇلالىسى خېچىڭنىڭ 3 - يىلى تۈركلەر قوشۇن-
لىرىنى يۆتكەپ چېگرىغا ئورۇنلاشتۇردى. يەنە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى
يىغىپ پۈتۈن ئەلنىڭ دىققىتىنى چى دۆلىتىگە قاراتتى»، «جۇ سۇلا-
لىسى شۇەنجېڭنىڭ 1 - يىلى تابار قاغان بانىڭنىڭ پىڭجۇ ئايمىقىنى
ئىشغال قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ھەرقايسى قەبىلىلەرنى توپلاپ
تارام - تارام قوشۇنلارنى جەنۇبقا ماڭدۇردى»، «سۇي سۇلالىسى
دايېنىڭ 1 - يىلى ئىشبارا قاغان ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى
تەكلىپ قىلىپ دەرقەمتە تۇرۇپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشنى بىرلىكتە
پىلانلاشتى» [26]. بۇ يەردىكى «يىغىپ»، «توپلاپ» ۋە «تەكلىپ
قىلىپ» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە «سەپكە ئېلىش» نى كۆرسىتىدۇ.
لەشكەر ۋە ئات قوبۇل قىلىشنىڭ چارىلىرى «جۇنامە. تۈركلەر ھەق-
قىدە قىسسە» دە ئېنىق خاتىرىلەنگەن: «ئۇلاردىكى لەشكەر ۋە ئات
ئېلىش، چارۋىچىلاردىن باج - سېلىق ئېلىش قاتارلىق ئىشلار دەرەخ-
لەرگە بەلگە ئويۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئالتۇن ئوق بېشىغا
شامدىن پېچەت سېلىپ تامغىلاپ مەكتۇپ قىلىپ قوللىنىدۇ». لەش-
كەر ۋە ئات ئېلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قوشۇننىڭ
لاۋازىمەت ئىشلىرى توغرىسىدا تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ئاشلىق ۋە پۇل -
پۇچەك ساقلايدىغان ئامبار سالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىدە بەزىبىر سىر-
لار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئىسپات-
لاش كېرەك. ئەرەب تارىخشۇناسلىرى تۈركلەرنىڭ لەشكىرىي يۈرۈش-
كە ياكى ئوۋغا چىقىپ ئولجىغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقىتلاردا، «يېمەك-
لىككە موھتاج بولۇپ قالسا ئايغىردىن بىرەرنى ئۆلتۈرۈپ قورسىقىنى
تويدۇرىدۇ، ئۇسسۇز قالغاندا بىرەر بايتالنى سېغىپلا سۈتىنى ئېچىۋا-
لىدۇ» [27] غانلىقىنى خاتىرىلىگەن. قارىغاندا تۈركلەرمۇ موڭغۇللارغا
ئوخشاش «لەشكىرىي يۈرۈشكە چىققاندا ئۆز ئوزۇقى ئۈچۈن بىر
قىسىم ھايۋانلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان» [28] بولسا كېرەك. بۇنى چۈشى-

نىش تەس ئەمەس: لەشكەر ۋە پۇقرا بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن
ئەھۋالدا نەۋكەرلەرگە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش تەلىپى قويۇلىدۇ،
بىقىندى قەبىلىلەردىن ئېلىنغان لەشكەرلەرمۇ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەي-
دۇ. بۇنىڭدىن تۈركلەر جەڭدە يېڭىلگەندە نېمە ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدا
شۇنچىۋالا كۆپ «ھەر خىل ھايۋانلار»㉙ نىڭ قېپقالىدىغانلىقىنىڭ
سەۋەبىنى چۈشىنىۋالالايمىز. نەۋكەرلەرگە تەقسىملەپ بېرىلىدىغان
لەشكىرىي لاۋازىمەت بولمىغان ئەھۋالدا، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۇلار-
نى لەشكىرىي ئىشلارغا پۈتۈن كۈچى ۋە زېھنى بىلەن بېرىلسۇن
دەيدىكەن، ئۇلارغا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بۆلۈپ بەرمەي بولمايتتى.
تارىخنامىلەردىكى تۈركلەرنىڭ «بۇلاپ كەلگەن مال – مۈلۈكلەرنى
پۈتۈنلەي سانغۇن ۋە نەۋكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىدىغانلىقى» ㉚
بۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا، غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇغ-
لۇق قاغانى «قولغا چۈشكەن بايلىقنى قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ
بەرمىگەندە سانغۇن ئىشورچۇرنىڭ غەزەپلىنىپ ئۇ نەرسىلەرنى تارتى-
ۋالغانلىقى»㉛ غا ھەيران قېلىش ھاجەتسىز ئىدى. مېنىڭچە، ئىشور-
چۇرنىڭ ھەرىكىتى سەرۋازلار تۈپىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ
ئىنىكاسى.
تۈرك قوشۇنىنىڭ باشقۇرۇلۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مەنبەلەر-
نىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بىر-
نەرسە دېيىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئەمما، «شاد» نىڭ پەۋقۇلئاددە
ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق. جۇڭگو مەنبەلىرىدە مۇنداق دېيىلى-
دۇ: «باشقا ئورۇقنىڭ (قەبىلىنىڭ) لەشكىرىي ئىشلىرىغا يېتەكچى-
لىك قىلغۇچى ‹شاد› دېيىلىدۇ»،㉜ «بەگ-چۇر ئىنىسى تاشەم-
بەگنى سول قانات شاد، قۇتلۇقنىڭ ئوغلى بۆگۈنى ئوڭ قانات
شاد قىلىپ بېكىتىپ ھەربىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىككى تۈمەندىن قو-
شۇن بەردى»، «كۆلتېكىن قوبۇل قىلماي سول قول بىلىك خان
بولدى ۋە مەخسۇس لەشكىرىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى»، «تەڭرى
ئاتا ۋە تاغىسىغا ئايرىم - ئايرىم لەشكەر بەردى. كۈنچىقىشتا تۈرغىنى
سول شاد، كۈنپېتىشتا تۈرغىنى ئوڭ شاد دېيىلدى. ئۇنىڭ بارلىق

سەرخىل كۆچى ئىككى شادقا بېرىۋېتىلدى»㉝. بۇ يەردىكى «سول قول بىلىگخان» دېگىنى پۈتۈكچىنىڭ ھونلارنىڭ قەدىمكى مەنسەپ نامى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەمەل سىستېمىسىنى خاتىرىلىگىنى بولۇپ، «شاد» ۋە «سول قول بىلىگخان» دېگەنلەر «يات قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە يولباشچىلىق قىلىدىغان» قوماندانلارنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن «شاد» بولىدىغان كىشىنىڭ قاغاننىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى بولىدىغانلىقى، يەنى تارىخنامىلەردە ئېيتىلغاندەك «دائىم قاغاننىڭ ئوغلى، ئىنىسى ياكى جەمەتىدىن بىرەرسى شاد بولىدۇ»㉞ غانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، «بىرىنچى تۈرك خانلىقى» (552 — 630) دەۋرىدىكى «شاد» ئاتالغان 16 كىشىنىڭ ئىچىدە ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغانلار 12 ئىدى㉟. قانداشلىق مۇناسىۋىتى گۇمانلىق بولغان كىشى «شاد» بولالمايتتى. مەسىلەن، ئاشىنا سىمۇ «تەقى - تۈرقى تۈركلەرگە ئەمەس، غۇزلارغا بەكمۇ ئوخشايدىغان بولغاچقا»، ئاخىر «شاد» بولالمىغان㊱. تۈرك ئوردىسى «شاد» سايلىمىدا «شەجەرە» ۋە «قانداشلىق» دېگەن ئىككى چوڭ پرىنسىپنى چىڭ تۇتىدىغان بولۇپ، بۇ دەرىجىدىكى ئەتىۋارلىقلىقى بۇ ئەمەلنىڭ مۇھىملىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. چۈنكى، تۈرك خانلىقى ھەربىي - مەمۇرىي بىرلەشمە بولۇپ، لەشكىرىي ھوقۇق ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى، شۇڭا بۇ ھوقۇق باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە «تەختتىن ئايرىلىپ قېلىش» خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. مانا مۇشۇ ئاساسلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىشباراتىرىش قاغانى پۈتۈن مەملىكەتنى 10 بۆلەككە بۆلۈپ ھەربىر بۆلەككە بىردىن «شاد» قويغان. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرە بار: «قاغان ئۆز ئېلىنى 10 بۆلەككە بۆلۈپ ھەربىرىگە بىردىن كىشىنى باش قىلدى. ھەربىر باشقا بىردىن ئوق بېرىپ ئون ئوق، يەنى ئون شاد دەپ ئاتىدى: سول بەش تۇغلۇقتا بەش چۇر تەسىس قىلىنىپ سۇيابنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئوڭ بەش نۇرسادپۇتلۇقتا بەش ئۇلۇغ ئېركىن تەسىس قىلىنىپ سۇيابنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ

قول ئاستىدىكى ھەربىر ئوق بىر قەبىلە دېيىلىپ بۇلار 10 ئوق قەبىلىسى دەپ ئاتالدى» . بۇ 10 نەپەر «شاد» قاغاننىڭ 10 ھەربىي-مەمۇرىي بىرلىكتىكى ۋاكالەتچىلىرى ئىدى. ئۇلار تىنچ زاماندا مەمۇرىي باشلىق، ئۇرۇش مەزگىلىدە لەشكىرىي قوماندان ئىدى. ئاشىنا جەمەتىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىدىن باشقىلارنىڭ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا بولمايتتى.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن تۈرك قوشۇنىنىڭ قەبىلە تەشكىلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ قورشاۋ ئوۋ تۈزۈلمىسىنى شەكىل قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ لەشكەر - پۇقرا بىر گەۋدىلىشىش ۋە بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى سەپكە ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالاھىدىلىك قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ خىل لەشكىرىي تۈزۈم مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن ھەربىي پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمەت مۇناسىۋىتى بىلەن لەشكىرىي مۇناسىۋەتنى گىرەلەشتۈرىۋېتىدۇ (قەدىمكى تۈرك تىلىدا «جەڭچى» دېگەننى qadaš دەيدۇ. ئاساسەن «قانداش» ، «تۇغقان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، سۆز مەنىسى كېڭەيتىلسە «ھەمراھ» ، «دوست» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ) ، ئۇنىڭدا يادرولۇق تۈزۈلۈش ۋە تاشقى تۈزۈلۈش ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغاچقا، تەشكىللىنىش دەرىجىسى ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرى قوشۇنىدىن يۇقىرى ئىدى، ئەمما ھەرگىزمۇ بۇنى «ئىتتىپاقلاشقان لەشكەرلەر» دەپ قارىماسلىق كېرەك. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا تۈركلەرنىڭ لەشكىرىي تۈزۈمى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

1) قەبىلە ئاقساقىلى ۋە قەبىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. لەشكەر - پۇقرا بىر گەۋدىلەشكەن شارائىتتا سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى سانغۇن - نەۋكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇۋېتىشى، بۇنىڭ بىلەن تۈرك قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ خانلىقنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ شەرقىي يۈز 6 - قۇرىدىكى

«بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەنلىكى ئۈچۈن تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بوپتۇ»㊲ دېگەنلەر دەل تۈرك ھۆكۈمرانلىرى تۈگىتەلمەيۋاتقان زىددىيەت ئىدى.

2) ھۆكۈمران قەبىلە بىلەن بېقىندى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. تۈرك خانىدانلىقىدا بېقىندۇرۇلغان قەبىلە جەزمەن ھۆكۈمران قەبىلىگە قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇرۇشى ۋە لەشكەر چىقىرىپ جەڭگە ياردەملىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل ھاقارەتلىك بېقىندىلىق شەرقىتىكى يات قوۋملارنى «ئۆچمەنلىكنى يۈرىكىدە ساقلاشقا، غەربىي روھلارنى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا»، «چىشىنى قاتتىق چىشلەپ قولاي پۇرسەت كۈتۈش»㊳ كە مەجبۇر قىلاتتى. بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئاسىيلىق قىلىشلىرى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنىدى. ۋۇدېنىڭ 9- يىلى (626- يىلى) ۋېيشۈيدىكى جەڭ مەيدانىدا تاڭ تەيزۇڭ بۇ زىددىيەتنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «تۈركلەر كۆپ بولغىنى بىلەن تەرتىپلىك ئەمەس. قاغان بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا پايدىنى كۆزلەيدۇ. قاغان قارشى قىرغاقتا تۇرسىمۇ ئاقساقال ـ ئاتامانلار ماڭا سالام بېرىش ئۈچۈن بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ»㊴. جېنگۇەننىڭ 3- يىلى (629- يىلى) تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى دۇجىڭ بۇ خىل زىددىيەتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان: «يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئادەملىرىنى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىگە كىرگۈزدى، يۇشى شاد قەبىلىسىدىكى يۈگۈنى قاتارلىق توققۇز ئېركىن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ بەيئەتكە كەلدى»㊵.

3) مەركەزدىكى خان جەمەتى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەرلىك قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. يەرلىك قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى دېگىنىمىز «بەگ» لەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ سەپكە قاتنىشىدىغانلىقى ئۈچۈن تۈرك قوشۇنىدىكى ئاساسىي قاتلامنى بىۋاستە كونترول قىلىۋالاتتى. بىر تۈركۈم «قولداشلار» ۋە «ئوغلانلار»㊶ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاساسى بولۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ «دەسمايە» سىنى جەڭلەردە خورىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلار دائىم دېگۈدەك مەركەزدىكى خان جەمەتى ئاق-

سۆگەكلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىگە قارشى چىقاتتى. «تۇنيۇقۇق مەڭگۇتېشى» نىڭ 36 ـ، 37 ـ قۇرلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ھەرقايسى تۈرك بەگلىرى يارىس تۈزلەڭلىكىدە ياۋنىڭ توپلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندا «يانايلى، ساپ نوموُس ئەلا»⑫ دېيىشكەن. «ئونگىن مەڭگۇتېشى» نىڭ 7 ـ، 8 ـ قۇرلىرىدىمۇ تۈرك بەگلىرىنىڭ جەڭ ئالدىدىكى توخۇ يۈرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاتامنىڭ ئادەملىرى ئاز بولۇپ، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدىكەن»⑬. «ساپ نوموُس» نى ساقلاپ قېلىشى شۇبھىسىزكى ئۆزىنىڭ «ئاز» بولغان ئەمەلىيى كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئىدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئاقساقال ـ ئاتامانلىق ئورنىنى ساقـلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقاچان ئاشىنا جەمەتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشۋەرمەيتتى.

يۇقىرىقى بۇ زىددىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىي كرىزىسقا ھامىلىدار ئىدى. ھەربىي ـ مەمۇرىي بىرلەشمە بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ ھالاكىتى تۈرك لەشكىرىي تۈزۈمىنىڭ يېمىرىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانىدى. تارىخنىڭ يەكۈنى ئاشىنا جەمەتى زادىلا كۈتمىگەن يەردىن چىقتى: سىنىپىي زىددىيەت ۋە قەبىلىلەر زىدددىيىتى (ماھىيەتتە يەنىلا سىنىپىي زىددىيەتنىڭ باشقا بىر خىل شەكلى) نىڭ توختاۋسىز ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن ئاخىر تۈرك خانلىقىنىڭ ماتەم سىگنالى چېلىندى.

## 2 §. قوراللىنىش ئەھۋالى

تۈرك قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورال ـ يارىقى جەڭ ئاتلىرى ۋە جەڭ قوراللىرى ئىدى. جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە خاتىرىلەر بولسىمۇ بەكلا چولتا. شۇڭا، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ۋەسىقىلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىغاندىلا تۈرك قوشۇنىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە

بولغىنى بولىدۇ:

«تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 72 - جىلد، «ۋاسسال ئات تامغىلىرى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك ئاتلىرىنىڭ ماھارەتلىرى كارامەت. پۇتلىرىنىڭ يىغىلىپ - ئېچىلىشلىرى، يىراقتا چاپالايدىغانلىقى، ئوۋغا ماس كېلىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭدىشى يوق». بۇ نەقىل تۈرك ئاتلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنىڭ ئىخچام تەسۋىرىي بولۇپ، تۆۋەندىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماددىي مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئالتايدىكى چارۋىچىلارنىڭ قەدىمكى قەبرىلىرىنى قازغاندا 23 يۈرۈش ئات سۆڭىكىنى تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە VIII — VII ئەسىر يەنى تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بولغىنى 12 يۈرۈش، پۇت سۆڭەكلىرى 10 دانە، باش سۆڭىكى 6 دانە. سالكىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ 12 يۈرۈش ئات سۆڭىكىنىڭ 11 يۈرۈشى تەن ئېگىزلىكى 134 — 142 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى يايلاق ئاتلىرى تىپىغا كىرىدىكەن، يەنى ئومۇمىي سانىنىڭ %92 نى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، تۈركلەر دەۋرىدىكى ئالتاي ئاتلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ھازىرقى قازاق ئاتلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ㊹. قازاق ئېتى ئېلىمىزدە «ئىلى ئېتى» دېيىلىدىغان ئەلا سورتلارنىڭ بىرى㊺. بۇنىڭدىن قارىغاندا «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىتمۇھىم خاتىرىلەر» دىكى يۇقىرىقى خاتىرە توغرا بولسا كېرەك.

ئات بولغانىكەن، جەزمەن ئاتقا كېرەكلىك جابدۇقلار بولىدۇ. ئەمما، ۋەسىقىلەردە بۇ توغرۇلۇق بىرەر خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، پۈتۈنلەي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېگەر ئېھتىمال ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ ئۇزاق ساقلانمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسا كېرەك، ئەمما يۈگەن ۋە ئۈزەڭگە كۆپلەپ تېپىلدى. تۈركلەر دەۋرىدىكى ئالتاي ئاتلىرىنىڭ يۈگەنلىرى بىر جۈپ بولۇپ تۆمۈردىن ياسالغان، ئەمما ئۈست-

ئۈستىگە دەل چۈشمەيدۇ. يوگەنگە ئىككى ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن، ھالقىغا تۆشۈك تېشىلىپ چۇلۇۋۇرغا باغلانغان. چۇلۇۋۇر ھالقىسى تۆمۈر، مىس ياكى سۆڭەكتىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ھالقا ئىچىدە ھەرىكەتچان ئوق بار، بۇنىڭ بىلەن چۇلۇۋۇرنى بوشاتقىلى ۋە چىڭىتقىلى بولىدۇ㊻. ئۈزەڭگىلەر قورۇي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئەڭ مودا بولغىنى كەڭ تۆشۈكلۈك 8 شەكىللىك ئۈزەڭگە.

2) شەكلى ئاددىيراق، بىر تۆشۈكلۈك يۇمىلاقراق ئۈزەڭگە. بۇنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرەپلىرى ئاساسەن تەڭ.

3) شەكلى ئەڭ مۇرەككەپ بولغان ئۈزەڭگە. بۇنىڭ تۆشۈكى توغرىسى ئۇزۇن، ئۈستى تەرىپى ئۈچلۇقراق بولىدۇ.

بۇ ئۈزەڭگىلەرنىڭ ياسىلىشى سىپتا، تۆشۈكلىرى ۋە ئاستىنقى تەگ قىسمىغا ئويۇلغان نەقىشلەر ھەمدە بەزىلىرىگە چاپلانغان گۈل - گىياھ ئويمىلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۈزەڭگىنىڭ ئىشلىتىلىشى تۈرك قوشۇنى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، چەۋەندازلارنىڭ پۇتىدا تايىنىدىغان كۈچ نۇقتىسى بولغاندىلا قىرىپ - چاپقىلى ۋە ياۋنى ئۆلتۈرۈش - يارىدار قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

تۈرك قوشۇنى ئىشلەتكەن لەشكىرىي قوراللار ھەققىدە «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قوراللىرىدىن ئوقيا㊼، ئاۋازلىق ئوقيا، ساۋۇت، غىلاپ، شەمشەر - قىلىچ قاتارلىقلار بار». تۆۋەندە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بويىچە يىراقتا ئاتقۇچى قوراللار، قوغدىنىش قوراللىرى، قىسقا قوراللار ۋە ئۇزۇن قوراللار قاتارلىق تۆت تۈر بويىچە مۇھاكىمە قىلىمىز.

1) يىراقتا ئاتقۇچى قوراللار. ئوقيا ۋە ئاۋازلىق ئوقيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتايلىقلار برونزا ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە ئادەتتىكى ئەگمەك ياغاچلارنى ئوقيا قىلىپ ئىشلەتكەن، ئەسىرلەردە ئاندىن شەكلى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان IX — VII ئوقيا ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئالتايدىكى تۈرك قەبرىلىرىنىڭ قېزىلى-

شى ئارقىسىدا بۇ قورالنىڭ ياغاچ دەستە، تۇتقۇچ ۋە ئىككى ئۇچىدىكى سۆڭەك قاپلىما قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۇق. يا كىرىچىنىڭ ئادەتتىكى تۈز تۇرغان ھالىتى 1.25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، تولۇق تارتىلغاندا ئىككى ئۇچى ئېگىلىپ M شەكلىگە كېلىدۇ. بۇ خىل سۆڭەك قاپلىمىلىق M شەكىللىك ئوقيا مۇساپىسى، كۈچلۈكلۈكى ۋە دەللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە قەدىمكى ئوقيالارنى بېسىپ چۈشەتتى[48]. تۆمۈردىن ياسالغان ئوق بېشى كۆپىنچە ئۈچ بۇلۇڭلۇق ياپراق شەكلىدە بولاتتى. ئوق بېشى ياپراقچىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تۆشۈك تېشىلىپ تۆشۈكلۈك يۇملاق شارچىدىن بىرى ئېسىپ قويۇلسا ئاتقاندا ۋىژىلداپ ماڭىدىغان بولۇپ، بۇ «ئاۋازلىق ئوقيا» دېيىلەتتى[49].

2) قوغدىنىش قوراللىرى. ئالتاي قەبرىلىرىدىن ھازىرغا قەدەر تېخى تۇركلەر كىيگەن دۇبۇلغا - ساۋۇتلار تېپىلمىدى[50]. ئەمما، جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدە بۇ ھەقتە كۆپلەپ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تاڭ تەيزۇڭنىڭ «دۇبۇلغا - ساۋۇتنى كىيىم ئورنىدا كىيىدۇ» (ئالدىنقى نەقىل) دېگەن سۆز؛ خېي چىچاڭنىڭ «قاراقچىلار (تۈركلەرنى دېمەكچى) نىڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشۈپ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيگەنلىكلىرىنى كۆرگەنلىكى»[51] نىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭ دەلىلى. گۇمىلېۋ «دۇبۇلغا - ساۋۇتنىڭ بار - يوقلۇقى ياساۋۇللار بىلەن ئوقياچى سەرۋازلارنىڭ قوراللىنىش جەھەتتىكى ئاساسىي پەرقى» دەپ قارايدۇ[52]. بۇ ئېھتىمال دۇبۇلغا - ساۋۇتنىڭ ئالتاي قەبرىلىرىدە كۆزگە چېلىقىماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

3) قىسقا قوراللار. ئالتايدىكى تۈرك قەبرىلىرىدىن چىققان دەپنە بۇيۇملار ۋە موڭغۇلىيە - سىبىرىيە تۈرك بالبالىرىنىڭ زىننەتلىرىدىن [53] قارىغاندا قىلىچ، خەنجەر، شەمشەر قاتارلىقلارنى مۇشۇ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. قىلىچ دەستىسى توغرىسىغا تۈز بولۇپ، قىلىچ قىنى بىلەن كرېست بەلگىسى ھاسىل قىلىدۇ (ئەگرى دەستىلىك قىلىچلارمۇ بولۇپ، ئۇلار كرېست ھاسىل قىلالمايدۇ)، قىلىچ

ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. خەنجەرمۇ تۈز دەستىلىك بولۇپ، قىنىغا نەقىش ئويۇلغان[54]، شەمشەر ناھايىتى سىپتا سوقۇلغان بولۇپ، مەنزىرە رەسىمى چېكىلگەن بۇ ئاقسۆڭەكلەر شەمشىرى ئېھتىمال يات ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن سوۋغات بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن[55].

4) ئۇزۇن قوراللار. ھازىرچە مەلۇم بولغىنى پەقەت نەيزە ۋە ئات چېدەرى (ئارقان) دىنلا ئىبارەت. ئالتاي قەبرىلىرىدىن چىققان تۆمۈر نەيزىلەردە ياغاچ دەستىسىگە تۆشۈك ئورنى قالدۇرۇلغان بولۇپ، نەيزە ئۇچى ناھايىتى ئۆتكۈر، ساۋۇتنىمۇ تېشىۋېتىدۇ [56]. ئات چېدەرى — ئارقاننى كۆرسىتىدۇ، ئۇ چارۋىچىلار ئۇچۇن ھەم جابدۇق، ھەم قورال ئىدى[57]. شۇڭا، تۈرك قانۇنىدا ئات چېدەرى ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن[58].

تۈرك قوشۇنىنىڭ يۇقىرىقى قوراللىنىش ئەھۋالى ئەينى دەۋر شارائىتىدا خېلىلا ئىلغار ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بىلگە قاغاننىڭ «ئاتام قاغاننىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك ئىكەن، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن» [59] دەپ پەخىرلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

تۈرك قوشۇنىنىڭ ئاشۇنداق ياخشى قوراللىنىشى «تۆمۈرچىلىك قىلىپ» ئىلگىرىكى كۆچمەنلەرنىڭ تېخنىكىلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن باشقا[60]، يەنە بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ بايلىقىدىن بىۋاسىتە پايدىلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، قىرغىزلار «ھەر يىلى يامغۇر پەسلىدە تۆمۈر تاۋلايدۇ، ئۇلار بۇ تۆمۈرنى ‹جىياشا› دەپ ئاتايدۇ، ئۇلار دائىم مۇشۇنىڭ بىلەن تۈركلەرگە خىراج تۆلەيدۇ» [61]. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ قىرغىزلار ياشىغان مىنۇسسىنسك ئويمانلىقىنى «تۈرك خانلىقىنىڭ تۆمۈر قورال ۋە جەڭ قوراللىرى ياساش بازىسى» [62] دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ھەيران قېلىش ھاجەتسىز. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. سۈي - تاڭ دەۋرلىرىدە تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلاردا بولاپ كېتىش ۋە قېچىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تۈركلەرگە قوشۇلۇپ قالغان خەنزۇلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە

قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللى-
رىدىكى جاھان مالىمانچىلىقىدا جۇڭگولۇقلاردىن سان ـ ساناقسىز
كىشى قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر قۇدرەت تاپتى». دې-
مەك، تۈركلەرنىڭ «قۇدرەت تېپىشى» ئاشۇ «جۇڭگولۇقلار» بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكى-
سىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا سالنامىلەردە ئېنىق
خاتىرە يوق. تۈۋەندىكىسى پەقەت بىر ھادىسە: «تۈركلەرنىڭ ئېلىگ
قاغانى مايى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا گاۋ كەيداۋنىڭ لەشكەرلىرى
شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن
مايى شەھىرىنى قولغا چۈشۈردى، كېيىن چېكىنىپ كەتتى»[63].
قارىغاندا تۈركلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئەل بولغان لەشكەرلەردىن
شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىلىرىنى ئىگىلىگەندەك
تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ دەۋرىدىكى خېدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ «شىما-
لىدا تۈركلەر»[64] بولغانلىقى، يەنە كېلىپ بۇ رايون ئوقيا ئىشلەپچى-
قىرىش بىلەن داڭلىق بولغانلىقى ئۈچۈن لى دېيۇ «لەشكىرىي كۆچ
ئارقىلىق تىنـچلاندۇرۇش ۋە ئوقـياچى ئۇستىلارنى خېدوڭـغا قايتۇ-
رۇپ كېلىش»[65] تەكلىپىنى قويغانىدى. ئوقيا مۇھىم ھەربىي قورال
بولغانلىقى، شۇنداقلا خېدۇڭ كۆپ قېتىم تۈركلەر تەرىپىدىن ئاياغ
ئاستى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئوقياچى ئۇستىلار تۈركلەر
تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ شىمالىي چۆللۈكنىڭ ئوقياچىلىق تېخنى-
كىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆرتكە بولغان تاشقى ئامىللاردىن بولۇپ
قالغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

## § 3 . ئۇرۇش سەنئىتى

تۈرك قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەت،
يەنى تاڭ تەيزۇڭ ئېيتقاندەك «قۇيۇندەك ھەرىكەت» بولسىمۇ، ئەمما
بۇ تۈرك نەۋكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمغا چىقىشىدا قانۇنىيەت يوقلۇقىنى

بىلدۈرمەيدۇ. جاڭ جونىڭ «تەبىئەتكە تەلپۈنۈش» دېگەن ئەسىرىدە
تۈركلەرنىڭ سەددىچىنىدىن ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەت مۇنداق
خاتىرىلەنگەن: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تياۋلۇ يىللىرىدىن كېيىن پاختەك
چوڭلۇقىدىكى، قۇشقاچ رەڭگىدىكى بىر قۇش پەيدا بولۇپ قالدى.
بۇ قۇش توپ - توپ بولۇپ ئۇچسا بوراندەك شاۋقۇن قالدۇرۇپ
ماڭىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئۇنى چۆل قۇشى دەپ ئاتىغان،
ئۇ تۈرك قۇشقىچى دەپمۇ ئاتالغان. ئەلمىساقتىن بېرى تۈركلەرنىڭ
بېسىپ كىرىشى ئاشۇ قۇشتىن كېيىنلا بولۇپ كەلگەن» . بۇ خاتىرىدە
ھېچقانداق ئەپسانىۋى تەركىب يوق (بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ «تۈرك
مەھسۇلاتلىرى قىسمى» دىكى تۈرك قۇشقىچى ھەققىدە بېرىلگەن باياند
غا قاراڭ) . تۈرك قۇشقىچى چۆللۈك ياكى يېرىم چۆللۈك رايونلارغا
تارقالغان، يەتتىسۇ ۋادىسى ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايون-
لارغا ماكانلاشقان بولۇپ، ئوت - چۆپ ۋە سۇ بويلىرىدا دانلايدۇ،
قىشتا جەنۇبقا ئۇچۇپ بېرىپ قىشلايدۇ، ئىنتايىن تېز ئۇچىدۇ[66] .
بۇنىڭدىن تاڭ دەۋرىدىكى تۈرك قۇشىنىڭ جەنۇبقا ئۇچۇش مەزگىلى-
نىڭ جەزمەن قىش پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايمىز. چۈنكى، «غۇز
زېمىنىدا قىش قاتتىق بولىدۇ. گۈل - گىياھلار قۇرۇپ، بۇلاقلارنى
مۇز قاپلايدۇ»[67] . بۇ قۇشنىڭ نېمە ئۇچۈن تۈركلەرنىڭ سەددىچىنىدىن
ئۆتۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغانلىقىنىڭ شەرتى بولۇپ قالغانلىقى
«ھەر يىلى دەريادا مۇز قاتقاندا تۈركلەرنىڭ تالان - تاراجغا كېلىدىغان-
لىقى»[68] دىن ئىدى. «مۇز قېتىش» ئىبارىسى تۈرك قۇشىنىڭ جە-
نۇبقا ئۇچۇشى بىلەن تۈرك چەۋەندازلىرىنىڭ سەددىچىنىدىن ئۆتۈشىنى
بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. تۈركلەرنىڭ «مۇز قاتقان» مەزگىلدە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىشى دائىم كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەر-
دىن ئىدى. «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق
دېيىلىدۇ: «شىمال ۋىلايەتلىرىنىڭ لەشكىرىي قوشۇنلىرى شىمالدا
تۈركلەر بىلەن دەريانى چېگرا قىلىدۇ. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا
بىر بۇتخانا بار. تۈركلەر بۇلاڭ- تالاڭغا ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال مۇشۇ
بۇتخانىدا نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئەرۋاھلارغا مەي- تائام قويىدۇ. لەشكەر-

لەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئاتلارنى دەم ئالدۇرغاچ دەريا سۈيىنىڭ مۇزلىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ». تاڭ دەۋرى ئەدىبلىرىنىڭ «مۇز قاتسا قاراقچىلار كېلەر» دېگەن ئىبارىنى ماۋزۇ قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى: «سانغۇن مۇداپىئە ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى: مۇز قاتقاندا قاراقچىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دەريا مۇداپىئەسىگە لەشكەر ئەۋەرتىلىشى زۆرۈردۇر. ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا مۇزلىرىنى چوقۇۋېتىشلىرى لازىمدۇر. شەھەردە پۇقرالار قالسىلا كۇپايە[69]. مۇز قاتسا دەريادىن ئۆتۈش ئوڭاي بولىدۇ. سۇغا ئادەتلەنمىگەن تۈركلەرنىڭ مۇشۇنداق پەيتنى تاللاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىشى پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك. تېخىمۇ مۇھىمى ئاتلارنىڭ كۈچىگە كېلىپ، نەۋكەرلەرنىڭ جانلىنىشى بۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى، يەنى «كۈز پەسلىگە كەلگەندە ئاتلار سەمرىيدۇ»[70]. كۈزدىن كېيىنلا كەلگەن قىش پەسلىنىڭ تۈركلەرنىڭ لەشكىري ئىشلاردىكى «ئالتۇن پەسلى» بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «غۇز زېمىنىدا قىش قاتتىق بولىدىغان، گۈل - گىياھلار قۇرۇپ، بۇلاقلار مۇزلاپ كېتىدىغان» ئەھۋالنىمۇ دىققەتتىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى يېقىن دېھقانچىلىق رايونلىرىنى تالان - تاراج قىلىش يايلاق رايونىدىكى ئادەملەر ۋە مال - چارۋىلارنىڭ تەمىنات مەسىلىسى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولاتتى. بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنىڭ پەسىل خاراكتېرى كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ لەشكىري پائالىيەتكە بولغان چەكلىمىسىنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بېلىۋېلىش مۇمكىن.

ئوۋدىن بۇرۇن ھايۋانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغانغا ئوخشاش، جەڭدىن ئىلگىرى ياۋنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ ماڭغۇچى ئايغاقچىلار ئەترىتى بولاتتى. جېنگۈەننىڭ 4- يىلى (630- يىلى) جاڭ گوڭجىن لەشكىري يۈرۈش قىلىپ چوغاي تاغلىرىغا كەلگەندە، تۈركلەرنىڭ «مىڭ نەچچە كىشىلىك ئايغاقچى قىس-

مى» غا دۇچ كەلگەن. بۇ خىل ئايغاقچى قىسىم موڭغۇللارنىڭ «كۆزەتچى» لىرىگە ئوخشاش ناھايىتى چاققانىدى. شۇڭا، تاڭ تەي-زوڭ ۋاڭ رېنگوڭغا ئاشۇ خىل ئۇسسۇلنى ئۆلگە قىلىپ «يىراقتا ئايغاقچى قوشۇن تۇرغۇزۇش» نى بۇيرۇغان. كېيىنچە جاڭ تىڭگۇيمۇ تاڭ شۈەنزۇڭغا «قاراقچىلارنىڭ ئايغاقچى قىسمى» دىن بەكمۇ ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن⑦١. دېمەك، «ئايغاقچىلىق» تۈرك لەشكىرىي پائالىيىتىدىكى مۇھىم بىر ھالقا ئىدى. جۈنكى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن بۇ خىل «ئايغاقچى» لار تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردىكى körgü (چارلىغۇچى) كە توغرا كەلسە كېرەك.

گەرچە «تۈركلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى چەۋاندازلىق ۋە مەرگەنلىك» (تاڭ تەيزوڭنىڭ سۆزىدىن نەقىل) تە بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈركلەر خاس ئاتلىق ئۇرۇشلا قىلىدۇ، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. خۇددى كۆچمەن چارۋىچىلىقتا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە بولغىنىدەك، پىيادە نەۋكەرلەرمۇ تۈرك قوشۇنىدا مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن، Ⅶ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۈرك دۆلىتى ئەسلىگە كەلگەن ۋاقىتلاردا، «قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاتلىق، ئۈچتىن بىرى پىيادە» ئىدى⑦٢. تۈرك چەۋاندازلىرى ۋە پىيادە نەۋكەرلىرى ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، «كۆلتېكىن پىيادە جەڭگە كىردى. ۋاڭ تۇتۇق ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى قورال - ياراغلىرى بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ قاغانغا تەقدىم قىلدى» دېگەن بايان بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

پىيادە نەۋكەرلەر تۈرك قوشۇنىدا گەرچە ياردەمچى قوشۇن ھېسابىدا بولسىمۇ، ئەمما تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان لەشكەرلەردىن دېيىشكە بولىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدا sü «قوشۇن» دېگەننى بىلدۈرگەن، «قوشۇنغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇغان» نى sü jorytdim، «لەشكىرىي كۆچىنى يىغماق» نى sü bük دېگەن. sü بىلەن at (ئات) ئوتتۇرىسىدا مەنە باغلىنىشلىقى يوق، ئەمما süŋüg (نەيزە) بىلەن بىۋاستە باغلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. قەدىمكى تۈرك لەشكەرلىرى ئۇزۇن نەيزە بىلەن جەڭ قىلىدىغان قوشۇن ئىدى⑦٣. ئۇلار توغرىسىدا جۇڭگو

ۋەسىقىلەردە «تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، «چەۋەندازلىق ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» دەپ كەتكىلى بولمايتتى. «ئاتلىق قوشۇن» يەنى atlyγsü ئات كۆندۈرۈش تېخنىكىسى ئىگىلەنىپ، ئۇزەڭگە ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن قوشۇننىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولالىغان.

ئاتلىق قوشۇن تۈرك قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەنىكەن، غەربىي يۈرۈش پائالىيەتلىرى ئاتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولۇشى ئېنىق. يې لۇجۇ «شۇاڭشىدىكى كەيپلىك خاتىرىلىرى» نىڭ 2 - جىلد، «كېيىنكى تۈركلەرنىڭ ئۈچ سۈپىسى» دىكى «بىر مەھەللىك كىشنەش - پۇشقۇرۇش داۋام قىلدى» دېگەن جۈملىنى شەرھلەپ: «تۈركلەر يۈرۈشكە ئاتلانغاندا ئاتنىڭ پۇشقۇرۇشى ۋە كىشنىشىنى يېڭىش - يېڭىلىشنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ» دەپ يازغان.

ھازىرقى بار ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تۈرك قوماندانلىرىنىڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلغاندا بېقىندى قەبىلە نەۋكەرلىرىنى ئاۋانگارت سەپكە تىزىپ قويىدىغانلىقى مەلۇم. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» نىڭ 43 — 44 - قۇرلىرىدا «... ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى چىقارتتىم، بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق» دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋال «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «ھەر قېتىم جەڭگە چىققاندا ئىككى بېقىندى قەبىلە تۇرشاۋۇل بولىدۇ» دېگەن بايانلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ بېقىندىلىق ئورنى ئۇلارنى جەڭ مەيدانلىرىدا ناھايىتى خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا تۈرك جەڭ سەنئىتىدە يەنە «سانغۇنلار بەسلەشىش» ئۇسۇلىمۇ بولغان: «قاراقچىلار توپىدىن بىر سانغۇن ئات چاپتۇرۇپ چىققىنىچە ئېلىشىشقا تەييارلاندى»، «تۈركلەر بىر سانغۇننى سەپ ئالدىدا ئېلىشىشقا چاقىرتقاندا دۇرۇڭدىڭ دەرھال شى ۋەنسۈينى تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى»[74]. قارىغاندا ۋۇدېنىڭ 7 - يىلى (624 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ئېلىگ قاغاننىڭ بىنجۇ

ئايىمىقىنىڭ غەربىدىكى تىللىشىشى ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق «سان-
غۇنلار بەسلىشىش» جېڭى بولۇپ، «تىل دەرىجىسى» قورال دەرىجە-
سىدىن كۈچلۈكرەك بولغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىز مۇكەممەل بولۇپ كەتمە-
سىمۇ، ھەر ھالدا تۈركلەرنىڭ جەڭ سەنئىتىنىڭ لەشكىرىي تۈزۈم
ۋە قوراللىنىش ئەھۋالى بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرەلەيدۇ. ئاخىرىدا كونكرېت بىر ۋەقەنى مىسال قىلىش ئارقىلىق
تۈرك خانلىقى ئوردىسىنىڭ لەشكىرىي تۈزۈم ۋە جەڭ سەنئىتىگە
ئاساسەن لەشكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراپ
باقايلى. «كونا تاڭنامە. لياڭ شىدۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق
دېيىلىدۇ: «(ۋۇدېنىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئايدا) لياڭ شىدۇ ئالاقزادە
بولغىنىدىن دىۋانبېگى لۇجىلەننى قارا قاغانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە
مۇنداق دېگۈزدى: ‹ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھازىر مالىمانغا پاتتى، پۈتۈن
ئەل پارچە - پارچە بولۇپ چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى، ھەر
خىل كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىزلاپ ھالسىراپ قالدى، شۇڭا بىز
شىمالدىكى تۈركلەرگە بېقىنىماقچى. بۈگۈن ۋۇجەمەتىنىڭ جۇ خاندان-
لىقى يوقىتىلدى. تاڭ دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ كېتىۋاتىدۇ. لياڭ شى-
دۇ بۇ مالىمانچىلىقتا قاغان جانابلىرىغا ياردەملىشىشنى خالايدۇ.
قاغاننىڭ ۋېي پادىشاھى شياۋۋېندىنى ئۈلگە قىلىپ جەنۇبقا قوشۇن
ئەۋەتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. لياڭ شىدۇ بۇ قوشۇنغا يول باشلىغۇ-
چى بولۇشقا رازى›» . قارا قاغان بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن دەرھال
كېڭىشىپ باغا شاد يۈەنجۇدىن، نىبۇر شاد ۋە لياڭ شىدۇ يەنجۇدىن،
قارا قاغان بىڭجۇدىن، تولىش قاغان ۋە تاتابىلار، بولشارلار، قىتان-
لار، موغاللار يۇجۇدىن كىرىپ دۈجىيەندېدا توپلاندى، ئاندىن
فۇكوداۋدىن ئۆتۈپ ھەممە قوشۇن جىنجياڭدا ئۇچراشتى. قوشۇن
يولغا چىقىشقا ئاز قالغانــدا قارا قاغان ۋاپات بولۇپ، پىلان ئەمەلــدىن
قالدۇرۇلدى» .

بۇ بىر بۆلەك خاتىرە تۈرك قوشۇنىنىڭ پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە نۇقتا ئال-

دىنقى بايانلىرىمىز بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ:

بىرىنچى، بۇ 11 ـ ئايدىكى ئىش بولۇپ، پەسىل جەھەتتە «مۇز قاتىدىغان» پەسىلگە ئاز قالغان.

ئىككىنچى، لياڭ شىدۇ شىمالدىكى تۈركلەرگە بېقىنغاندىن كېيىن «تاردۇش بىلگە قاغان» ئۇنۋانى بېرىلگەن. بۇ يەردىكى «يول باشلىغۇچى بولۇشنى تەلەپ قىلىش» دەل بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ «ئاۋانگارت» بولۇش ئەھۋالى ئىدى.

ئۈچىنچى، ئىككى شاد يۈەنجۇ ۋە يەنجۇدىن يەنى غەربىي يولدىن بېسىپ كىرگەن بولۇپ، ئوڭ قاناتنى شەكىللەندۇرگەن. تولىش باشچىلىقىدىكى تاتابى قاتارلىق قەبىلىلەر شەرقتىكى يۇجۇدىن كىرگەن بولۇپ، سول قاناتنى تەشكىل قىلغان. قارا قاغان بىڭجۇدىن كىرگەن بولۇپ، شۈبھىسىزكى مەركىزىي قوشۇنغا شەخسەن قوماندانلىق قىلغان. «جىنجياڭدا ئۇچراشتى» دېگىنى ئوڭ ـ سول ئىككى قاناتنىڭ ئوتتۇرا يول قوشۇنغا يېقىنلاشقىنى ئىدى. روشەنكى، قارا قاغاننىڭ ئۇرۇش پىلانى يەنىلا ئوڭ ـ سول ۋە ئوتتۇرا قوشۇنلارنىڭ ماسلىشىش پرىنسىپى بويىچە تۈزۈلگەن. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ قېتىمقى يۈرۈش لىنىيىسى تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شىمالىي دالا بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى قاتناش يولى، يەنى خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى «سەددىچىندىن ئۆتىدىغان ئۈچ يول» (75) بويىچە بولغانىدى.

## § 4 . خۇلاسە

تۆۋەندە يۇقىرىقى بايانلىرىمىز توغرىسىدا قىسقىچە خۇلاسە قىلىپ ئۆتىمىز.

1) تۈركلەرنىڭ كۆچمەن تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنىڭ ھەربىي پائالىيىتىنىڭ شەكلىنى بەلگىلىگەن. تۈرك خانلىقىنىڭ لەشكىرىي تۈزۈمى قورشاۋ ئوۋ تۈزۈمىدىن ئۆزگەرگەن. ئوۋچىلارنىڭ قوراللى-

نىشى چەۋاندازلارنىڭ قوراللىنىشى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ دەريا-
دىن ئۆتۈپ سەددىچىندىن كىرىدىغان پەسىل خاراكتېرىمۇ كۆچمەن
تۇرمۇش شەكلىنىڭ چەكلىمىلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بۇلارنىڭ
ھەممىسى «قوشۇننىڭ بارلىق تەشكىللىنىش ئەھۋالى، ئۇرۇش قى-
لىش ئۇسۇلى، شۇنداقلا بۇلارغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان مەغلۇبىيەت ۋە
غالىبىيەت بىردەك ماددىي يەنى ئىقتىسادىي شارائىتقا باغلىق بولىدى-
غانلىقى»⑯ نى چۈشەندۈرىدۇ.

2) تۈركلەرنىڭ لەشكىرىي تۈزۈمى «ئاسىيا لەشكىرىي تۈزۈمى»
نىڭ بىر ۋارىيانتى⑰ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۆز
قەبىلىسىدىكى لەشكەر - پۇقرالارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تۈزۈمى
بىلەن بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى-
نىڭ بىرلىشىشى ئىدى. بۇنىڭدا «شاد» باشچىلىقىدا بۆلەكلەرگە
بۆلۈنۈپ باشقۇرۇش ۋە ئونلۇق تۈزۈمىدىكى سىستېما قوللىنىش ئۇ-
سۇللىرى ئىشلىتىلگەن. قەبىلە تەشكىلىنى ئاساس قىلغان بۇ خىل
ھەربىي تەشكىلدە، قەبىلە ئەزالىرى بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ
تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى نەۋكەرلەرنىڭ قوماندانىغا بولغان بې-
قىندىلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىگەن، بۇنىڭ بىلەن تۈرك نەۋ-
كەرلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
بۇ قوشۇننىڭ زورىيىشىنى ئىلگىرىكى كۆچمەنلەرنىڭ تېخنىكا مىرا-
سىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلى-
نىشتىن سىرت يەنە خەنزۇلارنىڭ بەزى ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل
قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. دەل مۇشۇ ئامىللار بولغانلى-
قى ئۈچۈن تۈرك قوشۇنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى
شىمالىي چۆللۈكتىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىپايان زېمىندا ئات
چاپتۇرۇپ يۈرەلىگەنىدى.

3) تۈرك لەشكىرىي تۈزۈمىدە ساقلانغان زىددىيەتلەر تۈرك جەم-
ئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىدى.
شۇڭا، تۈرك خانلىقىدا قوشۇن سىياسىي كرىزىسنىڭ مەنبەسى، لەش-
كىرىي ئۆزگىرىش خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ

قالغانىدى. تۈرك سىياسىي تارىخىنىڭ ھەربىي تارىخ بولۇپ ئىپادىلىنىشمۇ⑱ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

4) قەبىلە تەشكىلى ۋە ئاتلىق ئوقيا ئېتىش تېخنىكىسى تۈرك قوشۇنىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى يەنىلا كۆچمەن تۇرمۇشتا ئىدى. خۇددى چېن يىنكې ئەپەندىم ئېيتقاندەك: «چەۋاندازلىق تېخنىكىسىنى كۆچمەنلەر ئىجاد قىلغان، بۇ تېخنىكا قوشۇندا دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىش ۋە دۈشمەن ئىستېھكامىغا بۆسۈپ كىرىشتەك ئىككى چوڭ ئىشقا خىزمەت قىلغان. ھازىرقى كۈندىكى ئايروپىلان، تانكا قاتارلىقلارنىڭ رولىدەك ئاتلىق قوشۇن ھەرىكەتتە تېز ۋە چاققان بولۇپلا قالماستىن، ھەمىشە پىيادە ئەسكەرلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»، «قوشۇننىڭ تەشكىللىنىشىدىكى كىچىك بىرلىك بولغان قەبىلىدە قەبىلە ئاقساقىلى ئاتا ئورنىدا سەردار بولىدۇ. قول ئاستىدىكىلەر يەنى قوۋم - قېرىنداشلىرى لەشكەر بولىدۇ. ھەممىسى بىر ئۇرۇقتىكى قانداشلارنىڭ بىرلەشمىسى بولغاچقا، ھېسسىيات جەھەتتە يېقىن، پايدا - زىياندا ئورتاق» ئىدى⑲. شۇڭا، تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئاشىنا جەمەتىنىڭ ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولغان بولسىمۇ، ئەمما تۈرك قوشۇنى يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. تاڭ ئىمپېراتورلىرى ۋە ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ⑳ تۈرك سانغۇن - نەۋكەرلىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشى بۇنىڭ بىر دەلىلى. بۇ نۇقتىدىن تۈرك قوشۇنىنىڭ تۈرك خانلىقىدىنمۇ بەكرەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئىزاھلار

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 182 - جىلد.

② «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

③ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

④ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 - جىلد.

⑤ «دوسا موڭغۇل تارىخى»، جوڭخۇا كىتابخانىسى، 1962- يىل نەشرى،

156ـ بەت.

⑥مودۇڭيىن: «مانجۇ تارىخىغا دائىر مەجمۇئەلەر»، خەلق نەشرىياتى، 1958 ـ يىل نەشرى، 64 — 65 ـ بەتلەر.

⑦ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑧ سى. يې. مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلىرى»، 1959 ـ يىل نەشرى، 39 ـ بەت.

⑨ جيەن نېيگېن: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1934 ـ يىل نەشرى، 34 ـ بەت.

⑩ پ. پېللىئوت: «خەنزۇچە 突厥 نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1934ـ يىل نەشرى، 58 — 60ـ بەتلەر.

⑪ «كونا تاڭنامە. شياۋ يۈنىڭ تەرجىمىھالى».

⑫ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 192 ـ جىلد.

⑬ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى گومىلېۋ «ئاشىنا» سۆزى موڭغۇل تىلىدىكى بۆرە (шоно) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىگە خەنزۇ تىلىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچى ھۆرمەت نامى «ئا» (阿) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان، شۇڭا «ئاشىنا» دېگەن سۆز «ھۆرمەتلىك بۆرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. «يوقىلىپ كەتكەن ئۈچ مىللەت»، «شەرق مەملىكەتلىرى ۋە مىللەتلىرى»، 2 ـ قىسىم، 104 ـ بەت. ئوتتۇرا ـ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى «阿» خېتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى ھۆرمەت ـ كەمسىتىش، ئەزىزلەش ـ پەس كۆرۈش ئەھۋاللىرىنى «阿奴»، «阿郎» دېگەن مىساللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (جياڭ لىخوڭ: «دۇنخۇاڭدىكى ئۆزگەرگەن يېزىقلار ھەققىدە ئومۇمىي تەھلىل»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1959 ـ يىل 2 ـ بەت). ھالبۇكى، «ئاشىنا» نامى تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىمىز» دەپ ئاتايدىغان ئاۋارلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. بۇنىڭغا «ئاشىنا» سۆزىنى «زىندىپەس بۆرە» دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئەمەس. ئومۇمەن، «ئاشىنا» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى كۈتمەكتە. زۈيېۋ بولسا «ئاشىنا» سۆزىنى «ئاسىيۇ» (乌孙) دىن ئۆزگەرگەن، دەپ قارايدۇ (يۇ. ئا. زۈيېۋ: «تاڭ دەۋرىدىكى ۋاسساللارنىڭ ئات

تامغىلىرى» ، «قازاقىستاننىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا ئائىت ماتې-
رىياللار» ، 1960 ـ يىل نەشرى، 121 ـ 124 ـ بەتلەر. قەدىمكى ئاسىيۇلارمۇ
بۆرىنى توتېم قىلغان، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندىمۇ «ئاشىنا» نامى بىلەن «بۆرە»
نى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

⑮ ل. ن. گۇملېۋ: «تۇيۇق مازاردىن چىققان قورچاق ئەسكەرلەر» ،
«ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق مۇزېيخانىسى ژۇرنىلى» XI توم، 252-
بەت. بۇ ماقالىدە ئۇ تۇرپان قورچاق ئەسكەرلىرى بىلەن كەلپىن ھەيكەل
چەۋەندازلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئالدىنقىسى ئوردا ياساۋۇلى، كېيىنكىسى ئوقىيا-
چى چەۋەنداز دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

⑯ ئا. ن. بېرنشتام: « VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن - يېنسەي
تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ، 1946- يىل نەشرى، 127-
بەت.

⑰ ئې. چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار
توپلىمى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 ـ يىل نەشرى، 127 ـ بەت
④ئىزاھقا قاراڭ؛ ت. ۋاتتېرس: «شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستان سەپىرى» ، 1 ـ
قىسىم، 1904 ـ يىل نەشرى، 94 ـ بەت؛ ئې. گ. پۇللېيبلاتك: «ئىچكى
موڭغۇلىيىدىكى سوغدى مەھەللىلىرى» ، «توڭباۋ» 41 ـ جىلد، 1952- يىل
نەشرى 349- بەت؛ فۇجىتا تويۇخاچى: «غەربىي يۇرت ھەققىدە تەتقىقات» ،
شاڭخۇ نەشرىياتى، 1937 ـ يىل نەشرى، 173 ـ بەت؛ چېن يىنكې: «تاڭ
دەۋرىنىڭ سىياسىي تارىخى ھەققىدە بايانلار» ، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1956-
يىل نەشرى، 29 — 30 ـ بەتلەر؛ چېن يىنكې: «تاڭ تارىخنامىلىرىدىكى
ئارىلاشما غۇزلار ھەققىدە دۇفۇ شېئىرلىرىنى ئىسپات قىلىش» ، «نەنگو» ، 2-
سان، لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتى 1950 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت؛ سېن جۇڭمى-
يەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 2- قىسىم، 539- بەت؛
جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تارىخىغا دائىر
ماتېرىياللار توپلىمى» ، 4 ـ قىسىم، 296 — 303 ـ بەتلەر.

⑱ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» .

⑲ «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئېلىگ قاغان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەردىن بىر
قىسمى سىرتاردۇشلارغا قوشۇلدى، بىر قىسمى غەربىي يۇرتقا كەتتى. ئەل
بولغانلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ… پەقەت شاشلارلا ئەل بولمىدى» .

⑳ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ قىسىم، 163 ـ بەت.

㉑㉒ ئى. گ. پۈللېيبلانك: «ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى سوغدى مەھەللەلەر»، 318 ـ، 319 ـ، 349 ـ بەتلەر.

㉓ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»

㉔ ئا. ن. ماندېلشتام: «فەتھى. بىن. خاقانغا يوللانغان مەكتۇپتىن IX ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ خاراكتېرىگە نەزەر»، «قازاق س س (پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە ـ مىللەتشۇناسلىق توپلىمى» I توم، 1956 ـ يىل نەشرى، 232 ـ بەت.

㉕ «يېڭى تاڭنامە. سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

㉖ بۇ ئۈچ نەقىل بىردەك «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 1 ـ قىسىم 31 ـ، 39 ـ، 45 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

㉗ ئا. ن. ماندېلشتام: يۇقىرىقى ئەسەر 231 ـ بەت.

㉘ «دوسان موڭغۇل تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 30 ـ بەت.

㉙ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم، 1 ـ، 50 ـ، 57 ـ، 75 ـ بەتلەر.

㉚ «كونا تاڭنامە. جېڭ يۈەنشۈنىڭ تەرجىمىھالى».

㉛ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉜ «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉝ بۇ تۆت نەقىل بىردەك «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىندى.

㉞ «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉟ خۇيافۇ: «قەدىمكى تۈرك مىللىتى ھەققىدە تەتقىقات»، I توم، شەنچۈەن نەشرىياتى 1967 ـ يىل ياپونچە نەشرى، 334 — 335 ـ بەتلەر.

㊱ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊲ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 ـ قىسىم، 880 ـ بەت؛ س. مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 1951ـ يىل نەشرى، 36 — 37 ـ بەتلەر.

㊳ «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊴ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊵ «كونا تاڭنامە. دۇ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى».

㊶ مالوۋ: «يېنسەي تۈرك يېزىقلىرى»، 1952 ـ يىل نەشرى، 19 ـ، 26 ـ، 50 ـ، بەتلەر.

㊷ مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» 68 ـ بەت.

㊸ مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلىرى» 10 ـ بەت.

㊹ ۋ. ئى. سالكىن: «ئالتاي قەبرىلىرىدىكى ئات سۆڭەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «سوۋېت ئېتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقاتى»، 24 ـ جىلد، 1952 ـ يىل نەشرى، 154 ـ بەت. تۈرك ئاتلىرىنىڭ قىيالار، ساپال بۇيۇملار، تام رەسىملىرى ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرگە چۈشۈرۈلگەن شەكىللىرى توغرىسىدا ئېمىل. ئېسىنىنىڭ «تۈرك سەنئىتىدە ئات» («ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» 10 ـ جىلد، 3 — 4 سان 1965 ـ يىل) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

㊺ شې چىڭشيا: «جۇڭگونىڭ ئاتچىلىق تارىخى»، 1959 ـ يىل نەشرى، 275 — 276 ـ بەتلەر.

㊻ س. ۋ. كىسلىيېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 1951 ـ يىل نەشرى، 519 — 520 ـ، 516 — 519 ـ بەتلەر.

㊼ «ئوقيا» خېتى (弓矢) «سۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە بىردەك «弓角» دەپ ئېلىنغان.

㊽ كىسلېۋ: «جەنۇبى سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 511 ـ، 512 ـ، 521 ـ، 522 ـ بەتلەر.

㊾ ئاۋازلىق ئوقيانىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئالىملار ئادەتتە «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسەن ئۇنى باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىللار) دىن باشلانغان دېيىشىدۇ. ئې. ۋاللاككېر يېڭى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئاۋازلىق ئوق» دېگەن ئاتالغۇنىڭ «جۇاڭزى. رەھىمدىللىك» تىكى «كونا تارىخنامىلەردە ئاۋازلىق ئوقيا ئوقى تېگىپ كەتسە ئاغرىق ئازابىنىڭ يۈرەكنى ئېزىۋېتىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن» دېگەن بايانلاردا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى ھەمدە ئاۋازلىق ئوقيانىڭ خاتىرىگە ئېلىنىش دەۋرىنى «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن 200 يىل ئالدىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنداقلا «جۇاڭزى» دا ئىشلىتىلگەن بۇ سۆزنى يات تىلدىن كىرگەن ئوخشىتىش ئىبارىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاۋازلىق ئوقيانى بىلىش دەۋرىنى«جۇاڭزى» كىتاب ھالىتىگە كېلىشتىنمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىدى. «ئاۋازلىق ئوقيانىڭ تارىخى»،

«شەرق» ژۇرنىلى، 11 ـ توپلام، 1958ـ يىل 1 — 2ـ سان، 181ـ 182 ـ بەتلەر.

⑳ كىسىلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 552 ـ بەت.

㊿ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1ـ قىسىم، 310ـ بەت.

㊾ گومىلېۋ: «تۈيۈق مازىرىدىن تېپىلغان لەشكەر قورچاق»، 242 ـ بەت.

㊽ تۈرك بالباللىرىنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەيكىلى ياكى «ئۆلتۈرگەن ئادىمى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە تېخى ئىلىم دۇنياسىدا مۇقىملاشقان پىكىر يوق. شۇڭلاشقا، بۇ تۈردىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغاندا ئالدىنئالا ئەسكەرتمە بېرىش زۆرۈر. مەن «بالبال ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەيكىلى» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيمەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ياساندۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تۈركلەرنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىغا ئىسپات قىلدىم. جۇڭگو مەنبەلىرىنى تۈركە ئايرىشتا تۈركلەرنىڭ ئۆلگۈچى ئۇچۇن ھەيكەل تۇرغۇزۇشى بىلەن بالبال تۇرغۇزۇشى ئىككىگە ئايرىۋېتىلدى (لى خېڭ: «ئالتاي بالباللىرىنى تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە دوكلات» — «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1962ـ يىل7 — 8ـ قوشما سان، 106 — 107 ـ بەتلەر). ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بالبال بىلەن تاش ھەيكەلنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئالتايدىكى قۇراغان دەرياـ سىنىڭ سول قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرىلەردىن 486 دانە تاش بالبال (ئەڭ كۆپ قەبرىدىن 51 دانە) چىققان. بۇتاش بالباللار ئاساسەن ئۈچى ئۈچلۈق ۋە ئۈچى تۈز دېگەندەك ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گومىلېۋ ئۈچى ئۈچلۈق بولغىنى يايلاق خەلقىنىڭ ئۈچلۈق بۆكىنىڭ، تۈز ئۈچلۈقى يەرلىك ئالتاي ئاھالىسىنىڭ تۈز ئۈچلۈق بۆكىنىڭ ئىنكاسى، دەپ قارايدۇ («ئالتاي تۈركلەـ رى» — «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1959 ـ يىل 1 ـ سان). ئا. د. گراچمۇ تۈركلەرنىڭ دەپنە ئادەتلىرى، تاش بالباللىرى ۋە تاش ھەيكەللىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. «غەربىي تۇۋادىكى تاش ئادەملەر ۋە تۈرك دەپنە ئادەتلىرى» — «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك ئىزلىرى توغرىسىدا» («شەرق ۋە غەرب»، 1971 ـ يىل 21 ـ جىلد، رىم) دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

㊼ ئا. د. گراچ: «تۇۋادىكى تۈرك بالباللىرى» 1961ـ يىل، 63 — 64ـ بەتلەر؛ ل. ئا. يېۋتوخوۋا: «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيىدىكى تاش

ئادەملەر» — «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقاتى»، 24 ـ جىلد، 110 — 113 ـ بەتلەر.

⑤⑤ كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 520ـ بەت.

⑤⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 521 ـ بەت.

⑤⑦ ئا. پ. ئوكلادىنكوۋ، ۋ. د. زاپوروۋسكايا: «لېنا قىياتاش رەسىملىرى» 117 ـ بەت؛ ئا. ن. ماندىلشتام: يۇقىرىقى ئەسەر 230 — 231 ـ بەتلەر.

⑤⑧ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑤⑨ مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» 37 ـ بەت.

⑥⓪ كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 432 — 434 ـ بەتلەر.

⑥① «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».

㉖ يۇ. س. خۇدياكوۋ: «يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھەربىي قوراللىنىش ئەھۋالى»، يېڭى سىبىرىيە 1980 ـ يىل نەشرى، 149 ـ 150 ـ بەتلەر.

⑥③ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم، 149 ـ بەت، مەزكۇر ئەسەرنىڭ 40 ـ بېتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇۋۋدىنىڭ شۇەنجېڭ 1 ـ يىلى (578 ـ يىلى) تۈركلەر جيۇچۇەننى قورشىۋالغاندا «ھۇجۇم قوراللىرى» ئىشلەتكەن، ئەمما ئۇلجىغا ئېرىشەلمىگەن.

⑥④ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى»، 2 ـ جىلد.

⑥⑤ جۇۋېي: «جۇڭگو ھەربىي قوراللىرى تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 217 ـ بەت، سەنليەن كىتابخانىسى، 1957 ـ يىل نەشرى.

⑥⑥ ۋ. ن. شىنتىنكوۋ: «يەتتىسۇ قۇشلىرى»، 1949 ـ يىل نەشرى، 182 — 185ـ بەتلەر. يەنە قاراڭ «بۈيۈك س س س ر ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 2ـ نەشرى، 22 ـ توم 548 ـ بەت؛ «ھايۋانلار چوڭ لۇغىتى»، شاڭخەي نەشرىياتى، 1933 ـ يىل نەشرى، 477 ـ بەت.

⑥⑦ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 322 ـ ۋە 15 ـ بەتلەر.

⑥⑧ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑥⑨ يۇقىرىقى ئەسەر 659 ـ بەت.

⑦⓪ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»؛ شياۋدا خېڭ: «شىمال ئادەتلىرى. باقىمچىلىق» تا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۆز كەلگەندە ئاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوغىناپ سەمرىپ كېتىدۇ».

(71) «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم، 190 ـ، 103 ـ، 379 ـ بەتلەر.

(72) مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» 65 ـ بەت.

(73) س. ل. قىزلاسوۋ: «تۈرك قوشۇنىنىڭ قەدىمكى تارىخىغا ئىزاھ»، «روسىيە ئارخېئولوگىيىسى»، 1996 ـ يىل 3 ـ سان، 75 — 77 ـ بەتلەر.

(74) بۇ ئىككى نەقىل «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ قىسىم، 25 — 26 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(75) «يىجۇ ئايمىقىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «خەن ـ تاڭ جۇغراپىيەسىنىڭ كۆچۈرۈلمىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1961ـ يىل نەشرى، 301 — 302 ـ بەتلەر.

(76) ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى»، خەلق نەشرىياتى، 1956 ـ يىل نەشرى، 176 ـ بەت.

(77) ماركس 1857 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئېنگېلسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئاسىيانىڭ ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپ پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىنچە موڭغۇللار ۋە تۈركلەردە پۈتۈنلەي باشقىچە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، Ⅳ توم، 336 ـ بەت.

(78) گۇمىلىيېۋ: «ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىن ئالدىنقى تۈرك قاغانلىقىدىكى چوڭ دەتالاشقا نەزەر»، «ۋىزانتىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1961 ـ يىل نەشرى، 78 — 89 ـ بەتلەر.

(79) چېن يىنكې: «تاڭ دەۋرىدىكى ۋاسسال سانغۇنلار ۋە لەشكەرلەر»، «جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائى پەن قىسمى) 1957ـ يىل 1ـ سان، 165 — 167 ـ بەتلەر.

(80) ئا. ن. ماندېلشتام: يۇقىرىقى ئەسەر 228 — 234 ـ بەتلەر؛ فراي ۋە سويىل: «سالجۇقىيلاردىن ئاۋۋالقى ئوتتۇرا شەرق تۈركلىرى»، «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»، 1943 ـ يىل 3 ـ سان، 196 — 200 ـ بەتلەر.

# Ⅲ باب تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىك ۋە تەڭرى ئېتىقادى

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا ئاتەشپەرەسلىك بىلەن تەڭرىگە چوقۇنۇش ئۇزاق تارىخقا، چوڭقۇر يىلتىزغا، يۈكسەك ھۆرمەتكە ۋە ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. قاغان ئوردىسىدىن چوپاندارلارنىڭ چېدىرلىرىغىچە ئوت ئىلاھى ۋە كۆك تەڭرىگە سېغىنىش ئورتاق ئادەت ئىدى. بۇ ئىككى بۈيۈك ئىلاھ تۈرك دىن تارىخىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە سىڭىشىش دەرىجىسىنى باشقا ئىلاھلار (تاغ مۇئەككىلى، سۇ مۇئەككىلى ۋە ئايال ئىلاھ) غا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە تۈركلەرنىڭ ئوت ۋە تەڭرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1 § . تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىكنىڭ مەنبەسى

تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلىپى شۈەنزاڭ نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا كېتىۋاتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇياب شەھىرىدە تۈرك قاغانىنىڭ دەبدەبىلىك كۈتۈۋېلىشىغا مۇشەررەپ بولغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قاغان ناھايىتى چوڭ چېدىردا تۇرىدىكەن. قاغاننىڭ بۇ چېدىرى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىكەن. ھەرقايسى تارقانلار قاغاننىڭ

ئالدىدا قاتار ئىككى سەپ بولۇپ ئولتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىمخابتىن تون كىيىۋالغانىكەن. قاغاننىڭ ياساۋۇللىرى قاغاننىڭ ئارقىسىدا سەپراس قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىكەن. گەرچە كۆچمەنلەرنىڭ پادىشاھى بولسىمۇ، ساۋابلىق ئىشلارنى قولدىن بەرمەيدىكەن. ئاچارى ئۇستاز چېدىرغا 30 قەدەمچە قالغاندا قاغان چېدىردىن چىقىپ ئۇستاز- دىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى ھەمدە ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. تۈركلەر ئوتقا چوقۇنغانلىقتىن كارىۋات ئىشلەتمەيدىكەن. ياغاچتىن ئوت چىقىرىدىغان بولغاچقا، ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدا ياتمايدىكەن، يەرگە بىرنەچچە قات كۆرپە سېلىپلا ئۇستىدە يېتىۋېرىدى- كەن، شۇنداقتىمۇ ئاچارى ئۇستازغا بىر تۆمۈر كارىۋات ئېلىپ كې- لىپ ئۇستىگە بىرنەچچە قات كۆرپە سېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئولتۇ- رۇشقا تەكلىپ قىلدى. خۇي لىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ «كۆچمەن- لەر پادىشاھى» نىڭ تۇن يابغۇ قاغان ياكى ئىس يابغۇ قاغان ئىكەنلىكى ھەقـقىدە كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ①. ئەمما، «تۈركلەر- نىڭ ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقى» ھەققىدىكى خاتىرىدە ھېچقانداق گۇمانلىق نەرسە يوق، ۋىزانتىيە تارىخشۇناسى دىئوفولاكاتىنىڭ «تارىخ» دېگەن ئە- سىرى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ. بۇ ئەسەردە تاردۇش قاغاننىڭ 598- يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى) شەرقىي رىم ئىمپېراتورى موريۇسقا يوللىغان مەكتۇپى خاتىرىلەنگەن: «تۈركلەر ئوتقا چوقۇنىدۇ، ئاسمان- نى ۋە سۇنى قەدىرلەيدۇ، يەر ـ زېمىننى مەدھىيىلەيدۇ، ئەمما ئاسمان ۋە زېمىننى ئاپرىدە قىلغان يېگانە تەڭـرىگىلا ئىبـادەت قـىلىدۇ، ئات ـ كالا ۋە قويلارنى سويۇپ تەڭرىگە نەزىر قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان مۇنەججىملىرى بولىدۇ»②. «ئوتقا چوقۇنۇش» ھادىسىسى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى- دىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تۈرك خانلىقى ئېتىقادىدا بەكمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا ئىگە بولۇپ، دېپلوماتىك خەت ـ ئالاقە بولسۇن ياكى دېپلوماتىك قائىدە ـ يوسۇنلار بولسۇن ھەممىسىدىلا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىنلا شىمالىي تۈركلەر بىلەن يىلتىزداش» ③

بولغانلىقى ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ شەرقتىن غەربكە كېڭەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇەنزالڭ غەربكە سەپەر قىلغان مەزگىللەردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خانىدانلىقى بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچلىشىپ قاتتىق دۈشمەنلىشىۋاتقان بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ پېرسىيىنىڭ دۆلەت دىنى بىلەن بولغان زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تۈركلەردىكى «ئوتقا چوقۇنۇش» نىڭ مەنبەسىنى ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان يايلاق دۇنياسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن بىرنى كۆرۈپ باقايلى. «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك (سوك) دۆلىتىدىن. بۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. ئۇلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئابامبەگ دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇلار جەمئىي ئاكا ـ ئىنى 17 قېرىنداش ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئىگىل نىشاچۇر بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن. ئابامبەگ ئەقىللىق ۋە دانا بولمىغاچقا، ئېلى گۇمران بولۇپ، ئۆزى ھالاك بوپتۇ. ئىگىل نىشاچۇر پەۋقۇلئاددە غەيرەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك ئىكەن، شامال ۋە بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرى ياز مۇئەككىلىنىڭ، يەنە بىرى قىش مۇئەككىلىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى ھامىلدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ: بىرى، ياۋا غازغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ؛ بىرى، ئاپار دەرياسى بىلەن چۇاكىم دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ قىرغىز (كەنكۇن) دەپ ئاتىلىپتۇ؛ بىرى، كۇچ تېغىدا ماكانلىشىپتۇ، بۇ چوڭ ئوغۇل ئىكەن. بۇ تاغدا ئابامبەگنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم كىشى بولۇپ، ئۇلار سوغۇقتا يالىڭاچ قېلىپ بەكمۇ توڭلاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ ئوغۇل ئوت چىقىرىپ ئۇلارنى ئىسسىتىپتۇ ۋە ھەممىسىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك چوڭ ئوغۇلنى سەردار قىلىپ بېكىتىپ ئۇنى «تۈرك» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ كىشى نۇرتورلۇق شاد بولىدۇ. نۇر تورلۇق شادنىڭ ئون خوتۇنى

بولۇپ، تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللانغان. ئاشىنا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى» . تۈرك-لەرنىڭ ئىپتىدائىي تارىخى ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتكە توتېم ئېتىقادى ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى يوشۇرۇنغان. «ئۇلارنىڭ بىرى ھامىلىدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ» دېگىنى، بىر قانداش جەمەتتىن تۆت ئۇرۇقنىڭ بۆلۈنۈپ چىققانلىقى بولۇپ، بۇنىڭ كۆلگىمدەك ھېچ يېرى يوق. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى بايان «ئالتۇنتاغنى ماكان تۇتۇپتۇ» دېگەن رىۋايەتتىنمۇ بەكرەك رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەر ھالدا بىزنى تۈركلەردىكى ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى تارىخىي ئۇ-چۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ: (1) «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆلىتى-دىن» بولغان ئىكەن، سەك دۆلىتى ئەۋلادلىرىنىڭ ئېتىقادلىرى ئارى-سىدىن تۈركلەر دەۋرىدىكى ئېتىقادنىڭ قالدۇقلىرىنى جەزمەن تېپىش-قا بولىدۇ؛ (2) «ئوت چىقىرىپ ئىسسىتىپتۇ» ۋە «تۈرك دەپ ئاتاپتۇ» دېگەن بايانلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش شەك - شۈبھىسىز-كى، بىزگە «تۈرك» نامىنىڭ مەنە قۇرۇلمىسىدىن «ئوت» دېگەن ئامىلنى قېزىپ چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ. تۆۋەندە مانا مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ ئىزدىنىپ كۆرىمىز.

ئېتنوگرافلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، «سوك دۆلىتى» نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئالتاي كۇمانلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، كاچىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھازىرمۇ «سوق» دەپ ئاتىلىدۇ ④. ئالتايدىكى باشقا قوۋملارغا ئوخشاشلا، كاچىنلار ئۆزلىرى ئەلمىساقتىن بېرى ئاسمان - زېمىن ۋە ئاخىرەتتە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغان بارچە ئىلاھ - مۇ-ئەككەللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «تۆس» (Tös) دەپ ئاتايدۇ. ئاشۇ ئىلاھلاردىن ھەممىدىن بەكرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنى ئوت ئىلاھى «چالباق تۆس» بولۇپ، ئايال ئىلاھ دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئادەتتە قېپقىزىل رەڭدە ئۇزۇنلۇقى 30 — 40 سانتىمېتىر، كەڭلى-

كى 20 — 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاق كاناب رەختــلەرگە سىد-
ىرىلىپ، پۆپۈكــلەرنى تىكىدۇ ھەمدە چېدىردىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك
جاي — ئۆي ئىگىسىنىڭ ياتىدىغان جايى بىلەن غەللە ساندۇقى ئارىسى-
دىكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. «چالباق تۆس» — شامان باخشىلىرى-
نىڭ ئەڭ دەسلەپكى چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ، ھەممىلا ئۆي ئىگى-
لىرى بىرىنچى كاپام لوقمىسىنى جەزمەن ئۇنىڭغا ئاتىشى كېرەك
ئىدى. بۇ ئوت ئىلاھىنى كاچىنلار ئائىلىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى
ساقلاپ، چېدىر ئۆيلىرىدىكى ئــوچــاقلارنى قــوغدايدىــغان «ئــائى-
لە ئــايالى»⑤ قىلىنىۋالغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوت ئىلاھى،
يەنى ئۆي ئىلاھى ئوچاققا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئومۇم
ئېتىراپ قىلغان مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىدى. ئالدىنقى نەقىلدە كۆرۈپ
ئۆتكىنىمىزدەك، تۈرك قاغانىنىڭ چېدىرىغا «كارىۋات قويۇلمايدى-
غان، ياغاچتىن ئوت چىقىدىغان بولغاچقا، ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزى-
سىدىن ياغاچتا ياتمايدىغان» ئەھۋال «كۆچمەنلەر پادىشاھى» نىڭ
«تۆس» كە دەخلى - تەرۇز قىلىشقا يېتىنالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتى-
دۇ. ئۇنداقتا ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇش بىلەن «تۈرك» دېگەن نام
ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ تۈركولوگلارنىڭ ئانالىزىغا ئا-
ساسلانغاندا «تۈرك» نامى tür + k دېگەندەك ئىككى بۆلەكتىن
تەركىب تاپقان. ئىككىنچى بۆلىكى بولغان k ئەسلىدە كۆپ ئۇچرايدى-
غان سۆز ئارقا قوشۇمچىسى küni, güni، بولۇپ kün, gün
(خوتۇن) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بىرىنــچى بۆلــىكى بولغان
tür/tör نىڭ ئاساسىي مەنــىسى «ئوچاق قويىدىغان مۇھىم جاي».
كېيىنچە ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ tüs/tös—tös يەنى بىز كۆرۈپ
ئۆتكەن «تۆس» كە مۇقىملاشقان ۋە «ئىپتىدائىي ئىلاھ» نى كۆرسەت-
كەن، شۇنداقلا «ھەيكەل»، «ئــىلاھــ ھــەيــكىلــى»، «ئەزىز ئو-
رۇن»، «چېدىردىكى چەكلەنگەن جاي» دېگەندەك تۈرلۈك مەنىلەرنى
بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇ سۆزدىن يەنە «ئادەت»، «قانۇن» دېگەن
مەنىدىكى törü (törä) سۆزى بۆلۈنۈپ چىققان، بۇ سۆز كېيىنچە

هەتتا«قانۇن ئەمەلدارى» ، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، «تۈرك» نامىنىڭ بىرىنچى بۇغۇمىدىن «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىنىڭ چىقىرىلىشىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس⑥.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ۋەسىقىلەردىكى غۇۋالىقلارنى سىيرىپ تاشلاپ، رېۋايەتنى تارىخ قىلىپ چۈشەندۈرۈشىمىزگە ياردىمى بولىدۇ: (1) «تۈرك» نامىغا يوشۇرۇنغان ئوچاقنى ئۇلۇغلاش مەزمۇنى «جۇنامە» دىكى «ئوت چىقىرىپ ئىسسىتىپتۇ» ۋە«تۈرك دەپ ئاتاپتۇ» دېگەن بايانلار ئوتتۇرىسىدىكى بەكلا يوشۇرۇن بولغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما بۇ چۈشەندۈرۈش ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن لوگىكا جەھەتتىن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ؛ (2) ئوت ئىلاھىنىڭ ئايال تەسۋىرىدە بولۇشى ۋە k نىڭ küni دىن ئۆزگەرگىنى ئوت ئىلاھىغا بولغان چوقۇنۇشنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسى دەۋرىدە بىخلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «سەردار» بولۇپ تەيىنلەنگەن «نۇر تورلۇق شادنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدۇ» ، بۇ ئەھۋال دەل ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ⑦. بۇنىڭدىن تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىك ئادىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى بارلىقىنى بىلىۋالايمىز. تۈركلەر «غەربىي قاغان» ۋە «شەرقىي قاغان» دەپ ئۆز ئالدىغا دەۋران سۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ يەنىلا ئەسلىنى ئۇنتۇمىغان. بىراق، بەزى ئالىملار ئالتايلىقلاردىكى «تۆس» بىلەن ئۆرتۆپە دۆلىتىدىكى «تاشسىچ ئىلاھى» نى تەڭلەشتۈرۈپ، تۈركلەر «ئوتقا چوقۇنۇش» نى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپلارنىڭ ۋاسىتىچىلىكىدە ئىراندىن «ئۆگەنگەن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىدۇ⑧، ئەمما ئۇلار قايمۇقۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە «تاشسىچ» بىلەن «تۆس» پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ، «سۇينامە» نىڭ 83 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئۆرتۆپە»

ده تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ ئەلدە تاشسىچ نامىلىق بىر ئىلاھ بار بولۇپ، ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بارچە ئەللەر هۆرمەت بىلەن باش ئۇرىدۇ. مەزكۇر ئىلاھقا مەنسۇپ بولغان بىر ئالتۇن پاترا بولۇپ، كەڭلىكى بىر جاڭ بەش چى، ئېگىزلىكىمۇ شۇنچىلىك كېلىدۇ. ھەر قېتىمقى ئىبادەت كۈنى نەزىر ھېسابىدا بەش تۆگە، 10 ئات، 100 تۇياق قوي سويۇلىدۇ. بىرەر مىڭ كىشى يىغىلىشىپ بۇ گۆشلەرنى يېسىمۇ تۈگىتەلمەيدۇ».

ئوتتۇرا ئەسىردە «ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقى» سوغدىيانا ئىدى. سوغدشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، «تاشسىچ» نامى سوغدى تىلىدا (txs'yc) ⑨ دېيىلىدىغان بولۇپ، «تۆس» بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قۇربانلىق ماللارنىڭ تۈرى ۋە سانىدىن قارىغاندا، ئۆرتۆپە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىستىخان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى «مەشھۇر ئىبادەتخانا» ⑩ يېقىلغان ئىسرىقەلىرى بىلەنلا ھەرقانداق «تۆس» نى بېسىپ چۈشەتتى. ئەگەر يەنە بىر خىل تەشەببۇسنى قوبۇل قىلىپ، «تاشسىچ» نى پارسچە ⑪Teštar دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىسەك، ئۇ ھالدا زورو ئاستېر دىنىدىكى «يامغۇر ئىلاھى» بىلەن شامان دىنىدىكى «ئوچاق ئىلاھى» ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور پەرق مانا مەن دەپلا ئاشكارا بولىدۇ.

دەرھەقىقەت «تاشسىچ» بىلەن «تۆس» نىڭ بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىنكار قىلىش پەقەت ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى «ئوتقا تېۋىنىش» نىڭ شىمالىي دالادىن كەلگەنلىكىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما بۇ غەربىي تۈرك خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى ئاتەشپەرەس تۈركلەر بىلەن مەزكۇر رايوندا ئەۋج ئالغان زورو ئاستېر دىنىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس. تۆۋەندە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، شەرق بىلەن غەربتىكى ئىككى خىل «ئوت ئېتىقادى» نىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا دىن تارىخىدا قانداق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىمىز.

## 2 § . زوروئاستىر دىنى ۋە تۈركلەر

تۈركلەر VI ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا- غا بېسىپ كىردى. 563 — 567 ـ يىللىرى ئىستەمى قاغان باشچى- لىقىدىكى بىر بۆلەك تۈركلەر ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىنى ئىگىلىدى⑫. سۈي ياڭدى دەۋرى (605 — 616) گە كەلگەندە سەمەرقەنت پادىشاھى «قۇشچى غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ قىزىنى ئېلىپ، تەدرىجىي تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالدى»⑬. شۇەنزاڭ غەربكە سەپەر قىلغاندا تۈرك خانلىقى ئاللىقاچان ئېفتالىتلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئىگىلەپ، تەسىر كۈچى كەشمىر- گىچە يېتىپ بولغانىدى. بۇ كەڭ تېررىتورىيە ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق ـ غەرب قاتنىشىدا مۇھىم بۆلەك ھېسابلىناتتى. «يېڭى تاڭنا- مە» 221 ـ جىلد «سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «كۇشانىيە پايتەختى» نىڭ سول تەرىپىدە بىر راۋاق بولۇپ، راۋاق- نىڭ شىمالىي تېمىغا جۇڭگو ئىمپېراتورى، شەرقىي تۈرك، بىراھ- مى، غەربىي پېرسىيە، رۇم قاتارلىق ئەللەرنىڭ خانلىقلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. كۇشانىيە پادىشاھى ھەر كۈنى سەھەردە بۇ راۋاق- نى بىر قېتىم تاۋاپ قىلىپ ئوردىغا قايتىدۇ» . دېمەك، بۇ رايون جۇڭگو، پېرسىيە، ھىندىستان ۋە ۋىزانتىيە قاتارلىق جايلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىدى. قەدىمكى شەرق دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە توققۇز جاۋۇپلار رايونى بەجايىكى بىر دىنىي كۆرگەزمىخانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەت ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى زورو ئاستىر ۋە بۇددىزم ئېتىقادلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، يەنە مانىي دىنى، يۇلتۇز ئېتىقادچىلىقى ۋە خرىستىئان دىنى قاتارلىقلارمۇ بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئەمما، تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگو ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، زوروئاس- تىر دىنى ئەڭ ئەۋج ئالغان دىندەك قىلىدۇ. VII ئەسىرنىڭ باشلىرى

شۇەنزاڭ سەمەرقەنتتىن ئۆتكەندە كۆرگىنىنى مۇنداق دىگەن: «پادىشاھ ۋە ئاۋام پۇقرالار بۇددا تەلىماتىغا ئىشەنمەيدىكەن، ئوتقا چوقۇنۇشنى تەرىقەت دەپ بىلىدىكەن. ئىككى يەردە ئىبادەتخانا بولسىمۇ راھىب يوق ئىكەن. سەپەردىكى راھىبلاردىن قونماقچى بولغانلىرىنى غوزلار ئوت قويۇپ قوغلايدىكەن ۋە تۇرغۇزمايدىكەن»⑭. بۇ باياندا «ئوتقا چوقۇنۇش» ئىبارىسى ئارقىلىق زورو ئاستىر دىنىغا بولغان ئېتىقاد ئىپادىلەنگەن، چۈنكى تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە «زورو ئاستىر» سۆزى «ياتلار ھەققىدىكى خاتىرىلەردە ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ئوردا خاتىرىلىرىدە ئاساسەن قوللىنىلمايتتى»⑮. VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خۇي چاۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئالتە دۆلەت (بۇخارا، ئۆرتۆپە، كېش، شاش، ماغىيان، سەمەرقەنت) تە ئاتەشپەرەسلىك ئەۋج ئالغان. ئۇلار بۇددا تەلىماتلىرىدىن خەۋەرسىز»⑯. شۇنچە كەڭ ئومۇملاشقان زورو ئاستىر دىنى خېلى بالدۇردىلا ئوتقا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان تۈركلەردە قانداق ئىنكاس پەيدا قىلغان؟ مەنبەلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋال بەزى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلماس. بارتولدنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، روسىيە تۈركىستانىدىكى زورو ئاستىر دىنى بىلەن ساسانىيلاردىكى زورو ئاستىر دىنىنىڭ پەرقلىنىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكى دەپنە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆڭەك كۈلى كومزىكىدە ئىكەن. بۇ خىل كومزەكلەر ساپالدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئىچىگە ئۆلگۈچىنىڭ سۆڭەكلىرى سېلىنىدۇ، سىرتى ھەر خىل قاپارتما نەقىش بىلەن بېزىلىدۇ⑰. سۆڭەك كومزىكى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن، كۇشان دەۋرى تېپىدىكىلىرى ئەڭ كۆپ. بۇ خىل دەپنە ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇشى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىكى دالاغا دەپنە قىلىش (مېيىتنى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ يېۋېتىشىگە تاشلاپ بېرىش) ۋە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش (جەسەت كۈلىنى كۆمۈش) تەك ئىككى خىل دەپنە ئادىتىنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى⑱. سۆڭەك كومزىكىنىڭ شەكلىدە تۈركلەر دەۋرىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى ۋە چېدىرسى-

مان سۆگەك كومزەكلەر بارلىققا كەلدى. بۇ كومزەكلەرنىڭ سىرتىغا چوپاندارلارنىڭ چېدىرلىرىدىكى گۈللۈك نەقىشلەر سىزىلغان، كومزەكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئېچىلغان تۆشۈكلەر چېدىر ئۆيلەردىكى ياغاچ جازىلارنىڭ سىمۋولى ئىدى⑲. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۆگەك كومزىكىگە تۈرك كۆچمەن تۇرمۇشىنىڭ بىر قەۋەت تۈسى بېرىلدى؛ يەنە بىرى، سوقلۇقتىن قىزىتىلىنغان ساپال چىراغپايلاردىمۇ يېڭى قۇرۇلمىلارنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا چىراغپايلارغا دائىم ئىت ۋە قۇشلارنىڭ رەسىملىرى ئويۇلاتتى ۋە بۇ ھايۋانلار زورو ئاستىر دەستۇرلىرىدا «ئۆچمەس ئوت»نى قوغدىغۇچى مۇقەددەس جانلىقلار دەپ قارىلاتتى⑳. تۈركلەر دەۋرىگە كەلگەندە بولسا قوي ۋە ئۆچكىلەرمۇ ئوتنى قوغدىغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندى㉑.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك سۆگەك كومزىكىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى چېدىر ئۆيىنى ئۆرنەك قىلغان ۋە تۈركلەردىكى «قوي» زورو ئاستىرنىڭ «ئوت»لىرىنى قوغدىغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ يېڭى ئالاھىدىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدە خانلىق يىمىرىلگەندىن (VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنى 657-يىلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ غەربىي تۈركلەر زېمىنىدا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغانلىقى بۇنىڭ بەلگىسى ئىدى) كېيىن، مەلۇم دەرىجىدە زورو ئاستىرلىشىش ھادىسىسىنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. دۇەن چېڭشى «يۇياڭ مەجمۇئەسى» نىڭ 4 - جىلدىدا تۈركچە ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشىدا ئىبادەتخانا ھاجەتسىز. ئىبادەتخانىنىڭ رەسىمىنى كىگىزگە سىزىۋېلىپ تېرە قاپلىرىغا سېلىپ قويىدۇ. بارغان - تۇرغان جايلاردا ماي سۈركەپ قويىدۇ ياكى بولمىسا ھېلىقى كىگىزنى بامبۇك خادىغا ئېسىپ قويۇپ، يىل بويى شۇنىڭغا چوقۇنىدۇ». روشەنكى، «تېرە قاپلىرىغا سېلىۋالسۇن» ياكى «بامبۇك خادىغا ئېسىپ قويسۇن» بۇنىڭ ھەر

ئىككىسى كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ ھەرىكەتچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ماس
كېلەتتى. «ئىبادەتخانا ھاجەتسىز» دېگىنى ئەمەلىيەتتە، زورو ئاستېر
ئىبادەتخانىسىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىدىكى ئۆزگىرىش ھادىسىسى ئى-
دى. «ماي سۇۋاپ قويۇش» نى «تۇغ- ئەلەملەرگە ماي سۈركەش»㉒
ئورنىغا دەسسىتىشمۇ گۆش يەپ، قىمىز ئىچىش ئادىتىنىڭ نەتىجىسى
ئىدى. بۇنىڭدىن «تۈركلەرنىڭ ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشى» دا يەنىلا
«شىرمەت ئوقياچى ئەزىمەتلەر» چە ئالاھىدىلىكنىڭ ساقلىنىپ قالغان-
لىقىنى بىلىۋالالايمىز.

## § 3. تەڭرى ئېتىقادچىلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر

شىمالىي چۆللۈك كۆچمەن مىللەتلىرىنىڭ «تەڭرى» گە بولغان
ئېتىقادى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تەڭرى» نامىنىڭ ئاتىلىشىمۇ ئۇلاردا
ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە
قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھونلار تەڭرىنى تېڭلى «( 撑犁 )
دەيدۇ». تاڭ دەۋرىدە تۈركچە «تەڭرى» نامى « 登里 » ياكى « 腾里 »
دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «تاتار تەرجىمە سۆزلىرى» دە «تەڭرى»
سۆزى « 腾吉里 » دەپ تىلغا ئېلىنغان. بىر مەنبەلىك بۇ سۆزنىڭ
ئوخشىمىغان تەرجىمە شەكىللىرى چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ياشى-
غان ئالىم ۋېن تىڭشىڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە مۇنداق يەكۈن
چىقارغان: «‹خەننامە› دە ھونلارنىڭ تەڭرىنى ‹تېڭلى› دەيدىغانلىقى
قەيت قىلىنغان. ھازىرقى كۈندە موڭغۇللار بۇنى ‹تېڭرى› دەيدۇ،
بۇ ‹تەڭرى› نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى. 2000 يىلدىن بېرى ‹تەڭ-
رى› دېگەن بۇ شىمالچە سۆزدە ئۆزگىرىش بولمىدى. بەينياۋ كۇجى
(شىراتورى) ئېيتقىنى توغرا، ھازىرقى بارلىق تۈركىي خەلقلەر
تەڭرىنى ‹تەڭرى› دەيدۇ. تۈركلەر ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا،
تەڭرىنى ‹تېڭرى› دېگەن»㉓.

قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەڭرى — تېڭرى» نىڭ يىلتىزى پېئىل «teng» (كۆتۈرۈلمەك، پەرۋاز قىلماق) دىن كېلىپ چىققان. قۇش ناملىرىدىنمۇ بۇنىڭ ئىنكاسىنى تېپىشقا بولىدۇ، مەسىلەن، بۈركۈت ئائىلىسىدىكى قۇرغۇي قەدىمكى تۈرك تىلىدا tengä lgün دېيىلىدىغان بولۇپ، tengri بىلەن يىلتىزداش. ئەسلىدە «كۆتۈرۈلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ تۈركچە سۆزنىڭ «قۇربانلىق قىلماق»، «چوقۇنماق»، «ھۆرمەت بىلدۈرمەك» دېگەندەك كۆچمە مەنىلىرى بولغان. شۇڭا، «تەڭرى» سۆزى خاس ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشنىلا ئەمەس، يەنە تەڭرى ئاتا قىلغان، دېگەن مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ㉔.

قەدىمكى تۈركلەردىكى تەڭرى ئېتىقادىنى پەسىل خاراكتېرلىك ھالدا تەڭرىگە نەزىر قىلىش ۋە دائىملىق تەڭرىگە چوقۇنۇش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. پەسىلگە قاراپ تەڭرىگە نەزىر قىلىشتا ئېنىق ۋاقىت، ئورۇن ۋە نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرى تەييارلىنىدۇ، يەنى جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەندەك: «بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۆپلەپ قوي ۋە ئات سويۇپ تەڭرىگە نەزىر قىلىدۇ»㉕. دائىم تەڭرىگە چوقۇنۇپ تۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ تەڭرىدىن بەخت تىلەش، بالا- قازادىن ساقلاش قاتارلىق مەقسەتتە خالىغانچە بولاتتى. مەسىلەن، شېنگوڭنىڭ 1- يىلى (679- يىلى) تۈركلەرنىڭ قاپاغان قاغانى «لياڭجۇ تۇتۇقبېگى شۇچېنمىڭنى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىگە نەزىر قىلىۋەتكەنىدى»㉖.

تەڭرىنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئالتاي يەرلىك ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇماتقا ئىگىمىز. ئۇلار ئاي - كۈننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يورۇقلۇق تەڭرىسىنى «ئۈلگېن» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى گۇلدۇرماما - يامغۇر مۇئەككىلى بولۇپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئوغۇللىرى ئۇرۇش مۇئەككەللىرى ئىدى. ئۈلگېنگە نەزىر قىلغاندا ئاق ئات قۇربانلىق قىلىنىدۇ، تېرىسى خادىغا ئېسىپ قويۇل-

دۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاز ساندا قويمۇ قۇربانلىق قىلىنىدۇ[27]. بۇ خىل نەزىر - چىراغ ئادىتى ئالدىنقى بەتلەردە بايان قىلىنغان تۈركلەردىكى «كۆپلەپ قوي ۋە ئات سويۇپ تەڭرىگە نەزىر قىلىدىغان» ئادەت بىلەن يىلتىزداش ئىدى.

تەڭرى تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن «تەڭرى» مول ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. قەدىمكى تۈركلەردىكى تەڭرى چۈشەنچىسى خىلمۇخىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن تۆۋەندىكىچە ئۈچ تۈرلۈكى بار:

### 1. خانلىق ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغانلىقى

قاغان «تەختكە چىققاندا چوڭ - كىچىك ۋەزىر - ۋۇزرالار قاغاننى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇياش يۆنىلىشى بويىچە توققۇز مەرتەم ئايلاندۇرىدۇ. ھەربىر ئايلاندۇرغاندا ۋەزىرلەر تىز پۈكۈپ، باش ئۇرىدۇ. سالام تۈگىگەندىن كېيىن قاغاننى ئاتقا مىندۈرىدۇ ۋە يىپەك ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى كۆزلىرى ئالىيىپ قالغۇچە سىقىپ تۇرۇپ، ئاندىن ‹سەن قانچە يىل قاغان بولماقچى؟›، دەپ سورىشىدۇ. مېڭىسى ئايلىنىپ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن قاغاننىڭ بىرەر ئېنىق ساننى دېيىشكىمۇ قۇربى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر كېڭىشىپ كۆرۈپ، قىسقىراق بىر ساننى بېكىتىدۇ»[28]. ئىشبارا قاغاننىڭ ھۆرمەت نامى «تەڭرىدىن بولمىش ئۇلۇغ تۈرك ئېلىگ قۇتلۇق شاد باغا ئىشبارا قاغان» ئىدى، قاباغان قاغان بولسا «تەڭرىدىن بولمىش ئوغۇل تۈرك تەڭرى ياراتمىش قۇتلۇق قاباغان ئۇلۇغ قاغان» ئىدى. بىلگە قاغاننىڭمۇ خانلىق نامىدا «تەڭرىدەك ۋە تەڭرى ياراتقان» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان.

### 2. لەشكىرىي ئىشلاردا تەڭرىنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلايدىغانلىقى

ئۇرۇشخۇمار تۈركلەر تەڭرىنى ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان

ئىلاھ، دەپ قارىغان. تۈركچە «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىدە مۇنداق قۇرلار بار: «تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام قاغاننىڭ قوشۇنى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن» ، «تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىپتۇ» [29]. ئۇلار ھەتتا پايدىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىمۇ «تەڭرى ئاتا قىلغان» دەپ قارىغان: « ‹ كەيخۇاڭنىڭ، 18- يىلى (598- يىلى) تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانى چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا ياڭ سۇ لىڭجۇ مەھكىمىسىدىكى لەشكىرىي قوشۇننىڭ باشبۇغلىقىغا تەيىنلىنىپ، شىمالدىكى بەدۆلەرنى تىنچىتىشقا ئەۋەتىلدى، ئۇنىڭغا 2000 توپ يىپەك، يۈز جىڭ ئالتۇن ھەدىيە قىلىندى. دەسلەپكى زامانلاردا سانغۇنلار قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى چاققان - چەبدەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا جەڭ ھارۋىلىرى ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن ئاچماق شەكلىدە سەپ تۈزۈۋالاتتى. ياڭ سۇ ئادەملىرىگە: «بۇ قەدىمكىلەردىن قالغان كونا ئۇسۇل بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۇسۇل بىلەن ھەمىشە غەلىبە قىلىشۋەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق كونا ئۇسۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەرقايسى سانغۇنلارغا ئاتلىق قوشۇننىڭ ئۆزىدىنلا جەڭ سېپى تۈزۈشكە پەرمان چۈشۈرىمەن» دېدى، تاردۇ قاغان بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى ۋە: «بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى» دېدى، ئاندىن دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تەڭرىگە باش ئۇرغاندىن كېيىن، ئون تۈمەندىن ئارتۇق خىللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ جەڭگە كىردى. ياڭ سۇ جان پىداكارلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى» [30]. تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشتىن ئاۋۋال ئىبادەتخانىدا تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلىشۋېتىشىمۇ «تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ» دېگەن چۈشەنچىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىنكاسى ئىدى.

### 3. تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش چۈشەنچىسى

تۈركلەر كۈتۈلمىگەن تەبىئىي ئاپەتلەرنى تەڭرىنىڭ غەزەپلەنگەن-

لىكىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايتتى. مەسىلەن، VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرى مۇقان (ئېركىن) قاغان دەۋرىدە «دەھشەتلىك گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلەپ قاتتىق بوران چىقتى ۋە قاغاننىڭ چېدىرىنى يىرتىپ
جۇلۇقنى چىقىرىۋەتتى، بۇ ئەھۋال ئون كۈندىمۇ تۈزۈلمىگەچكە
ئېركىن بەكمۇ قورقۇپ كەتتى ۋە بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بولغان غەزىپى،
دېدى» ㉛ . VII ئەسىرنىڭ باشلىرى تاردۇ قاغان سۈي سۇلالىسى لەش-
كەرلىرى بىلەن لىڭۋۇدا جەڭ قىلغاندا چاڭ سۇنشېڭ سۇنىڭ باش
تەرىپىدىن سوغا زەھەر تاشلىغان، «تاردۇ قاغاننىڭ ئادەملىرى ۋە مال-
چارۋىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ سۇنى ئىچكەندىن كېيىن زەھەرلىنىپ
ئۆلگەن. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن تاردۇ قاغان تەڭرى بىزگە بۇلغانغان
سۇ بېرىپتۇ، بۇ تەڭرىنىڭ مېنى ھالاك قىلماقچى بولغىنى ئوخ-
شامدۇ؟ دېگىنىچە كېچىلەپ چېكىنىپ كەتكەن» ㉜ .

تەڭرىگە باش ئۇرۇش ۋە تەڭرىدىن قورقۇش تۈركلەرنىڭ تەڭرىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىدىكى بىر- بىرىگە زىت ۋە بىر- بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى تەرەپ. قورقۇشتىن ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىپتىدائىي تەپەككۇر مەنتىقىسىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. تۈرك-لەر دەۋرىدە خانلىق سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى، لەش-كىرىي ئىشلاردىكى غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت، پانىي دۇنيادىكى ياخ-شىلىق ۋە يامانلىق قاتارلىقلار بىردەك تەڭرىگە باغلاپ قويۇلغانىدى، يايلاقتىكى بارچە جانلىق مەۋجۇداتلار ئۇلارنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرى پۈتۈنلەي شامانىزم بىلەن تولغان بىر مەملىكەتنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلار ھەر زامان تەڭرىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى.

## 4 § . تەڭرى بىلەن ئىنساننى باغلاپ تۇرغۇچى «قاملار»

تەڭرى بىلەن پانىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ تۈرك قاملىرى

دېيىلىدۇ. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ
«روھ ـ ئەرۋاھلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، (ئەر) قاملارغا ئىشىنىدۇ»
غانلىقى ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدىن پېرىخونلۇق، جادۇگەرلىك دېگەنلەر-
نىڭ بارلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا تۈرك باخشىلىرى كېيىنكى شامان-
لارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر يۈرۈش پېرىخونلۇق سايمانلىرى ۋە
ئۇسۇللىرىغا ئىگە ئىدى. 568 ـ يىلى ۋىزانتىيە ئەلچىسى زېمارىخۇس
ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆرگەن تۈرك باخشىلىرى مۇنداق قىلات-
تى: «بىر كىشى كېلىپ جىن- ئالۋاستىلارنى قوغلىۋېتەلەيدى-
غانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ئالدىن ئېيتىپ
بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن زېمارىخۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلى-
رىنى ئايلانغاچ لاقا ـ لۇقىسىنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. قول-
دا قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتقانچە داپقا ئۇرۇشقا باشلىدى. يەنە بىر دەمدىلا
قولىغا خۇشبۇي كۆجە تۇتقىنىچە، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنى كۆتۈرۈپ
پىر- پىر ئايلاندۇرغىلى تۇردى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئەقىل ـ
ھوشىدىن ئادىشىپ سەۋدايى بولغان كىشىدەك ئاسماننى كۆرسەتكىنى-
چە يەرگە بىرنېمىلەرنى سىزدى. مۇشۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە مەرتەم
بولغاندىن كېيىن جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاشقا باشلىدى. توختىماي
دۇرۇت ئوقۇپ، بىركەمدە زېمارىخۇسنى ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدىن
ئاتلىتىپ ئۆتكۈزدى، زېمارىخۇسنىڭ ئادەملىرىمۇ ئارقا ـ ئار-
قىدىن ئىككى دۆۋە ئوت ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. بۇنىڭ قانداق ئىش
ئىكەنلىكىنى سورىسا، جىن ـ ئالۋاستىلار پاك ـ پاكىز قوغلىۋېتىل-
دى، دېدى» [33]. بۇ خىلدىكى «ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەرگە بىر-
نېمىلەرنى سىزىدىغان» رەمباللار يايلاق رايونىدىكى كەسپىي كاھىنلار
بولۇپ، «تۈرك باخشىلىرى پالچىلىقنى كەسىپ قىلاتتى» [34]. قاغان
لەشكىرىي يۈرۈشكە ماڭغاندىمۇ ئاشۇ كاھىنلارغا رەم ئاچۇراتتى. مە-
سىلەن، ۋۇدېينىڭ 7 ـ يىلى (620 ـ يىلى) چۇلۇق قاغان «بىڭجۇ
ئايمىقىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە ياڭجېڭ مەھكىمىسىدە تۇرۇپ پال
ئاچۇرغاندا پال ياخشى چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن سانغۇن ـ ۋەزىرلەر

ئۇنى ھۆججەتنى توختىتىشقا ئۈندىدى»㉟.
تۈرك رەمچىلىرى ئېھتىمال ئاشىد غارىدىن كېلىپ چىققان بولسا
كېرەك. «يوياڭ مەجمۇئەسى» نىڭ 4 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شەمشەر ئىلاھى دېيىلىدۇ. بۇ ئىلاھ ئاشىد
غارىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە تۇرىدۇ». ياۋرۇنىيگىنىڭ «ئەن لۇشەن
ھەققىدە خاتىرە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئەن لۇشەن ئەسلىي يىڭجۇ ئايمىقىدىكى ئارىلاش غۇزلاردىن. ئەركى-
لەتمە ئىسمى ‹جالۇشەن›. ئانىسى ئاشىد جەمەتىدىكى تۈرك باخشىسى
بولۇپ، ئوغلى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى جالۇشەن تاغ
مۇئەككىلىگە ئىلتىجا قىپتۇ ۋە ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇ تۇغۇل-
غان شۇ كېچىسى قىپقىزىل بىر پارچە نۇر يەر ـ جاھاننى قاپلاپ،
جان ـ جانىۋارلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قاچقان ئىكەن. كۆرگەن-
لەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ۋاقىتتا جادۇگەر يۇلتۇزى ئۇلارنىڭ چېدىرى-
غا چۈشۈپ كەتكەنىكەن، ئىشقىلىپ، شۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ئاجايىپ-
غارايىپ بېشارەتلەر كۆرۈلگەنىكەن. شۇڭا، ئانىسى بۇ ئەھۋاللارنى
مۇئەككىلىنىڭ كارامىتى دەپ قاراپ، ئوغلىغا جالۇشەن دەپ ئىسىم
قويغان». بۇ ئەپسانىدە «تۈرك باخشى» نىڭ ئالەم قارىشىدىكى تاغ
مۇئەككىلى، قىزىل نۇر، جان ـ جانىۋارلار ۋە جادۇگەر يۇلتۇزى
قاتارلىقلار تومتاقراق ئەكس ئەتكەن. بۇ «ئاجايىپ ـ غارايىپ»
بېشارەتلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەتلەر بارلىقىنى جەنۇبىي سى-
بىرىيىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدا ساقلىنىپ قالغان شامان ئېتى-
قادىدىنلا بىلىشكە بولىدۇ. سورلارنىڭ ئىلاھىي دۇمباقلىرىدا «باخ-
شى» نىڭ ئەپسانىۋى دۇنياسى تەسۋىرلىنىدۇ: «ئاسمان بىلەن زېمىن
ئارىسىدا ئۈچ قەۋەت تۇپراق بار. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان
بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدە قۇياش، سول تەرىپىدە ئاي بار. پانىي دۇنيادا
قاملار يادرو ھېسابلىنىدۇ». قام (باخشى) ئاتلىق ئەڭ ئالدىدا ماڭى-
دۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بۆرە ۋە قۇشلار يول ئاچىدۇ، ئەڭ ئارقىسىدا
قاملارنىڭ خۇداسى قوغداپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا تاغ مۇئەككى-
لى ۋە ئاق قېيىن دەرىخى ئىلاھى ماڭىدۇ. ئاستىنقى دۇنيادا

ھەر تۇرلۇك مۇئەككەللەر — تاغ، سۇ، قۇش، ھايۋانات ۋە قۇرت-
قوڭغۇزلارنىڭ جىن- شەيتانلىرى بار»[36]. بۇنىڭدىن ئاشىد ئۇرۇقد-
دىكى ھېلىقى ئايال قام (باخشى) پەيدا قىلغان ئاجايىپ- غارايىپ
كېچىلىك مەنزىرىنىڭ شامان دىنى پرىنسىپلىرىدىن كېلىپ چىققانلى-
قىنى، ئۇنى خالىغانچە توقۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا
بولىدۇ.

ئەنلۇشەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلە ۋاقتىدىن تارتىپ
تۇغۇلغانغا قەدەر ئانىسى تەرىپىدىن ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن، ئۇنى
كىچىك «قام» دېيىشكە بولىسىمۇ، شامانىزمنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرىنى
يۇقتۇرۇۋالغانىدى. شۇنداق بولغاچقىلا ئۇ كېيىنچە فەنىياڭدا قېلىن
تەڭگىنى «يۇتۇپ يەنە چىقىرالايدىغان، كېچىدە چىراغسىز روشەن
كۆرەلەيدىغان»[37] سېھىرگەر سۇپىتىدە دانالارنى يىغالىغانىدى، ھەتتا
غۇز سودىگەرلىرىنىڭ قىممەتلىك ماللىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدىمۇ
«قاملارغا ناغرا ـ دۇمباق چالدۇرۇپ پېرە ئوينىتىپ» شۇلارغا ئارد-
لىشىۋالاتتى. بۇ «ناغرا» دەل قاملارنىڭ جابدۇقلىرىدىن بولغان
«مۇقەددەس ناغرا» بولۇپ، تۈركچە ئۇنى چىقارغان ساداسىغا قاراپ
«بۇبېن» (卜碎) دەپ ئاتىشاتتى. تۈرك خانلىقى تارىخىدا ئاشىنا
ئۇرۇقى بىلەن ئاشىد ئۇرۇقى ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدىغان بو-
لۇپ، شىمالىي چۆللۈكتىكى كاتتىلار، دەپ قارىلاتتى. بۇنداق بولۇ-
شى ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنلىكى ۋە
ئاشىد ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىلاھى ھوقۇقىنى قولغا ئالغانلىقى-
نىڭ نەتىجىسى ئىدى. تۈركچە «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» دا «دانا»
(«بۆگۈ») بىلەن «قاغان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى دەل ئاشۇ
خىل ئىلاھىي ھوقۇق سىياسىيسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى[38].

تۈركلەر ئەسلىدە باخشىلارنى «قام» دەپ ئاتايدىغان بولسىمۇ،
ئەمما ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن بۇددىزمدىن قوبۇل قىلىند-
غان «باخشى» لار (法师) بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىد-
لىككە ئىگە «قامباخشى» بولۇپ شەكىللەندى ھەمدە تۆمۈرىيلەر دەۋرد-
دە قالتىس كارامەت كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە تۈركولوگ ئېمىل. ئېسىن

مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولغاچقا㊴، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

### ئىزاھلار

① چاۋاننىس «شۇەنزاڭ تۇن يابغۇ قاغان بىلەن ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا كۆرۈشكەن» دەپ قارايدۇ: («غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 139 ـ بەت)، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بۇنىڭغا قارىتا گۇمانلىق پوزىتسىيىدە بولۇپ، «شۇەنزاڭنىڭ كۆرگىنى تۇن يابغۇ قاغانمۇ ـ ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىدە كۆپلىگەن گۇمانلىق نۇقتىلار بار» دەيدۇ («‹غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى، غا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» 127 ـ بەت)، چېن يۈەن ئەپەندى بولسا «ئاچارى ئۇستازنىڭ كۆرگىنى تۇن يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى ئىس يابغۇ قاغان» دەيدۇ («چېن يۈەن ئىلمىي ماقالىلىرى» 1 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1980 ـ يىل، 415 ـ بەت).

② دىئوفولاكت. سىموكاتتا: «تارىخ»، ۷ توم، 8 ـ پاراگراف 14 — 15 ـ بۆلەك، موسكۋا، 1957 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 161 ـ بەت. تۈرك خەلقلىرىدىكى يەر ـ سۇ ئىلاھى ۋە ئۇماي ئايال ئىلاھىغا بولغان چوقۇنۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى ماقالىلەرگە قاراڭ: ل. پ. پوتاپوۋ: «ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى يەر ـ سۇ ئىلاھى» — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1979ـ يىل 6ـ سان، 71 — 77 ـ بەتلەر؛ س. گ. سكوبلېوۋ: «بىزەكلەردىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۇماي ئىلاھى توغرىسىدا» —«سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1990 ـ يىل 2 ـ سان، 226 — 233 ـ بەتلەر.

③ «كونا تاڭنامە»، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

④ ل. پ. پوتاپوۋ: «ئالتايلىقلار تارىخىنىڭ ئوچېركى»، موسكۋا، 1953 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 160 ـ بەت؛ س. گ. كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، موسكۋا، 1951ـ يىل نەشرى، 494ـ بەت.

⑤ س. ۋ. ئىۋانوۋ: «سايان ـ ئالتاي ئېگىزلىكىدىكى قوۋملارنىڭ قەدىمكى ئىلاھ رەسىملىرىنىڭ ئەھمىيىتى»، «ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ مەجمۇئەسى»، 16 ـ توم، موسكۋا، 1955 ـ يىل نەشرى، 167 — 171 ـ بەتلەر.

⑥ ئا. ن. كونونوۋ: «‹تۈرك› نامى ھەققىدە ئانالىز»، «سوۋېت ئېتـ

نوگرافىيىسى» ، 1949 ـ يىل 1 ـ سان، 45 — 47 ـ بەتلەر. بۇ ماقالىدە «tür» نىڭ مەنىسى ۋە ئۆزگىرىشى بەكرەك تەھلىل قىلىنغان؛ پېللىئوت «خەنزۇچە تۈرك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالىسىدە بولسا ئاساسلىق قىلىپ «k» نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى ۋە مەنبەسىنى تەتقىق قىلغان ( «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىل- لەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر» 2- توپلام) . قەدىمكى جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ھەر خىل ناملىرى توغرىسىدا ئى. گ. پۇللېي بىلانكىنىڭ «تۈرك- لەرنىڭ خەنزۇچە ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» ( «ئامېرىكا شەرقشۇناسلىق جەم- ئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1965- يىل 2- سان) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑦ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىدىكى جەمئىيەت ئۆزگىرىشى» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1958 ـ يىل 3 ـ سان، 17 ـ بەت؛ «ناردۇلاشاھ» ( 讷都六设 ) دېگەن ئىسمىنى مورى ماسائو «تۆلىش شاد» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ باققان. «قەدىمكى تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1 ـ قىسىم، شەنچۇەن نەشرىياتى، 1967- يىل ياپونچە نەشرى، 305- بەت.

⑧ بەينياۋ كۇجى (شىراتورى) : «كانگىيە ۋە سەمەرقەنت ھەققىدە تەتقى- قات» ، 1967- يىل نەشرى، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا 45- بەت، ئەسلىي ئەسەر «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرنىڭ (يەنبو كىتابخانى- سى، 1981 ـ يىل ياپونچە نەشرى، 81 — 83 ـ بەتلەر) 2 ـ قىسمىغا بېسىلغان.

⑨ ۋ. ب. خېنىنىڭ: «سوغدى ئىلاھى» ، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقى- قات ئورنى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1965 ـ يىل 28 ـ جىلد، 2 ـ سان، 253 ـ بەت.

⑩ «يېڭى تاڭنامە» 221 ـ جىلد، توققۇز جاۋۇپلاردىكى «ئىبادەتخانا» لارنىڭ شەكلى توغرىسىدا بېلىنسكىي قاتارلىقلار يازغان «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى» (لېنىنگراد 1973 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 38 — 40 ـ بەتلەر) ناملىق كىتابقا قاراڭ. «شەرقىي ئۆرتۆپە» دەۋرىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى يېقىنقى دەۋردە تېپىلغان. شياڭشەن ياڭچىڭ: «تاجىكىس- تان جۇمھۇرىيىتىدىكى شەھەرىستاندىن بايقالغان تام سۈرەتلىرى» ، «پروفېس- سور ئېگامى نامىئوغا ئارماغان قىلىنغان ماقالىلەر توپلىمى» (ئارخېئولوگىيە- سەنئەت) ، شەنچۇەن نەشرىياتى 1976 ـ يىل ياپونچە نەشرى، 253 — 261- بەتلەرگە قاراڭ.

⑪ ئا. م. بېلېنىسكىي: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىپتىدائىي ئېتىقاد»، «ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات»، 1949 ـ يىل نەشرى، 28 ـ قىسىم، 84 — 85 ـ بەتلەر؛ «سوغدىلاردىكى ئىدېئولوگىيە ۋە ئېتىقاد مەسىلىسى»، «قەدىمكى پەنجىكەنتتىن-كى تام سۈرەتلىرى»، موسكۋا، 1954 ـ يىل روسچە نەشرى، 61 ـ بەت.

⑫ چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 161 ـ بەت.

⑬ «كونا تاڭنامە»، 198 ـ جىلد، «سەمەرقەنت تەزكىرىسى».

⑭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 ـ جىلد؛ «داجىڭ يىللىرى تۈزىتىلگەن تىرىپىتاكا»، 50 ـ جىلد، 227 ـ بەت.

⑮ «چىن يۈەن ئىلمىي ماقالىلىرى»، 1ـ قىسىم، 313ـ بەت.

⑯ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت»؛ «داجىڭ يىللىرى تۈزىتىلگەن تىرىپىتاكا»، 51 ـ جىلد، 978 ـ بەت؛ فۇجىتا تويوخاچى: «خۇي چاۋنىڭ ‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت› ناملىق ئەسىرىگە ئىزاھ»، 1931 ـ يىل ياپونچە نەشرى، 76 — 78 ـ بەتلەر؛ جاڭ يى: «‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت›گە ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1994 ـ يىل، 118 — 130 ـ بەتلەر.

⑰ ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تۆت تۈرلۈك تەتقىقات»، 1ـ قىسىم، لېيدىن، 1962ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 9 — 10 ـ بەتلەر.

⑱ يۇ. ئا. راپوپورت: «خارەزىمنىڭ سۆڭەك كومزىكى»، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1962 ـ يىل 4 ـ سان، 80 — 83 ـ بەتلەر؛ سۆڭەك كومزەكلىرىنىڭ شەكلى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا يۇقىرىقى ئاپتورنىڭ «زورو ئاستېر مۇرىتلىرىنىڭ دەپنە ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا» («25ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقالىلىرى» 3 ـ قىسىم، موسكۋا، 1963 ـ يىل، 127 — 132 ـ بەتلەر) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑲ ئا. ن. بېرنىشتام: «سۇياب ۋادىسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقاتى»، مەخسۇس سان، 14 ـ قىسىم، موسكۋا، 1950 ـ يىل نەشرى، 81 ـ بەت.

⑳ مارىي. بويس: «زورو ئاستېر مۇرىتلىرىنىڭ مۇقەددەس ئوتى»، «شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات يۇرتىنىڭ ژۇرنىلى»، 31 ـ جىلد، 1 ـ سان،

1968 - يىل نەشرى، 52 — 68- بەتلەر.

㉑ بېرنشتام: «سوياب ۋادىسى»، 146 - بەت، ئۆچكە تۈركلەرنىڭ تاش ئويمىچىلىقىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان هايۋان، «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» نىڭ ئۈستىدىكى ئۆچكە تەسۋىرىنى تومسېن تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى «قاغان» سۆزىنىڭ باش هەرپى بولغان «ق» نىڭ نەقىشلىك شەكلى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر جەنۇبىي سىبىرىيە، موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان 39 دانە تەسۋىرىي شەكىلنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ ئۆچكە تەسۋىرىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بۇ قاراش كىشىنى تېخىمۇ بەكرەك قايىل قىلىدۇ. قاراڭ: ئا. د. گراچ: «تۇۋادىكى قىيا تاش ئويمىلىرى» ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق مۇزېيى ژۇرنىلى»، 17 - جىلد، 413 — 414 - بەتلەر.

㉒ «يېڭى تاڭنامە»، 221 - جىلد.

㉓ ۋېن تىڭشى: «چۇنچاڭزىدىكى پاراڭلار»، 28 - جىلد.

㉔ ب. ئى. تاتارىنسېۋ: «تۈركچە ‹تەڭرى› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، 1984 - يىل، 4 - سان، 79 — 80 - بەتلەر؛ س. گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدىكى ئەپسانە سۇژىتلەرى»، موسكۋا، 1978- يىل «1977- يىللىق تۈركولوگىيە مەجمۇئەسى»، 131 — 132 - بەتلەر.

㉕ «قانۇنلار قامۇسى»، 197 - جىلد، «تۈركلەر هەققىدە قىسسە».

㉖ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 206 - جىلد.

㉗ ئېۋانوۋ: «سايان - ئالتاي ئېگىزلىكىدىكى هەرقايسى قوۋملارنىڭ قەدىمكى ئىلاھ رەسىملىرىنىڭ ئەهمىيىتى»، 246 — 247 - بەتلەر.

㉘ «جۇنامە»، 50 - جىلد، «تۈركلەر هەققىدە قىسسە».

㉙ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم، 881 - بەت.

㉚ «سۇينامە»، 48- جىلد، «ياڭ سۇنىڭ تەرجىمىهالى».

㉛ «جۇنامە»، 9- جىلد، «خانىش ئاشىنانىڭ تەرجىمىهالى».

㉜ «سۇينامە»، 51 - جىلد، «چاڭ سۇنشېڭنىڭ تەرجىمىهالى».

㉝ جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو غەرب قاتناش ئالاقە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - قىسىم، جىڭچېڭ باسمىخانىسى 1930 - يىل نەشرى، 107 — 108 - بەتلەر.

㉞ «يېڭى تاڭنامە»، 200 ـ جىلد، «گەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى».

㉟ «يېڭى تاڭنامە»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊱ ن. ئا. ئالىكسېيېۋ: «سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە شامانىزم»، نوۋوسىبىرسك 1984 ـ يىل، 167 — 169 ـ بەتلەر.

㊲ كاڭ پيەن: «تىياتىر پاراڭلىرى»، 1 ـ جىلد.

㊳ ۋېي سۈيىي: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹bywi› ئاتالغۇسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە»، «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ماقالىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 39 — 41 ـ بەتلەر.

㊴ ئې. ئېسىن: «تۈرك باخشىسى ۋە رەسسامى مۇھەممەد. سىياھ. قەلەم»، «كوپېنھاگېن شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 32ـ توم، 1970 ـ يىل نەشرى.

# IV باب تۈركلەردىكى بۇددىزىم توغرىسىدا مۇھاكىمە

بۇددىزمنىڭ تۈركلەرگە تارقىلىشىدا دەۋر ۋە رايوننىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن زور پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. VIII ئەسىرنىڭ دەسلىپى ھىندىستانغا نوم ئەكەلگىلى ماڭغان راھىب خۈي چاۋ: «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ فراگمېنتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەرنىڭ ئىككى چوڭ ئېتىقاد تۈركۈمىگە ئايرىلىدىغانلىقىنى، يەنى «دەريانىڭ جەنۇبىدا ‹ئۈچ ئەردەنى›* گە ھۆرمەت بىلەن باش ئۇرۇلىدىغانلىقى» ۋە «دەريانىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ بۇددىزمدىن خەۋەرسىزلىكى» نى ئېيتىدۇ. خۈي چاۋنىڭ بۇ خىل بۆلۈش ئۇسۇلى روشەن ھالدا ۋاقىتلىق ۋە بىۋاسىتە سېزىمچانلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، تۈركلەرنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشىدىكى ئومۇمىي تارىخنىڭ ئىخچام تەسۋىرى بولالمايتتى. ئەمەلىيەتتە مەيلى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن ياكى شىمالىدا بولسۇن، تۈركلەرنىڭ بۇددىزمغا يۈزلىنىشىدە تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى بولغانىدى. بۇنىڭغا ئالاقىدار كۆپلىگەن تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تېخى ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولغىنى يوق. موئەللىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا قىسمەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ساددا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈركلەرنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە نەزەرىيىۋى ئىسپات بولۇشتىن تېخى يىراق.

* «ئۈچ ئەردەنى» («بۇددا»، «بۇددا تەلىماتى» ۋە «راھىب») نى كۆرسىتىدۇ — (ت).

خۇي چاۋنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «بۇددىزمدىن خەۋەرسىز» تۈركلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە تۇرمۇش شەكلى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«بۇ غوز ئېلى (قوتتال) نىڭ شىمالىدىن تاكى شىمالدا بايقال كۆلى، غەربتە ئابىسكۇن دېڭىزى، شەرقتە خەن دۆلىتىنىڭ شىمالىغىچە بولغان پايانسىز دۇنيا تۈركلەرنىڭ تېررىتورىيىسى. بۇ يەردىكى تۈركلەر بۇددىزمدىن بىخەۋەر، ئۇلاردا نە ئىبادەتخانا، نە راھىب يوق. تېرە ۋە كىگىزنى كىيىم، گۆش - قىمىزنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇلاردا شەھەر - قەلئە ۋە مۇقىم تۇرالغۇ جاي مەۋجۇت ئەمەس، كىگىزدىن ئۆي تىكىپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنى كۆچكەندە بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئەرلەر قىرقىما چاچ قويسا، ئاياللىرى چاچلىرىنى باشلىرىغا تۈگۈۋالىدۇ. تىلى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. يۇقرالىرى قىر - چاپنى ياخشى كۆرىدۇ، ياخشىلىق - يامانلىق دېگەنلەرنى ئەسلا بىلمەيدۇ، يايلاقلىرىدا تۆگە، قېچىر، قوي، ئات قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ»①.

قوتتال — ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قۇشاب دەرياسىنىڭ شەرقىدە②، دېمەك خۇي چاۋ سىزغان چېگرا - ھۇدۇدلار غەربىي تۈركلەرنىڭ شەرقىي شىمالىي بۆلىكى ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. «نە ئىبادەتخانا، نە راھىب يوق، شەھەر - قەلئە ۋە مۇقىم تۇرار جاي يوق» دەپ تەسۋىرلەنگەن بۇ كەڭ رايوننى تارىخىي نۇقتىدىن كۆزەتكەندە «بۇددىزمدىن بىخەۋەر» دېگەندىن كۆرە «ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان تۈركلەر تاللاش ئارقىلىق بۇددىزمنى قوبۇل قىلماسلىقنى تاللىۋالغان» دېيىش تۈزۈكتەك قىلىدۇ. «بۇددا» بىلەن «قاغان» شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاكى سۇي - تاڭ زامانىغىچە كۆپ قېتىم ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە يىراقلاشقان، ئۇشتۇمتۇتلا بىر يەرگە كېلىپ يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا يىراقلىشىپ كەتكەن. ئىشقىلىپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەكمۇ نازۇك بولۇپ،

بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تەكرارلىنىشچانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز بۇ تارىخىي بايانلارنى يېشىپ كۆرۈش ئارقىلىق چۈشىنىشلىك بولغان بىر يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىش ۋە شۇ ئارقىلىق بەس - مۇنازىرىدە تۇرۇۋاتقان تۈركلەردىكى بۇددىزم مەسىلىسى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

## § 1. شىمالىي جۇ ئاستانىسىدىكى تۈرك ئىبادەتخانىسى ۋە مۇقان قاغان بىلەن قىزىنىڭ ئېتىقادى

شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ باۋ يازغان «ئاستانىدىكى تۈرك ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» «ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى توپلىمى»نىڭ 76 - جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئارا بارچە جانلىقلار مەۋجۇت بولۇر. تۆت ئىقلىم ئىچرە تەلىم - تەرغىباتلار، شۇنداقلا تەرىقەت گۆھەرلىرى ياتۇر. بۇ ئەختەرىي ۋە زېمىنىي يوللار ئالەمنىڭ توپا - چاڭلىرى ئاستىدا قېلىپ ئېتىلىپ قالغىلى ئۇزاق زامانلار بولدىلەر. بۇ جەرياندا ئالەم تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان زور ئۆزگىرىشلەر ھەم بولدىلەر. ئەييۇھانناس، جۇ خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلاپ، مەھشەر يۇلتۇزى كۆتۈرۈلدى. خەن خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى ساماۋى چۈشنىڭ تەبىرى ۋە تەسىرى بىلەن قەددى - قامىتى كۆتۈرۈلۈپ، كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇپ تاشتى. بارچە ئىقلىمغا بۇددا نۇرى چېچىلدى. ئۇ چېتى ئالەمنىڭ نېرىسى، بۇ تەرىپى زېمىنىنىڭ مەركىزىگىچە ئۆز شولىسىنى چېچىپ كەلگەن تەرىقەت ھەقىقەتلىرى قاپشا (كەشمىر) دىن ئۆتۈپ يېتىپ كەلدى. تەرىقەت يولىغا مېڭىپ، بۇددىغا تۇتىشىشتا قىممەتلىك جاۋاھىرلار، ئالتۇن - كۇمۇشلەر پېرسىيىنىڭ زىبۇزىننەتلىرى، تەسۋىرى ئويما بۇيۇملار ۋە جابدۇقلارنىڭ

ھېچقايسىسى يەنىلا ئويغىنىشچىلىك ساۋابقا تەڭ بولالمايدۇ. بۇددا تەرىقىتىگە تايىنىپ، زۇلمەتلىك قاراڭغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەل- دۆلەت ۋە تۈرلۈك يامان ئادەتلەردىن قول ئۈزۈش كېرەك.

تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىلئوران مۇقان قاغانى شياخۇۋ زامانىدىن كېيىن تەنھا ئالەمنى ئىدارە قىلىپ كەلمەكتە. دەبدەبىلىك ھەيۋىسىگە لەشكىرىي يۈرۈشتىكى جاسارىتى قوشۇلۇپ، چوڭ - كىچىك ياساق- بەگلىرى، ئوڭ - سول بىلىكخانلىرى، ئاتقان ئوقىنى زايا كەتكۈزمەيدىغان مەرگەنلىرى، كۆكتىكى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتكە يېتەلەيدىغان ئوقلىرى بىلەن كۆكئارتىنىڭ نېرىسىغىچە قولىنى ھەممىلا يەرگە سۇنالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. تەڭرى تاغىنىڭ بويىدىكى بارچە تۆرە - ئاقساقاللار ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ قول باغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەلدە ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد ئورناپ، قوشنا ئەللەر بىلەن سەممىي دوستلۇق ئورنىتىلدى. تەيزۇ ۋېنخۇاڭدى ئالەمدىكى يامانلىق ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى يوقىتىپ، مەئىشەتلىك بارچە ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ئەبەدىيلىك بەخت - سائادەتتىن ئۈستۈن كۆرۈپ باقمىدى. ئىمكانىيىتى يار بەرگەننىڭ ھەممىسىنى تەرىقەتنىڭ ئالتە بۈيۈك يولىغا سەرپ قىلدى. بۈيۈك دەپنە ۋەزىرلىرى بولمىش جىن بېگى ئەجىر تۆھپىسى زور بولغاچقا، دەرىجە- ئۇنۋانى ئېشىپ ماڭدى. ئەمىر- مىمار ئۇنۋانىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ۋە پاكىز ئورۇندىدى. ئەل - يۇرت، ئاۋام - پۇقرانىڭ ئۈچ خىل تۈپ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازار - رەستىلەرنى ئاۋات قىلدى. تاۋار - دۇردۇن، ئويما رەسىم، خۇشبۇي ئىپار- زەپەر دېگەندەك نەرسىلەر تولۇپ تاشتى. كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن توپا- چاڭ باستى. تۆت دىيانانىڭ ئاپەتلىرىنى يوقىتىپ، پاك دۇنيا بەرپا قىلدى. ئالتە زىياندىشىنى تولۇق تۈگىتىپ، ئۆزىنى تەرىقەتكە بېغىشلىدى.

ئابىدە ئېيتىدۇركى، يەتتە سامبۇدى ئانگا ئۈچ بوشلۇقنى تولدۇرار؛ ئىرادىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى جان - جانىۋارلارنى چۆچۈتەر؛ ئەرۋاھلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى زۇلمەتنى يوقىتار؛ جاھاننىڭ قات -

قېتىمغا يوشۇرۇنغان يوقسۇللۇق بەندىلەرنى سارغايتار. بۇ ئابىدىنىڭ
يېزىلغان دەۋرى ئەسكەرتىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنغا قاراپ
تەخمىنىي يىل دەۋرىنى قىياس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «جۇنامە»
دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جىن بېگى يۈۋېنخو مىندىنىڭ 1 ـ يىلى
(577 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا «ئالىي دەپنە ۋەزىرى» بولۇپ تەيىنلەنگەن،
ۋۇدى خاننىڭ جيەندې 1 ـ يىلى (572 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا سۈيىقەست
بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچە ئىزچىل مۇشۇ مەنسەپتە بولغان. ئىبادەتخانا
سېلىپ ئابىدە تۇرغۇزۇش مۇشۇ ئارىلىقتا بولغان بولۇشى كېرەك.
ئابىدىدە ئىككى ھۆكۈمران تىلغا ئېلىنىدۇ، يەنى «تەيزۇ ۋېن-
خۇاڭدى» . يەنى يۈۋېنتەي بۇ ھۆرمەت نامى مىڭدى خاننىڭ ۋۇچېڭ
1 ـ يىلى (557 ـ يىلى) بېرىلگەن. ئۇ شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن
تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىغا ئاساس سالغۇچى بولغانلىقتىن، قەبرە
پۈتۈكىنى ئىشلىگۈچىنىڭ ئۇنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنى ماختىشى ئە-
قىلگە مۇۋاپىق ئىدى. «تۈرك ئۇلۇغ ئىلئۇران مۇقان» قاغان (ئىس-
مى «ئېركىن» ) توغرىسىدا تېرىكمەي شۇنچە تەپسىلىي تۆھپە خاتىرى-
سى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرىنى شۇنداق پاساھەتلىك
تەسۋىرلىگەن ئىكەن، نېمىشقا «بۇ ماتېرىياللارنى تۈركلەرنىڭ كېيىن-
كى جۇ دەۋرىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى قىلىشقا
بولمايدىكەن؟ »③. ئەمەلىيەتتە ئىبادەتخانا سېلىپ تۆھپە خاتىرىسى
ئورنىتىش شىمالىي جۇ خان جەمەتىنىڭ تۈرك خانىدانلىقىغا خۇشامەت
قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، تۈرك مەلىكىسىگە ئۆيلە-
نىپ ئۇنى خانىش قىلغانلىقى بىلەن ئوخشاش ئىش ئىدى. قىسقىسى،
ئۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىلا كىچىك سۇلالىنىڭ قۇدرەتلىك خانلىققا
قاراتقان دىپلوماتىك ئىستراتېگىيىسى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى،
تۈركلەر مۇقان قاغان دەۋرىدە (553 — 572) «شەرقتە لياۋخەيگە،
غەربتە ئابىسكۇن دېڭىزىغىچە توغرىسىغا تۈمەن چاقىرىم، جەنۇبتا
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن بايقال كۆلىگىچە ئۇزۇنىسىغا بەش ـ ئالتە
مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان زېمىنغا ئىگە ئىدى»④. شىمالدىكى بۇ
قۇدرەتلىك قوشنىسىغا قارىتا جۇ، چى سۇلالىلىرى بەس ـ بەستە

سېلىق تاپشۇرۇپ تاشقى ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى،
بولۇپمۇ جۇ خاندانلىقى پۈتۈن كۈچى بىلەن «توختاتماي ئەلچى ماڭ-
دۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلگىرىكى ياخشى ۋەزىيەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش» كە ئۇرۇنۇۋاتاتتى⑤. ئىچكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى
چوڭ مۇشتۇمزور بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقان قاغان «ئويغىنىشنىڭ
ساۋابىنى كۆزلەپ بۇددا تەرىقىتىگە قايتقان» خان - پادىشاھلار بىلەن
ھېچقانداق ئىش - ھەرىكەتتە ئورتاقلىقا ئىگە ئەمەس ئىدى. شىمالىي
چۆللۈكتىكى بۇ باھادىر «تەقى- تۇرقى ئۆزگىچە، يۈزى بىر چىدىنمۇ
كەڭ، ئۆڭى قىزغۇچ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان، مىجە-
زى چۇس، جىگەرلىك ۋە دانا بولۇپ، ئۇرۇشقىلا تۆرەلگەندەك
ئىدى» ⑥. ئۇ ئەڭ ئەشەددىي شامان مۇرىتى بولۇپ، شىمالىي جۇ
سۇلالىسى ئەۋەتكەن قارشى ئېلىش ئۆمىكى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى-
نى ئاشكارا ئىپادىلىگەن: «ئېركىن (مۇقان) چى خانلىقىدىكىلەرنىڭ
تويلىشىش ئارزۇسىغا قوشۇلغاندا سانغۇنلار باشقىچە پىكىردە بولدى.
چۇن (چېن بېگى چۇن) قاتارلىقلار كۈتۈۋېرىپ سەۋرىسى تۈگىگەن
بولسىمۇ، بۇيرۇققا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى. ئادەم كىرگۈزۈپ
گەپ ئېيتىپ باققان بولسىمۇ، ئېركىن قۇلاق سالمىدى. شۇ كۈنلەر-
دە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، قاتتىق بوران چىقتى، بوران قاغاننىڭ
چېدىر ئۆيىنى يىرتىپ جۇلىقىنى چىقىرىۋەتتى. قاتتىق بوران 10
كۈنگىچىمۇ توختىمىغانلىقتىن ئېركىن چۆچۈپ كېتىپ، بۇ تەڭرىنىڭ
غەزىپى، دېگىنىچە خانىش (ئاشىنا خانىش ئېركىننىڭ قىزى ئىدى)
ۋە چۇن قاتارلىقلارنى ئۇزىتىپ قويۇشقا تەييارلاندى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار قاغان ئوردىسىدا دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇزىتىل-
دى. تيەنخېنىڭ 3 - يىلى (568- يىلى) 3- ئايدا خانىش ئوردىغا
يېتىپ كەلدى. پادىشاھ گاۋزۇ تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ كۈتۈ-
ۋالدى» . ئېنىقكى، مۇقان قاغان «تەڭرىنىڭ غەزىپى» دىن قورقۇپ
قىزىنى ياتلىق قىلىش قارارىنى چىقارغان. بۇنىڭدىن تەڭرى ئېتىقادى-
نىڭ تۈرك خانلىقىدا قانچىلىك چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى
روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاتىسى شۇنداق بولغان ئىكەن، قىزى

قانداق بولماقچىدى؟ تارىخ بىزگە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن: «تيەنخېنىڭ 3 ـ يىلى ۋۇجۇ خانىش ئوردىغا كىردى ھەمدە ئىلتىماس سۇنۇپ راھىبە بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن چېچىنى چۈشۈرۈۋەتتى»⑦. مۇقان قاغانىنىڭ قىزىنىڭ ئوردىغا كىرىپ خانىش بولغان ۋاقتى ۋۇدى خانىنىڭ جيەندې 3 ـ يىلى (574 ـ يىلى) پەرمان چۈشۈرۈپ بۇددىزمنى مەنئى قىلىشىدىن ئالتە يىل بۇرۇنقى ئىش بولۇپ، ئۇ چاغلاردىكى جۇ خانلىقى يەنىلا بۇددىزم ئەۋج ئالغان، ئىبادەتخانىلار ھەممىلا جايدا قەد كۆتۈرگەن، راھىب ـ راھىبەلەر ئەركىن ـ ئازادە ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئىدى⑧. ئۇنىڭ «راھىب بولۇشقا ئىلتىماس سۇنۇشى» يەنى ئاتاقتىكى راھىبە بولۇشى تەبىئىي ھالدا چوڭ مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. ئەمما، بۇ خىل سىمۋوللۇق ۋە مۇراسىم خاراكتېرلىك چوقۇنۇش بىلەن دىنىي ئېتىقادتىكى خاراك-تېرنىڭ تۈپلۈك ئۆزگىرىشى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. «جۇنامە» نىڭ 9 ـ جىلدىغا ئاساسلانغاندا، خانىش ئاشىنا سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 2ـ يىلى (582ـ يىلى) 32 يېشىدا ۋاپات بولغان. «راھىب بولۇشقا ئىلتىماس سۇندى» دېگەندەك گەپلەر پەقەت «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەندەكلا ئىش بولۇپ، ئۇنى قانداقتۇر راستتىنلا راھىب بولدى، دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق.

يۇقىرىقى تۈرلۈك ئالامەتلەردىن قارىغاندا، شىمالىي جۇ خانلىقى ئاستانىسىدە سېلىنغان تۈرك ئىبادەتخانىلار ھەرگىزمۇ تۈرك خانلىقى-نىڭ ئېتىقاد جەھەتتە «تەڭرى» دىن «بۇددا» غا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولالمايدۇ، ئۇنىڭ يۈزىن جەمەتىنىڭ ئاشىنا جەمەتىنى ئۆ-زىگە قارىتىش مەقسىتىدىكى دىنىي ۋاستىسى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. تۈركلەرنىڭ بۇددىزمغا بۇرۇلۇشى توغرىسىدا سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «مۇقان قاغان دەۋرىدىلا بۇ خىل ئېتىقاد باشلىنىپ بولغان. ئۇنى تابار قاغاندىن باشلانغان، دېيىشكە بولمايدۇ»⑨ دەپ قارايدۇ. سوخېباتار «موڭغۇللىيىدىكى دەسلەپكى كۆچمەن خەلقلەردە

بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى» ناملىق ماقالىسىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشىشىپ. راق كېتىدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «مۇقان قاغان دەۋرىدە چاڭئەندە تۈرك ئىبادەتخانىسى ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بۇددا دىنىنىڭ تۈركلەرگە تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ» («موڭغۇلىيە ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېتنوگرا. فىيىسى» نوۋوسىبىرسك 1978. يىلى روسچە نەشرى، 69 ـ بەت) . ئۇ گەرچە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئارتۇق مۆلچەرلىۋەتكەن.

## 2 § . تابارنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە شىمالىي چى خانلىقىنىڭ نوم تارقىتىشى

تۈرك خانلىقى تارىخىدا تۇنجى بولۇپ بۇددىزمنى قوبۇل قىلـ. غان كىشى مۇقان قاغاننىڭ ئىنىسى تابار قاغان (581 — 572) ئىدى. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بۇ مەزگىللەردە تابار قاغاننىڭ ئوقياچى شىرمەتلىرى نەچچە يۈزمىڭ كىشىگە يەتكەنىدى، شۇڭا جۇڭگولۇقلار ئۇلاردىن قورقاتتى. جۇ ۋە چى خانلىقلىرى تۈركلەر بىلەن قۇدىلىق ئەھدى ئورنىتىش غەرىزىدە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ يوشۇرۇن سوۋغات يوللاپ تۇراتـ. تى. شۇڭا، تابار قاغان ناھايىتى كۆرەڭلەپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ھەمىشە ، جەنۇبتىكى ئىككى ئوغلۇم يىل بويى مۇشۇنداق ۋاپادارلىق قىلىۋاتقان يەردە پۇل ـ پۇچەكتىن نېمە غەم قىلاي، دەيتتى. چى بەگلىكىدە تۈركلەرگە ئەسىر چۈشۈپ قالغان خۇيلان ئىسىملىك بىر سىرامان بولۇپ، ئۇ تابارغا: ، چى خانلىقىنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇ. شى بۇددا تەلىماتلىرىنىڭ خاسىيىتى، دېدى. ئارقىدىنلا سەۋەب. نەتىجە توغرىسىدىكى تەلىماتنى سۆزلىۋىدى، تابار ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنـ. دى ۋە بىر ساڭرام سالدۇردى. شۇنداقلا چى بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋە.

تىپ راھىبلىق نام سورىدى ۋە ‹ نىرۋانا› ، ‹ بۇددا ۋاتام ساكا ماخاپ-
پۇليا سۇتراسى› ، ‹ سارۋاستىۋا داۋىنايا› قاتارلىقلارنى ئەكەلدۇردى.
تابار ئۆزىمۇ پەرھىز تۇتۇپ، بۇددا تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرىدىغان
بولدى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بولغان غەزىپى بېسىلىشقا
باشلىدى. » خۇيلاندىن باشقا تابار قاغان دەۋرىدە تۇركلەرگە سىڭىپ
كىرگەن ئىككى تۇركۇم راھىبلار بار ئىدى: بىرى، 574- يىلى شىما-
لىي جۇ خانلىقى بۇددا دىنىنى مەنئى قىلغاندا قەندىھارلىق جىناناگۇپتا
باشچىلىقىدىكى ھىندىستان راھىبلىرى «سۇرگۇن» دە «شىمال تەرەپ-
تىن ئايلىنىپ تۇركلەر زېمىنىدىن ئۆتۇۋاتقاندا تابار قاغانىنىڭ نەزىرىگە
ئېلىنىپ، قاغان تۇرۇپ قېلىش تەكلىپىنى بەرگەندە، جاۋابەن: ‹ جۇ
خاندانلىقىدا بالايىئاپەت بولىدۇ. كەمىنە شۇڭا قايتىپ كېلىۋاتقان
بۇ جايدا خارابلىشىشتىن ئەسەرمۇ يوق، خاتىرجەم تۇرۇپ قالساق
بولىدىغان ئوخشايدۇ. دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزگە يەتكۈدەك خىراج
بېرىلسىلا خۇرسەن بولاتتۇق › دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ جايدا
10 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالدى. ئاچارى ۋە مۇرىتلارنىڭ كۆپىنچى-
سى دېگۈدەك مۇشۇ يەردە قازا قىلدى» [10]. يەنە بىرى، 577 - يىلى
شىمالىي جۇ خانلىقى چى خانلىقىنى يوقاتقاندا شىمالىي چى سۇلالىسى-
دىكى بىر تۇركۇم راھىبلار پاناھ تىلەپ تۈرك خانلىقىغا قېچىپ
كەلدى: «چى خانلىقىدىكى راھىبلاردىن باۋشيەن، داۋ سۈي، زېڭ
تەن قاتارلىق ئون كىشى( «بۈيۈك تاڭ ئوردا قانۇنلىرى» نىڭ 5-
جىلدىدا «ئون بىر كىشى» دېيىلگەن) ۋۇپىڭنىڭ 6- يىلى( 575-
يىلى) ھەمراھ بولۇشۇپ نوم ئەكېلىشكە غەربىي يۇرتقا ماڭدى،
بېرىپ - كەلگۈچە يەتتە يىل كەتتى. ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق پۈتكۈز-
دى، ئەنەتكەك يېزىقىدىكى 260 يۇرۇش نومنى قولغا چۈشۈردى.
تۈرك خانلىقى تەۋەسىگە كەلگەندە چى خانلىقىنىڭ ھالاك بولغىنىنى
ئاڭلاپ تۈرك خانلىقىدا تۇرۇپ قالدى» [11]. ئاددىي ھېسابلىغاندا ھىند-
ىستان راھىبلىرى، شىمالىي چى خانلىقى راھىبلىرى ۋە خۇي
لىنغا ئوخشاش بىر - ئىككىدىن كېلىپ قالغان راھىبلارنى قوشقان-
دا تابار قاغان ئېلىپ قالغان راھىب - مۇرىتلار 15 — 16 چە كىشى

بولغان. مۇشكۇللۇكتىن تۈرك خانلىقىغا قېچىپ كەلگەن راھىبلارغا «يېتەرلىك خىراجەتنىڭ بېرىلىشى» مۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى قاغاننىڭ ساڭرام سېلىپ، نوم تەھسىل قىلىشى ۋە ئۆزلۈكىدىن پەرھىز تۇتۇشتەك دىنىي قىزغىنلىقى ئىدى. ناۋادا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تابار قاغاننىڭ «جەنۇبتىكى ئىككى ئوغلى» (شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن بولغان ئېتىقاد «ئورتاقلىقى» دېيىشكە بولسا ئۇ ھالدا بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئەمەلىي ئېھتىياج نېمە؟ سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق تارىخىدىن قارىغاندا «دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئارقىسىغا ھەمىشە روشەن جانجان مەنپەئەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ»⑫. ئالدىنقى بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن خۇيلاننىڭ تابار قاغانغا ئېيتقانلىرى دەل «جانجان مەنپەئەت» كە ئالاقىدار سۆھبەت ئىدى. «باي ۋە قۇدرەتلىك» دېگەن ئىبارە قاغاننىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئۇنى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق «نەچچە يۈزمىڭ ئوقياچى شىرمەتلەر» دىنمۇ «قۇدرەتلىك» كۈچكە ۋە «بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ يوشۇرۇنچە بېرىلىۋاتقان سوۋغاتلار» دىنمۇ كۆپ «بايلىق» قا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق بىر ئەھۋال كېلىپ چىقتى: تابار قاغان بىر تەرەپتىن «چېگرا قورۇللارنى تالان - تاراج قىلىپ تۇردى»، شۇنداقلا «غەيۇرلۇق» بىلەن ئاشىنا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى جەنۇبقا سۇرۇشكە كىرىشتى.

تابار قاغاننىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىغا جۇڭگو كلاسسىك ۋەسىقىلىرىدىن باشقا تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىمۇ دەلىل قىلىشقا بولىدۇ. 1956 - يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقا قاڭغاي ئۆلكىسىدىكى بۇگۇتكە يېقىن جايدىكى بىر دۆڭلۈكتىن نىۋار قاغان دەۋرىدە (572 — 581) تىكلەنگەن قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاش تېپىلغان. سوغدىچە پۈتۈلگەن 29 قۇرلۇق بۇ ئابىدىنىڭ 10 - قۇرىدا تابار قاغان «ناھايىتى زور بىر ساڭرام سالدۇردى» دېيىلىدۇ. بۇ بايان بىلەن «سۈينامە» دىكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن «تابار قاغان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ۋە بىر ساڭرام سالدى» دېگەن مەزمۇن ماس

كېلىدۇ. ئەمما، مەزكۇر مەڭگۈتاشنى يەشكۈچى «بۇگۇت مەڭگۈتېشى-نىڭ ئىگىسى سوغدى ياكى تۈرك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇددا مۇر-تى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغا مەڭگۈتاشتا قوللىنىلغان زوروئاستېر دىنىدىكى 'swswy't (قۇتقۇزغۇچى خۇدا) دېگەن ئىسىمنى ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ»⑬ دەپ ئېنىقلىما بەرگەن.

ساڭرام سېلىشتىن باشقا تابار قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان راھىبلار بىر ئامال قىلىپ شىمالىي چى خانلىقىدىن نوم ئېلىپ كىردى. شىمالىي چى خانلىقى خان جەمەتىنىڭ تۈركلەرنىڭ نوم يىغىشىغا قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى. «شىما-لىي چى سۇلالىسىنىڭ تارىخى» 20 - جىلد «قوغۇرسۇ جياڭجۈنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خاقان لىيۇ شىچىڭغا پەرمان قىلىپ ‹دىنىرۋانا› سۇتراسىنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى ۋە تۈرك قاغانىغا ئەۋەتىپ بەردى، باش ھۆدەيچى لى دېلىن ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازدى».

نېمە ئۈچۈن تابار قاغان تەلەپ قىلغان نوملاردىن چى سۇلالىسى خاقانى «نىرۋانا سۇترا» نى تاللاپ ئالاھىدە تەرجىمىگە ۋە كىرىش سۆز يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي چى خانلىقىدا نىر-ۋانا تەلىماتلىرى ناھايىتى بازارلىق ئىدى⑭، شۇڭا «نوملارنىڭ نو-مى، مەزھەپلەرنىڭ ئالىيسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بۇ نومنىڭ ئالاھى-دە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى چۈشىنىشلىك ئىدى. بىراق، شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ جەنۇبىي چى سۇلالىسىگە نوم ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەندە ۋاڭ رۇڭنىڭ «ياتلار ھەققىدە پادىشاھقا تەكلىپ» تە «ياتلار-نىڭ ئۆسۈپ كەتكەن نوخۇلىسىنى ئازراق ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تەرىقەتنى سىڭدۈرمەك لازىم، ئۇلارغا شۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىلى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋە-سىنى تۈگىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەنلى-كىنى ئەسلىگىنىمىزدە، چى سۇلالىسى خاقانىنىڭ نوم ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياۋنى ياۋاشلىتىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىنى دىققەتتىن سا-قىت قىلالمايمىز. لى دېلىن يازغان كىرىش سۆز يوقىلىپ كەتكەن

ئەھۋالدا تارىختىكى بۇ كەمتۈكلۈكنى يوللۇق مەنتىقە ئارقىلىق تولدۇ-
رۇشقا توغرا كېلىدۇ: «نىرۋانا سۇتراسى» بۇددا دىنىنىڭ خاراكتېرى
مەركەزلىك بايان قىلىنغان ۋە خىيالىي دۇنيادىن ئايرىلىپ «نىرۋانا»
غا يېتىش چۈشەندۈرۈلگەن نوم. كىشىلىك ھاياتتىكى ئاچ كۆزلۈك،
غەزەپ ۋە نادانلىق دېگەن «ئۈچ زەھەر» نىرۋاناغا يېتىشتىكى ئەڭ
چوڭ توسالغۇلاردۇر. «نىرۋانا سۇتراسى» نىڭ پاكلىق ۋە ديانەت
تەلىماتىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق تابار قاغاننىڭ ئاچ كۆز ۋە
چۈس مىجەزلىك يامان خۇيلىرىنى ئۆزگەرتىش شىمالىي چى خان
جەمەتىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ
يېقىن. مۇشۇ پىكىر چەك بېسىپ تۇرالىسىلا «نىرۋانا سۇتراسىنىڭ
تۈركچە تەرجىمىسى قانداقتۇر تەرىقەت ھەققىدىكى شېرىن كالام ئە-
مەس، بەلكى بۇددىزم بىلەن تىقابىلانغان كۈرەش بولۇپ چىقىدۇ: تابار
قاغان بۇددىغا چوقۇنۇش ئۈچۈن تېخىمۇ «باي، قۇدرەتلىك» بولۇش
ئارزۇسىغا يېتىشنى كۆزلىسە، چى خاقانى نىرۋانا تەلىماتى ئارقىلىق
تۈرك قاغانىنىڭ كاللىسىدىكى «ئاچ كۆزلۈك» تۇمانلىرىنى تارىتىۋەت-
مەكچى بولاتتى، خۇي لىن ۋەكىللىكىدىكى راھىبلار بولسا ئۇيېكتىپ
جەھەتتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ بۇد-
دىزم ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى كېڭەيتمەكچى بولغانىدى. خۇددى
«ھەر كاللىدا ھەر خىيال» دېگەندەك ھەممىسىلا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك
«جانىجان مەنپەئەت» نىڭ كويىدا يۈرەتتى.

ھالبۇكى، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەن-
دەك، مەقسەت بىلەن ۋاستە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى:
«نىرۋانا سۇتراسى» كۆچمەنلەر قوبۇل قىلالمايدىغان ئىلاھىي سىستې-
مىدىن تۈزۈلگەنىدى. ماخايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ بۇ نومدىن تۆۋەندى-
كى ئەھۋاللارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: (1) بۇددا دىنى «جانلىقلارنى
ئۆلتۈرۈش» نى «مۇتلەق قول ئۈزۈشكە تېگىشلىك» بولغان 16 تۈر-
لۈك يامانلىقنىڭ بىرى، دەپ قارايتتى (29- جىلدقا قاراڭ)، بۇ تەلى-
مات «چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى كەسىپ» قىلىپ ياشايدىغان تۈر-
مۇش شەكلىنى بىۋاستە ئىنكار قىلاتتى؛ (2) بۇددا دىنى «گۆش

يېگۈچىلەر بۇددىنىڭ ئۇلۇغ شاپائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ» دەيتتى (4- جىلد)، بۇ بولسا ئەمەلىيەتتە «گۆش يەپ سۈت - قىمىز ئىچىدىغان» كۆچمەن خەلقنى چەتكە قاققانلىق ئىدى؛ (3) «سۇ ۋە ئوت. چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان» ئەھۋالدا ھەممىلا جايدا «ساڭرام. ئىبادەتخانا سېلىش» (21 - جىلد) نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتلاردا «شىمالىي دىلار» ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھىندىستان ۋە شىمالىي چى راھىبلىرىنىڭ قىلىدىغانغا ئىش يوق «تەرىقەت سۆزلىشىپ ئۆزئارا ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغانلىقى» غا ھەيران قېلىش بىھاجەت ئىدى⑮.

577 - يىلى ۋە 581 - يىلى شىمالىي چى، شىمالىي جۇ خانلىقلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇددا تەرىقىتىنىڭ كىشىلەرنى «باي ۋە قۇدرەتلىك» قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەلىماتىمۇ رېئاللىق ئالدىدا بىتچىت بولدى. كەيخۇاڭنىڭ 1 - يىلى (581 - يىلى) تابار قاغان ۋاپات بولۇپ شاد تەختكە چىقىشى بىلەنلا «شانۇشەۋكەتلىك» ۋەزىيەت ئاخىرلاشتى. باۋشيەن ۋە جىنناگۇپتا قاتارلىقلارمۇ ئايرىم - ئايرىم شۇ يىلى قىشتا ۋە كەيخۇاڭنىڭ 5- يىلى (585 - يىلى) ئىلگىرى. كېيىن بولۇپ سۈي خانلىقىغا قايتىپ كەلدى. شىمالىي چۆللۈكتىكى ئەرۋاھلار دۇنياسى يەنىلا «تەڭرى» نىڭ بىرلىكىدىكى دۇنيا بولۇپ قېلىۋەردى. شاد قاغان تابارنىڭ جىيەنى، يەنى ئۆزىنى «تەڭرىدىن بولمىش» دەپ ئاتىغان ئىشبارا قاغان (581 — 587) نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. تەبىئىي قانخور بولغان بۇ كىشى توغرىسىدا ئايالى چيەن جىن مەلىكىمۇ ياخشى قاراشتا ئەمەس ئىدى: «قاغان يىرتقۇچ بۆرىلەردەك ۋەھشىي، باشقىلار بىلەن جاڭجاللىشىپ قالسا ئۇلارنى يېۋېتىشكە تاسلا قالىدۇ»⑯. ئۇنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق بىر مۇھىم پاكىت بار: كەيخۇاڭنىڭ 7- يىلى (587- يىلى) 1 - ئايدا سۈي خانلىقى تۈركلەرنىڭ خېڭجۇ ۋە دەيجۇ ئايماقلىرىدا شىكار قىلىشىغا ئىجازەت بېرىپ مەي - شاراب ۋە يېمەكلىك ئەۋەتىپ بەرگەندە كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلەلمەي قالغان ئىشبارا قاغان «بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا

ئۆز قولى بىلەن 18 بۇغىنى ئۆلتۈرگەن»⑰. «بۇغا ئۆلتۈرۈش» بۇددا مەنئىي قىلغان ئىش بولۇپ، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 7 ـ جىلدىدىكى «بۇغىلارنى كەڭ دالاغا قويۇۋېتىش» ۋەقەلىكىدىنمۇ مەلۇم. شۇڭا، ئىشبارادەك كىشىلەرنى بۇددىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، دېيىشكە بولمايتتى، بۇنداق كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا راھىب ـ مۇرىتلارمۇ تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئىشبارا تەختكە چىقىپ بىرنەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تابار قاغان دەۋرىدە زور ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان راھىبلار قېچىپ تۈگىگەنىدى.

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كىسىلېۋ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» دا ئوتتۇرىغا قويغان «تابار قاغان دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ موڭغۇلىيىدىكى كۆچمەنلەر رايونىغا تارقىلىشى زادى قايسى دەرىجىدە بولغان؟»⑱ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تېپىلغاندەك قىلىدۇ. يۇقىرىقى ساددا تەھلىلىمىزگە ئاساسلانغاندا، تابار قاغان دەۋرىدە گەرچە قاغان مەلۇم سىياسىي غەرەزدە بۇددا نوملىرىنى تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆچمەن تۇرمۇش شەكلى بۇددىزمنىڭ ئىلاھىي تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىلاجسىز قالغان، دېيىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. گۆش يەپ، سۈت ـ قايماق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن تۈركلەر يەنىلا «ئۆزلىرىنىڭ روھ ـ ئەرۋاھلىرىغا سېغىنىپ، پېرىخونلىرىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ يۈرۈۋەردى. يايلاق رايونلاردىكى ھېچقانچە ئۆمۈر كۆرەلمىگەن بۇددىزمنىڭ سۇس شولىسى ئىشبارا قاغان دەۋرىدە پۈتۈنلەي كۆزدىن يىتتى. تۈرك خانلىقىدىكى «لاپلا قىلىپ يېنىپ ئۆچكەن» بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىش ھادىسىسى خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «خانىداتورو باشچىلىقىدا شەنچى، گابائىن خانىم ۋە يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى موري‌ماسائوغىچە تۈركلەرنىڭ 1 ـ خانلىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ‹بىر مەزگىللىك› ۋە ‹كۆرۈنۈشكە شۇنداق› دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ بۇ پىكرى ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق ئىدى»⑲.

شۇنىڭدىن تارتىپ جىنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى)

شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغانغا قەدەر 40 — 50 - يىلغىچە يازما ھۆججەتلەردە بولسۇن ياكى مەڭگۈتاشلاردا بولسۇن، تۈركلەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە كۆزگە چېلىقمايدۇ⑳. ئەكسىچە، راھىبلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ھەققىدىكى مىساللىدىن بىرنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: جى شيەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى «ئون نەچچە ھەقەمسايىلىرىنى باشلاپ تۈرك خانلىقىغا بارغاندا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان»㉑. چۇلۇق قاغاننىڭ شەخسىي ئېتىقادىمۇ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى: «〈ۋۇدېنىڭ 3 - يىلى بىگجۇ ئايمىقىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ياڭجېڭداۋدا پال ئاچۇرۇۋىدى، پال ياخشى چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن سانغۇن، ۋەزىرلەر يۈرۈشنى توختىتىش تەكلىپىنى بەرگەندە چۇلۇق قاغان: 〈ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ سۈي خانلىقىغا بېقىنىپ ياشىغان، بۇگۈنكى كۈندە ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئۇنتۇش خەيرلىك ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ. پالنىڭ ياخشى چىقماسلىقى ھېچ گەپ ئەمەس. روھ - ئەرۋاھ دېگەنلەر پوقنى بىلەمتى؟ قانداق قىلىشنى مەن ئۆزۈم بىلىمەن، دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئەلدىكى جان - جانىۋارلارنىڭ مەرەش - ھاۋشىشلىرىمۇ ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قاغان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى»㉒.

خۇددى مۇقان قاغاننىڭ «تەڭرىنىڭ غەزىپى» دىن قورققىنىدەك چۇلۇق قاغاننىڭ تەبىئىي كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئاغرىپ قېلىشى ئۇنىڭ شامان دىنىغا بولغان ساداقىتىدىن بولغان بولۇپ، ئۇنى ھەقىقەتەن ئەجدادلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن، دېيىشكە بولاتتى.

### 3 § . « 拂云祠 » ھەققىدە مۇھاكىمە

تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭچۇن 1 - يىلى (682 - يىلى) تۈرك دۆلىتى قايتا قۇرۇلدى، بۇ «ئىككىنچى تۈرك خانلىقى» ياكى «كې-

يىنىكى تۈرك خانلىقى» ئىدى. بەگچۇر يەنى قاپاغان قاغان (691 —
716) دەۋرىدە «تابغاچلارنى يېڭىش ياكى ئۇلارغا يېڭىلىش ھېچقانچە
ئىش ئەمەس» بولۇپ قالغانىدى. تۈركلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ ئالتە قېتىملىق خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ تالان - تاراج قىلىشى تاڭ
سۇلالىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مۇداپىئە ئەسلى-
ھەلىرىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر قىلدى. تاڭ جۇڭزۇڭنىڭ جىڭلۇڭ
2- يىلى (708- يىلى) شىمالىي ۋىلايەتلەر قوشۇنىنىڭ باشبۇغى،
خەن بېگى جاڭ رېنيۈەن خېتاۋ رايونىدا تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل
قىلىش شەھىرىدىن ئۈچنى سالدۇردى: « 拂云祠 نى ئوتتۇرا شەھەر
قىلىپ بېكىتتى، شەرقىي ۋە غەربىي شەھەرلەر بۇ يەردىن 400
چاقىرىمچە يىراقلىقتا ئىدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئۈچىلىسى دەريا قىنىغا
سېلىنغان بولغاچقا، بىر- بىرىگە يىراقتىن ماسلىشالايتتى»㉓. تەس-
لىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى پۈتكۈل مۇداپىئە سىستې-
مىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، تۈركلەرنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىدىغان
يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. «تارىخىي
خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالى-
سى دەۋرىدە تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى سېلىش
ئارقىلىق ھونلارنى تىزگىنلەش خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنفېڭ 6 - يىلى
(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 105 - يىلى) باشلانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ
چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا يۇقىرىقىدەك لەشكىرىي ئەسلىھەلىرىنى تەسىس
قىلىشى خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتەك تارىخىي
تەجرىبىسىنى ئاساس قىلغانىدى.

تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى سېلىنىشتىن
ئىلگىرى شەھەر سېلىنغان جاينىڭ ئەسلىي ئورنىدا بىر « 拂云祠 »
بار بولۇپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ تالان - تاراج قىلىدىغان تۈركلەر
جەزمەن بېرىپ نەزىر - چىراغ قىلغاچ بەخت تىلەيدىغان جاي ئىدى.
«قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 198 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»
دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىمال ۋىلايەتلەر لەشكەرگاھى شىمالدا تۈرك-
لەر بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنى چېگرا قىلىدىغان بولۇپ، دەريانىڭ

شىمالىدا بىر 拂云祠 بار. تۈركلەر تالان ـ تاراجغا مېڭىش ئالدىدا جەزمەن ئالدى بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ نەزىر ـ چىراغ قىلغاچ بەخت تىلەيدۇ. لەشكەر ۋە ئاتلارنى دەم ئالدۇرغاچ دەريانىڭ مۇز قېتىشىنى كۈتىدۇ» . تاڭ دەۋرىدىكى باشقا ۋەسىقىلەردە 拂云祠 يەنە (« يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد «فېڭجۇ ئايمىقىدىكى تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى» ) دەپمۇ ئاتالغان. گەرچە نامدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا « 拂云 » دېگەن نام ئورتاق ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تۈركلەرنىڭ «تالان ـ تاراجغا مېڭىش» تەك چوڭ لەشكىرىي پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ نامىنىڭ مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەسىلىنى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان ۋە 拂云 دېگەن ئىككى خەتنى سىناق تەرىقىسىدە ئەسلىگە ياندۇرۇپ كۆرگەن. ئۇنىڭ شەرھلىشىچە 拂云 دېگەن نام قەدىمكى تۈركچە Burqan نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە «ئارتۇق گەپ ھاجەتسىز» دەپ قارىغان㉔. ناۋادا بۇ قاراش ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا تۈركلەرنىڭ «ئىبادەت قىلىشى» نى باشقا ئىلاھقا ئەمەس، بەلكى «بۇددا» غا سېغىنىشى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ قاراشتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بۇددىزىم قاپاغان قاغان دەۋرىدە (691 — 716) ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىقاد قىلىنغان دىن بولۇپ، تۈركلەر بۇرقاننى ئوقياچى شىرمەت چەۋەندازلارنى قوغدايدىغان مۇئەككەل، دەپ قارىغان» دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. روشەنكى، « 拂云祠 » نى قانداق چۈشەندۈرۈشتىن قەتئىيىنەزەر، ئۇ يەنىلا بىۋاستە ھالدا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دىن تارىخىغا بېرىپ تاقىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئالىلىقاچان توپونومىيە (يەرناملىرى ئىلمى) دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

بىزنىڭچە، مەيلى تىل نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى تارىخ نۇقتىسىدىن بولسۇن، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرگە كۆپلىگەن گۇمانلىق سوئاللارنى قويۇشقا بولىدۇ. ئالدى بىلەن

«拂云» دېگەن ئىككى خەت بىلەن Burqan نىڭ ئىككى بوغۇمىنىڭ
سېلىشتۇرمىسى چاك بېسىپ تۇرالمايدۇ. سىتەيىن ئېلىپ كەتكەن
«مانىي دىنى فراگمېنتلىرى» دىكى furstadan دېگەن نام كەييۈەننىڭ
19 - يىلى (731 - يىلى) دىكى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا
«拂多诞» ㉕ دەپ ئېلىنغان. بۇ دەۋردىكى ۋە ئۇچ يەردىكى تەسلىم
بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى سېلىنغان ۋاقىتقا ئەڭ يېقىن
كېلىدىغان مەزگىللەردىكى تاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ تەرجىمە
ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا «拂» خېتىنى ئېغىز لەۋ تاۋۇشى بىلەنلا
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىككىنچى بوغۇمغا كەلسەك،
«云» نىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇللىرى ياكى تەيۈەن شېۋىسىدىن qan غا
يېقىنراق كېلىدىغان بىرەر ئوقۇلۇش ھالىتىنى تاپالمىدۇق㉖. سېن
جۇڭمىيەن ئەپەندى مىسال كەلتۈرگەن ئالتە سۇلالە تەرجىمە ئۇسلۇبى
ياكى شيامېن تەلەپپۇزى بولسۇن، ھەممىسىلا زامان ۋە ماكان جەھەت-
تىن ناھايىتى زورۇقۇپ ئىشلىتىلگەن، ئاندىن قالسا ئەينى ۋاقىتتى-
كى تۈرك خانلىقىنىڭ ئېتىقاد ئەھۋالىدىن قارىغاندا قاغان «بۇرقان»
بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. قاپاغان
قاغاننىڭ ئۆزىمۇ بۇددىغا چوقۇنغاندەك بىرەر ئالامەتنى زاھىر قىلغان
ئەمەس. ئەكسىچە، شېنگوڭنىڭ 1 - يىلى (697 - يىلى) ئۇ
«لياڭجۇ تۇتۇقى شۇ چىنمىڭنى تىرىك تۇتۇپ، كۆك تەڭرىسى ئۈچۈن
نەزىر قىلىنىۋەتكەن» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆر-
نەكلەر» 206 - جىلد). بۇ خىل ئەھۋالدىكى تۈرك قاغاننىڭ شامان
مۇرىتى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. قاپاغان قاغاننىڭ ئەقىلدارى
بولمىش تونيۇقۇقمۇ تۈرك تارىخىدىكى بۇددىزمغا قارشى داڭلىق
شەخس ئىدى. ئۇ تۈرك كۆچمەنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە لەشكە-
رىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئىخچام قىلىپ-
لا «بۇددا دىنى كىشىنى باغرى يۇمشاق ۋە بوشاڭ قىلىپ، جاسارەت-
تىن مەھرۇم قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ۋە بەگلەن (بىلگە قاغان)
نى «بۇددىغا چوقۇنساق قانداق بولاركىن» دېگەن نىيىتىدىن ياندۇ-
رۇپ، شامان دىنىنىڭ تۈرك لەشكىرىي تۇرمۇشىدىكى نوپۇزىنى دا-

ۋاملىق ساقلاپ قالىغان. يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزەتسەك، « 拂云 » نىڭ سۆز مەنىسى ئەگەر «بۇرقان» دىن كېلىپ چىققان بولسا ئۇ هالدا تۈركلەرنىڭ ئاۋۋال جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىدىغان بۇددىغا چوقۇنۇش ۋە ئۇلاپلا بولىدىغان بۇلاڭ- تالاڭلىرى ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، « 拂云 » نامىنى بىر پۈتۈن تارىخىي مۇھىتتىن ئايرىۋېلىپ، يەككە - يېگانە هالدا ئۇنىڭ تاۋۇش تەڭدىشىنى تەتقىق قىلغاندا باشقىلارنى قايىل قىلالىغۇدەك «ئاخىرقى هۆكۈم» نى چىقىرىش تەسكە چۈشىدۇ.

ئالىدىمىزدا تۇرغان ئاساسىي رېئاللىق « 拂云祠 » نىڭ « 拂云堆 » («فۇيۇن دۆڭى» دېگەن مەنىدە — ت) دە ئىكەنلىكىدە ئىدى. يەنە كېلىپ «فويۇن دۆڭى» دېگەن نام تاڭ سۇلالىسى تارىخى ۋە تاڭ ئابىدىلىرى (مەسىلەن، لى خۇا: «خەن بېگى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»، لۇۋېن «ئۇچ جايدىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى ئابىدىسىگە مۇقەددىمە» قاتارلىقلار) دىلا مۇقىم بولۇپ قالماستىن، تاڭ نەزمىلىرىدىمۇ يەنىلا شۇ خەت نۇسخىسى بىلەن ئىشلىتىلگەن. مىسال ئۈچۈن قاراپ باقايلى:

1) لى يى «فۇيۇن دۆڭى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«خەن سانغۇنى شىمالدىن ھېلىراقتىلا كەلدى،
قولىدىكى ئەلەمنى فۇيۇن دۆڭىگە سانچىدى».

2) دۇمۇ «چېگرىدىكى سەيلە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«قىزىل قۇياش نۇرىدا فۇيۇن دۆڭى يورىدى،
تۇلپارلارمۇ كىشنىشىپ قورچاقلارغا تاشلاندى.»

3) دۇمۇنىڭ «مۇلەن ئىبادەتخانىسىغا بېغىشلىما» دېگەن گەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«قەدەھنى قايتۇرۇشنى نەچچە مەرتەم ئويلاندىم،
مەلىكىگە بەختنى فۇيۇن دۆۋىدە تىلىدىم.»

«فۇيۇن دۆۋى» (拂云堆) دېگەن نام بىلەن ھەرخىل خەتلەر ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنغان نامى 17 خىلدىن ئاشىدىغان تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس ماكانى «ئۆتۈكەن تېغى» نى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە (سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ «تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەن تېغى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان «قەدىمكى ئۆتۈكەن تېغى توغرىسىدا يېڭى ئىسپات» قا قاراڭ)، ئۇنىڭ يەر نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنگىمىز كەلمەي قالىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى سەنشى ئەتراپلىرىدا «دۆڭ» (堆) نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئېدىرلىقلار ھەممىشە خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى يەر ناملىرى ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، «فېڭلىڭ دۆۋى» (پۇجۇ)، «خۇاڭگۇا دۆۋى» (داتۇڭ) دېگەنلەر. ئەگەر «فۇيۇن دۆۋى» دېگەنمۇ مۇشۇ تۈردىكى يەر ناملىرىدىن، دەپ قىياس قىلساق، «فۇيۇن» سۆزى بىرگە ئىشلىتىلگەن مىساللار بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا يەنىلا تاڭ نەزمىلىرى جاۋاب بېرىدۇ:

1) دۇفۇ «جېڭ گۇاڭۋېنغا ھەمراھ بولۇپ خې جياڭجۈننىڭ ئۇلۇش يېرىنى سەيلە قىلىش توغرىسىدىكى 10 كۇپلېتلىق نەزمىسىنىڭ 9 - كۇپلېتىدا مۇنداق دەيدۇ:

«تۆشەكتىكى رىسالە تورۇسقىچە بوي تارتقان،
پەلەمپەينىڭ ئالدىدا فۇيۇن - دەرەخ باراقسان».

2) شۇخۇن «جىنلىڭدا قەدىمكى ھېسلار» دېگەن نەزمىدە مۇنداق
دەيدۇ:

«تاش، قارلىغاچ ۋە فۇيۈن تومۇزدىكى ياغقان قار،
دېڭىزدىكى چوشقىلارنىڭ نالىسىدىن بورانلار.»

3) لى خې «ئات توغرىسىدا 23 كۇپلېت نەزمە» نىڭ 15ـ كۇپلې-
تىدا مۇنداق يازىدۇ:

«لوڭشىدىن چىققان ئېقىن،
فۇيۈن تامان ئۇچۇپتۇ.»

يۇقىرىقى شېئىرلاردىكى پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرساق، سېرىن
جۇڭمىيەننىڭ ئېيتقىنىنىڭ پۇتۇنلەي ئەكسىچە نۇقتىئىنەزەرگە ئېرى-
شىمىز: « 拂云 » خەنزۇچە سۆز بولۇپ، تۈرك تىلى بىلەن ھېچقان-
داق مۇناسىۋىتى يوق؛ «فۇيۈن دۆڭى» دېگەن خەتنىڭ خەت مەنىسى
پەقەت مەزكۇر دۆڭدە «فۇيۈن» بارلىقىنىلا تەسۋىرلەپ بېرىدىغان
بولۇپ («فۇيۈن» دېگەن ئىككى خەت لىيۇ ماۋسەي ئەپەندىنىڭ «شەر-
قىي تۈرك تارىخىغا دائىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار» I توم
463ـ بەتتە wolken—vertreibenden يەنى «بۇلۇتلاردىن يېرىپ ئۆت-
كەن شەھەر شولىسى» دەپ ئېلىنغان)، ھېچقانداق دىنىي تۈسكە ئىـ-
گەئەمەس؛ « 拂云祠 » پەقەت «فۇيۈن دۆڭى» ( 拂云堆 ) دېگەن
نامدىن كەلگەن بىر تۈرك ئىبادەتخانىسى، خالاس. «يۈەنخې يىللىرى-
دىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى «فۇيۈن
دۆڭىدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا» ( 拂云堆神祠 ) دېگەن نام ئۇنىڭ
بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان تولۇق ئاتىلىشى بولۇپ، قىسقارتىپ
ئېيتىلغان «فۇيۈن ئىبادەتخانىسى» غا قارىغاندا ئۇنىڭ قىياپىتىنى
تېخىمۇ مۇكەممەلرەك ئەكس ئەتتۈرگەن.

«فۇيۈن ئىبادەتخانىسى» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدە سۆز مەنىسى

بىلەنلا توختاپ قالغىلى بولمايدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تۈركلەرنىڭ «ئىبادەتخانىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ بەخت تىلىشى» نىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا زادى كىمنىڭ ئوقياچى شىرمەت چەۋەندازلارنى قوغدىغۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋاڭ جىخۇەننىڭ «ليائجۇ نەزمىلىرى» بىزنى تارىخىي مەنبەلەردىنمۇ كۆپرەك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. مەزكۇر شېئىرنىڭ 2 - كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«شىمالدىكى فۇيۈەن دۆڭىگە تەڭرىقۇت نەزەر سالدى،
قانچە مەرتەم ئات سويۇپ نەزىر قىلدى بىلمىدى.
خەن تەڭرىقۇتلىرى بولدى بىزگە خوجايىن،
قۇدىلىشىش، تويلىشىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى»㉗.

ۋاڭ جىخۇەن شۇەنزۇڭ دەۋرىدىكى شائىر بولۇپ، مەزكۇر شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى كەيۈەننىڭ 4 - يىلى (716 - يىلى) قاپاغان قاغان ھالاك بولغاندىن كېيىن، سەددىچىننىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ تۇرۇۋاتقان تۈرك ئاقساقاللىرى (تاڭ نەزمىلىرىدە «تەڭرىقۇت» سۆزىنى «قاغان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىش ئادەتكە ئايلانغانىدى) نىڭ ئۆتمۈشكە بولغان سېغىنىشلىرىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ ۋاقىتتىكى تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرا شەھىرىنى شىمال ۋىلايەتلەر ساتراپى خېڭ سەيجۇن ساقلاۋاتقان بولۇپ، تۈركلەر بۇ شەھەردىكى فۇيۈەن دۆڭىگە «نەزەر سالغان»، ئەمما «تېۋىنىمىغان». مۇھىمى «قانچە مەرتەم ئات سويۇپ نەزىر قىلدى بىلمىدى» دېگەن مىسرا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشچە، تۈركلەر ئادىتى بويىچە قەدىمدىنلا «كۆپىنچە قوي ۋە ئات سويۇپ تەڭرىگە نەزىر قىلاتتى». تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان بۇ خىل قائىدە - يوسۇن تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يېڭى ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. جۇڭگو مەنبەلىرى

ۋە تۈركچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى «تەڭرى» نىڭ تۈركلەرنىڭ دۇن-يا قارىشىدا ئۇرۇش ئىلاھى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىردەك ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندىكى ئۇنىۋېرسال ماتېرىيال تولىمۇ قىزىقارلىق: ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان «تونيوقۇق مەڭگۈتېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» ۋە «ئونگىن مەڭگۈتېشى» قاتارلىق تۆت ئاساسلىق مەڭگۈتاش㉘ تېكىستىدە ئىلاھ-لاشتۇرۇۋېتىلگەن «تەڭرى» 39 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچى-دە ئەڭ كۆپ بولغىنى (11 قېتىم) دەل «لەشكىري يۈرۈشتە تەڭرى-نىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغا-نىكەن، «فۇيۈن ئىبادەتخانىسى» نىڭ سىرىنى يېڭىۋاشتىن باشقىچە-راق قىلىپ يېشىپ باقساق ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىزنىڭچە تۈركلەرنىڭ خۇاڭخېدىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئالدى بىلەن فۇيۈن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ «نەزىر - چىراغ قىلىشى» ئېھتىمال تەڭرى ئۈچۈن ئات سويغىنى، يەنى ئۇرۇش ئىلاھىدىن «بەخت تىلىگىنى» بولسا كېرەك. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «فۇيۈن ئىبادەتخانىسى» دەل تەڭرى ئىبادەتخانى-سى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خىل شەرھلەش يەنىلا بىر ئۇرۇنۇش بولسى-مۇ، ئەمما مەنتىقىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن. چۈنكى، بۇ خىل چۈشەندۈ-رۈش VIII ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ ئېتىقادى (شامان دىنىنىڭ ھۆكۈم-ران ئورۇننى ئىگىلىشى) بىلەنلا ئەمەس، تۈرك لەشكەرلىرىنىڭ مەقسىتى («تالان - تاراج» قا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇش ئىلاھى-دىن ئامانلىق تىلەش) بىلەنمۇ ئۆزئارا ماس كېلىدۇ.

## 4 § . خانلىقتىكى «بۇددىغا سېغىنىش» نى چۆرىدىگەن تالاش - تارتىش

قاپاغان قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان كىشى بەگلەن يەنى مەشھۇر بىلگە قاغان (716 — 734) بولدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىش مەسلىسى بىرمەھەل خاند-

لىقنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. كېيىنكى مەرتىۋىلىك
مۆتىۋەرلەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، قاغان نائىلاج ئۆز پەرمانىنى
قايتۇرۇۋالدى. «بۇددىغا سېغىنىش» نى چۆرىدىگەن خانلىقتىكى بۇ
تالاش - تارتىش، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيىتى قاتارلىقلار
ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسى-
لىلەردۇر. «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»
دىكى مۇنۇ تارىخىي خاتىرىلەرگە قاراپ باقايلى: «بەگلەن ئاستانە
شەھىرىدىن بىرنى قۇرۇپ، بۇددىغا سېغىنىش كويىدا بولغاندا، تۇن-
يۇقۇق مۇنداق دېدى: ‹بىز تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈزدىن
بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق تاڭ سۇلالىسى بىلەن
تىركىشەلىشىمىز بىزنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ
يۈرىدىغان، ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇ-
راق ماكانى بولمايدىغان، لەشكىرىي ئىشلاردا كامالەتكە يەتكەن، كۈچ-
لۈك ۋاقتىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاجىز ۋاقتىدا يوشۇرۇنۇۋالىدىغان
ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ بولغانلىقىدا. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلە-
رى قانچە كۆپ بولۇپ كەتكەندىمۇ بىزنى بىرنەرسە قىلالىغان ئەمەس.
ناۋادا شەھەر سېلىپ ماكانلاشساق، ئالىمادىس جەڭلەردە يېڭىلىپ
قالغىنىمىزدا ياۋغا يەم بولۇپ كېتىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇددا تەرىقى-
تى ھەممىشە كىشىنى باغرى يۇمشاق ۋە بوشاڭ قىلىپ قويۇپ، ئەرلىك
جاسارىتىنى سۇندۇرىدۇ› . بەگلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى مۇۋاپىق دەپ
قارىدى» .

بەگلەننىڭ «بۇددىغا سېغىنىش» نىيىتى بىلەن «ئاستانە قۇرماق-
چى بولۇشى» ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان
بۇ ئىككى بۆلەك ئۇنىڭ پۇتۇنلەي ئولتۇراقلىشىش نىيىتىنى شەكىل-
لەندۇرگەنىدى. بۇنداق زور پىلان ھەرگىزمۇ قاغاننىڭ كاللىسى
قىزىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە بۇنىڭدا
ئەكس ئەتكىنى دۆلەت ئەسلىگە كېلىشىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى تۈرك
كۆچمەن جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى يېڭى
يۈزلىنىش ئىدى. جىنگۇەننىڭ 14 - يىلىلا (640 - يىلى) تاڭ

تەيزۈڭ تۈركلەرگە يوللىغان جاۋاب مەكتۇپىدا مۇنداق دەپ كۆرسەت-
كەن: «دۆلىتىڭلاردا بۇ يىل يىل ئوبدان كەلگەچكە مەمۇرچىلىق
بولدى. زىرائەتلەردىن ئوبدان هوسۇل ئېلىنىپ، مال - ۋارانلار
ئاۋۇدى، يىپەك - دۇردۇندىن هېچقانداق قىسىلچىلىقلار يوق، شۇڭا
يۇڭ - كىگىزلەر تاشلىنىپ قالدى. پۇرچاق ۋە سۆك ئېشىپ - تېشىپ
تۇرغاچقا، تۈلكە - توشقانغا قارايدىغان كۆزمۇ يوق»㉙. دېمەك،
تۈركلەر خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەيداۋ ۋادىسى(خوخخوتنىڭ
شىمالىدىكى بەيداۋ دەرياسى بويلىرى) غا كىرىشتىن ئىلگىرىلا مۇئەي-
يەن دېهقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئىگىلەپ بولغان. شېنگۇڭنىڭ 1-
يىلى (697 - يىلى) قاپاغان قاغان ۋۇزېتيەندىن ئالتە ئايماق (فېڭ-
جۇ، شېڭجۇ، لىڭجۇ، شياجۇ، شۇجۇ، دەيجۇ) دىكى نەچچە مىڭ
تۈتۈنلۈك تەسلىم بولغان تۈركلەرنى قايتۇرۇۋالغان ۋە 40 مىڭ پاتمان
شال، 3000 دانە دېهقانچىلىق سايمىنى ۋە 40 مىڭ جىڭ تۆمۈرگە
ئېرىشىۋالغان㉚. بۇ ئەهۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەينى ۋاقىت-
تىكى تۈركلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تېرىقچىلىق مەدەنىيە-
تىنىڭ سالمىقى ئېشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئالىي ئو-
رۇننى ئىگىلىيەلمىگەن. بەگلەرنىڭ «ئاستانە قۇرۇپ، بۇددىغا سېغى-
نىش» نىيىتىدە بولۇشى ئۇلتۇراق دېهقانچىلىق يېڭى يۈزلىنىشكە
ماسلاشقانلىق بولسىمۇ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كۆچمەن ئىگى-
لىك بىلەن تىركىشىپ قالغان بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ مەرتىۋىلىك
مۆتىۋەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. كەسكىن ۋە مەردانە
سۆزلۈك تۇنيۇقۇق كېيىنكى تۈرك خانلىقىدىكى «ئۈچ سۇلالە مۆتىۋ-
رى» ئىدى. ئۇ قۇتلۇققا ياردەملىشىپ تۈرك دۆلىتىنى قايتا تىكلى-
گەن، قاپاغان قاغاننىڭ ئەقلدارى بولغان، بەگلەن تەختكە چىققاندىن
كېيىنمۇ يەنىلا قېيناتىلىق سالاهىيەت بىلەن ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىر
بولغان. ئۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە لەشكىرىي پائالىيەتلى-
رىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، بۇددىزم ئىدې-
ئولوگىيىسىگە يۈزلىنىشنىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي تەرەققىيا-
تىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىپادىلەپ بەرگەن.

شۇڭا، تاڭ ئوردىسىدىكى ئىشىكئاغا جاڭ يۆنىڭ تۇنيۇقۇقنى «كەم سۆز ۋە دانا»㉛ دەپ تەرىپلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى بىر قىسىم تۈركولوگلارنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا تۇنيۇقۇق ئاشىد يۈەنجېن ئىدى㉜. شۇنداق بولغاندا خانلىقتىكى تالاش - تارتىشنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بەزى سىرلىرى ئاشكارا بولىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئاشىد غارى «دېڭىز مۇئەككىلى» نىڭ ماكانى دېيىلىدۇ، شۇڭا ئاشىد جەمەتىدىن پېرىخون چىقاتتى. «ئەن لۇشەننىڭ ئاپىسى ئاشىد جەمەتىدىن بولۇپ، تۈرك پېرىخونى ئىدى» («ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرىلەر» 1- جىلد) دېگەن ئەھۋال بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئاشىنا جەمەتى بىلەن قانداش- قېرىنداش مۇناسىۋىتىدە بولغان ئاشىد جەمەتى خانلىق ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولمىسىمۇ، ئەمما شامانىزم ئېتىقادىدا پەۋقۇلئاددە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا تۇنيۇقۇقنىڭ بۇددىزمنى رەت قىلىشى يالغۇز خانلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ئاشىد جەمەتىنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ شامان دىنىنىڭ ساپلىقى ۋە نوپۇزىنى قوغداشنىمۇ مەقسەت قىلاتتى.

VI — VIII ئەسىرلەردە شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى ئىلگەرى- كېيىن ئىككى قېتىملىق بۇددىزمغا يۈزلىنىش ھادىسىسى ئوخشىمىغان تارىخىي مۇھىتتا مەيدانغا چىقتى: بىرىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش VI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى تۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي كېڭەيمىچىلىكى ئاساسىدا تابار قاغاننىڭ باشچىلىقىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە مۇددىئاسى «بايلىق ۋە قۇدرەت» ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق يۈزلىنىش بولسا VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى تۈرك كۆچمەن جەمئىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن دېھقانچىلىق ئامىللىرى شارائىتىدا بەگلەن قاغاننىڭ لايىھىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بۇرۇلۇشتىكى بىر قەدەم بولۇپلا قالدى، خالاس. بىراق، قايسى قېتىملىقى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھېچقايسىسى تۈركلەرنى شامان مۇخلىسىدىن بۇددىستقا ئايلاندۇرالمىدى. چۈنكى، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى كەسىپ قىلغان «ئادىمىي پادى-

شاھلىق» رىئاللىقتىن چەتنىگەن «ئىلاھىي پادىشاھلىق» قا ئەسلا موھتاج ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇ مەنىدىن بىز شىمالىي چۆللۈكتىكى تۈركلەر «بۇددىزمنى بىلمىگەن» ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى «بۇددىزمنى كىرەك قىلمىغان» دەپ قارايمىز.

## 5 § . غەربىي تۈركلەر «ئۇچ ئەردەنى» يولىغا قانداق ماڭغان

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر يېڭى شارائىتتا بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشتى. تۆۋەندە ئەسلىدە كۆك، يەر، سۇ، ئوتقا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان «شىمالىي دى قوۋملىرى» نىڭ قانداق بولۇپ بۇددىنىڭ ئايىغا باش قويۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ باقايلى.

جۇ خانلىقىنىڭ باۋدىڭ 4 - يىلى (564 - يىلى) داۋپەن باشچىلىقىدىكى تەرىقەتچى راھىبلار توپى سەپەردە تۈركلەرنىڭ «غەربىي قاغانى» نىڭ زېمىنىغا كەلگەندە ناھايىتى يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولدى: «بۇ يەردىكى كىشىلەر راھىب دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن راھىبلار ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى. يەرلىك كىشىلەر ئۇلارغا يېيدىغانغا ئوزۇق بەرمىدى، سەي - كۆكتات ئېلىشىغىمۇ يول قويمىدى، بۇنىڭ بىلەن راھىبلار ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. شۇ چاغدا جۇ خانلىقىدىن كەلگەن يالۋاچ: ‹بۇلار بۇددا مۇرىتلىرى، ئۆز دۆلىتىدە پادىشاھ - ۋەزىرلەردىن تارتىپ ھەممىلا كىشى ئۇلارغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى تەگكەنلا يەردە مال - چارۋىلار تېز ئاۋۇيدۇ› دېدى. قاغان خۇشال بولۇپ، ھەر كۈنى تۆتتىن قوي بېرىپ ئوزۇق قىلىشنى ئېيتتى. داۋپەن قاتارلىق كىشىلەر بولسا ئۆزلىرى پىشۇرغان كۆكتاتلارنىلا يېدى. جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدىغان، مەي ئىچمەيدىغان، گۆش يېمەيدىغان، يۇرۇش- تۇرۇشى غەيرىي بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ داۋاملىق غەربكە مېڭىشىغا يول

قويۇلىدى. ھەربىرىگە بىردىن ئات بېرىلىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا كىشى قوشۇپ قويىدى. ئۇلار چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن چيەنزۇڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇردى»[33].

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، داۋپەن قاتارلىقلار «غەربىي قاغان» زېمىنىدا تۇمشۇقىغا يېگەندە شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ئەلچىسى «بۇلارنىڭ قەدەم ئىزى تەگكەن يەردە مال - ۋاران تېز ئاۋۇيدۇ» دېگەن قۇرۇق باھانىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇلار جەزمەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ راھىبلارغا بۇنچىلىك قوپال مۇئامىلىدە بولۇشى ئۇلارنىڭ تېخى يېڭىلا موڭغۇلىيە يايلىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە «جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدىغان، مەي ئىچمەيدىغان، گۆش يېمەيدىغان» غەيرىي مىجەزلىك راھىبلارنى يات كۆرگەنلىكىدىن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللارغىچە ئاق تاغ بىلەن قاراسۇ ئارىلىقىدا بارگاھ تىككەن تۈرك خانلىقى يەنىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. تاردۇ قاغانىنىڭ 598 - يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى مورىيۇسقا يوللىغان دۆلەت خېتىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەر ئوتقا چوقۇنىدۇ، ئاسمان ۋە سۇ، يەرلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى يېگانە ياراتقۇچىغا ئىشىنىدۇ، ئات - كالا سويۇپ ئۇنىڭغا نەزىر قىلىدۇ، شۇنداقلا كەلگۈسىدە بولغۇسى ئىشلاردىن بېشارەت بېرەلەيدىغان كاھىنلىرىمىز بار»[34]. تاكى تاڭ گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 9 - يىلى (626 - يىلى) غا كەلگەندىلا ئاندىن غەربىي تۈركلەرنىڭ راھىبلارغا ئىززەت - ئېكرام بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايمىز: «شىمالدىكى بەدەۋىلەر ئاچ كۆز ۋە باتۇر كېلىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتتىن، ھېكمەتتىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن (بوپو) بۇددا كالاملىرى ۋە دىيانەت تەلىماتلىرىنى ئۇلارغا تارقىتىشقا غەيرەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تويىنلاردىن ئون كىشى شىمالغا سەپەر قىلىپ، غەربىي تەرەپ قاغانى يابغۇنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. قاغانغا نومدىن ساۋاق بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈۋىدى، 10 كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا تۈرك قاغانى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قۇلاق

سىلىپ ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. ھەر كۈنى 20 كىشىلىك ئوزۇق بېرىپ، ئەتىگەن ـ ئاخشام سالام بېرىپ تۇردى. ھەمراھ بولۇپ كەلگەن راھىبلارمۇ ئوخشاشلا ئىززەت ـ ئېكرامغا سازاۋەر بولۇپ، غەيرەت ـ شىجائىتى ھەسسىلەپ ئاشتى»㉟. بۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، يابغۇ قاغان بوپۇدىن «ساۋاق ئاڭلاپ»، «10 كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا»، «كىرىشىپ قالغان». بۇ ھىندىستان راھىبى قارىماققا رېجىمغا ئېلىنىپ قايتۇرۇۋېتىلگەن داۋپەندىن كۆپ دانادەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە تارىخنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، بۇ ئاساسلىقى راھىبنىڭ دانالىقى ۋە بىلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر بوپو 62 يىل ئىلگىرى كەلگەن بولسا ئېھتىمال ئۇمۇ داۋپەن ئۇچرىغان پېشكەللىكتىن قېچىپ قۇتۇلالماس ئىدى. ئۇنداق بولسا بۇ 62 يىل ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا پايدىلىق قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؟

تاردۇ قاغاننىڭ نەۋرىسى يابغۇ قاغان (611 — 618) دەۋرىدىن تارتىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئېشىپ باردى ۋە شەرقىي تۈرك بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى: «شەرقتە ئالتۇن تاغدىن غەربتە دېڭىزغىچە بولغان كەڭ زېمىن، قاش قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى بارچە ئەللەر (غەربىي تۈركلەر) گە تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي شىمالىي تۈركلەر بىلەن دۈشمەنلەشتى ۋە كۈسەننىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغدا قاغان بارگاھىنى تىكتى. يابغۇ قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى تۇن يابغۇ قاغان تەختكە چىقتى. تۇن يابغۇ قاغان (618 — 628) جاسارەتلىك ۋە دانىشمەن بولۇپ، سوقۇشقا ماھىر ئىدى. شۇڭا، شىمالدا تېلېلارنى قوشۇۋالدى. غەربتە پارسلارنى سۈرۈپ تاشلىدى. جەنۇبتا كەشمىرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزدى. ئوقياچى شىرمەت چەۋەندازلىرى نەچچە يۈز مىڭغا يېتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. ئاسىيۇلارنىڭ قەدىمىي زېمىنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قاغان بارگاھىنى شاشنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن جايغا كۆچۈرۈپ كەتتى. غەربىي يۇرتتىكى

پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىگە ئىلتەبىر ئۇنۋانىنى بېرىپ، ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باج ـ سېلىقنى ھەيدەكچىلىك قىلىشقا بىردىن تۇدۇن ئەۋەتتى. غەربىي رۇڭلار گۈللىنىپ ھېچقاچان بۇنچىلىك بولۇپ باقمىغان»㊱. باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ھۆكۈمرانغا ئايلانغۇچە بولغان بۇ جەرياندىن مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن: (1) زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ سىياسىي مەركىزى شەرقتىن غەربكە، تاغدىن شەھەرگە سۈرۈلگەن ۋە يايلاق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان؛ (2) غەربىي تۈركلەرنىڭ يېڭى تېررىتورىيىسىدە شامانىزم ئېتىقادىدىكى تېلېلار، ئوتقا چوقۇنىدىغان توققۇز جاۋۇپلار㊲، شۇنداقلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇسەن، قوچۇ ۋە كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئۈچ خىل دىنىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇش ھادىسىسى ئاللىقاچان مۇقىملىشىپ قالغان؛ (3) تۇن يابغۇ قاغان غەربىي يۇرتتىكى بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرگە قارىتا ۋاسسال بولۇپ، ئولپان تاپشۇرغۇزۇش تەدبىرىنىلا يۈرگۈزگەن بولۇپ، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان ئەمەس. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى «تەرەققىيات تارقىتىشقا غەيرەت قىلغان» بوپوغا پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا داۋپەن دۇچار بولغان كېلىشمەسلىكتىن ساقلىنىپ قالالىدى، يەنى بەك بالدۇر كېلىپ قېلىپ «ئاچلىقتىن ئۆلگىلى تاس قالدى» ، يەنە بىرى، دەل ۋاقتىدا كەلگەچكە «ئەتىگەن ـ ئاخشامدا سالام ـ سەھەتكە مۇشەررەپ بولدى» . زامان ئامىلىنىڭ ئادەم ئامىلىنى چەكلەش مۇناسىۋىتى بۇددىزىم بىلەن قاغان ئوردىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى بېكىتتى، بۇ ئارىلىقنى راھىبلار ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

بوپو تۇن يابغۇ قاغانغا دىن تارقاتقانىنىڭ 3- يىلى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ تۈرك ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلۈشى توغرىسىدا گەپ ھاجەتسىز ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى دەل شۈەنزاڭنىڭ كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىدىن تۇن يابغۇ قاغاننىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئىككى ياقلى-

مىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شۈەنزاڭ يېتىپ كەلگەندە قاغان «چېدىردىن چىقىپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە تىلماچ ئارقىلىق ئەھۋال سورىدى»؛ شۈەنزاڭ بۇددا تەرىقىتى ھەققىدە سۆزلىگەندىن كېيىن «ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ، پېشانىسىگە تەگكۈزگىنىچە خوشاللىق بىلەن قولاق سالدى». ئۇنىڭ بۇ قىياپەتلىرى راستىنلا بىر سادىق بۇددىستقا ئوخشايتتى. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا قاغان «ئوتقا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، كارىۋات ئىشلەتمەيدۇ، ياغاچتىن ئوت چىقىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈستىدە ئولتۇرمايدۇ. يەرگە بىرنەچچە قات سېلىنچا سېلىپلا بولدى قىلىدۇ»، يەنىلا شامان دىنىنىڭ تابو ئادەتلىرىدىن پەرز تۇتاتتى㊳. تۇن يابغۇ قاغاننىڭ كۆرۈنۈشكە بۇددىنغا باش ئۇرۇپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئوت ئىلاھىنى ياد ئەتكەن ئەھۋالى بۇ ۋاقىتتىكى تۈرك خانلىقىنىڭ «ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش» تەك دىنىي سىياسەتنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ھال VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ غايەت زور ھەربىي- مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تولىمۇ ماس كېلەتتى. تارىختا خاتىرىلەنگەن «تۇن يابغۇ قاغان جاسارەتلىك ۋە دانىشمەن ئىدى»، دېگەن ئەھۋال دەرھەقىقەت راست بولۇپ، ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى يۈكسەك ماسلىشىشچانلىق خاراكتېرىنى ئىسپاتلەيدۇ.

628 ـ يىلى تۇن يابغۇ قاغان ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر سۈياب دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى بەش سادىقلىقلار ۋە سۈيابنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەش تۇغلۇقلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بەش سادىقلىقلار تۇن يابغۇنىڭ ئوغلى تېرىش تېكىننى قاغان قىلىپ «ئىس يابغۇ قاغان» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىچكى نىزادا يېڭىلمەس ئورۇنغا چىقىش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىبادەتخانىلارنىڭ مال- مۈلكىنى تارتىۋالماقچى بولدى. بەلخ بېگى ياساتقان ساڭرامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ

قىلىپ، راھىبلارنى گاڭسا ـ جىسا قىلىپ قويدى. شۈەنزاڭ
«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 1 ـ جىلدىدا
بۇ بىر مەيدان ۋاپاسىزلىقنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «يېقىندا يابغۇ
قاغاننىڭ ئوغلى ئىس يابغۇ قاغان ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ گېپىگە
كىرىپ، سەرۋازلىرىنى باشلاپ ساڭرامغا ھۇجۇم قىلغان ۋە قىممەت-
لىك گۆھەرلەرنى بۇلىۋالماقچى بولغان. سەرۋازلار ساڭرامغا ئانچە
يىراق بولمىغان جايدا چۈشكۈن قىلغان بولۇپ، شۇ كېچىسى قاغانغا
چۈشىدە ۋىيسارا ئىلاھى: ‹نېمەڭگە شۇنچە ئىشىنىپ ساڭرامغا زورا-
ۋانلىق قىلىسەن›، دەپتۇ ۋە ئۇزۇن گۈرزە بىلەن بىر قويۇپلا ئىككى
پارچە قىلىۋېتىپتۇ. قاغان چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇل-
غان ۋە ئەلەمدار ـ قەلەمدارلىرىغا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ
بەرگەن. ئارقىدىنلا ھەرقايسى راھىبلارغا چېقىلماسلىق ۋە ئىلگىرىكى
قىلغانلىرىغا ئەپۇ سوراش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇيرۇقتا خى-
لاپلىق قىلىپ، قالايمىقانچىلىق چىقارغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلى-
دىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان» . بەلخ قەلئەسى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي
قىرغىقىدىكى «شەرقتىن غەربكە 800 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا
400 چاقىرىم كېلىدىغان» ئانچە چوڭ بولمىغان دۆلەت بولسىمۇ،
بۇددىزمنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى. «ساڭراملىرى يۈزدىن، راھىبلى-
رى ئۈچ مىڭدىن ئاشاتتى» ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر سەككىز
چاقىرىمغا بىردىن بۇتخانا توغرا كېلەتتى. ئىس يابغۇ قاغاننىڭ زورا-
ۋانلىق قىلمىشى شۇ جايدىكى راھىبلار گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىگە ئې-
غىر زىيان سالغان بولغاچقا، ۋايسارا ئىلاھى (قوشۇن بىلەن بىللە
يۈرۈپ تەرىقەتنى قوغدايدىغان ئىلاھ) نىڭ كۆرۈنۈشىنى پۈتۈنلەي بىر
خىل قايتۇرما زەربە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، پەقەت راھىبلارنىڭ
خاتىرىلىرىدە بۇ ۋەقەگە بىر قەۋەت «ئىلاھىي نۇر» يالىتىپ قويغان،
خالاس.

ئەگەر ئىس يابغۇ قاغان سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى
يىرىكلەشتۈرۈپ بۇددىزمنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان بەلختە زورلۇق
قىلغان، دەپ قارالسا، ئۇنىڭ ئاكىسى تەندۇ شاد راھىبلار گۇرۇھى

بىلەن ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىدە بولغانىدى. نەتىجىدە ھۆكۈمران-
لىق ئىشلىرى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان. شۈەنزاڭ تەندۇ شادنىڭ
ھۇزۇرىغا كەلگەندە ئۇ كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان،
ھىندىستانلىق راھىبلار ئىشىك ئالدىدا «شادقا ئاتاپ ئەپسۇن ئوقۇۋات-
قان» ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەندۇ شاد كېيىنكى توقملى ۋە ئالدىنقى
خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىنىڭ بىرلىشىپ قەست قىلىشى بىلەن ئۆل-
گەن. «بەلكىم نەچچە ئون راھىب شادنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلىنى چىقارغان ۋە ھەممىيلەن يىغ-
لىپ كۆڭۈل سوراپ تەسەللى بەرگەن» ㊴. ئاتىسىنى سۈيىقەست
بىلەن ئۆلتۈرۈپ تەخت تارتىۋېلىشتەك ۋەھشىيلىك ئەينى جايدىكى
راھىبلار بىلەن يېڭى شادنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتمىگەن، ئەك-
سىچە راھىبلار «كۆڭۈل سوراپ» «تەسەللى بېرىش» كە كەلگەن.
بۇنىڭدىن سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ بىرلىشىشى قايسى دەرىجىگە بېرىپ
يەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

تۈن يابغۇ قاغان ئەۋلادلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا تۇتقان ئىككى خىل
پوزىتسىيىسى ۋە راھىبلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىنكاسى ئامۇ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى دىنىي ئەنئەنىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكىنى، تۈرك ئاقسا-
قاللىرىنىڭ بۇددىنىڭ ئالدىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا يول قويماي-
دىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ جايدىن شەرقىي جەنۇبقا ئۆتكەندە ئۇ
يەردىكى تۈركلەردە بۇددا ئېتىقادىنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇرلاۋاتقانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكە كەلگەندە بۇ جايدىكى
تۈرك ھۆكۈمرانلىرى پۈتۈنلەي ساكيامۇنى مۇرىتلىرىغا ئايلىنىپ بول-
دى. ئوتتۇرا ئەنەتكەك راھىبى سۇبخاكاراسىمخا 716- يىلى ئۇديانا
بەگلىكىدىن ئۆتكەندە شۇ جايدىكى تۈرك خان ئوردىسىنىڭ ئىززەت-
ئىكرامىغا مۇشەررەپ بولغان: «ئۇ تۈرك ئوردىسىدا ‹ۋايىروكانا›
تەلىماتىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، خاتۇن ئۇنى بۇددا تەرىقىتىنى سۆز-
لەپ بېرىشكە بۇيرۇدى. راھىب نەي ئەنشەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ
سايىسىدا ئولتۇرۇپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نومنى ھاۋادا مۇئەللەق
تۇرغۇزۇپ قويىدى. تۈرك قاغانىنىڭ خاتۇنى (ئەمەلدارى، دەپ يېزىل-

غانلىرىمۇ بار) قولى بىلەن كۆكسىنى سىقىۋىدى، ئۈچ يۈتۈم سۈت ئېتىلىپ چىققىنىچە راھىبنىڭ ئاغزىغا قۇيۇلدى. نەي ئەنشەن ئالىقادلىرىنى جۈپلىگىنىچە: «ئۇ مېنىڭ ئۆز ئانامكەن، دېدى» (40) .

«كۆكسىنى سىقىپ سۈت چىقىرىش» بىر ئەپسانىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنى يەنىلا تۈركلەرنىڭ راھىبلارغا بولغان ئىلتىپاتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇددا تەرىقىتىنى سۆزلەش جەريانىدا قاراڭغۇلۇقنى تۈگىتىپ يورۇقلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، كەڭ ئاۋامنى يېتەكلەش مەزمۇنىدىكى «ۋايروكانا» تەلىماتىنىڭ شەرھلەنگەنلىكىنى پاكىت دېيىشكە بولىدۇ. تۈرك خاتۇنىنىڭ قانچىلىك چۈشەنگەنلىكىنى قىياس قىلىش زۆرۈر ئەمەس. خۇي چاۋ «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت» دە خاتىرىلەنگەن جاگۇدامۇ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر بۇددىزم دۆلىتى ئىدى: «مەزكۇر ئەلنىڭ پادىشاھى ۋە سەردار- ئاتامانلىرى تۈركلەر بولسىمۇ، ئۈچ ئەردەنىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، ئىبادەتخانا ۋە راھىبلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ، ماخايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. سارتارقان ئىسىملىك بىر نامدار تۈرك سەردارى بولۇپ، ھەر يىلى بىر قېتىم يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك قىلىپ خانغا بېرىۋېتىدىكەن». ھەممىدىن قىزىقارلىقى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى قەندىھار دۆلىتىدۇر: «پادىشاھى تۈرك بولسىمۇ، ئۈچ ئەردەنىگە چوقۇنىدۇ. پادىشاھ، خانىش، شاھزادە، سەردار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياساتقان ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، مۇشۇ ئىبادەتخانىلاردا ئۈچ ئەردەنىگە تېۋىنىدۇ. پادىشاھ ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئاشكارا پەرھىز تۇتۇپ، ئۆزىگە تەۋە بارلىق بۇيۇملىرى — خاتۇن، پىل، ئات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇددىغا ئاتىۋېتىدۇ، ئاندىن خاتۇن ۋە پىلنى راھىبلار پۇلغا سۇندۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، قاغان شۇ ساندا تۆلەم پۇل تۆلەپ قايتا سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆگە، ئات، ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى راھىبلار دېگەن باھادا سېتىۋېتىدۇ ۋە تېۋىنىش ئىشلىرىغا بىر قىسمىنى ئايرىيدۇ. بۇ پادىشاھ ھەقىقەتەنمۇ شىمالىي تۈركلەرنىڭ پادىشاھ-

لىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئوغۇل ـ قىزلىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ھەرقاي-
سىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياساتقان ئىبادەتخانىلىرى بولىدۇ. قەرەللىك
پەرھىز تۇتۇپ تۇرىدۇ»..

تۈرك پادىشاھى جەمەتى ۋە سەردارلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇددىغا
ئېتىقاد قىلىشتا بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن
قەندىھارنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 258 — 259- يىللىرىلا ئاسوكاخان باتانتىنى
بۇ جايغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا «بۇ ئەلدىن
ئۇلۇغ نەرسىلەر ۋە داڭلىق ئۇستازلار قەدىمدىنلا كۆپ چىققان: نالۇ-
كاۋارا يەنتيەن، ئاسانگا پوسار، ۋاسۇبانخۇ پۇسار، دارمابۇد ھىنتاما-
نى، پارىسۋا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دۆلەتتىن ئىدى»㊶ .
ئىلگىرىكى ماۋزۇلاردا بايان قىلىنغان شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بې-
رىپ، تابار قاغاننىڭ بارگاھىدا تەرىقەت سۆزلىگەن جىناناگۇپتامۇ
قەندىھارلىق ئىدى. بۇددا سەنئىتىدە قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەر
ۋە قۇرۇلۇشلاردا ئاز ـ تولا ھىندىستان ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىنىڭ
خاراكتېرى بار بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇردۇر. بۇددىزم ئەنە
شۇنداق ئۇزاق ۋە چوڭقۇر تارىخقا ئىگە دۆلەتتە سىرتتىن كەلگەن
بويسۇندۇرغۇچىلار يەرلىك خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ئورتاقلاشمىسا يەككە
ـ يېگانە ئورۇنغا ئۆتۈپ قالاتتى. شۇڭا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، پادى-
شاھ، خاتۇن، شاھزادىدىن سەردارلارغىچە بەس- بەستە «ئۈچ ئەردەنى»
گە تېۋىنغان ۋە ئېتىقاد جەھەتتە بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بىلەن بىردەك-
لىككە ئىگە بولغان. تاكى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىمۇ
غەربكە نوم ئېلىپ كېلىشكە ماڭغان ۋۇكوڭ بۇ يەردە «تېكىن ئىبادەت-
خانىسى» ۋە «خاتۇن ئىبادەتخانىسى» نىڭ بارلىقىنى كۆرگەن㊷ .
تۈركلەرنىڭ بۇددىستلىشىشىدا قەندىھاردىكى خان ئوردىسى بىرىنچى
ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭلاشقا، خۇي چاۋنىڭ نەزىرىدە ئۇلار «شىمالىي
تۈرك خان ئوردىلىرىغا ئوخشىمىغان» ئىدى.

## 6 § . قوشۇمچە بايان: تۈركلەرنىڭ دىنىي جۇغراپىيىسىگە نەزەر

VI — VIII ئەسىرلەردىكى تۈرك خانلىقىنىڭ خەرىتىسىنى دىنىي ئېتىقاد خاراكتېرىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى رايون شامان دىنى رايونى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەنۇبىي سىبىرىيە، موڭغۇلىيە يايلىقىدىن تاكى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىرغىقىغىچە بولغان رايون كىرىدۇ. ئىككىنچى رايون زورو ئاستېر دىنى رايونى بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇياب ۋادىسىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان جايلار كىرىدۇ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەريا ـ ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن رايونىدا توققۇز جاۋۇپلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ئىبادەتخانىلىرى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۈچىنچى رايون بولسا بۇددىزم رايونى بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلارغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئېتىقادنىڭ ئاساسىي يۈنىلىشىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركلەردە زورو ئاستېر دىنى ۋە بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان. نىستورىيان دىنى ۋە مانىي دىنىنى بولسا پەقەت قىسمەن ۋە ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى دىنىي ھادىسە دېيىشكىلا بولىدۇ.

مانا مۇشۇ تەرتىپ بويىچە كۆزەتكىنىمىزدە مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقايمىز: تۈركلەرنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان بويسۇندۇرۇش تارىخى ئۆز نۆۋىتىدە تۈرك ئىلاھ ـ مۇئەككەللىرىنىڭ روناق تېپىشتىن ھالاك بولۇشقىچە بولغان ئۆزگىرىش تارىخىدۇر. يايلاق ھىدلىرى ناھايىتى قويۇق بولغان كۆك تەڭرىسى، يەر ـ سۇ ئىلاھلىرى بىردەك ئىستىخىيىلىك قەبىلە دىنلىرى بولۇپ، ئىلاھىي سىستېمىسى ۋە تەشۋىقات خاراكتېرى كەمچىل ئىدى، پەقەت چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان كۆچمەنلەر «ئا-

شۇ دائىرىدىن ھالقىپ چىققاندىن كېيىنلا تېزلىكتە باشقا ئىلاھىنىڭ خاس ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالاتتى»㊸.

تۈرك دىن تارىخىنى تۈرك جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئەگرى ـ توقاي ئىنكاسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇددىغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە «ئۈچ ئەردەنىگە تېۋىنىدىغان» تۈركلەر «بۇددىزمنى بىلمەيدىغان» يايلاقتىكى قېرىنداشلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرىراق تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇراتتى. غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى بەدەۋى بويسۇندۇرغۇچىلارنى بويسۇندۇردى. چېدىر مەدەنىيىتىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىگە ئورۇن بوشاتقانلىقى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ھادىسە ئىدى.

### ئىزاھلار

① «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت»، «داجىڭ يىللىرى تۈزىتىلگەن تىرىپىتاكا»، 51 ـ جىلد، 978 ـ بەت.

② فۇجىتا تويوخاچى: «خوي چاۋنىڭ ‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت› گە ئىزاھ»، 1931 ـ يىل ياپونچە نەشرى، 77ـ بەت؛ جاڭ يى: «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسىگە ئىزاھ»، جوڭخۇا كىتابخانىسى، 1994ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 133 — 134 ـ بەتلەر؛ بېرنشتام: «خۇي چاۋنىڭ خاتىرىسىدىكى تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا»، «قەدىمكى تارىخ ژۇرنىلى»، 1952 ـ يىل نەشرى، 1 ـ سان.

③ فەن پۇ: «Ⅵ — Ⅷ ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى»، «تارىخ مەدەنىيەت»، 19 ـ توپلام، 1983 ـ يىل نەشرى، 198 ـ بەت.

④ «جۇنامە»، 50 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑤ «جۇنامە»، 30 ـ جىلد، «دۇيىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑥ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 99 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑦ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى»، 25 ـ جىلد، «ۋۇ ئەينىڭ تەرجىمىھالى».

⑧ ۋاڭ جوڭلو: «شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ئالتە دەستۇرى»، 1ـ قىسىم، جوڭخۇا كىتابخانىسى، 1979 ـ يىل نەشرى، 207ـ، 253ـ بەتلەر.

⑨ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ

قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1958 ـ يىل نەشرى، 974 ـ بەت.

⑩ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 5 ـ جىلد.

⑪ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى»، 2 ـ جىلد، «جىنا گۇپتانىڭ تەرجىمىھالى».

⑫ ئېنگېلس: «ئىپتىدائىي خرىستىئان دىنى تارىخى توغرىسىدا»، خەلق نەشرىياتى، 1962 ـ يىل نەشرى، 22 — 23 ـ بەتلەر.

⑬ س. گ. كىلياشتورنىي: «بۇگۇتتىن تېپىلغان سوغدىچە مەڭگۈتاشقا تولۇقلىما ئىسپات»، «جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 1986 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توپلام، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى، 44 ـ بەت؛ بازىن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان بۇگۇت مەڭگۈتېشىدا تۈركلەر ۋە سوغدىلار»، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 1986 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توپلام، شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى، 44 ـ بەت؛ بازىن: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان بۇگۇت مەڭگۈتېشىدا تۈركلەر ۋە سوغدىلار»، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر بىلىملەر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 1987ـ يىللىق 5ـ سان.

⑭ تاڭ يۇڭتوڭ: «خەن ـ ۋېي ـ جىن ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى بۇددا دىنى» 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1955 ـ يىل نەشرى، 832 — 834 ـ بەتلەر.

⑮ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى»، 2ـ جىلد، جىناناگۇپتانىڭ تەرجىمىھالى».

⑯⑰ «سۇينامە»، 84 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑱ س. ۋ. كىسلىېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 1951 ـ يىل نەشرى، 509 ـ بەت.

⑲ مورى ياسۇ تاكائو: «تۈركلەردىكى بۇددىزمنىڭ مەنبەسى ۋە قەدىمكى تۈركچە بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق توپلىمى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان، 120 ـ بەت.

⑳ «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى»، 116 ـ جىلدتا «قەدىمكى ۋە ھازىرقى بەش ئۇسلۇب ھەققىدە خاتىرە» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىڭجۇ ئايمىقىدا بىر كىشى رەسىمگە قاراپ تەبىر بېرىشنى بىلەتتى. بىر قېتىم ئۇ شىمالدىكى تۈركلەرگە ئەسىر چۈشۈپ قالغاندا، تۈرك قاغانى بۇددىنىڭ رەسىمىنى ئەۋەتىپ تەبىر بېرىشنى بۇيرۇغان». بۇ بايانلار ھېكايە تەرىقىسىدىكى پارالق بولۇپ، ئىشەنچلىك يىل دەۋرىمۇ ئېنىق ئەمەس، يەنە كېلىپ بۇددىنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا ئۇغرىلىۋالغان بوياقلىرىنى بۇرنىغا تىقىۋالاتتى، دېيىلىدۇ.

مەنبە تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ.

㉑ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى»، 25 ـ جىلد، «جى شيەننىڭ تەرجىمىھالى».

㉒ «يېڭى تاڭنامە»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉓ «كونا تاڭنامە»، 93. جىلد، «جاڭ رېنيەننىڭ تەرجىمىھالى»، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى موڭغۇل تارىخى تەتقىقات كافېدراسى تۈزگەن «ئىچكى موڭغۇلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (1976 ـ يىل نەشرى) نىڭ 50 — 51 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شەھىرى خۇيەن جىلغىسى ئېغىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 80 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا، يەنى ھازىرقى ئۇيرات خوشۇنىنىڭ شەرقىدىكى باۋتۇ شەھىرىگە يېقىن جايدا».

㉔ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1. قىسىم 366 — 367. بەتلەر؛ 2 ـ قىسىم 1028 ـ بەت.

㉕ «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 5 ـ توپلام، 148 ـ بەت، بارتولد «تۈركلەر بۇددانى بىلدۈرىدىغان burqan دېگەن سۆزنى خەنزۇ تىلىدىن ئەمەس، مانىي مۇرىتلىرىدىن قوبۇل قىلغان» دەپ قارايدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

㉖ كارلگېرىن: «خەنزۇ تىلىنىڭ ئانالىتىك لۇغىتى» 108.، 792. بەتلەر.

㉗ «گوشيۇ توپلىمى»، 2 ـ جىلد.

㉘ ج. كلاۋسون: «ئونگىن مەڭگۈ تېشى» (ئەنگلىيە: «خان جەمەتى ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1957. يىل 3.، 4. قوشما سان).

㉙ «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، 9 ـ جىلد.

㉚ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 206 ـ جىلد، شېنگۇڭنىڭ 1 ـ يىلى 3 ـ ئاي.

㉛ «قانۇنلار قامۇسى» 198. جىلد. «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉜ مورى ماسائو: «ئاشىد يۈەنجېن ۋە تۇنيۇقۇق»، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 1979 ـ يىللىق 3 ـ سان، 35 — 39 ـ بەتلەر؛ كىلياشتورنىي: «تۇنيۇقۇق ـ ئاشىد يۈەنجېن»، «تۈركولوگىيە توپلىمى»، 1966. يىل، 202.، 205. بەت؛ ۋ. م. نادىلياېۋ: «ئورخۇن- يېنى-

سەي ھەرپلىرىدىكى « ھ » نىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ‹تۇنيۇقۇق›، دېگەن ئىسمىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» ، «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى» ، 1963- يىل نەشرى، 197 — 213 - بەتلەر.

㉝ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى» ، 12 - جىلد، «داۋپەن-نىڭ تەرجىمىھالى» .

㉞ ئې. چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 1935-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 177 - بەت.

㉟ «ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى. داۋامى» ، 3 - جىلد.

㊱ «كونا تاڭنامە» ، 194 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» .

㊲ «سۇينامە» ، 84- جىلد«تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈركلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ» .

㊳ ئاددىي ئەسرىم: «تۈركلەردىكى ئاتەشپەرەسلىك توغرىسىدا» ، «ئوتتۇ-را ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1- توپلام، 1983- يىل نەشرى، جۇڭخۇا كىتابخا-نىسى، 145 — 149 - بەتلەر.

㊴ «شۇنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، 2 - جىلد.

㊵ لى خۇا: «شەرقىي ئاستانىدىكى شېڭشەن ئىبادەتخانىسىغا ئورنىتىلغان سۇبخاكاراسىمخا ئۇستازنىڭ ئابىدىسى» ، «ئەدەبىيات- سەنئەت جەۋھەرلىرى» ، 861 - جىلد؛ زەنىنىڭ: «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى» ، 2-جىلد، «تاڭ دەۋرىدىكى ئاستانە لوياڭدىكى شېڭشەن ئىبادەتخانىسىدىكى سۇبخاكا-راسىمخا ئۇستازنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئابىدىدىكى بايانلارنى مۇنداق جۇپلەشتۈرۈ-ۋالغان: «تۈرك ئوردىسىدا ‹ۋايروكانان› تەلىماتىنى سۆزلىدى، نەي ئەنشەن خاتۇن دەرىخى ئاستىدا تۇرۇپ قالدى» . سۆز مەنىسى تەتۈر ھەم قالايمىقان بولۇپ كەتكەچكە نەقىل كەلتۈرۈلمىدى. سۇبخاكاراسىمخانىڭ ئۇدىيانا سەپىرىنى جۇ يىلياڭ ئەپەندى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان. قارالڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى مەخپىي دىن» . شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 1996 - يىل، 7 - ئاي 1 - نەشرى، 80 — 83 - بەتلەر.

㊶ ئىزاھ ㊴غا قارالڭ؛ خاتانى ليۇتكى: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1956 - يىل، 357 — 370 - بەتلەر.

㊷ «ۋۇكوڭنىڭ ئەنەتكەك خاتىرىسى» — «داجېڭ يىللىرى تۈزىتىلگەن تىرىپىتاكا» ، 51 - جىلد، 980 - بەت.

㊸ ئېنگېلس: «فېيرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئا-خىرى» ، خەلق نەشرىياتى، 1959 - يىل، 45 - بەت.

# V باب تۈرك يىلنامىچىلىقىدىكى 12 مۈچەل

XIX ئەسىردىن باشلاپ قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىنى يېشىپ ئوقۇش خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلىرى تۈرتكىسىدە خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە 12 مۈچەللىك يىلنامىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى توغرىسىدا كەڭ مۇھاكىمىلەر بولدى. بۇ ساھە بويىچە ئىزدەنگەن ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىدە شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن غەربىي ئاسىياغىچە، دېھقانچىلىق مىللەتلىرىدىن كۆچمەن مىللەتلەرگىچە قوللىنىلغان يىلنامىچىلىقنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى، ھەرقايىسى ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىغا بولغان بىلىش دائىرىمىزنى كېڭەيتتى. بىر ئەسىرلىك مۇھاكىمە ئارقىلىق مۈچەللىك كالېندارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن خۇلاسە چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تارقىلىش تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بولۇپمۇ بەكرەك بىلىش قىممىتىگە ئىگە بولغىنى ھەرقايىسى ئەل ئالىملىرى تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە (مىللەتشۇناسلىق) ۋە تىلشۇناسلىق ساھەلىرى بويىچە مول ماتېرىياللارنى توپلاپ، بىزنىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا قەدىمكى تۈركلەر ماكانلاشقان شىمالىي چۆللۈك رايونىنىڭ «چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، يىلان، ئات، قوي، توشقان، توخۇ، ئىت، چوشقا» دېگەن تەرتىپتىكى مۈچەللىك كالېندارنىڭ مەنبەسى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىقراق ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى بولدى.

## 1 § . تۈرك مۆچەللىك كالېندارى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ 12 مۆچەللىك كالېندارنى قوللانغانلىقى ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركچە مەڭگۈتاشلارنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشىدىن كېيىن ئاندىن مەلۇم بولدى. شۇڭا، تۈركولوگىيە ئىلمىدە يىلنامەشۇناسلىق ۋە ئابىدىشۇناسلىق ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلارنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

1893 ـ يىلى دانىيىلىك تىلشۇناس تومسېن قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنى ئوقۇشتا دەسلەپكى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئارقىدىنلا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» نى تەتقىق قىلدى ھەمدە مەڭگۈتاش تېكىستىدە قوللىنىلغان ھايۋان نامى بىلەن ئاتالغان يىلنامىچىلىق ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، «تۈركلەر پۈتۈنلەي جۇڭگو كالېندارچىلىقىنى قوبۇل قىلغان بولىسا كېرەك»① دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

1895 ـ يىلى روسىيىلىك تىلشۇناس رادلوۋ «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلار» ناملىق ئەسىرىنى، كېيىنكى يىلى «ئونگىن مەڭگۈتېشى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئالدىنقى ئىككى مەڭگۈ تاشتىن مەلۇم بولغان مۆچەل ناملىرىدىن قوي، مايمۇن، ئىت، چوشقا قاتارلىقلارغا «ئەجدىھا» يىلىنى قوشتى②.

1898 ـ يىلى گېرمانىيىلىك تارىخشۇناس ماركۋارت تۈرك يىلنامىچىلىقىدىكى مول ئەسەر «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا يىلنامىچىلىق» نى ئېلان قىلدى③.

1906ـ يىلى فرانسىيىلىك ئالىم چاۋاننېس«تۈرك 12 مۆچىلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، تۈنجى قېتىم مۆچەللىك كالېندار تۈركلەردىن كەلگەن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى④. شۇ يىلى

خالېۋى «تۈرك 12 مۆچىلى توغرىسىدا يېڭى قاراش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلاردىكى مۆچەل ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

1909 - يىلى ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس لاۋفېر توقۇلما بۇيۇملاردىكى رەسىملەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ «قەدىمكى تۈركىستان گىلەملىرىدىكى 12 مۆچەل» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى⑤.

1910 - يىلى ل. ساسسۇر 12 مۆچەلنىڭ ئالەمنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى تەھلىل قىلىنغان ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، چاۋاننېسنىڭ كۆزقارىشىغا رەددىيە بەردى⑥.

1913 - يىلى روسىيىلىك سامويلوۋىچ «12 مۆچەلنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مۆچەل سىستېمىسىدىكى رايونلار پەرقى توغرۇلۇق يېڭى ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە تۈرك يىلنامىچىلىقىنىڭ فولكلور ئاساسىنى كۆرسەتتى⑦.

1929 - يىلى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پېللىئوت ماقالە يېزىپ، تۈرك 12 مۆچىلى توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى خاتىرىنى بايان قىلدى ۋە چاۋاننېس ئوتتۇرىغا قويغان مۆچەللىك كالېندار تۈركلەردىن كەلگەن، دېگەن قاراشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۈركلەردىكى مۆچەللىك كالېندار ئاۋارلاردىن كەلگەن، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى⑧. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئېتنوگراف كارۇنوۋسكايا «ئالتايلىقلار ۋە تېلېلاردىكى 12 مۆچەللىك كالېندار» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، دالا خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا باشقىچە ئۇسلۇب ياراتتى⑨.

1932- يىلى خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندىن تېپىلغان ھايۋان نەقىشلىك ئىككى دانە ساپال بۇيۇمنى ئېلان قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى نەقىش قىلىنغان مۆچەل ھايۋانلىرى ئوبرازىنى تەتقىق قىلىپ، غەربىي يۇرت مۆچەل سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلدى⑩.

1936- يىلى ياپونىيە ئالىمى يەنزو جىڭيىلاڭ «تۈركچە ‹بىلگە

قاغان مەڭگۈتېشى، دىكى يىلنامە» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى⑪.

1939 ـ يىلى خىنىنىڭ «سوغدى كالېندارى» ناملىق كىتابىنى يازدى⑫.

1941 ـ يىلى تۈركىيە ئالىمى تۇران ئىستانبۇلدا «ئون ئىككى مۇچەللىك تۈرك تەقۋىمى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى⑬.

1955 ـ يىلى گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن «قەدىمكى تۈركلەردىكى مۇچەل شەكىللىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى⑭. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئېتنوگراف شاخماتوۋ «كۆچمەنلەردىكى 12 مۇچەللىك يىلنامىنىڭ مەنبەسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، قازاق فولكلورىدىن مۇچەللىك كالېندارنىڭ تۈركلەردىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى ئىزدىدى⑮.

1958 ـ يىلى گېرمانىيىدىكى خەنزۇ ئالىم ليۇماۋسەي «شەرقىي تۈركلەرگە دائىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ مەخسۇس بابىدا ئاپتور تۈركلەر بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە «تۈرك كالېندارىغا تەقلىد قىلىش» مەدەنىيەت تارقىتىش ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى سىياسىي ھەرىكەت دەپ كۆرسەتتى، شۇنداقلا پېللىئوتنىڭ «تۈركلەر ئاۋارلارنىڭ مۇچەللىك كالېندارىغا ۋارىسلىق قىلغان» دېگەن قارىشىنى نەقىل كەلتۈردى⑯.

1959ـ يىلى فرانسىيىلىك تۈركولوگ بازىن «پسىخولوگىيە ژۇرنىلى» دا ماقالە ئېلان قىلىپ، قەدىمكى تۈرك مىللىتىدىكى «ياش» ئۇقۇمىنى تەھلىل قىلدى ۋە ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى «يىل» بىلەن ئۆمۈر ئۇقۇمىدىكى «يىل» نىڭ تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدىكى مەنە پەرقى، ئىجتىمائىي يىلتىزى قاتارلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى⑰.

1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئېتنوگراف زاخاروۋا «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى مىللەتلەرنىڭ 12 مۇچەللىك كالېندارى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مۇچەللىك كالېندارنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تارقىلىش ئەھۋا-

لىنى كەڭ كۆلەمدە يىغىنچاقلىدى[18].

1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تارىخشۇناس كلياشتورنىي
«قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك مەڭگۈتاشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك
خانلىقىدا قوللىنىلغان مۈچەللىك كالېندارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە
تۈركلەردىكى تارىخىي يىلنامىچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ كەمچىل بولۇش
سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلدى[19].

1974 ـ يىلى بازىن «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈرك
كالېندارچىلىقى» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىنى يېزىپ چىقىپ،
تۈركلەردىكى مۈچەللىك كالېندار، ئۇيغۇرلاردىكى مۈچەللىك كالېنـ-
دار ۋە تۈرك نېستورىيان مۇرىتلىرىدىكى مۇرەككەپ كالېندار قاتار-
لىقلارنى بىر ـ بىرلەپ ئايرىم ـ ئايرىم باب ـ پاراگرافلار بويىچە
مۇھاكىمە قىلدى. بۇ ئەسەر مەيلى كەڭلىك، مەيلى چوڭقۇرلۇق
نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەرقانداق ئەسەرلىرىنى بې-
سىپ چۈشىدۇ[20].

1976 ـ يىلى كىلياشتورنىي «سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگلىرى
قۇرۇلتىيى» دا، «نۆۋەتتە قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى تەتقىقاتىدا
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بېرىپ،
ھەرقايسى مەڭگۈتاشلارنى سېلىشتۇردى، شۇنداقلا مۈچەل كالېندار-
نىڭ ئالدىنقى تۈرك خانلىقىدىن كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قەدەر
قانداق مۇكەممەللىشىپ بارغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇ يىلى چېن
چىڭلوڭ «سۆز قوبۇل قىلىشتىن تۈرك ـ ئۇيغۇرلاردىكى خەنزۇلا-
شىش ھادىسىلىرىگە نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە مۈچەللىك كالېندار-
نىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا مەخسۇس توختالدى[21].

1982ـ يىلى خەن رۇلىن «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىل-
لەتلەرنىڭ يىلنامىچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قى-
لىپ، تۈرك، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق قوۋملارنىڭ مۈچەللىك كالېن-
دارنى قوللىنىش ئەھۋالىنى بايان قىلدى ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن:
«12 مۈچەلنىڭ زادى قايسى خەلققە مەنسۇپلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىدۇر» دەپ كۆرسەتتى[22].

1989 - يىلى گەي شەنلىن ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئۇلانچاب يايلىقىدىن تېپىلغان 12 مۇچەلگە دائىر قىيا تاش رەسىملىرىنى ئېلان قىلدى، بۇ رەسىملەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، سولدىن ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ بىر يۇمىلاق ھالقا شەكىللەندۇرگەن. ئاپتور «ئەجدىھا گەۋدىسىنىڭ توم ۋە قىسقا بولۇشى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەجدىھانىڭ ئالاھىدىلىكى» دېگەنگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «ئۇلانچابتىكى كۆچمەن خەلقلەردە 12 مۇچەلنىڭ تارقىلىشى تەخمىنەن خەن دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال 12 مۇچەللىك كالېندارنىڭ چەت ئەلدىن كىرگەن بولماستىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ» دەپ يەكۇن چىقاردى[23].

1990 - يىلى لىن مېيسۇن «12 مۇچەلنىڭ مەنبەسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، يازما يادىكارلىقلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن «تۈركلەردىكى مۇچەللىك يىلنامە بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى گەنجى ( 干支 ) يىلنامىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئۇيغۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى» نى ئىسپاتلايدىغان كۆپلىگەن دەلىللەرنى كەلتۈردى. خۇلاسىدە مۇچەللىك كالېندار «ئەڭ دەسلەپ جۇڭگونىڭ چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىشا پۈتۈكلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنى لايىھىلەش ئىدىيىسى تېخىمۇ ئاۋۋالقى دەۋرلەردىكى قەدىمكى جۇڭگو مۇنەججىملىرىنىڭ مۇزەككەر - مۇئەننەس سالنامىچىلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر» دەپ قارىدى[24].

1991 - يىلى بازىن «قەدىمكى تۈركلەردىكى يىلنامە سىستېمىسى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى[25]. بۇ ئەسەرنى ھەقىقەتەنمۇ يېقىنقى بىر ئەسىر مابەينىدە ئېلىپ بېرىلغان تۈرك يىلنامىچىلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بىلگەنلىرىمىز چەكلىك بولغاچقا، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارنى ئەسلەپ كۆرۈشنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتىمىز. تۆۋەندە تۈرك يىلنامىچىلىقىدىكى 12 مۇچەل توغرىسىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بوي-

لاپ، تاغدىن ـ باغدىن بولسىمۇ بىرنەرسىلەرنى دەپ باقماقچىمىز.

## 2 § . تۈرك يىلنامىسىنىڭ تۈرلىرى

جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا «تۈرك» ( 突厥 ) دېگەن نام تۇنجى بولۇپ غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتوڭ 8- يىلى(542- يىلى) كۆزگە چېلىقىدۇ. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈركلەر دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ۋاقىت بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى تۈرك- لەرنىڭ كالېندارى خېلىلا ئىپتىدائىي ئىدى. «جۇنامە» 50 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ يېزىقى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما يىل ھېسابىنى بىلمەيدۇ. شۇ- ڭا، ئوت- چۆپلەرنىڭ كۆكىرىشىنى بەلگە قىلىپ خاتىرىلەيدۇ» . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كۆكىرىشىنى بەلگە قىلىپ خاتىرىلەيدۇ» دېگەن ئەھۋال جىن ( 金 ) دەۋرىدىكى جۇرجىتلارنىڭ «ئوت- چۆپ بىر قېتىم كۆكەرسە بىر ياش چوڭىيىدۇ» دېگىنىدەك بولۇپ㉖ ، «يىل ھېسابىنى بىلمەيدۇ» دېيىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ قوللانغىنى يايلاق مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان فېنولوگىيە- لىك كالېندار ئىدى. ئۇ كۆچمەن ئوۋچىلىق تۇرمۇشتىكى تۇپراقتىن بىخلانغان بولۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە قوللىنىشقا بولاتتى. ھەر قېتىم ئۆلۈم بولغاندا تۈركلەر فېنولوگىيىلىك كالېندار ئارقىلىق دەپنە مۇددىتىنى بەلگىلەيتتى: «پەيتنى تاللاپ دەپنە قىلىدۇ. ئەتىياز ۋە يازدا قازا قىلغۇچىنى گۈل ـ گىياھلار سارغايغۇچە، كۈز ۋە قىشتا قازا قىلغۇچىنى گۈل ـ گىياھلار بۇك ـ باراقسان بولغۇچە ساقلايدۇ، ئاندىن يەرلىك كولاپ دەپنە قىلىدۇ»㉗. فېنولوگىيىلىك كالېندار گەرچە پەسىلگە قاراپ ئىش قىلىشقا قولايلىق بولسىمۇ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كۆكلەپ قۇرۇشى دەۋر قىلىپ تۇرىدى- غان بولغاچقا، بۇ كالېندارلارنى يىلنامىچىلىقتا قوللانغىلى بولمايد- تى. شۇڭا، قەدىمكى تۈركلەر ئۆزىنىڭ يېشىنى خاتىرىلەش ۋاستە-

سى قىلىنغانىدى. مەشھۇر «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» دا بايان قىلىنىشىچە، كۆلتېكىن 47 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، 13 قېتىم جەڭگە قاتناشقان. 16 يېشىدا يۇرۇشكە چىققان، 21 يېشىدا چاچا سانغۇن بىلەن سوقۇشقان، 30 يېشىدا قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغان، 31 يېشىدا ئارىزلارنى يوقاتقان قاتارلىقلار.

قېرىنلوگىيىلىك كالېندار ئاساسىدا قەدىمكى تۈركلەردە ئوت- چۆپنىڭ بىر قېتىم كۆكىرىشىنى بىر ياش، دەپ قارايدىغان ياش ئۇقۇمى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆمۈرنى بىلدۈرىدىغان «ياش» دەل «ئوت- چۆپنىڭ كۆكىرىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئوت- چۆپ ئۈچ قېتىم كۆكەرسە ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىككى ياش بولىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇنى ئۈچ ياش دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا، قەدىمكى تۈركلەر ئەمەلىي ياش بىلەن ئەمەس، قورساق يېشى بىلەن ياش ھېسابلىغان (كۆلتېكىن 47 ياش ئۆمۈر كۆرگەن دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 46 ياش ئىدى) . ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى «يىل» (yil) بولسا ۋاقىت تەرتىپى مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆمۈر مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ㉘. ئىپتىدائىي قېرىنلوگىيىلىك كالېندار بىلەن يىلنى ھېسابلاشقا بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سىستېمىلىق ھالدا ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ كەمتۈكلۈكى مۇچەللىك كالېندارنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا تولۇقلاندى. تۈركلەرنىڭ بېقىندى قەبىلىلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلاردىكى 12 مۇچەللىك يىلنامە توغرىسىدا تارىختا ئېنىق خاتىرە بار: «ئۇلار 12 مۇچەل ئارقىلىق يىللارنى خاتىرىلىگەن، ھېساب بويىچە يىل ‹زى›، (子) غا توغرا كەلسە ئۇنى چاشقان يىلى دەپ، 戌 غا توغرا كەلسە ئىت يىلى دەپ ئاتىغان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاش»㉙. تۈركلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسىدە مۇچەللىك كالېندارنىڭ بار- يوقلۇقى توغرىسىدا تارىخىي ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەر يوقمۇ ئەمەس. «سۈينامە» 84 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، تۈرك خانلىقىدىكى ئىشبارا قاغاننىڭ سۈي گاۋزۇغا يوللىغان دۆلەت خېتىدە مەكتۇپ يېزىلغان ۋاقىتنىڭ «چېن (辰) يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى» ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس

پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «مۇچەل ۋە بۇرچ ھېسابىدىكى بىر خەت بىلەن يىل خاتىرىلەش جۇڭگونىڭ باشقا ۋەسىقىلىرىدە ئۇچ-رىمايدۇ. بۇ يەردىكى «چېن» ( 辰 ) دېگەن خەت شۇبھىسىزكى، 12 مۇچەلنىڭ ئىچىدىكى بىر يىل. جىيا - چېن يىلى (584 - يىلى) بولغان بۇ يىل ئەجدىھا يىلى بولۇپ، چېن دېگىنى مۇشۇ ئەجدىھا يىلىنى كۆرسىتىدۇ»㉚. تۈرك يىلنامىچىلىقىغا دائىر بۇ يېگانە خاتى-رە تولىمۇ قىممەتلىك بولۇپ، VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرك ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدە خەنزۇلار رايونىدىكى ھەممىيلەنگە تونۇشلۇق بولغان مۇچەل كالېندارىنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھالبۇكى، سۈي - تاڭ دەۋرلىرىدىكى جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايى-نىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاندا تۈرك مۇچەللىك كالېندارىنىڭ ئومۇ-مىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەك قىيىنغا چۈشىدۇ. پەقەت شۇ زاماندىكى تۈرك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر- بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىلا، ئاندىن بۇ ھەقتىكى ئەھ-ۋاللارنى ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## § 3 . قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدىكى مۇچەل سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى-دىن مۇچەل ھېسابى بويىچە ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەنلىرى جەمئىي تۆت بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالدىنقى ۋە كېيىنكى تۈرك خانلىقلى-رىغا مەنسۇپ. تۆۋەندە مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىكى ئالاقىدار ئابزاس-لارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1) بۇگۇت مەڭگۈتېشى. 1969 - يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇ-رىيىتى ئارقا قانغاي ئۆلكىسىنىڭ بۇگۇت دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. سوغدىچە يېزىقتىكى بۇ مەڭگۈتاش ئالدىنقى تۈرك خانلىقىدىن ساقلى-

نىپ قالغان يېگانە ئابىدىدۇر. مەزكۇر مەڭگۈتاشنىڭ ئالدى يۈزى
6 - قۇرىدا سەل بۇزۇلغان ھالەتتە «توشقان يىلى» (γrγwšk srδy)
دېگەن ئىككى خەت ساقلىنىپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگ-
لىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «توشقان يىلى» مىلادىيە 571 -
يىلى (شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ تيەنخې 6 - يىلى)㉛ بولىدىكەن.
بۇ يىل بىلەن ئالدىنقى بايانلىرىمىزدىكى ئىشبارا قاغاننىڭ دۆلەت
خېتىدە ئېيتىلغان «چېن» (ئەجدىھا يىلى) يىلى ناھايىتى يېقىن.
شۇڭا، بۇگۇت مەڭگۈتېشى تۈرك يىلنامىچىلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا
ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە: (1) ئۇ «سۈينامە» دە
تىلغا ئېلىنغان تۈركلەرنىڭ مۈچەللىك كالېندار قوللانغانلىقى ھەققى-
دىكى ئەڭ قەدىمكى خاتىرىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ؛ (2) مەزكۇر
مەڭگۈتاش سوغدىچە يېزىلغان بولۇپ، مۈچەللىك كالېندارنىڭ ئىشلە-
تىلىشى بىلەن سوغدىلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىمۇ ئەستايىدىل
ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

2) ئونگىن مەڭگۈتېشى. تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى بۇ مەڭگۈ-
تاش 1891 - يىلى موڭغۇلىيىدىكى ئونگىن دەرياسى بويىدىن تېپىل-
غان. مەڭگۈتاشنىڭ 12 - قۇرىدا قەبرە ئىگىسىنىڭ «ئەجدىھا يىلى
7 - ئايدا ۋاپات بولغان» لىقى يېزىلغان. روسىيە تۈركولوگى رادلوۋ
«ئەجدىھا يىلى» نىڭ مىلادىيە 692 - يىلى (ۋۇزېتيەننىڭ چاڭشۇ
1 - يىلى) ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. پېللىئوت بۇ خىل بېكى-
تىشنى «قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ ۋە 728 - يىلى
(كەييۈەننىڭ 16 - يىلى) بولۇشى كېرەك دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ئەنگلى-
يە تۈركولوگى كلاۋسۇن باشقىچە قاراشتا بولۇپ، «ئەجدىھا يىلى»
دېگىنى مەڭگۈتاش تېكىستىنى ئوقۇشتىكى خاتالىق، دەپ قارايدۇ.
ئۇنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئەمەلىيەتتە «قوي يىلى» بولۇپ، 731 -
يىلى (كەييۈەننىڭ 19- يىلى) غا توغرا كېلىدۇ㉜.

3) كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى. تۈرك - رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان
بۇ مەڭگۈتاش 1889 - يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى
قوشۇ سەيدام كۆلى بويىدىن تېپىلغان. مەڭگۈتاشنىڭ شىمالىي ۋە

شەرقىي يۈزلىرى ئارىلىقىدىكى قىرغا «كۆلتېگىن قوي يىلى ۋاپات بولدى» دەپ يېزىلغان. بۇ 731 ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 19 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. «مەڭگۇتاش مايمۇن يىلى تىكلەنگەن»، يەنى 732ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 20 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ㉝.

4) بىلگە قاغان مەڭگۇتېشى. تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى بۇ مەڭگۇتاش كۆلتېگىن مەڭگۇتېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا تېپىلغان. مەڭـ گۇتاشنىڭ جەنۇبىي يۈز 17 ـ قۇرىدا «بىلگە قاغان ئىت يىلى 10ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى ۋاپات بولدى. چوشقا يىلى 5ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەپنە قىلىندى»㉞ دېيىلىدۇ. تېكىستتىكى «ئىت يىلى» 743 ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 22 ـ يىلى) غا، «چوشقا يىلى» 735 ـ يىلى (كەييۇەننىڭ 23 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ.

ئۈنىڭدىن سىرت «تۇنيۇقۇق مەڭگۇتېشى» دا گەرچە مول تارىـ خىي بايانلار بولسىمۇ، مۆچەل كالېندارى كۆزگە چېلىقمىغانلىقتىن مىسال كەلتۈرۈلمىدى. پايدىلىنىشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، يۇقىرىقى تۆت مەڭگۇتاشتىكى مۆچەللىك كالېندارغا ئائىت ماتېرىياللارنى تۆۋەنـ دىكىدەك جەدۋەللەشتۈردۇق:

### 1 ـ جەدۋەل: قەدىمكى تۈرك مەڭگۇتاشلىرىدىكى مۆـ چەل ناملىرى

| تاش / مۆچەل | بۆگۈت مەڭگۇـ تېشى | ئونگىن مەڭگۇـ تېشى | كۆلتېگىن مەڭگۇتېشى | بىلگە قاغان مەڭگۇتېشى |
|---|---|---|---|---|
| چاشقان | | | | |
| كالا | | | | |
| يولۋاس | | | | |
| توشقان | ϒrϒwšk | | | |
| ئەجدىھا | | lui | | |
| يىلان | | | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | | | ئات |
| | kony | | | قوي |
| | biqin | | | مايمۇن |
| | | | | توخۇ |
| it | | | | ئىت |
| laqzin | | | | چوشقا |

ئېنىقكى، قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا 12 مۈچەلنىڭ تەرتىپى مۇكەممەل ئەمەس، پەقەت ئالتە خىل مۈچەل نامىلا ساقلىنىپ قالغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ پارچە - پۇرات ماتېرىيال تۈرك خانلىقىدىكى مۈچەل كالېندارلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. پەقەت مۇشۇ ماتېرىياللارنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى باشقىچە تۈرك يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قانداق ئورتاقلىق ۋە پەرق بارلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدىلا، قەدىمكى تۈركلەردىكى مۈچەللىك كالېندارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ توغرۇلۇق بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا ئىزدىنىپ كۆرگەن (2 - جەدۋەلگە قاراڭ)㉟.

2 - جەدۋەلدىكى توققۇز تۈرلۈك ماتېرىيالنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ئورخۇن دەۋرىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىشلىتىلگەن مۈچەل ناملىرىنىڭ كېيىنكى زاماندىكى تۈركلەر ئىشلەتكەن مۈچەل ناملىرىغا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، «قوي» ۋە «ئىت» دېگەن ئىككى نامنىڭ تاۋۇش ۋە مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئەڭ مۇقىم بولغان، بولۇپمۇ «ئىت» مۈچەل كالېندارىدا ئىزچىل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، كېيىن كەڭ تارقالغان Kopek (ئىت) دېگەن سۆزگە ئالمىشىپ قالمىغان.

## 2 - جەدۋەل: ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەردە مۇچەلناملىرى

| دەۋر / مۇچەل | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئورخۇن تۈركلىرى دەۋرى ( VI — VII ئەسىرلەر) | بىرۇنىي دەۋرىدىكى تۈركلەر ( XI ئەسىر) | مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىكى تۈركلەر ( XI ئەسىر) | شىنجاڭ قانۇن ۋەسىقىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ( XI — XIV ئەسىرلەر) | ئەرەبچە ۋەسىقىلەردىكى تۈركلەر ( XIV — XV ئەسىرلەر) | يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى نېستورىيان تۈركلىرى ئابىدىسى ( XII — XIV ئەسىر) | ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى تۈركلەر ( XV ئەسىر) | ئوبۇلغازى باھادىرخان دەۋرى ( XVII ئەسىر) | دوناي بۇلغارلىرى |
| چاشقان | | سىچقان | سىچقان | كۈسكۈ | سىچقان | سىچقان | كېسكۈ | سىچقان | |
| كالا | | ئۇد | | ئۇد | سىغىر | ئۇت\ ئائۇد | ئۇت | سىغىر | شېگور |
| يولۋاس | | پارس | | پارس | ئارسلان\ قاپلان\ پارس | پارس | پارس | پارس | |
| توشقان | تاۋشق | تاۋشقان | | تاۋشان\ تاۋشقان | تاۋشان | تاۋشقان | توچقان | قويان | دۋانش |
| ئەجدىھا | لۇي | لۇ | تالۇ\ لەھەڭ\ كروكودىيا | لۇ | بالىق | لۇ | لۇي | بالىق\ لۇ | |
| يىلان | | يىلان | | يىلان | يىلان | يىلان\ ئىلان | يىلان | يىلان | دىلان\ دىلوم |
| ئات | | يوند | | يونت | ئات | يونت | يوند | ئۇنكۇ | مورىن |
| قوي | قونى | قوي | | قوين | قوين | قوي | قوي | قوي | قۇچى |
| مايمۇن | بىچىن | پىچىن | | پىچىن | بەچىن | پىچىن\ بىچىن | پىتچىن | بىچىن | |
| توخۇ | | تاغۇق | | تاقىيغۇ | تاقۇق | تاغاقۇ\ تاقاقۇ | داقۇق | تائۇق | توخول |
| ئىت | ئىت | ئىت | | ئىت | ئۇت | ئىت | ئىت | ئۇت | ئىت |
| چوشقا | لاقزىن | تۇڭۇز | | تۇڭۇز | دوڭۇز | تۇڭۇز | تۇنگۇز | تۇڭۇز | دوخس |

ئىككىنچى، «چوشقا» دېگەن نام ھەر خىل شەكىلدە يېزىلغان. «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى «چوشقا» laqzin تەلەپپۇزىدا يېزىلغان بولۇپ، مانجۇ تىلىدىكى «ئاچىنا» دېگەن سۆزگە يېقىن ئوقۇلىدۇ. بۇ سۆز ھېچقانچە ئىشلىتىلمەيلا ئۇنىڭ ئورنىنى تۈركچە «تۇڭگۇز» (چوشقا، توڭگۇز) دېگەن سۆز ئىگىلىگەن.

ئۈچىنچى، «ئەجدىھا» نامى ئەڭ كۆپ ئۆزگەرگەن، بەزىدە «لەھەڭ»، بەزىدە «بېلىق» دەپ ئىشلىتىلگەن، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى شەكلىدە ئۇچرايدىغانلىرىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇزدىكى ئوخشىمىغان مەنىلەردە كەلگەن سۆز بولسىمۇ، يەنىلا «ئەجدىھا» دېگەن مەنىسى بولغان. مەسىلەن، تۈركمەنلەر «lu» نى «بېلىق» (بالىق) دەپ تەرجىمە قىلسا، نوغايلار كىچىك ئارال ياكى قۇرت. قوڭغۇزلارنى شۇنداق ئاتايدۇ؛ ئالتايلىقلار ھەتتا ئۇنى كۆلچەك. سازلىقلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان سۇ قۇشلىرى دەپ چۈشىنىدۇ ياكى زىراپىسمان ئاجايىپ مەخلۇق قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ㊱. تۈركلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئېھتىمال «ئەجدىھا» بىر خىل غەيرىي مەخلۇق بولغاچقا، چۈشىنىشكە ئىلاجسىز قېلىپ، بارغانسېرى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك.

ئومۇمەن، قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇچەل قالدۇقلىرى VI — VIII ئەسىرلەردە تۈرك خانلىقىدا قوللىنىلغان مۇچەللىك كالېندارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشىمايدىغان تارىخىي قىياپىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. 12 مۇچەلدىكى ناملارنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى مۇچەللىك كالېندارنىڭ ئەسلىدىلا تۈركلىشىش جەريانىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. قانداق قىلغاندا تۈرك تارىخىدىن مۇچەللىك كالېندارنىڭ «بىخ» لىرىنى تاپقىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭچە ئالدى بىلەن تۈرك كۆچمەن جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئىچكى تەرەپتىن كۆزىتىپ، شىمالىي چۆللۈك رايونىدا مۇۋاپىق تۇپراقنىڭ بار. يوقلۇقىنى ۋە 12 مۇچەلنىڭ چېدىر ئۆيلەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان - كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش كېرەك.

## §4 . 12 مۇچەل تۈركلەردىن كەلگەنمۇ

ئالاھازەل يېرىم ئەسىر ئىلگىرى پېللىئوت چاۋاننېسنىڭ «مۇچەللىك كالېندار تۈركلەردىن كەلگەن» دېگەن قارىشىنى تەنقىدلىگەندە ئۆتكۈر قىلىپ: «مىلادىيەنىڭ دەسلىپىدىلا جۇڭگودا 12 مۇچەللىك يىلنامە ئىشلىتىلگەن، ئۇنى تۈركلەردىن كەلگەن، دېيىش كىشىنى ھېچقانچە قايىل قىلالمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، چاۋاننېس ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ قارىشىدىن ۋاز كېچىدۇ»㊲ دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە «ئاز ۋاقىت» ئەمەس نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ چاۋاننېسنىڭ ھىمايىچىلىرى يەنىلا ئازايمىدى، پەقەت «تۈركلەردىن كەلگەن» دېگەننى «كۆچمەن مىللەتلەردىن كەلگەن» دەپ ئۆزگەرتىپلا قويىدى.

مۇچەللىك كالېندارنىڭ جۇڭگودا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بارغانچە كۆپىيىۋاتقان ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئالدىنقى چىن دەستۇرلىرىدا خۇددى «نەزمىنامە» دىكى «ئات يىلىدا ئېتىمنى مىنەي دېسەم ھالى يوق» دېگەنگە ئوخشاش پارچە ۋە ئۈزۈك خاتىرىلەرنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ㊳. 1975 ـ يىلى يەنە بىر قېتىملىق مۇچەللىك كالېندارغا مۇناسىۋەتلىك زور ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش بولدى. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈنمېڭ ناھىيىسى شىخۇ كەنتىدىكى چىن دەۋرىگە مەنسۇپ 11 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان «خاتىرىلەر» ناملىق تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىرىگە «قاراقچى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان 12 مۇچەل ۋاڭ چۇڭنىڭ «مىزان ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن تەرتىپ بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ㊴. بۇلار شەك ـ شۈبھىسىزكى پېللىئوتنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

ئەمما، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا مۇچەللىك كالېندارنىڭ «پاتېنت» ى جۇڭگوغا مەنسۇپ، دەپ يەكۈن چىقىرىش ئادەمنى تازا قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، «تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدا ھەر كۆنى يېڭى كەشپىياتلار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەممىلا جايدا ئۆز ئالدىغا بولۇۋېرىدۇ»(40). تۈركلەرنىڭ مۇچەل-لىك كالېندارىنى «ئىجات» قىلىش - قىلالماسلىقى ئۇنىڭ خەنزۇلار رايونىدا خېلى قەدىمدىلا قوللىنىلغان بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قى-لىپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئۆزىدىكى ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائى-تى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پېللىئوتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «12 مۇچەل تۈركلەردىن كەلگەن ئەمەس» دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈ-دەك ئىچكى ئىسپات بولالايدىغان ئاشۇ تارىخىي ئامىللارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە سەل قارىغان.

## 1. سان ئۇقۇمى

قەدىمكى تۈركلەرگە چوڭقۇر ئورناشقان سان ئۇقۇمى «ئون ئىك-كى» ئەمەس، بەلكى «ئون»، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «ئون» بىلەن زىچ باغلىنىشلىق: تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىر ئوغۇل بولۇپ «ئون ياش» ئىكەن، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر چىشى بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ، ئۇنىڭ-دىن «ئون ئوغۇل» تۇغۇلۇپتۇ: نۇر تورلۇقنىڭ «ئون خوتۇنى» بار ئىكەن(41)؛ ئەل بىنا قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردا «يۇقىرى - تۆۋەن ئەمەل - مەنسەپلەر جەمئىي ئون دەرىجە بولغان»؛ تۈرك قانۇنىدا: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىسى بويىچە جەرىمانە تۆلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن(42). غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي تۈزۈلمىسىگىمۇ «ئون» لۇق تامغا بېسىلغان: «بۇ دۆلەت ئون بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەربىر بۆلەككە بىر كىشى باش بولدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئون شاد دەپ ئاتالدى. ھەربىر شادقا بىردىن ئوق ئىنئام قىلىنغان بولغاچقا، ئون ئوق دەپمۇ ئاتالدى»(43). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىككى ئالىقاننىڭ بارماق سانىدىن كەلگەن «ئون» رە-قىمى ئىستىخىيىلىك ھالدا تۈركلەردىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىلىرىدا ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ھەربىي بىرلىك-لەردە قوللىنىلغان. نامى جاھانغا تارالغان قاغان «تۇمەن» (ئون

مىڭ) نىڭ نامىمۇ دەل «ئون» نىڭ تۆتىنچى دەرىجىسى ئىدى. شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمىدا «ئون» كائىناتتىكى سىرلىق رەقەم بولۇپ قالغان. ئەكسىچە، «ئون ئىككى» نى ھېسابلاش بىرلىكى قىلىش چۈشەنچىسىنىڭ مەنبەسىنى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى «مۇچەل كالېندارى تۈركلەردىن كەلگەن» دېگەن قاراشنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى يايلاق قۇرغاقچىلىقىنىڭ دەۋرىيلىكى ئارقىلىق مۇچەل كالېندارىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئون ئىككى يىلنى بىر قەرنە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «12 مۇچەلنىڭ ئون ئىككى بولىدىغانلىقىنى كۆچمەنلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ ئاساسلىق بايلىقى چارۋا، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بولغان ئەھۋالدا ئۆزگىرىشنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان قۇرغاقچىلىق ئوت - چۆپلەرنى سارغايتىپ، بۇلاقلارنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ، چارۋىلار ئاچلىقتىن قىرىلىپ، قەھەتچىلىك بولىدۇ. ئاددىي باقمىچىلىق شەكلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە قەھەتچىلىك يىلى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. قازاق كۆچمەنلىرى خېلى ئىلگىرىلا ھەر ئون ياكى ئون بىر يىلدا بىر قېتىم دەۋرىي ھالدا قەھەتچىلىك يىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. خەلق فولكلورىدا چاشقان، توشقان، ئەجدىھا، مايمۇن، توخۇ، چوشقا قاتارلىق يىللار خەيرلىك ئەمەس، دەپ قارىلىدۇ، بولۇپمۇ توشقان يىلى ئەڭ قەبىھ بولۇپ، ھەر 36 يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ»[44]. ئەپسۇسكى، ئاپتورنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى XIX ئەسىردىكى قەھەتچىلىك بولغان يىللارنىڭ ماتېرىيالى بولۇپ، 12 مۇچەلنىڭ قەرنەلىرى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ چاك بېسىپ تۇرالمىغان بۇ قارىشىدىن «بۈگۈنكىدىن قەدىمكىنى ئىزدەش» پىرىنسىپى بويىچە مۇچەللىك كالېندارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

### 2. توتېم ئېتىقادى

تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈرك قاغانلى-

رى چىشى بۆرىنى ئۇرۇق بەلگىسى قىلغان ئاشىنا ئۇرۇقىدىن چىقات-
تى. شۇڭلاشقا، «تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئالتۇندىن
نەقىشلەنگەن بۆرە بېشى سۈرىتى بار ئىدى. ياساۋۇل- نەۋكەرلەر فۇلى
دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگوچە بۇ بۆرە دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە
بۆرە نەسلىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئەسلىي مەنبەسىنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ» ㊺. ھالبۇكى، قەدىمكى تۈركلەر ئۇلۇغلاپ كەلگەن بۆرە
توتېمى خەنزۇلاردىكى «ئەجدىھا» غا ئوخشاش 12 مۇچەلدە مۇستەھكەم
ئورۇن ئىگىلىمىگەن، بەلكى «ئىت» 11 - ئورۇنغا تىزىلغان. شۇڭا،
بەزى تەتقىقاتچىلار «ئىت» نى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، توتېملاشقان
«بۆرە» بىلەن «تۈلكە» ، «ئىت» قاتارلىقلارنى تەڭلەشتۈرۈپ بېقىشۋا-
تىدۇ㊻. ئەمما، بۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. ئالدىنقى جەدۋەل-
دىن كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى «بىلگە
قاغان مەڭگۈتېشى» دا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تۈركچە «it» يىلى
كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇچەللىك كالېندارلاردا ئورنى ناھايىتى مۇقىم
بولغان، ھېچقاچان ئۇنىڭ ئورنىغا «بۆرە» (فۇلى — bori) ئىش-
لىتىلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كونا تاڭنامە» نىڭ 194 - جىلد
«تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە «بۆرە» «ئىت»
تىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرگىدەك
بىۋاسىتە دەلىللەر بار: «(كەيۋەننىڭ 13 - يىلى) كىچىك شاد
(بىلگە قاغان) خاتۇنى ۋە كۆلتېكىن، تۇنيۇقۇقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا
چېدىردا زىياپەتتە ئولتۇرۇۋېتىپ يۈەنجېن (تۇنيۇقۇق) دىن: ‹تىبەت-
لەر ئىت نەسلىلىك بولسىمۇ تاڭ دۆلىتى ئۇلار بىلەن قۇدىلاشتى،
تاتابى ۋە قىتانلار ئەسلىدىنلا تۈركلەرنىڭ قۇللىرى بولسىمۇ، ئۇلار-
غىمۇ مەلىكە بەردى. تۈركلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم
قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلسىمۇ زادىلا ماقۇللۇققا ئېرىشەلمىدى. بۇ
نېمە ئۈچۈن؟› ، دەپ سورىدى» . خۇددى خەن رۇلىن ئەپەندى كۆرسەت-
كەندەك: «تۈركلەرنىڭ ئۆيى بويىچە ئۇلار بۆرىلەردىن ئاۋۇغان بول-
غاچقا، بۆرىنى باشقا تۈردىكى ھايۋانلاردىنمۇ چوڭ بىلەتتى» ㊼. مانا
مۇشۇنداق تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى شارائىتىدا تۈركلەر-

نىڭ دۇنيا قارىشىدىن «بۆرە» بىلەن «ئىت» نىڭ بىردەكلىكىنى ئىزدەش ھەرقانداق قىلىپمۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش. قىزىق بولغىنى سۇيي سۇلالىسىدىكى سۇجى «بەش ئاناسىرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى» ناملىق ئەسىرىدە 12 مۈچەلنى ئوتتۇز ئالتە قۇش ھېسابىغا راۋاجلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن «شۇ ( 戌 ) دېگەنلىك ئىت، بۆرە، قاپلاندۇر» دەيدىغان قاراش بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى تۈركلەر دەۋرىدە بولسا «ئىت» مۈچىلى بىلەن «بۆرە» توتېمىنى تۈپتىن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

### 3. ھايۋانات تەركىبى

12 مۈچەلدىكى «ئەجدىھا» دىن باشقىسى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ھايۋانلاردۇر. تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن بۇ ھايۋاناتنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭقۇر- تېيىزلىق پەرقى بار. پۈتكۈل مۈچەل سىستېمىسىدىكى ھايۋان قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

ئا گۇرۇپپا ھايۋانلار (يولۋاس، مايمۇن، ئەجدىھا) : سىبىرىيە يايلاقلىرى ۋە ئورمانلىقلىرىدا ئاساسەن يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى بىردەك يات خەلقلەردىن قوبۇل قىلىنغان. ئەنگلىيىلىك تۈركولوگ كلاۋسوننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا تۈرك ۋە موڭغۇللار ئوخشاش سۆز ئىشلەتكەن: bars (يولۋاس) ، bičin (مايمۇن) ناملىرى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى (پارسچە būzina بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارتۇقچە ئەمەس) غا مەنسۇپ. lu (ئەجدىھا) بولسا ئېنىقلا خەنزۇ تىلىدىن ( 龙 ) قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئېھتىمال VIII ئەسىرلەردىكى جۇڭگو غەربىي شىمال شېۋىسىدىن كەلگەن بولسا كېرەك[48]. «يولۋاس» ۋە «ئەجدىھا» ناملىرى ھەققىدە ھازىرغىچە تېخى قارشى پىكىر بولۇپ باقمىدى. «مايمۇن» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردا بىرەيلەن ئۇنى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن دەپ كۆرسەتتى: قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا «مايمۇن يىلى» bičinyilqa

دېيىلىدۇ. «مايمۇن» (bičin) خېتى ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى بوغۇمى خەنزۇ تىلىدىكى « 拂 » خېتىنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى P"J"ẹi" قا ماس كېلىدۇ، ئىككىنچى بوغۇمى « 申 » خېتىنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى śịěn بىلەن ماس كېلىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلىدىكى « 拂申 » قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى bičin بولۇپ قالغان. بۇ خىل قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىدىكى ۋاستىچى بولغان سوغدى ياكى توخرى تىللىرىدىكى bičin ئارقىلىق ئاندىن تاۋۇشى ئازراق ئۆزگەرگەن ھالدا قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ قالغان㊾.

ب گۇرۇپپا ھايۋانلار (چاشقان، يىلان، چوشقا، ئىت): ئاساسەن دېگۈدەك شىمال يايلاقلىرىدىكى ۋە ئورمانلىقلىرىدىكى يەرلىك ھايۋانلار بولغاچقا، قەدىمكى كۆچمەن خەلقلەرگە بەكلا تونۇشلۇق ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ بۇ تۆت مۇچەلنىڭ موڭغۇلچىدىكى ئاتىلىشى تۈرك تىلىدىكىدىن پەرق قىلىدۇ. «تاتار تەرجىمە سۆزلىرى» گە قارىغاندا چاشقان (بۇرخان)، يىلان (موخەي)، چوشقا (خېخەي)، ئىت (ناخەي) دېيىلىدۇ. مايمۇن «بىچىن» دېيىلىدىغان بولۇپ، تۈركىي تىلىدىكى bičin دىن پەرقلەنمەيدۇ.

س گۇرۇپپا ھايۋانلار (كالا، ئات، قوي، توخۇ، توشقان): يايلاق دۇنياسىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك ھايۋانلاردۇر. «تۈركلەرنىڭ روناق تېپىشى ياكى ھالاك بولۇشى ئات. قويلارنى ئۆلچەم قىلىندىغان»㊿ بولغاچقا، ئۇلارغا راستىنىلا سەل قاراشقا بولمايتتى. ئېھتىمال بۆرىنىڭ قويلارنى يەپ كېتىشىدىن قورققان قەدىمكى تۈرك كۆچمەنلىرى ئىلاجسىز «فۇلى» (بۆرى) نىڭ ئايىغىغا باش قويغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇچەل تەرتىپىدىكى 12 تۈرلۈك ھايۋان ناملىرى قۇرۇلمىسىدا تۆتتىن بىر قىسىم نام سىرتتىن كىرگەن، ئەمما تۈركلەردىكى مۇقەددەس ھايۋان «بۆرە» بۇ تەرتىپتىن ئورۇن ئىگىلىيەلمىگەن. دېمەك، «مۇچەل تۈركلەردىن

كەلگەن دېگەن قاراش تارىخشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيىنىڭ سىناقلىرىدىنلا ئەمەس، ئېتنوگرافىيە ۋە ئەپسانىشۇناسلىقنىڭ سىناقلىرىدىنمۇ ئۆتەلمەيدۇ.

## 4. مۇچەل رىۋايەتلىرى

مۇچەللىك كالېندارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئاغزاكى بايانلىرىدا كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رىۋايەتلەردىن مۇچەلنىڭ «بۆرە ئەۋلادلىرى» بىلەن بىرەر تارىخىي باغلىنىشى بارلىقى كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇمۇ راستىنلا كىشىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

XI ئەسىردىكى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قەدىمكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: بىر تۈرك ئاقساقىلى لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ۋاقتىنى تەكشۈرگەندە قايمۇقۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن قاغان ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خاتالىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، مۇچەللىك كالېندار قوللىنىش كېرەك. شۇڭا، بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ئون ئىككى يىلغا بىردىن ئات قويايلى». قوۋمدىكىلەر بۇنىڭغا قوشۇلۇپ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوۋ ئويۇشتۇرغان، قاغان پۈتۈن ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. سۇغا ئۆزىنى ئاتقان ھايۋانلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. قاغان ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈش تەرتىپى بويىچە ئۇلارنىڭ نامىنى يىللارغا ئىسىم قىلىپ قويغان. چاشقان دەريادىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، مۇچەلدە چاشقان يىل بېشى بولۇپ قالغان[51].

بۇ رىۋايەتتە مۇچەللىك كالېندار قاغاننىڭ خۇسۇسىي كەشپىياتى قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىدىنلا ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. بىراق، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇچەللىك

كالېندارنىڭ كېلىپ چىقىش ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە شەرت - شارائىتى تىلغا ئېلىنغان: ئىلى دەريا ۋادىسى غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان «ئاسىيۇلار زېمىنى» بولۇپ، مۇچەللىك كالېندارنىڭ غەربىي يۇرتتىن شىمالىي چۆللۈككە تارقىلىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس. لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ۋاقتىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن مۇچەللىك كالېندارنىڭ قوللىنىلىشى ئېپتىدائىي فېنولوگىيىلىك كالېندارنىڭ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ «لەشكىرىي ئىشلارغا ماھىر بولۇش» ، «لەشكىرىي ئىشلاردىن خالىي جايدا جاھان كەزدىلىك قىلىش» تەك يېڭى ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغانلىقىدىن بولغاندەك قىلىدۇ. كېيىنكى ماۋزۇدا بۇ ھەقتە يەنە تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز.

يەنە بىر مۇچەل رىۋايىتى ھازىرقى قازاق ۋە موڭغۇللاردا ھەممەيلەنگە يادا بولسىمۇ، ئالدىنقى رىۋايەتكە ئوخشىمايدۇ: ئون ئۈچ خىل ھايۋان مۇچەل تەرتىپىنى تالىشىپ قاپتۇ. تۆگە بارلىق ھايۋانلارنىڭ ئالدى بولماقچى بوپتۇ. چاشقان ھىيلە ئىشلىتىپ قۇياشنىڭ چىققىنىنى كىم ئاۋۋال كۆرسە، شۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. يېرىم كېچىدە چاشقان ئوغرىلىقچە تۆگىنىڭ بېشىغا چىقىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەھەردە قۇياشنىڭ چىققىنىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈۋېلىپ بىرىنچىلىك شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ. تۆگە بىپەرۋالىقىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغاچقا، شۇندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ يىلىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بۇ رىۋايەت قازاق ۋە ئۆزبېك ماقالىلىرىدىمۇ «تۆگە يىلى يىل ئەمەس» دېگەن شەكىلدە ئەكس ئېتىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، قازاقلارنىڭ ئەجدادلىرى 12 مۇچەلنىڭ تەرتىپىگە ئەقلى يەتمىگەنلىكتىن، تۆگىنىڭ چاشقانغا ئالدىنىشىدەك ئەپسانىنى توقۇپ چىققان. ئەگەر مۇچەللىك كالېندار راستىنلا قەدىمكى تۈرك جەمئىيىتىدىن بىخلانغان بولسا بۇ رىۋايەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويمىغان بولاتتى.

يۇقىرىقى تۆت نۇقتىلىق دەسلەپكى بايانلارغا ئاساسەن، قەدىمكى ئاشىنا ئۇرۇقى يەنى بۆرە ئۇرۇقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈرك كۆچمەن

جەمئىيىتىدە مۇچەللىك كالېندارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ماس كېلىدىغان شارائىت كەمچىل دەپ قارايمىز. سۆزلەپ ئۆلتۈرۈش هاجەتسىزكى، «ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆكىرىشىنى بەلگە قىلىدىغان» (بىر يىل بىر دەۋر بولىدىغان) فېنولوگىيىلىك كالېنداردىن مۇچەل يىلنامىسى (ئون ئىككى يىل بىر دەۋر) غىچە بولغان بۇ جەريان بىر - بىرىگە ئۇلىنىدىغان ئىككى باسقۇچ ئەمەس، ئۇشتۇمتۇت بۇرۇلۇشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەيىن شامال ئوت - چۆپلەرنى يەلپۈتسە «مۇچەل» كۆرۈنىدىغان مۆجىزە يۈز بەرمەيدۇ. جاۋابنىڭ يولى پەقەت بىر: مۇچەللىك كالېندارنى تۈركلەر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرگەن ۋاستىچىنى ئىزدەش كېرەك.

## § 5 . توققۇز غۇزلار ۋە مۇچەللىك كالېندارنىڭ تۈركلەرگە تارقىلىشى

مۇچەللىك كالېندارنى تۈركلەرگە كىم ئېلىپ كىرگەن؟ هازىرقى مەنبەلەردىن بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب چىقمايدۇ. پېللىئوتنىڭ: «پەقىر تۈركلەردىكى يىلنامىچىلىق تۈركلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى هۆكۈمران قوۋملاردىن قوبۇل قىلىشىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ ئاۋارلاردىن قوبۇل قىلغان قائىدە - تۈزۈملىرى ئاز ئەمەس. شۇڭا، مۇچەل كالېندارىمۇ ئاۋارلاردىن قوبۇل قىلىنغان بولسا كېرەك» ㊷ دېگەن سۆزلىرىمۇ پەقەتلا بىر قىياس.

بىزنىڭچە تۈرك مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇچەللىك كالېندارنى «ئاۋارلارنىڭ مىراسى» دېگەندىن كۆرە سوغدى مەھەللىلىرىنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېيىشنىڭ مەنبە ئاساسى باردەك قىلىدۇ. هازىرقى زامان تۈركولوگىيە ئىلمى، سوغدىشۇناسلىق ۋە خەنزۇشۇناسلىق پەنلىرى «ئىچكى ئاسىيا فېنكلىرى» نىڭ تۈركلەرنىڭ غۇزلىشىشى ۋە خەنزۇلىشىشىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى بارغانسېرى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىس-

پاتلىماقتا.

شەرقىي تۈرك خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان سوغدى يادىكارلىقلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بەزى بايقاشلار ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شەرقىي سىبىرىيىدىكى ئانگارا دەرياسى ۋادىسى تاڭ دەۋرىدىكى قۇرىقانلارنىڭ ئاساسلىق ماكانى بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى بۇ جايدىن تېپىلغان ئىككى دانە ساپال چىراغپايى ياسىلىش شەكلى جەھەتتە سەمەرقەنتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىراغپايلىرىغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاشۇ ئوخشاش مەدەنىيەت قاتلىمىدىن يەنە بىر قاشتېشى قۇمرا تېپىلغان، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىگە چېكىلگەن كالا تەنلىك ئادەم باشلىق رەسىم قەدىمكى ئىران مۇئەككەللىرىنىڭ قىياپىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئارخېئولوگلار مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى بايقال كۆلى بويلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدىلارنىڭ مەھەللىلىرى مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىشتى[53].

سوغدى يېزىقىدىكى بۇگۇت مەڭگۈتېشىنىڭ تېپىلىشى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. خۇددى مەزكۇر مەڭگۈتاشنى يەشكۈچى ئېيتقاندەك: «بۇگۇت مەڭگۈتېشى سوغدىلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتى. ئەينى ۋاقىتتا ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى بولمىغاچقا ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا سوغدى يېزىقىنى قوللانغان. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولغان. سوغدىلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى باردى ـ كەلدىسى VI ئەسىردىن ئىلگىرىلا خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان. ئالدىنقى تۈرك خانلىقى، بولۇپمۇ VI ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى (مۇقان قاغان دەۋرى) خانلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا سىياسىي ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ، يىراق شەرق، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ئاساسلىق سودا يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كۆ-

رەش قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا بۇ خىل ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى يېڭى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشتى»(51).
بۇگۇت مەڭگۈتېشىنىڭ بېشىدىلا تىلغا ئېلىنغان «نىۋار قاغان» (nw''rγ'γ'n) نىڭ ئەسلىي ئىسمى شاد بولۇپ، 581 ـ يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىشبارا قاغان دەپ ئاتالغان. بۇ كىشى 587 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەنە شۇ كىشى ھاكىمىيەت سۈرگەن يىللىرى مۇچەل كالېندارى (توشقان يىلى) قوللىنىلغان سوغدى يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن ۋە «چېن (辰، يەنى ئەجدىھا) يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى» دەپ ئىمزا قويۇلغان دۆلەت خېتى يېزىلغان. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك خانلىقىدا ئىچكى ـ تاشقى پائالىيەتلەردە مۇچەللىك كالېندار ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرىنچى نۇقتىدۇر، ئاندىن قالسا ئىشبارا قاغان دۆلەت خېتىدە دەبدەبىلىك قىلىپ مۇنداق جاكارلىغان: «ئېلىمىزدىكى قوي ۋە ئاتلارنىڭ ھەممىسى خاقان ئالىيلىرىنىڭ مال ـ چارۋىسىدۇر. سىلەردىكى تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاب ـ تەتىللالار بولسا بىزنىڭ بۇيۇملىرىمىزدۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر». تۈرك قاغانىنىڭ يىپەك ـ ئات سودىسىنى ئاشۇنداق ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى تۈرك خانلىقى تېررىتورىيىسىدە يىپەك سودىسىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىت شارائىتىدا يىپەك سودىسى قىلىدىغانلار ھەمىشە سوغدىيانا (چۇ دەرياسىدىن تۆمۈر قاپقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كارىدورى) دىن كەلگەن توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى ئىدى. تۇمەن قاغان (بۇمىن قاغان) دەۋرىدىلا ئۇلار تۈركلەرنىڭ چېدىرلىرى ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى: «ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققىنى تۇمەن دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە قەبىلىلەر خېلى كۆپەيدى ۋە چېگرا ـ قورۇللىرىدىكى يىپەك ـ كىمخاب بازىرىغا كىرىپ جۇڭگولۇقلار بىلەن سودا قىلىشنى ئۈتۈندى. (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ) داتۇڭنىڭ 11 ـ يىلى (545 ـ يىلى) تەيزۇ جيۇچۈەنلىك غۇزئەننۇ پەنتونى يالۋاچ قىلىپ ئەۋەت-

تى»⑤⑤. ئەننۇ پەنتو جيۇچۇەندە تۈرۈپ قالغان بۇخارالىق بولۇپ، تۈركلەر جۇڭگو بىلەن چېگرا سودىسىنى باشلىغان مەزگىللەردە يۇ- ۋېنتەينىڭ پەرمانىغا بىنائەن شىمالىي چۆللۈككە ئەلچىلىككە چىققان، شۇنداقلا تۈركلەرنىڭ «چېگرا ـ قورۇللىرىدىكى يىپەك ـ كىمخاب بازىرىغا كىرىپ، جۇڭگولۇقلار بىلەن سودا قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىكى» گە ئاكتىپ ئىنكاس بىلدۈرۈپ، دانالىق بىلەن تۈرك خانلىقىغا كىر- گەن تۇنجى ئۆز بولۇپ قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئۆزلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىش جەريانى كۆنسېرى روشەنلەشتى، بولۇپمۇ كالىڭ، ئەن، شى قاتارلىق ئۈچ جەمەتنىڭ ئورنى بەكمۇ گەۋدىلىك بولىدى. شىبى قاغان دەۋرى (608 — 619) گە كەلگەندە تۈركلەر تېررىتورىيىسىدە ئۆزلار ئاللىقاچان«توپ- توپ» بولۇشقىنىچە قاغان- لىقنىڭ سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. «سۈينامە» 67- جىلد«پېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى» دا، دايېنىڭ 10- يى- لى (614 ـ يىلى) سۈي ياڭدى بىلەن پېي جۈنىڭ بىرلىكتە مەسلى- ھەت قىلىشقان مۇنۇ دىئالوگى خاتىرىلەنگەن: «پېي جۇ پادىشاھقا مۇنداق دېدى: ‹ تۈركلەر ساددا ۋە توز بولغاچقا ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش تەس ئەمەس. بىراق، تۈرك ئوردىسىدىكى ئاشۇ توپ- توپ ئۆز- لارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك قارانىيەت ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭ تولا خەق بولغاچقا، دائىم تۈركلەرنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ تۇرىدۇ. كەمىنە قۇللى- رىنىڭ خەۋەر تېپىشىچە، ھەممىدىن يامىنى مەككارلىق ۋە قۇۋلۇقتا ئۇچىغا چىققان كېش ئۆزلىرىدىن سوغۇز ئىكەن. شىبىنىڭ پاراكەن- دىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن ئاشۇ ئادەم- نى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ يوقاتماققا پەرمان بەرگەيلا›. پادىشاھ : ‹ ئىجرا قىلىنسۇن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پېي جۇ سوغۇزغا كىشى ئەۋەتىپ، ‹ پادىشاھ ئالىيلىرى زور مىقداردىكى قىممەتلىك جاۋاھىر- لار ۋە باشقا بۇيۇملارنى مايى شەھىرىدە بازارغا سالدى. قورال سودى- سىغا قىزىققۇچى تۈركلەر بىلەن سودىلاشماقچى. ئاۋۋال بارغانلار ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ›، دېدى. سوغۇز نەپسى تاقىلداپ

بۇنىڭغا چىنپۇتتى ۋە قاغان بىلەن خوشلاشمايلا قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئىلكىدىكى چارۋىلىرىنىڭ بارىنى ھەيدىگىنىچە باشقىلاردىن قىزغانغان ھالدا ئالدىراپ قورولدىكى سودا بازىرىغا كەلدى. پېي جۇ ئىشتىن ئاۋۋاللا ئۇلارنى ئالداپ ئەكەلگەندىن كېيىن قارا - قويۇق ھـەممىسىنـى قەتلىئام قىلدى» . «توپ - توپ» غۇزلارنىڭ تۈرك- لەرنىڭ قۇلىقىنى قانداق بۇرايدىغانلىقى بىزگە ئېنىق ئەمەس. بە- ىراق، سوغۇزنىڭ ئالداپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن غۇزلارنىڭ تۈرك خانلى- قىدىكى رولىنى تۈپتىن ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، غۇزلار ئاللىقاچان «قەبىلە» بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇلار- نىڭ «قەبىلە ئاقساقىلى» «قەبىلە تۇتۇقى» بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى[56].

ئېلىگ (قارا) قاغان دەۋرى (620 — 630) دە تۈرك خانلىقى- نىڭ غۇزلىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى: «ئېلىگ (قارا) قاغان ھەر قېتىم غۇزلارنى ئانا يۇرتىدىن يىراق جايلاردىكى مۇھىم ئىشلارغا سالاتتى، غۇزلار ئاچكۆز ۋە تەلۋە بولۇپ، خۇي - پەيلى ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، پەرمان بويىچە مۇكاپاتلىنىپ تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ھەرىيلى لەشكىرىي ئۆزگىرىش قىلىپ تۇرىدۇ[57].

«غۇزلار ئاچكۆز ۋە تەلۋە» دېگەنلىك دەل توققۇز غۇزلارنىڭ «پايدا بار جايغا بارماي قويمايدىغان» سودا خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈرك ئوردىسىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىشەنچلىك ئىمتىيازى ئەۋلادمۇئەۋلاد تىرىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققانىدى.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن: توققۇز غۇزلار تۈرك ئېلى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا يىپەك - ئات سودىسى ئارقىلىق تۈركلەرگە سوغدى مەدەنىيىتىنى تارقاتقان، سوغدى يېزىقى تۈركچە تىلدىكى يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلغان ۋە شىمالىي جۇ دەۋرىدىكى جۇڭگولۇقلارغا «تۈركلەرنىڭ يېزىقى سوغدى يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەن تەسىرنى بەر- گەن، «ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك يېقىن كېلىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. سوغدى ھەرپلىرىنى تۈركچە يېزىقچىلىققا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى قىلماي بولمايتتى: (1) ئايرىم ھەرپ-

لەرنىڭ يانتۇ يېزىلىش شەكلى ئايرىپ يېزىشقا ئۆزگەرتىلدى؛ (2) تۈركلەردىكى ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولغان ئۇرۇق بەلگىلىرى ۋە سىمۋوللۇق شەكىللىرىنىڭ ئېھتىمال ئويما ماتېرىياللىرى (تاش، دەرەخ، مېتال) نىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سوغدى ھەرپلىرىنىڭ راۋان بولغان يۇمىلاق خەت شەكلى گېئومېتىرىيىلىك خەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان؛ (3) سوغدى ھەرپلىرى ئىپادىلىگەن تاۋۇش ئورنى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تاۋۇش بەلگىلىرىگە ئاساسەن سەل-پەل ئۆزگەرتىلگەن(58).

بۈگۈنكى مەڭگۈتېشىدىكى ۋەقەلەرنى سوغدى يېزىقىدا خاتىرىلەش ۋە مۇچەللىك كالېندارنى قوللىنىش ھادىسىلىرى روشەن ئىككى تۈرلۈك تارىخى رېئاللىق بولۇش سۈپىتى بىلەن «سادىدا ۋە تۈز» تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن غۇزلارنىڭ «قۇلاقلىرىنى بۇرىشى» نى قوبۇل قىلغانلىقىدەك ئۇچۇرنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. مۇچەللىك كالېنداركنىڭ ھۆكۈمەت كالېندارى قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ خانلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىملىق كالېندارچىلىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان - بەرمەيدىغانلىقى يەنىمۇ كۆپ بايقاشلار ۋە تەتقىقاتلارنى كۈتمەكتە.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تۈرك يىلنامىچىلىقىدىكى مۇچەللىك كالېندارنىڭ يايلاقتىكى فېنولوگىيىلىك كالېندار راۋاجىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تەخمىنەن VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرى يېپەك - ئات سودىسىدىكى ۋاستىچى توققۇز غۇزلارنىڭ خېشى تەرەپتىن «شىمالىي بەدەۋىلەر» گە ئېلىپ كەلگەن بولۇش مۇمكىنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەگەر مۇشۇ قاراش بىمەنىلا بولمىسا مۇچەللىك كالېندارنىڭ تۈرك خانلىقىدا تارقىلىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى «تۈرك، خەنزۇ، غۇز» لارنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالىدۇ.

ئىزاھلار


① ۋ. تومسېن: «ئورخون - يېنسەي مەڭگۈتاشلىرى»، كوپېنھاگېن، 1893 - يىل نەشرى.

② ۋ. رادلوۋ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، پېتىر-بۇرگ، 1895 - يىل نەشرى.

③ ج. ماركۋارت: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا يىلنامىچىلىق»، لېيپزىگ، 1898 - يىل نەشرى.

④ ئې. چاۋاننېس: «تۈرك 12 مۇچەلى توغرىسىدا يېڭى قاراش»، «توڭ-باۋ»، 1906 - يىل نەشرى، 7 - سان.

⑤ ب. لاۋفېر: «قەدىمكى تۈركىستان گىلەملىرىدىكى 12 مۇچەل»، «توڭباۋ» 1909 - يىل نەشرى.

⑥ ل. ساسۇر: «جۇڭگودىكى 12 مۇچەل ئالەمنىڭ سىمۋولى»، «ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1910 - يىل نەشرى، 15 - جىلد.

⑦ ئا. ن. ساموئيلوۋىچ: «12 مۇچەلنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى»، «شەرق خاتىرىلىرى» I توم، 1927- يىل، لېنىنگراد.

⑧ پ. پېللىئوت: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 1 - توپلام، شاڭۇ نەشرى-ياتى، 1995 - يىل نەشرى، 5 - بۆلۈم، 118 - بەت.

⑨ ل. ئې. كارونوۋسكايا: «ئالتايلىقلار ۋە تېلېلاردىكى 12 مۇچەللىك كالېندار»، «سوۋېت ئېتنىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكلاتى»، 1929-يىللىق B توپلام، 1 - سان.

⑩ خۇاڭ لىي: «خۇاڭ ۋېنبىننىڭ تارىخ - ئارخېئولوگىيىگە دائىر ماقالە-لىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1989- يىل 6- ئاي 1- نەشرى، 149 — 156 - بەتلەر.

⑪ ۋاتانابى كايىوكۇ: «تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى يىلنامە»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 23- توم، 1936- يىل نەشرى، 4 - سان.

⑫ ۋ. ب. خېنىنىڭ: «سوغدى كالېندارى»، «شەرقشۇناسلىق توپلىمى»، 8 - جىلد، 1939 - يىل نەشرى، رىم.

⑬ ئو. تۇران: «12 مۇچەللىك تۈرك تەقۋىمى»، ئىستانبۇل، 1941- يىل نەشرى.

⑭ ئا. ۋ. گابائىن: «قەدىمكى تۈركلەردىكى مۇچەل شەكىللىرى»، «ئۇرال - ئالتاي مەجمۇئەسى»، 1955- يىل نەشرى B توپلام، 27- سان، 3 — 4 - بەت.

⑮ ۋ. شاخماتوۋ: «كۆچمەنلەردىكى 12 مۇچەللىك يىلنامىنىڭ مەنبەسى» — «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»، 1955 - يىللىق 1 - سان.

⑯ ليۇ ماۋسەي: «شەرقىي تۈركلەرگە دائىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار»، I — Ⅱ توم، ۋېنسبادىن، 1958 - يىل نەشرى.

⑰ ل. بازىن: «قەدىمكى تۈرك خەلقلىرىدىكى ياش ۋە يىل چۈشەنچىسى»، «پسىخولوگىيە ژۇرنىلى»، 1959 - يىل نەشرى.

⑱ ئى. ۋ. زاخاروۋا: «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى مىللەتلەرنىڭ 12 مۇچەل كالېندارى»، «قازاقىستاننىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر يېڭى ماتېرىياللار»، ئالمۇتا، 1960 - يىل نەشرى.

⑲ س. گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاشلار»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 81 - بەت.

⑳ ل. بازىن: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈرك كالېندارچىلىقى»، 1974 - يىل نەشرى.

㉑ «هازىرقى زامان تۈركولوگىيە مەسىلىلىرى»، ئالمۇتا، 1980 - يىل نەشرى، 318 — 324 - بەتلەر؛ چېن چىڭلۇڭنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈڭ: «تارىخ - تىل ئىنستىتۇتى مەجمۇئەسى»، 47- توپلام 3- قىسىم(1976)، 433 — 465 - بەتلەر.

㉒ خەن رۇلىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ يىلنامىچىلىقى توغرىسىدا»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 6 - سان، 1982 - يىل، 1 — 6 - بەتلەر.

㉓ گەي شەنلىن: «ئۇلانچاب قىيا تاش رەسىملىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 300- بەت ۋە 1092- رەسىمگە قاراڭ.

㉔ لىن مېيسون: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995ـ يىل نەشرى، 127 ـ بەت.

㉕ ل. بازىن: « قەدىمكى تۈركلەردىكى يىلنامە سىستېمىسى»، بۇدا. پېشت، پارىژ، 1991 ـ يىل نەشرى.

㉖ خۇلۇ خاۋ: «دەشت ـ چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم».

㉗ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 99 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㉘ بازىن: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈرك كالېندارچىلىقى»، 217 — 219 ـ بەتلەر؛ بازىن: «قەدىمكى تۈركلەردىكى ياش ئۇقۇمى» (روسچە تەرجىمە نۇسخا) — «چەت ئەل تۈركولوگىيىسى»، 1986 ـ يىل، 361 — 378 ـ بەتلەر.

㉙ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى»، 199 ـ جىلد، «قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»، ئۆرپ ـ ئادەت قىسمى.

㉚ پ. پېللىئوت: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 5 ـ توپلام، بېيجىڭ، 1956 ـ يىل نەشرى، 118 ـ بەت

㉛ س. گ. كىلياشتورنىي، ۋ. ئا. لىۋشىس: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركچە ۋە سوغدىچە مەڭگۈتاشلارنىڭ تېپىلىشى ھەمدە تەتقىق قىلىنىشى»، «موڭغۇلىيە ئارخېئولوگىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىقى»، نوۋسىبىرسىك، 1978 ـ يىل نەشرى، 54 — 55 ـ بەتلەر.

㉜ ج. كلاۋسون: «ئونگىن مەڭگۈتېشى»، «خان جەمەتى ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1957 ـ يىللىق 4 ـ قوشما سان، 187 — 192 ـ بەتلەر؛ ئا. ئا. رەجەپوۋ «ئونگىن مەڭگۈتېشى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، 1970 ـ يىللىق 2 ـ سان 41 — 42 ـ بەتلەر، رەجەپوۋمۇ «ئەجدىھا يىلى» بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

㉝ س. ئې. مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، موسكۋا، 1959ـ يىل نەشرى، 23 ـ بەت.

㉞ مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلىرى»، موسكۋا، 1959 ـ يىل نەشرى، 23 ـ بەت.

㉟ ئى. ۋ. زاخاروۋا: «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقلەرنىڭ 12 مۇ.

چەل كالېندارى»، «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ - ئارخېئولوگىيە- ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەمگەكلىرى»، VIII توم، 1960 - يىل نەشرى، 34 — 35 - بەتلەر.

㊱ زاخاروۋا: يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالە، 36 - بەت.

㊲ پېللىئوت: يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالە، 4 - بەت.

㊳ ليۇياۋخەن: «12 مۇچەل كالېندارىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدائىي توتېم ئېتىقادى»، «يىرىزۇلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىشقا دائىر ماقالىلار توپلىمى»، بېيجىڭ، 1980 - يىل، 96 - بەت.

㊴ يۇنمېڭدىن تېپىلغان چىن دەۋرى تارىشا پۈتۈكلىرىدىكى مۇچەل تەرتىپى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئەسەرلەردە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان: يۈ خاۋلياڭ: «چىن دەۋرى تارىشا پۈتۈكلىرىدىكى ‹خاتىرىلەر› دە خاتىرىلەنگەن پەسىل ۋە ئايلارنى خاتىرىلەشكە ئائىت مەسىلىلەر»، «يۇنمېڭدىكى چىن دەۋرى تارىشا پۈتۈكلىرى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، 1981- يىل نەشرى، 136- بەت؛ راۋ زۇڭيى، زېڭ شيەنتوڭ: «يۇنمېڭ چىن تارىشا پۈتۈكلىرىدىكى ‹خاتىرىلەر› ھەققىدە تەتقىقات»، شياڭگاڭ، 1982- يىل، 33 — 38- بەتلەر؛ لى شۆچىن: «بۇرج ۋە مۆچەل ھېسابى ۋە 12 مۇچەلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى ئىسپات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى»، 1984 - يىللىق 3 - سان، 41 — 42 - بەتلەر.

㊵ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، I توم 61 - بەت.

㊶ «جۇنامە»، 50 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊷ «قانۇنلار قامۇسى»، 197- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊸ «كونا تاڭنامە»، 194- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊹ ۋ. ف. شاخماتوۋ: «كۆچمەنلەردىكى 12 مۇچەللىك يىلنامىنىڭ مەنبەسى»، «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»، 1955 - يىللىق 1 - سان 45 - بەت.

㊺ «جۇنامە»، 50 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

㊻ زاخاروۋا: ئالدىنقى نەقىل كەلتۈرگەن ماقالە 61 - بەت.

㊼ خەن رۇلىن: «چىڭدىر خاتىرىلىرى»، شاڭخەي، 1982 - يىل نەشرى، 277 - بەت.

㊽ ج. كلاۋسون: «موڭغۇلچىغا قوبۇل قىلىنغان تۈركچە سۆزلەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1959 - يىللىق 3 - سان 183 - بەت.

(49) خەن ۋۇچۇي: «قەدىمكى تۈركچە bœčin/bičin نىڭ مەنبەسى»، «ئوتتۇر ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1989- يىللىق 3 — 4- قوشما سان. 318 — 322 - بەتلەر، ۋېسبادىن.

(50) «كونا تاڭنامە»، 62 - جىلد، «جىڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

(51) زاخاروۋا: يۇقىرىقى ئەسەر، 37 - بەت.

(52) زاخاروۋا: يۇقىرىقى ئەسەر، 38 - بەت.

(53) زاخاروۋا: يۇقىرىقى ئەسەر، 118 - بەت.

(54) ئا. پ. ئوكلادنىكوۋ: «تۈركلەر دەۋرىدىكى بايقال رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر يېڭى ماتېرىياللار»، 1963- يىل نەشرى، موسكۋا، 275 — 276 - بەتلەر.

(55) كىلياشتورنىي، لېۋشىس: يۇقىرىقى ئەسەر، 57 - بەت.

(56) «جۇنامە»، 50 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(57) مورى ماسائو: «قەدىمكى تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، A توپلام، توكيو، 1967 - يىل نەشرى، 62 — 65 - بەتلەر؛ پوللېيبىلانك: «ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى سوغدى مەھەللىلىرى»، «تۇڭباۋ»، 41 - جىلد، 1952 - يىل نەشرى، 334 — 344 - بەتلەر؛ تاڭ دەۋرىدىكى ئالتە جۇب سوغداقلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا جاڭ گۇاڭدانىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئالتە چۇب سوغداق رايونى قاتارلىق جايلاردىكى توققۇز جاۋۇپ غوزلىرى»، «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقاتلاردىن دەسلەپكى توپلام»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1995- يىل 5- ئاي 1 - نەشرى، 249 — 279 - بەتلەرگە قاراڭ.

(58) «كونا تاڭنامە»، 194 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

(59) كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك مەڭگۈتاشلىرى»، 50- بەت.

# VI باب تۈرك بۇيۇملىرى تەزكىرىسى

تاڭ دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا تۈركلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەت
بۇيۇملىرى تەسۋىرلەنگەن بايانلاردا ئومۇمەن ئۆرپ - ئادەت تەپسىلىي،
بۇيۇملار تومتاق بايان قىلىنغان. ئات توغرىسىدا «يات قوۋملار ئاتلى-
رىنىڭ تامغىلىرى» مەخسۇس ماۋزۇغا ئېلىنغاندىن باشقا، تۈركلەر-
دىن چىقىدىغان بۇيۇملار ئۇردا مۇئەررىخلىرىنىڭ يېتەرلىك دىققەت
ئېتىبارىنى قوزغىمىغانلىقتىن، بۇ ھەقتە تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇ-
رۇلمىغان. يېقىنقى يىللاردا تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئانا ماكانى بولغان
جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيىدىن قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ كۆپىن-
چىسىدىن چىققان نەرسىلەر ئاساسەن ئات جابدۇقلىرى ۋە قورال -
ياراغ بولۇپ، باشقا تۈردىكى بۇيۇملار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇڭ-
لاشقا، تۈركلەر دەۋرىدىكى كۆچمەنلەر مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي قىياپى-
تى توغرىسىدا ئومۇمىي ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يەنىلا ئىلاجسىز-
مىز. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بىراق، چېدىر تۇرمۇشى ئالاھىدە بۇيۇملار ۋە پەۋقۇلئاددە مەنزى-
رىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈرلۈك مەۋجۇتلۇق شەكلى بولغانلىق-
تىن، يازما خاتىرىلەردىن يەنىلا ئۇنىڭ بەزى ئىزنالىرىنى تاپقىلى
بولىدۇ. تۆۋەندە تۈرلۈك ئەسەرلەر دېڭىزىدىن سۈزۈۋېلىنغان تۈرك
بۇيۇملىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، پايدىلانغۇچى-
لارنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرىدىكى كەمتۈكلەرنى تولدۇرار دېگەن ئۈمىد-
تە «تەزكىرە» نامىدا تەييارلاپ چىقتۇق.

## § 1 . تۈرك تۆمۈرى

قەدىمكى رىۋايەتلەر دەۋرىدىلا تۈركلەر تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى-

نى ئىگىلىۋالغانىدى. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇن-
داق دېيىلىدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭ غۇزلىرىدىن بولۇپ،
ئاشىنا ئۇرۇقىدىن. كېيىنكى ۋېي زامانىدا تەيزۇ جۈرچى ئۇرۇقىنى
يوقاتقاندىن كېيىن، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن 500 تۈتۈن ئاۋارلار تەۋەسىگە
قېچىپ بارغان ۋە ئالتاي ۋادىسىدا ماكانلىشىپ، تۆمۈرچىلىك قىلى-
غان» . ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى تۈركلەر ئاۋارلار تېررىتورىيىسىگە قې-
چىپ بارغاندىن كېيىن تۆمۈر بىلەن ئولپان تاپشۇرىدىغان بېقىندى
قەبىلىلەردىن بولۇپ قالغان. ئاۋارلار ئاقساقىلى ئاناغاي ئۇلارنى ھاقا-
رەتلەپ «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ئاتىۋالغان («جۇنامە. تۈركلەر
ھەققىدە قىسسە» ). تۆمۈرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بۇ
كۆچمەن قەبىلە دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنمۇ «تۆمۈرچىلىك بىلەن مەش-
غۇل بولغانلىقىدىن» پەخىرلىنەلىگەنىدى. 568 - يىلىنىڭ بېشى
غەربىي تۈرك خانلىقىغا جاۋابەن زىيارەتكە ماڭغان شەرقىي رىم ئەلچى-
لەر ئۆمىكى «كانگىيىگە كەلگەندە مىغ - مىغ تۈركلەر ئۇلارغا تۆمۈر
ساتقان. مېنادىر ئۇلارنى ئېھتىمال ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ئۆزلىرىنىڭ
مول تۆمۈر بايلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆز- كۆز قىلىۋاتقان بولسا
كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان»①.
تۈرك خانلىقىنىڭ تۆمۈر كان بايلىقى ئىچىدە بېقىندى قەبىلە
قىرغىزلارنىڭ تۆمۈر كېنى ئەڭ كۆپ ئىدى. ھەر قېتىم قاتتىق
يامغۇر يېغىپ تۇپراقنى ئېقىتىپ كەتكەندە، تۆمۈر رودىلىرى يەر
ئۈستىگە چىقىپ قالاتتى ۋە «ئاسماندىن تۆمۈر يېغىپتۇ» دەيدىغان خاتا
پاراڭلارغا سەۋەب بولۇپ قالاتتى. «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرى-
لىرى» نىڭ 199 - جىلدىدا بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇۋاپىق چۈشەن-
چە بېرىلگەن: «ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن تۆمۈر چىقىدۇ. يامغۇر قاتتىق
ياغقاچقا، تۆمۈر يەر ئاستىدا ئۇزاق مۇددەت تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا،
بۇ تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەر ئۆتكۈر بولىدۇ. ھەر قېتىم يامغۇر
ياغقاندا ئادەم ۋە مال - ۋاراننى قىرىۋېتىدۇ، دېگەن گەپلەرنىڭ
ھېچقانداق ئاساسى يوق. جيادەن ئېيتىدۇكى: جياشا ( 迦沙 ) دېيى-
لىدىغان تۆمۈر تۈركلەر زېمىنىدىن چىقىدۇ» .

«تۆمۈرچىلىك بىلەن مەشغۇل بولىدىغان» تۈركلەر ئات جابدۇق-لىرى ۋە ھەربىي قوراللارنى ياساشقا بەكمۇ ماھىر ئىدى. تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئۈزەڭگە، يۈگەن قاتارلىقلاردىن باشقا ئوۋچىلىق ۋە سو-قۇشلاردا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئوقيا ئوقىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ياسىلىشى نەپىس ئىدى. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تۈركلەردىكى تۆمۈر ئوقيا ئوقىنى ياسىلىش شەكلىگە ئاسا-سەن سەككىز چوڭ تۈردىكى 30 خىل نۇسخىغا بۆلۈش مۇمكىنكەن. بىرىنچى تۈردىكى ئۈچ قىرلىق ئاۋازلىق ئوقيا ئوقى نۇسخىسى 10 خىلغا يېتىدىكەن. قېزىۋېلىنغان 220 دانە تۆمۈر ئوقيا ئىچىدە، ئاۋازلىق ئوقيا 180 تال بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 81% نى ئىگىلەي-دىكەن② . قەدىمكى تۈركلەر دەۋرىدە ئۈچ قىرلىق ئاۋازلىق ئوقيا ئوقى ئومۇملاشقان بولغاچقا، تاڭ دەۋرى ۋەسىقىلىرىدە تۈركلەرنىڭ ھەربىي قوراللىرىنىش ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغاندا «ئاۋازلىق ئوق» نىڭ قۇدرىتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. تاڭ شۈەنزۇڭ «ياۋچوڭ قاتارلىقلارنىڭ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشى توغرىسىدا يارلىق» تا ئېيتقان «قاپاغاننىڭ ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولالىشى تامامەن بەدەۋىلەر ماكانىدىكى ئاۋازلىق ئوقيا ئوقىنىڭ كارامىتىدىندۇر» ③ دېگەن سۆزلىرىمۇ ئاۋازلىق ئوقيا ئوقىنىڭ ئېتىلىشى تۈرك خانلىقى-نىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك تېخنىكىسىدا ئوقيا ئوقى ئالاھىدە ما-ھارەت بىلەن ئىشلەنسىمۇ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش پۈتۈنلەي قوشۇمچە كەسىپ ھېسابلىناتتى. شۈگۇا، شيەنخېڭ يىللىرى (670 — 673) ئالتە جۇپ سوغداق رايونىدىكى ئەل قىلىنغان تۈركلەر كۆچۈ-رۈپ ئېلىپ كېتىلگەندە، ئۇلتۇراق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئېھتى-ياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قاپاغان قاغان ۋۇزېتيەندىن «ئۈچ مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، نەچچە تۈمەن جىڭ تۆمۈر» تەلەپ قىلغان-دى④ .

بۇنىڭدىن تۆمۈر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان تۈركلەرنى ماھى-

يەتتىن ئالغاندا، يايلاقتىكى تۆمۈرچى دېيىشكىلا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ياكى تېرىقچىلىق بىلەن جەڭ قوراللىرىنى تەڭ ياساش تېخنىكىسىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، يەنىلا روشەن چەكلىمىلىكى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2 § . تۈرك ئارغىمىقى

ئاتمۇ تۈركلەرنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ئىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 73 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك ئارغىمىقىنىڭ ماھارەتلىرى قالتىس، پەي - مۇسكۇللىرى چىڭ، يىراق مۇساپىگە چاپالايدۇ، ئۇۋچىلىقتىكى رولى تەڭداشسىز-دۇر. ‹تارىخىي خاتىرىلەر› دە ھونلارنىڭ ئاتلىرى تۇلپار، دەپ ئاتالغان» . ئاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە سانى تۈركلەرنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى، «تۈركلەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاكىتى قوي ۋە ئاتنى ئۆلچەم قىلىدۇ»⑤ دېگەن ئەھۋال مانا مۇشۇ مەنىدە ئىدى.

تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئات - يىپەك سودىسى سودىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 8 - يىلى (588 - يىلى) لا «تۈرك ئاقساقاللىرى بىر تۈمەن ئات، ئىككى تۈمەن قوي، تۆگە، كالىدىن 500 نى ھەيدىگىنىچە چېگرا قورولىدا جۇڭگو بىلەن سودىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەرمان چۈشۈرۈلۈپ ئىجازەت بېرىلدى»⑥ . تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ جاھاننى قولغا ئالغان پادىشاھ بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ جەڭ ئاتلىرى بىلەن بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (647 - يىلى) 8 - ئايدا ئۇ قۇربانلار تەقدىم قىلغان داڭلىق ئاتلارنى «تۆرىلەر» چە باھالاپ كۆرگەنىدى: «ئاتلار ناھايىتى ئۈستىخانلىق، يايلى ئې-

گىز، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدۇ. بېشى قىيادەك تىك تۇرىدۇ. بۇ ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ئىنچىكە بولۇپ، كىشىگە كېيىك پاچىقىنى ئەسلىتىدۇ. بوينى ئانچە توم ئەمەس، ئارقا يامپىشىدىن ئۇت سۆڭەك-لىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇرىدۇ. توقۇملىرى بەجايىكى گۈل بەرگىدەك ھىم كەلگەن، ئاتنىڭ قۇلاقلىرى تېلى ئاتلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوخشى-شىپ كېتىدۇ. تۇرقى بەكمۇ غەيۇر، كۆرۈنۈشى ھەيۋەت. بۇ خىلدىكى قورساق قىسمى تۈز كەلگەن ئاتلار چاپتۇرغان مەنزىلگە يېتىپ بارغۇ-چىمۇ نەپەس ئېلىشى ئۆزگەرمەيدۇ. ھارغانلىقتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتمەيدۇ» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 27- جىلد). ئادەتتىكى بازارلىق ئاتلار تىنچ زامانلاردا ئىككىلا تەرەپ-كە پايدىلىق بولغان، بىر- بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان يىپەك - ئات سودىسىغا سېلىناتتى. خۇددى تاڭ شۇەنزۇڭ كەيۈەننىڭ 9- يىلى (721- يىلى) ئېيتقاندەك: «سۇلالىمىز قەدىمدە تۈركلەر بىلەن ياخ-شىلىشىپ قالغاندا ئىككىلا تەرەپ ناھايىتى رازى بولۇشقان، لەشكەر-سەرۋازلار يېتەرلىك ئارام ئېلىشالغانىدى. ئۆزئارا سودا پائالىيىتى جانلىنىپ سۇلالىمىز تۈركلەرنىڭ ئات- قويلىرىنى سېتىۋالغان، تۈركلەر بىزنىڭ تاۋار- دۇردۇنلىرىمىزغا ئېرىشكەنىدى. ئىككىلا تەرەپ تەڭ نەپ ئالىدىغان بولغاچقا، بۇ سودا ھەممە يەردە ياقات-تى»⑦. ھالبۇكى، يىپەك- ئات سودىسىنىڭ مەڭگۈ تەڭ نىسبەتتە ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئالىمادىس تەتۈر بالانس كېلىپ چىققاندا «يىپەك دۆلىتى» بولغان تاڭ سۇلالىسىمۇ «ئات دۆلىتى» بولغان تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەل-مەيتتى. كەيۈەننىڭ 24 - يىلى (736 - يىلى) تاڭ شۇەنزۇڭ تەڭرى ياراتمىش تۈرك بىلگە قاغاننىڭ ئاشۇرۇپ سېتىش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن: «ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرى بولغان قاغان (بىلگە قاغان) بۇزرۇكۋارنىڭ دەۋرىدە ھەر يىلقى ئات سانى 3 - 4 مىڭدىن ئاشمايتتى. ئات سانى يېتەرلىك بولسا سودىمىز تەسكە چۈشمەيدۇ. بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن ئاتلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 14 مىڭ ئىكەن. جانابى قاغان ئالىيلىرى كەمىنە بىلەن ئاتا - بالا

بولۇشقانىكەن مەرھەمەتلىرىنى ئاياپ ئولتۇرماستىن ئۆزئارا يول قو-
يۇشساق. بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى ئەمدى قايتۇرۇپ كېتىش-
نىڭ ئورنى يوق. ئاتلارنى باھاغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 500 مىڭ توپ
يىپەك بولىدىكەن. كەمىنىلىرىنىڭ دۆلىتىدە بۇ يىل ئومۇمىي كەچۇ-
رۇم (يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ) جاكارلى-
نىپ، بارلىق تېرىلغۇ يەرلەر ئىجارىگە بېرىلگەنلىكتىن، بۇ قېتىمقى
سودىدا قىيىنچىلىقىمىزمۇ يوق ئەمەس. سودا مۇناسىۋىتىمىزنى ياخ-
شىلاش ۋە بۇ سودىنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىشى ئۈچۈن، بۇ يىلقى ئات
باھاسىنى سەل چۈشۈرۈپ بەرسەڭلار. چۇلۇق تارقاننىڭ قاغان ئالىي-
لىرىنىڭ ھۇزۇرىغا قايتمىغانلىقى بىزنىڭ ئۇنى قەستەن ئېلىپ قال-
غانلىقىمىزدىن ئەمەس، ئۇ دەل ئۇشبۇ مەقسەتتىكى كېڭىشىشكە قات-
نىشىۋاتىدۇ. كۆڭلى ــ كۆكسىلىرىنى كەڭرەك قىلارلا. ئۇشبۇ كۈن-
لەردە ئۆزئارا سودىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش.
ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار شۇ كۈنىلا سېتىلىپ تۈگىسە، ئات ساتقۇچى-
لارمۇ شۇ كۈنىلا پۇل ــ ماللىرىنى تولۇق تاپشۇرۇۋېلىپ خاتىرجەم
قايتسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار بۇ يەردە
تۇرۇۋەرسە قەيەردە ئوتلايدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئات ئېلىپ كەلگەندە
كۆپ بولۇپ كەتمىسە. قاغان ئاتىلىرى دەۋرىدە ئالدىن دېيىشىپ
قويغان ساندىلا ئېلىپ كېلەتتى، سودا ئوڭايلا پۈتەتتى، ئۇلارغا تې-
گىشلىك ھوقۇقىنى بېرىۋېتىشمۇ تەس كەلمەيتتى. بۇ خىلدىكى سودى-
مىز ئۇزۇلۇپ قالماستىن مەڭگۈ داۋاملاشقاي⑧، زور ساندىكى
يىپەك ــ ئات سودىسىدا ئات باھاسىنىڭ جەمئىي «500 مىڭ توپ
يىپەك» بولۇشى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. «كەييۈەن يىللىرى-
دىكى مەمۇرچىلىق» دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ «قا-
غان» دىن ئىشتىھاسىنى سەل يىغىۋېلىشنى ئۆتۈنۈشى چۈشىنىشلىك
ئىدى. بۇ ئەھۋال كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېغىرلاش-
قان. بەي جۈيى «يېڭى غەزەللەر» توپلىمىدىكى «چۇغاي يوللىرى»
نىڭ «ئورۇق ئاتلار كېلىۋېرىپ جان بېقىشمۇ تەس بولدى» دېگەن
مىسرالىرى يېزىلغان ۋاقىتلاردا ئات سودىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ

مۇشەققەتلىك مالىيە قىيىنچىلىقى بولۇپ بولغانىدى.

## 3 § . تۈرك قۇشقىچى

تۈركلەر دەۋرىدىكى قۇش تۈرلىرى توغرىسىدا تارىخىي خاتىرىلەردە مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك بولغاچقا، سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇڭاي ئەمەس. بىراق، تىلشۇناسلار تەمىنلىگەن بىر تۈركۈم قۇش ناملىرى بىزنىڭ تۈركلەر دەۋرىدىكى ئۇچار - قاناتلار دۇنياسىنى ئاز - تولا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. 1975-يىلى بازاروۋا «قەدىمكى تۈركلەردىكى قۇش ناملىرىنىڭ شەرھى»⑨ ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ تۆۋەندىكى قۇش ناملىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسەتتى: قىزىلئاياغ، ئاققۇ، چىل، سېغىزخان، قىزىل غاز، بۆدۇنە، بوز تورغاي، قاغا، قارلىغاچ، قۇرغۇي، توخۇ، تۇرنا، تازقارا، قارچىغا. يۇقىرىقى قۇشلار توغرىسىدا تاڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەردە ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن بولۇپ، پەقەت چىل توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. بۇ قۇش تۈركلەردىن ئاۋۋالقى زامانلاردىلا مەۋجۇت ئىدى، شۇنداقلا تۈركلەردىن كېيىنمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتمىدى، ئەكسىچە «تۈرك قۇشقىچى» دېگەن نامدا جاھانغا مەشھۇر بولدى، ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن تۈرك خانلىقىنىڭ «دۆلەت قۇشى» دەپ قارالدى.

چىل — شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇچار قۇشلاردىن بولۇپ، يەنە شىجى( 石鸡 )، شەنچۈن ( 山鹑 ) ياكى دوچۆ( 掇雀 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇيلان ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «چىلنىڭ چوڭلۇقى كەپتەردەك كېلىدۇ، بۆدۇنچىلىك بار دېيىشكىمۇ بولىدۇ. قىرغاۋۇلغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، چاشقان پۈت كېلىدۇ. قۇيرۇقى كالتە، ئاچىماق بولۇپ، ئاسانلا باشقا قۇشلارغا بوزەك بولىدۇ. توپلىشىپ ئۇچىدۇ. شىمالىي دالادىكى چۆللۈك رايونلاردا بولىدۇ. گۆشى بەكمۇ مەززىلىك، ئادەتتە تۈرك قۇشقىچى

دەپ ئاتىلىدۇ، ئاساسەن شىۋاقلىق جايلاردا دانلايدۇ⑩» . «تۈرك قۇشقىچى» قەدىمكى تۈرك تىلىدا kekälik ياكى keklik دېيىلىدۇ. بازاروۋانىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ نام ئۇنىڭ سايرىغان ۋاقىتتىكى «كەك، كەك» دېگەن ئاۋازىدىن كەلگەنىكەن، هازىرقى زامان قىرغىز تىلىدىمۇ بۇ نام kekilik دېيىلىدۇ. بۇ قۇش تاڭ دەۋرىدە تاڭ گاۋزۇڭ-نىڭ ئاخىرقى يىللىرى نام چىقىرىشقا باشلىغان: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تياۋلۇ يىللىرى (676 — 679) دىن كېيىن كەپتەر چوڭلۇقىدىكى، قارا قۇشقاچ رەڭگىدىكى بىر خىل قۇش پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ قۇش توپ - توپ بولۇپ ئۇچقاندا شامال ئاۋازىدەك شاۋقۇن چىقىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئۇنى دوچۇ دەپ ئاتىغان، تۈرك قۇشقىچى دەپمۇ ئاتىغان. تۈركلەرنىڭ باسمىچىلىقى هەر قېتىم ئاشۇ قۇشنىڭ ئۇچۇشىدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ»⑪. بۇ قاراش چېگرىدىكىلەرنىڭ تاپقان گېپى دەپ قارالسا، «كونا تاڭنامە» 37 - جىلد «بەش ئاناسىر تەزكىرىسى» دە ناهايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «تياۋلۇنىڭ 1 - يىلى(676-يىلى) تۈرك مېڭفۇ قاتارلىقلار تېخى ئىسيان كۆتۈر-مىگەنىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ۋىژىلداق بىر خىل قۇش توپ- توپ بولۇ-شۇپ سەددىچىندىن ئۇچۇپ ئۆتتى ۋە كەڭ دالاغا يېيىلىپ دانلاشقا باشلىدى. چېگرىدىكىلەر چۆچۈشكىنىچە: ‹تۈرك قۇشقىچى جەنۇبقا ئۇچتى، بۇ تۈركلەرنىڭ چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا كېلىدىغان-لىقىنىڭ بېشارىتىدۇر› دېيىشتى».

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە بولغان 1000 يىلغا يېقىن مەزگىلدە «تۈرك قۇشقىچىنىڭ جەنۇبقا ئۇچىشى» سەددىچىن بويلىرىدىكى تەبىئىي سىگنال سۈپىتىدە خەنزۇلا-رنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىپ كەلدى. پادشاھ چوڭجېن دەۋرىدىكى دارىلئۇلۇم مۇپەتتىشى ياڭ شىسۇڭ «قاشتېشى قەسرىدىكى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ⑫: «سەددىچىننىڭ سىرتىدا قۇيرۇق-سىز بىر خىل قۇش بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «چىل» دەپ ئاتايدىكەن. رېنشېن يىلى (چوڭجېننىڭ 5 - يىلى، 1632 - يىلى) دىن باشلاپ پايتەختتە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ساتىدىغان-

لار ھەر قېتىم ئېلىپ كەلگەندە چېگرا بويلىرىدا مۇشۇنىڭغا ماس تەييارلىق سىگناللىرى بېرىلىدۇ. بۇ نەرسە ئەسلىدە قەدىمكى تۈرك قۇشقىچى ئىكەن. بېگزى يىلى (چۇڭجېننىڭ 9- يىلى، 1636- يىلى) چېگرىدىن بەلگە بېرىلدى. بۇنى ھېچكىم بىلمەي قالغاچقا، پادىشاھ ئوردىدىن خاس چاپارمەنلەرنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار چارلاپ كۆرۈپ ھېچنېمىنى كۆرمىگەندىن كېيىن خەۋەر يوقلۇقىنى ھۆكۈم قىلىشتى. بۇ جەزمەن قۇشقاچلار كۆپلەپ ئۇچقانلىقىنىڭ نەتىجىسى».

تۈرك قۇشقىچى شەكلىدە بارلىققا كەلگەن ئادەم بىلەن تەبىئەت-نىڭ ماسلىشىش ئەھۋالى گەرچە قويۇق خۇراپىيلىققا تولغان بولسى-مۇ، ئەمما ئۇ دۆلەت تەقدىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغانىدى. ياخشىلىقىنىڭ ياكى يامانلىقىنىڭ بېشارىتى بو-لۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قۇش بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق. چىڭ خانىدانلىقى مانجۇرىيىدە باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، تۈرك قۇشقىچىنىڭ جەنۇبقا ئۇچۇشى قانداقتۇر «چېگرا سىگنالى» بېشارىتى بولۇشتىن «موڭغۇللارنىڭ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامى-تى»غا ئايلاندى: «تيەنسۇڭنىڭ 7 - يىلى (1634 - يىلى) چىل توپى لياۋدۇڭغا يىغىلدى. ئەلدىكىلەر: «لياۋدۇڭدا ئەزەلدىن بۇخىل قۇشقاچ يوق ئىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە موڭغۇلىيىدىن بۇ خىلدىكى قۇشقاچنىڭ ئۇچۇپ كەلگىنى جەزمەن موڭغۇللارنىڭ بەيئەت قىلىدى-غانلىقىنىڭ بېشارىتى» دېيىشتى. ئىككىنچى يىلى چاخار موڭغۇللى-رى ئەل بولدى. چيەنلۇڭنىڭ گۈييۇ (1753 - يىلى)، جياشۇ (1754 - يىلى) يىللىرىنىڭ قىش ئايلىرىدا ئاستانىنىڭ غەربىي شىمالىدا بۇ قۇشلار قىم - قىم بولۇپ يىغىلىشتى، راست دېگەندەك 2 - يىلى جوڭغارلار ئەل بولدى. خې تەيئەننىڭ «تۈرك توخۇسى ھەققىدە نەزمە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

كەكلىكلەرنىڭ ۋەتىنى قۇم، بورانلىق باياۋان،
بەدەنلىرى قارامتۇل پەيلىرى ھىم تارالغان.

خەيرلىكتىن بېشارەت كۆك قەرىدە سايرىسا،
ئاۋازلىرى ئۆزىدىن ئاۋۋال كېلەر قىر تامان.

مۇئەللىپ ئېيتىدۇكى، تۈرك توخۇسى چىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىنىڭ تەمى قۇرغۇي گۆشىنىڭ تەمىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ»⑬.

قەدىمكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى تۈرك قۇشقىچىنىڭ «سىگنال» دىن «خەيرلىكنىڭ بېشارىتى» گىچە ئۆزگىرىشى سۇلالە ئۆزگىرىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. تارىخنىڭ توپا - چاڭلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ قارىساق، قۇش تۈرلىرى تەزكىرىسىنىڭ ئىنسانشۇناسلىقتىكى سىرلارنى يوشۇرۇپ ياتقانلىقىغا ھەيران قېلىش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايمىز.

## § 4 . تۈركلەردە مەي

تۈركلەر يىلقىچى بولغاچقا، تۈركلەردىكى مەيمۇ ئات سۈتىدىن ئىشلىنەتتى، يەنى «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» نىڭ 196 - جىلدىدا ئېيتىلغاندەك «ئات سۈتىنى مەلۇم تەرتىپتە ئېچىتقاندىن كېيىن ئاندىن مەي قىلىپ ئىچكىلى بولىدۇ». «قارا تاتارلارغا ئائىت خاتىرىلەر» دىكى موڭغۇلچە ئېچىتىش ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىشقا بولىدۇ: «ئاتنىڭ دەسلەپكى سۈتىنى كۈندۈزلىرى تايچاق ئېمىدۇ، كېچىلىرى سېغىلغان سۈتنى چەككىلەپ سۈزگەندىن كېيىن، تۇلۇمغا تۆكۈپ بىرنەچچە ۋاق قويۇپ كۆپۈشۈپ ئاچچىق - چۈچۈك تەمگە كىرىدۇ. بۇنى ئىچىشكە بولىدۇ، ئۇلار بۇنى قىمىز، دەپ ئاتايدۇ».

قەدىمكى تۈرك تىلىدا «مەي بەكنى دېيىلىدۇ» ، «دارۇبىيەن دېگىنى قەدەھ بولۇپ قىسقا ۋە توم، شەكلى مۈڭگۈزگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ»⑭. تۈركلەرنىڭ مەي تارىخى ئۇزاق مەنبەگە ئىگە بولۇپ،

ئۇنىڭغا ماس ئادەتلەرمۇ خېلى بالدۇرلا شەكىللەنگەن. «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، تۈركلەر مەي ئىچىشكەندە تۇۋلىشىپ جۇپ بولۇشۇپ ناخشا ئېيتىشىدۇ». «سۇينامە. ليۇچيۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىن كۆچمەنلەردىكى زىياپەتنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن: «زىياپەتلا بولىدىكەن مەي ئىچكۈچى ئىسمى چاقىرىلغۇچە ئىچمەي تۇرىدۇ، پادىشاھ - خاقانلارغا مەي قۇيۇلۇپ پادىشاھنىڭ ئىسمى چاقىرىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەن تەڭلا ئىچىۋېتىدۇ. بۇ جەھەتتە تۈركلەرگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ». بۇ خىلدىكى ئىسىم تۇۋلانغاندىن كېيىن ئىچىدىغان ئادەت يۇقىرىقى نەقىلدىكى «تۇۋلىشىش» نىڭ ھەقىقىي شەرھى ئىدى.

تۈركلەردىكى مەي نامى توغرىسىدا پېللىئوت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا «ئودورىك مەكتۇپىدىكى مەي نامى» ۋە «تۈركچە مەي نامى بەگنى» قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلغان⑮. خەن رۇلىن ئەپەندى «تۈرك ئەمەللىرى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە پېللىئوتنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن: پېللىئوتنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىچە «بەگنى» سۆزى قەدىمدە بەكنى دېيىلگەن. ھازىرقى تۈركىي تىل شېۋىلىرىدە بۇ سۆز مەۋجۇتلۇقتىن قالغان. ئەمما، تۈركچە يادىكارلىقلاردا يەنىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، shine—usu دىكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈتاشتا، سىتەيىن دۇنخۇاڭدا بايقىغان تۈركچە مەكتۇپلاردا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 1073-يىلى پۈتكەن«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئىبىن. مۇغەننانىڭ« ئەرەب. تۈرك سۆزلۈكلىرى » دە بۇ سۆز خاتىرىلەنگەن. ئۇلاردىن باشقا بۇ سۆز يەنە ئودورىك مەكتۇپىدا كۆزگە چېلىققاندىن سىرت راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىمۇ تېپىلىدۇ⑯.

## § 5 . تۈرك مەلھىمى

قەدىمكى تۈركلەر تۈگىمەس لەشكىرىي يۈرۈشلەردە مىسلىسىز

قىر - چاپ بىلەن مەشغۇل بولاتتى، يارا - جاراھەتلەرنى ساقايتىدىغان دورا ماتېرىياللىرى تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. بۇ ھەقتە لى شىجېن ناھايىتى قىممەتلىك بىر ماتېرىيالنى خاتىرلىگەن: «تۈرك مەلھىمى ( 突厥白 ) قىرتاق بولىدۇ. ئاساسلىق تىغ يارىسى، قان توختىتىش ۋە گۆش ئۆستۈرۈش، بەل - پۇت سىرقىراپ تېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ، تۈركلەردىن چىقىدۇ. رەڭگى ھاكقا ئوخشاش ئاق بولىدۇ. ئۇنى يەنە ھاك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا دورا ياساشقىمۇ بولىدۇ»⑰.

بۇ خىل تۈرك مەلھىمىنىڭ ئەمەلىي داۋالاشتا قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرە يوق دېيەرلىك. بىراق، ئەن لۇشەن لى جۇئېرنى ئاختا قىلىۋەتكەندىن كېيىن قان توختىتىشتا ئىشلەتكەن «ھاك » نىڭ «تۈرك مەلھىمى» بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن: «لى جۇئېر قىتان قوۋمىدىن بولۇپ، 10 نەچچە يېشىدا ئەن لۇشەننىڭ پاناھىغا كىرگەن، قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ھىيلە - نەيرەڭدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. ئەن لۇشەن پىچاق بىلەن ئۇنىڭ زەكىرىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى. ئەن لۇشەن ھاكنى كۆيدۈرۈپ يارا ئورنىغا باستى. ئازلا ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلدى. ئاختا بولغاچقا ئەن لۇشەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئىشىنەتتى»⑱.

لى جۇئېر ئەن لۇشەننىڭ ئاسراندى ئوغلى بولۇپ، ئۇنى ئاختا قىلىۋېتىشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئىشلىتىش ئىدى. ئەگەر ئىشتىن ئىلگىرى قان توختىتىشقا كېرەكلىك دورىنى تەييارلىۋالمىغاندا قورقماي تۇرۇپ «زەكىرىنى پۈتۈن كېسىۋېتىش»نى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشتا لى جۇئېرنىڭ جاراھىتىگە بېسىلغان «ھاك» ئېھتىمال باشقا «دورا ماتېرىياللىرى ئارىلاشتۇرۇلغان» ھاك بولسا كېرەك، ئۇ پەۋقۇلاددە داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇپ، شۇنچە كۆپ قان چىقىپ كەتكەن بىر بىمارنى «تېزلا ھوشىغا كەلتۈرەلىگەن». بۇ مىسالدىكىسى «تۈرك مەلھىمى» نىڭ نەق ئۆزى بولمىسىمۇ، ئۇ

ھەرھالدا بىر قوشۇمچە ئىسپات قىلىشقا ياراپ قالار، بولۇپمۇ بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى بولمايۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق.

## 6 § . تۈرك چېدىرى

تۈرك چېدىرى يەنە كىگىز ئۆي ياكى ئاق ئۆي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاسمان گۈمبىزى نۇسخا قىلىنغان بۇ خىل كىگىز ئۆي تۈركلەر دەۋرىدە شىمالىي چۆللۈكتىكى مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى: «چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىپ، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، مۇقىم تۇرۇشلۇق ماكانى يوق، چېدىر ئۆيدە يېتىپ قوپىدۇ»⑲. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندىكى دىئالوگ تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: شىغاۋۇل پىرقىسى دىۋانبېگى، فەنياڭ ئەمەل ـ مەنسەپ پىرقىسىدىكى لۇ كەي يې كېشىنى لەنجۇ باش بۇغىلىقىغا تەۋسىيە قىلغاندا يې كېشى: «كەمىنىنىڭ قايسى گۇناھىغا تۈركلەرنىڭ تېمىنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ قالدىلا؟» دەپ سورىدى. لۇكەي: «تۈركلەرنىڭ نەدىمۇ تېمى بولسۇن» دېگەندە، يې كېشى: «گۆشنى ئوزۇق، مۇزنى شىرنە، چېدىر ئۆينى تام قىلىدۇ» دېدى⑳. چوغاي تاغلىرىدىن بايقالغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ چېدىرلىرى ھەققىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى «چېدىر ئۆينى تام قىلىدۇ» دېگەن ئىبارىنى كەم تېپىلىدىغان ئىسپات بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ رەسىم ئۇيرات ئارقا خوشۇنىنىڭ بۇرقىنقادا تېغى بويىدا بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇل كىگىز ئۆيلىرىدىن جىق ئېگىز. ئۇنىڭ تورۇسىدا تۈڭلۈك يوق، بىر ئىشىك ئورنىتىلغان. تاشقى كۆرۈنۈشى ياغاچ تاياقچىلار بىلەن توغرىسىغا تارتىپ چىگىتىلگان ۋە ئۈچ رەت چاسا تۆشۈكلۈك رىشاتكا ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئىشىك ئېگىز ۋە تار بولۇپ، كىرىپ ـ چىقىشقا تولىمۇ

قولاي ㉑.

ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى دەۋرلەردىكى كۆچمەنلەرنىڭ چېدىر شەكىللىك ئۆي شەكلىمۇ تۈرك چېدىرىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە: «چېدىر ئۆي ئىككى خىل بولىدۇ: قارلىغاچ ئۇۋۇسى شەكلىدىكىسى سۆگەت چىۋىقلىرىدىن توقۇلىدۇ، بۇ خىل چېدىرنى يۆگىگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۈستى تەرىپى كۈنلۈك دوقىسىدەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىر يۇمىلاق تۆشۈك ئېچىلىدۇ ئۇ كۈنگۈرە دەپ ئاتىلىدۇ. چىۋىق توقۇلمىسىنىڭ بۇ خىل جازىسىغا كىگىز قاپلىنىدۇ. ئاتقا ئارتىپمۇ توشۇغىلى بولىدۇ. يايلاق شەكلىدى- كى چېدىر ئۆي بولسا سۆگەت بادرىلىرىدىن توقۇلىدۇ ۋە يۇمىلاق قاتتىق شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ، سىرتىغا كىگىز قاپلىنىدۇ. ئۇنى يۆ- گىگىلى بولمايدۇ، ھارۋىدا توشۇشقا توغرا كېلىدۇ. سۇ ۋە ئوت- چۆپ تۈگىگەن ھامان يۆتكەپ ئېلىپ كېتىلىدۇ، مۇقىم ۋاقتى بولمايدۇ»㉒. ئېھتىمال ھارۋىدا يۆتكەلگەچكە «تۈرك چېدىر ھارۋى- سى» دېگەن نام كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ خېلى بالدۇرلا «يايلاقتا ماس كېلىدىغان» چېدىر ئۆينى ئىشلەتكەنلى- كىنى قىياس قىلالايمىز. يايلاقتىكى بۇ خىل ھەرىكەتچان بارگاھ تاڭ دەۋرىدىكى تۈرك نەۋكەرلىرىنىڭ «يۈك» لىرىنىڭ بىرسى ئىدى.

تۈركلەر دەۋرىدە چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئاساسىي ئىشلەپچى- قىرىش شەكلى بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قوشۇمچە ئورۇندا تۇر- دىغان ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ئىدى. تۆمۈرچىلىك، مەيچىلىك ۋە چېدىر ھارۋىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى تۈرك چارۋىچىلىرىنىڭ يايلاق ئۇسلۇبىدىكى كۆپلىگەن ھۈنەر - سەنئەت ماھارەتلىرىنى ئىگىلىۋالغان- لىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ھۈنەرگە كەمبەغەل ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىختىن بۇيان تارقىلىپ كېلىۋاتقان «مەيىن شامال يەلپۈتسە ئوت - چۆپلەرنى ھەر قايان، كۆرۈنۈپ قالار ئۇندا تۈمەن چارۋا ھەر تامان» دېگەنلەر دەر ھەقىقەت كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدى- لىكلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان كلاسسىك جۈملىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما

تۈرك بۇيۇملىرى ھەققىدىكى كونا پارچىلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا بۇ كلاسسىك ناخشىنىڭ مول ئىقتىسادىي مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئاددىيغىنە شېئىر سۆپىتىدە چۈشىنىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىزاھلار:

① چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، شياڭشۇ كىتابخانىسى، 1935 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 168 ـ بەت.

② يۇ. س. خۇدياكوۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىنىشى»، نوۋسىبىرسىك، 1985 ـ يىل نەشرى، 149 ـ بەت؛ «موڭغۇلىيە مەدەنىيىتى»، نوۋسىبىرسىك، 1985 ـ يىل نەشرى، 96 — 114 ـ بەتلەر.

③ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەۋھەرلىرى»، 459 ـ جىلد.

④ «يېڭى تاڭنامە»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑤ «كونا تاڭنامە. جېڭ يۈەنتاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

⑥ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 99 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑦ «كىتابلار جەۋھىرى»، 980 ـ جىلد.

⑧ «جاڭ چۈجىياڭ ئەسەرلىرى»، 6 ـ جىلد، «تۈرك قاغانىغا مەكتۇپ».

⑨ د. خ. بازاروۋا: «قەدىمكى تۈركلەردىكى قۇش ناملىرىنىڭ شەرھى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، 1975ـ يىل نەشرى، 4ـ سان، 11 — 22ـ بەتلەر.

⑩ خۇيلان: «نوملار شەرھى»، 73 ـ جىلد ۋە 99 ـ جىلد.

⑪ «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى»، 139 ـ جىلد، «تۇڭباۋ»، 1926ـ يىل نەشرى.

⑫ ياڭ شىسۇڭ، جىنىڭلىق، چوڭجېنىنىڭ 21 ـ يىلى تەشرىپدار بولغان. «قاشتېشى قەسرىدىكى خاتىرىلەر» مىڭ خانىدانلىقى ھالاك بولۇشتىن 100 كۈن ئاۋۋالقى چوڭجېنىنىڭ 16ـ يىلى (1643 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان بىر كىتاب.

⑬ ياڭ جۇڭشى: «شۆچياۋ نەزمىلىرىنىڭ قوشۇمچە توپلىمى»، 5ـ جىلد.

⑭ «قانۇنلار قامۇسى» 197 ـ جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑮ پ. پېللىئوت: «ئودورنىڭ مەكتۇپىدىكى مەي نامى»، «تۇڭباۋ»، 1914 - يىل نەشرى؛ «تۈركچە مەي نامى: بەگنى»، «تۇڭباۋ»، 1926 - يىل نەشرى.

⑯ خەن رۇلىن: «چېدىر خاتىرىلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1982- يىل نەشرى، 310 — 311 - بەتلەر.

⑰ «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى»، 18 - جىلد، خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 1307 - بەت.

⑱ «كونا تاڭنامە»، 200- جىلد، «ئەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى».

⑲ «سۇينامە»، 84- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑳ «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى»، 173 - جىلد.

㉑ گەي شەنلىن: «چۇغاي قىيا تاش رەسىملىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 382- بەت ۋە 700- رەسىمگە قاراڭ.

㉒ پېلىڭ دايا: «قارا تاتارلار ھەققىدە خاتىرىلەر. چېدىر».

㉓ «سۇينامە»، 84- جىلد، «شىرۋىلار ھەققىدە قىسسە».

# ئۈچىنچى بۆلۈم
# غەربىي يۇرت جانىۋارلىرى
# ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشى

# I باب شىر جۇڭگودا

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن خۇاشىيا مەدەنىيىتىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا شىرنىڭ تارىخىي تەقدىرى ئىككى قۇتۇپلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى: بىر تەرەپتىن غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىر پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ـ ھۇزۇرلىنىشقىلا ئىشلىتىلدى، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش رولى بولمىدى. شۇڭا، قان ـ تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئاتقا ئوخشاش كۆپەيتىلمىدى ۋە كۆندۈرۈلمىدى، ھەتتا تاڭ دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە كۆپ قېتىم «سوۋغاتنى رەت قىلىش» ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چېگرا سىرتىدىلا قايتۇرۇۋېتىلدى. يەنە بىرتەرەپتىن، شىر خاسىيەتلىك ھايۋان ئوبرازى بىلەن ئۇزاق مەزگىل جۇڭگو «روھ ـ ئەرۋاھلىرى» بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ھەمدە چوڭ شەھەرلەردىن يېزا ـ قىشلاقلارغىچە، شۇنداقلا مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە تارقىلىپ خەلق ئارىسىدا شادىمانلىقتىكى خەيرلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «شىر» جۇڭگو تارىخىدا مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى سىستېمىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا سىرتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىدا بىردەك ناھايىتى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1 § . شىر غەربىي يۇرتتىن كەلگەن

«سۆز ـ خەتلەر» دە « 獅 » («شىر») دېگەن خەت يوق.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى شىر نامى سىرتتىن كىرگەن سۆز بولۇپ، مەشھۇر تىلشۇناس لوچاڭپېي بۇنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان:

«نامىنىڭ تەلەپپۇزىدىن سۈرۈشتە قىلغاندا خاتىل‹ شىر ši› سۆزى پارسچە sēr دىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. رافېيى بۇ قاراشقا ئانچە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ: ‹چۈنكى مىلادىيە 88 ـ يىلى تۇنجى شىرنى توخرىلار جۇڭگوغا تەقدىم قىلغاندا ئاتالمىش پارس تىلى تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. تەخمىنەن I ئەسىرنىڭ ئاخىرى بۇ سۆز توخرىلارنىڭ ۋاستىچىلىكىدە جۇڭگوغا كىرگەن، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم شەرقىي ئىران تىلىدىن كەلگەن. ئۇ جايدا بۇ سۆزنىڭ شەكلى ئەزەلدىن šē ياكى ši بولۇپ (توخرى تىلىدا A,śisāk) جۇڭگودىكى (s'i) ši غا ئوخشاش بوغۇم ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن كەلمەيدۇ›، چاۋاننېس، پېللىئوت، گاۋتىيو قاتارلىق فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ ھەممىسىلا بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلىشقان. پېللىئوت: پارسچە ‹شىر› سۆزى ھەققىدە ئىرانشۇناسلارنى بىر مەزگىل قايىل قىلغان پارسچە xšaθrya دىن كەلگەن، دېگەن قاراشنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى، گاۋتىيو بۇ سۆزنىڭ سوغدى تىلىدىكى šrγw، šarγə (شىر) دىن كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان كۆرسىتىپ ئۆتكەن» دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن، بۇ سۆز توغرىسىدا بەزىلەر ئۇنىڭ «پارسچە» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىران تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدا باشقىچە قاراش مەۋجۇت ئەمەس. كارلگېرىنمۇ پروفېسسور موگىنستىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «شىر ṣi ئىران تىلىدىكى śarγ نىڭ تەلەپپۇزى دەپ كۆرسىتىدۇ»①.

قەدىمكى غەربىي يۇرت شىرنى ئۇلۇغلاش ئەۋج ئالغان رايون ئىدى. ھىندىستاندىن پېرسىيىگىچە شىرغا قويۇق رىۋايەت تۈسى سىڭدۈرۈلۈپ، ئىلاھىي ۋە دەھرىي دۇنيا ۋەزنىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلاھىي كۈچ ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى.

1) ھىندىستان. بۇددا نوملىرى شىرغا ھايۋانات دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالىي ئورۇننى ئاتا قىلدى. «ماخاۋاي پۇلياماخا سانىنى پاتا

سۈترا» نىڭ 10 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆتمۈشتە بىر شىر
پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ دائىم تاغ ئېچكىرىسىدىكى ئۆۋىسىدا تۇرۇپ:
«مەن بارچە ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى، قۇدرىتىم بارچە جانلىقلارغا كۆز-
قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا يېتىدۇ، دەيدىكەن». «ھايۋانلار پادىشاھى»
بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈچ ـ قۇدرەتلىك شىر قەدىمدىنلا قوغدىغۇچى
ھايۋان سۈرىتىدە ئىدى. «بۇددا ئېيتقان شاھزادىنىڭ مۇرادىغا يەتكەن-
لىكى سۈتراسى» دا: «بۇددا يېڭى تۇغۇلغاندا بەش يۈز شىر قارلىق
تاغدىن چۈشۈپ، ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا سەپ تۈزۈشكىنىچە قارا-
ۋۇللۇقتا تۇرغان». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇددا تەرىقەت سۆزلىگەندە
شىر كۇرسىدا ئولتۇرىدىغان، تەرىقەت ھېكمەتلىرىنى كۆرسەتكەندە
شىرچە ھۆركىرەيدىغان بولغان ۋە «ئادىمىي شىر» غا ئايلانغان. مىلادى-
يەدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردە ئاسوكاخان بۇددىنى نامايان قىلىش مەق-
سىتىدە سالدۇرغان ۋەزخانىنىڭ تاش تۈۋرۈكلىرىدىن تۆتىگە ئەركەك
شىر نەقىشى تۈۋرۈك بېشى قىلىپ ئىشلىتىلگەن②.

2) پېرسىيىدىكى شىر ئېتىقادچىلىقىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە.
«سۈينامە»، 83 ـ جىلد، «پېرسىيە تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلى-
دۇ: «پادىشاھنىڭ تاجىسىغا ئالتۇن گۈللۈك نەقىش چۈشۈرۈلگەن.
ئادەتتە ئالتۇن شىر شەكلىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ». قەدىمكى پېر-
سىيە شائىرى فىردەۋسىنىڭ 994- يىلى تاماملانغان تارىخىي داستانى
«شاھنامە» دە قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى «شىر» نامى بىلەن قوشۇپ
ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «شىر داستان»، «شىر سۇھراپ» دېگەندەك.

3) ئەرەبلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھەققىدىكى قەدىمكى رىۋايەتلىرى
شىرنىڭ ئىلاھىي يارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «كونا تاڭنامە» 198-
جىلد «ئەرەب تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دايى يىللىرى
(605 — 617) نىڭ ئوتتۇرىلىرى پېرسىيىلىك بىر غوز مەدىنە
ئەتراپىدىكى بىر تاغدا تۆگە بېقىۋاتسا، ئۇشتۇمتۇت بىر شىر ئادىمىي
تىلدا: «ئەي ئىنسان، بۇ تاغنىڭ غەربىدە ئۈچ ئۆڭكۈر بار، ئۆڭكۈر-
لەردە جەڭ قوراللىرى بار، سەن ئۇنى ئالساڭ بولىدۇ. ئۆڭكۈردە
يەنە بىر قارا تاش بولۇپ، ئۈستىگە ئاق رەڭدە خەت يېزىلغان. ئۇنى

ئوقۇساڭلا پادىشاھلىق تەختىگە چىقىسەن» دەپتۇ.

قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى سوۋغات قىلىنغان شىرلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شىر ئېتىقادچىلىقىنى ئۆزىنىڭ دىنىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغانىدى.

ھازىرقى مەۋجۇت قەدىمكى ۋەسىقىلەردىن جۇڭگودىن شىر چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېنىق خاتىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. تارىختىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بەئەينى كېلىشۋالغاندەك شىرنىڭ غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇيلان مۇنداق دەيدۇ: «سۇەننى* دېگەن شىردۇر. ئۇ غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ»③. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم لى شىجېنمۇ: «شىر غەربىي يۇرتتىكى ئەللەردىن چىقىدۇ»④ دېگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئالىم ۋېن تىڭشى تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇەننى دېگەن شىردۇر. جۇڭگودا بۇنداق ھايۋان يوق. ئۈچ دەۋردىن ئىلگىرىكى مەۋجۇت بولغانلىرى پۈتۈنلەي نەزمە ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىكىسى بولۇپ، ئۇلارنى كەركىدان ياكى پىل دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ، پەقەت شىرنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلى خالاس»⑤. قارىغاندا، شىرنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغات بۇيۇمى سۈپىتىدە جۇڭگوغا كىرگەنلىكى ئېنىق. «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 3 ـ جىلدىدا بۇ ھەقتىكى ئەڭ قەدىمكى خاتىرە بار: خەن جاڭدىنىڭ جاڭخې 1ـ يىلى (مىلادىيە 87 ـ يىلى) توخرىلار دۆلىتى شىر سوۋغات قىلغان؛ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 88 ـ يىلى) ئارساك (بۇخارا) پادىشاھلىقى شىر تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى17ـ يىلى (مىلادىيە 1678ـ يىلى) پورتۇگالىيە ئەلچىسى بېنوئىت دىگويىس ئافرىقا شىرى سوۋغات قىلغانغا قەدەر بولغان سۇلالە دەۋرلىرىدە بىر دەك بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلغان. 16 ئەسىرلىك بۇ تارىخىي جەرياندا غەربىي يۇرتنىڭ سوۋغات شىرلىرى ئاساسەن

---

* قەدىمكى جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان. قەدىمكى ئەللامىلەر ئۇنى ھەر خىل قىياپەتلەردە تەسۋىرلەپ باققان (ت).

قۇرۇقلۇق يولى بىلەن توشۇلغان، دېڭىز يولى بىلەن ئېلىپ كېلىش ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ۋەسىقىلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تا- رىختا سوۋغات قىلىنغان شىرلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت يوق. بىزگە تەپسى- لىي مەلۇم بولغىنى پەقەت شىمالىي ۋېي پادىشاھى شياۋمىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرى (520 — 525) نىڭ ئاخىرلىرى «پېرسىيىدىكى غۇز پادىشاھى سوۋغات قىلغان شىر» نىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنى- دۇ: جۇڭگودا ئالتە يىل يۈرگەندىن كېيىن «پۇتەينىڭ 1. يىلى (مىلادىيە 531 ـ يىلى) گۇاڭلىڭۋاڭ تەختكە چىقتى ۋە مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «يىرتقۇچ ھايۋانلارنى قەپەسكە سولاپ قويۇش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇلارنى يەنىلا تاغ - جىلغىلارغا قويۇۋېتكىنىمىز تۈزۈك، شۇنىڭ بىلەن شىرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتى- نىگە ئاپىرىپ قويۇش يارلىقى چۈشتى. شىرنى ئاپىرىپ قويۇشقا مەسئۇل بولغانلار پېرسىيە يولىنى بەك يىراق، ئاپىرىپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ يول ئۈستىدە شىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەت- تى»⑥. باشقا سوۋغاتلىق شىرلارنىڭ تەقدىرى ئېھتىمال تاڭ سۇلالى- سىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شائىر يۈشاڭشى «شىرغا مەدھىيە ۋە مۇقەد- دىمە» ناملىق شېئىرىدا ھەسرەتلىك قىلىپ:

«بوينىدا جاراڭلايدۇ ئالتۇن رەڭ ئۈزۈن زەنجىر،
پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن بەجايىكى مۇتەكەببىر.
كۆزلىرىدىن تۆكۈلەر ھال - مۇڭىنىڭ پىغانلىرى،
ھەسرەت ئىچىدە ۋەتەننى سېغىنىدۇ تەنھا شىر».

(«تاڭ مەكتۇپلىرى» 398 ـ جىلد) دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك بولغان بولسا كېرەك.

ناۋادا شىرنى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويۇش غەربىي يۇرت شىرلىرى جۇڭگودا دۇچار بولغان مۇئامىلە دېيىلسە، «سوۋغاتنى قوبۇل قىلى- ماسلىقنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس دېيىش كېرەك. تاڭ دەۋرىدە

خانىش ۋۇزېتيەننىڭ توڭتيەن 1- يىلى (696- يىلى) 3 - ئايدا ياۋشۇ «ئۇلۇغ شاش ئېلىنىڭ سوۋغاتلىق شىرىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ» تە سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «شىر يىرتقۇچ هايۋان بولۇپ، گۆشلا يەيدۇ. يىراق سۇياب شەھىرى (سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمهۇرىيىتىدە) دىن ئۇلۇغ ئاستانە (لوياڭ) گە ئېلىپ كەلگۈچە يول بويى گۆش بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرۇش تولىمۇ مۈشكۈل، شۇنداقلا كۆپ خىراجەت كېتىدۇ»⑦. تاڭ دەۋرىدىكى ئوردا ۋەزىرىنىڭ «خىراجەتنى تېجەش» نى شىرنى قوبۇل قىلماسلىقتا سەۋەب قىلغانلىقىغا مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. چېڭخۇانىڭ 17 - يىلى (1481 - يىلى) سەمەرقەنت سۇلتانى ئىككى شىر سوۋغات قىلغاندا مەنسەپ مەهكىمىسى كەپتاۋۇلى لۇرۇڭ پادىشاهقا مەكتۇپ سۇنۇپ: «شىر غەيرىي مەخلۇق، ئىبادەتخانىدا نەزىر - چىراغ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ، شاهانە مەپىگە زاپاس ئات قىلىپ قوشۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. خۇڭجىنىڭ 2- يىلى (1499- يىلى) سەمەرقەنت دۆلىتى يەنە شىر سوۋغات قىلغاندا شىغاۋۇل پىرقىسى دىۋانبېگى يۆ قوبۇل قىلماسلىق هەققىدە تەكلىپ بېرىپ تېخىمۇ قايىل قىلارلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كەمىنىنىڭ كۆزىتىشىچە سەمەرقەنت سوۋغات قىلغان شىر يەنىلا بەدەۋىيلەر يۇرتىدىكى يىرتقۇچ هايۋان. ئۇ جۇڭگو زېمىنىغا ماسلىشالمايدۇ. ئوردىدا قويۇپ قويساق ئوردىنىڭ زىننىتى بولالمايدۇ، تاشقىرىغا يەنى ئوردا سىرتىغا بېرىۋېتەيلى دېسەك، لەشكىرىي ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق پايدىسى يوق هايۋاننى ئېلىپ كەلگەندىن كۆرە شۇ راسخوتنى باشقا پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلغان تۈزۈك». مىڭ شياۋزۇڭ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان تۈزۈك دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن لى دۇڭياڭ بۇ هەقتە ئاشۇ دانالىق مەدهىيىلەنگەن «شىرنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا نەزمە» نى پۈتكەن:

«تۈمەن چاقىرىم يول بېسىپ ئېلىپ كەلگەندە شىرلارنى،
هەيران قالغان سادالار قاپاق قىلدى باشلارنى.

بىر - بىرلەپ يوقالغاندا كۆزلەردىكى ھەيرانلىق،
ئوتتۇرىغا قويۇلدى قايتۇرۇشنىڭ پىلانى.
خەن دەۋرىدە ئەجدىھا تۇلپاردەك بولالمىغان،
سۇي خانىنىڭ قۇشلىرى لاچىنىنى ھەم ئالالمىغان.
ئۆزۈمنى چاغلاپ كۆرمەي پۇتۇپ باقتىم نەزمىنى،
بولسامۇ ئەگەر ناتىۋان ئۆزىنى تۇتالمىغان»⑧.

«سوۋغىنى قوبۇل قىلماسلىق» شىرنى قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولالمايدىغان ھايۋان، دەپ جاكارلىغانلىق ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى شىرنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بۇ خىل تەتۈر ئىنكاسنى قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىر چۈشەنچىسىدىن ئىزدىگەندە مەدەنىيەت ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ.

## § 2 . قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىر چۈشەنچىسى

شىر جۇڭگودىن چىقمىسىمۇ، ئەمما تارىختىن بۇيان شىر سوۋغات قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقتىن بىۋاستە كۆزىتىشكە ئىمكانىيەت بولغانىدى. شۇڭا، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى شىر تەسۋىرىنى زور ئەمەلىيلىككە ئىگە، دېيىشكە بولىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇاڭ شېڭ بىر جىلدلىق «ھايۋانلار» ⑨ ناملىق ئەسىرىدە شىر توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان بولسىمۇ، ئەمما خاتىرىلىگەنلىرى بەكلا تومتاق بولغاچقا، قەدىمكىلەرنىڭ شىر ھەققىدىكى كونكرېت چۈشەنچىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن. ئەمدىلىكتە ئۆزۈم توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا شىر ھەققىدىكى ئىگىلىگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ بايان قىلماقچىمەن:

### 1. قىياپىتى

1) «شەرقىي نەزەرگاھتىكى خەن خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىرنىڭ قىياپىتى يولۋاسقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، توق سې-

رىق كېلىدۇ. يۈز ـ بويۇنلىرىدا ئۇزۇن ساقالسىمان مويلىرى بار. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا مۇشتۇمدەك پوپۇكى بار. «قانۇنلار قامۇسى» 192 ـ جىلد، «قوشۇمچە ماددا» قىسمىدىكى خاتىرىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2) يۈشىنەن «شىر قەسىدىسى» دە مۇنداق دەيدۇ: «شەكلى ئۆزگىچە، تەن قۇرۇلمىسى ئىنتايىن بېجىرىم. كەڭ كۆكرەكلىك، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇرىدۇ. تاغنى تالقان قىلىۋەتكۇدەك كۈچى بار. چىش ـ تىرناقلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ باشقا ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىشقا ماھىر. يېتىپ تۇرۇپ قۇلاقلىرىنى ھەر يان بۇراپ شەپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرىدۇ».

3) ليۇيۇ «كۇنپېتىشقا ئەلچىلىككە چىقىش خاتىرىسى» دە مۇنداق يازىدۇ: «شىرنىڭ ئەركىكىنىڭ ئۇزۇن يايلى بولىدۇ. قۇيرۇقى پوپۇكلۇك بولىدۇ. قۇيرۇقى بىلەن ئۇرسا كىشى زەخىملىنىدۇ. ھۆركىرىسە ئاۋازى خۇددى قورسىقىدىن چىققاندەك ئاڭلىنىدۇ».

4) تاۋزۇڭيى «جەنۇبىي كەنتتە يەر تېرىش خاتىرىسى» نىڭ 24- جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەيدۇ: «جۇغى كىچىك، ئۆيدە بېقىلىدىغان ئالتۇن توكلۇك تايغانچىلىك كېلىدۇ. باشقا ھايۋانلار ئۇنى كۆرگەن ھامان يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭ سۇر- ھەيۋىسى شۇنداق چوڭ».

5) ماخۇەن «جاھان خاتىرىلىرى. ئادان دۆلىتى» دە مۇنداق دەيدۇ: «شىرنىڭ شەكلى يولۋاسقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قارامتۇل سېرىق بولۇپ، بەدىنىدە يۇمىلاق چېكىتسىمان داغ يوق. بېشى ۋە ئاغزى ناھايىتى يوغان. قۇيرۇقى بەكلا يوغلۇق بولۇپ، ئۇزۇن قارا پوپۇككە ئوخشايدۇ. ھۆركىرىسە باشقا ھايۋانلار يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھايۋانلار پادىشاھى دېيىشكە بولىدۇ».

## 2. تەبىئىتى

1) «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» نىڭ 1- جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇەننى (شىر) ۋە ياۋا ئات كۈنىگە 500چاقىرىم يول باسالايدۇ».

2) ياڭ شۈەنجى «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا مۇنداق بىر خاتىرىنى قالدۇرغان: «پادىشاھ جۋاڭدى شىغاۋزۇل لى يۈگە: «ئاڭلىشىمچە يولۋاس شىرنى كۆرگەندە يوشۇرۇنۇۋالارمىش. بۇنى بىر سىناپ كۆرەيلى، شۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە يولۋاس تۇتۇپ كېلىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. گوڭشيەن، شەنياڭ قاتارلىق جايلاردىن ئىككى يولۋاس بىر قاپلان شىرنى كۆرۈپلا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئورمانلىقتا بىر ئەما ئېيىق بار ئىدى. بۇ ئېيىق كۆندۈرۈلگەن بولغاچقا، پادىشاھ شۇنى ئېلىپ كېلىپ سىناپ كۆرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەما ئېيىقنى يېتىلەپ كېلىشتى، شىرنىڭ ھىدىنى پۇراپلا ئالدى كەينىگە قارىماي زەنجىرنى سۆرىگىنىچە قېچىپ كەتتى».

3) تاۋزۇڭيى «جەنۇبىي كەنتتە يەر تېرىش خاتىرىسى» نىڭ 24 ـ جىلدىدا مۇنداق دەيدۇ: «توخۇ ۋە غازلارنى يېيىشتە باشقا ھايۋانلار تۇتۇپ تۇرۇپ تىلى بىلەن يۇڭ ـ پەيلىرىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. شىرلا قامالاپ تۇتقىنىچە پۇۋلىسە يۇڭ ـ پەيلىرى توزغاقتەك توزۇپ كېتىدىكەن، خۇددى پاكىز يۇڭدىغاندەك قىلىۋېتىدىكەن. بۇ تەرىپى باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىكەن».

## 3. ئوزۇقى

1) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىر بىر كۈندە تىرىك قويدىن ئىككىنى، سىركە، ئانگىدىرىد، ھەسەل، قېتىق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى بوتۇلكا يەيدۇ».

2) «مەرۋايىت كېمىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىر 2 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە سولاندى. كۈنىگە يېرىم قوينىڭ گۆشىنى، تۆت سەر ئاق شېكەر، ئىككى قۇتا سۈت، ئىككى قۇتا سىركە، بىر سەر ئۈچ مىسقال كاۋاۋچىن يەيدۇ».

## 4. كۆندۈرۈش

1) چېن چېڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر خاتىرىسى» دە مۇنداق يازىدۇ: «يېڭى تۇغۇلغاندا كۆزى يۇمۇق بولىدۇ، يەتتە كۈندىن كېيىن ئاندىن كۆزى ئېچىلىدۇ. باقماقچى بولغانلار ئۇنى يېڭى تۇغۇلۇپ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىۋالسا ئوڭاي كۆندۈرۈۋالىدۇ، چوڭ بولۇپ كەتكەندە ۋەھشىيلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، كۆندۈرمەك تەس».

2) لياڭ جاڭجۇ «ئەبجەش خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 6- جىلدىدا مۇنداق يازىدۇ: «شىر بىر چوڭ ئازگالغا ئورنىتىلغان تۆمۈر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلىدۇ. بوينىغا ئىككى تال تۆمۈر زەنجىر باغلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئوڭ - سول قىلىپ ئىككى تال تۆمۈر ئورنىتىلغان بولىدۇ. بۇلارنى ئېلىۋېتىپ شىرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندا ئاۋۋال 6 — 7 چى ئۇزۇنلۇقتىكى، بىر چى توملۇقتىكى، ئۇچىدا ئىككى تال چوڭ ھالقىسى بار تۆمۈر قوزۇقنى يەرگە قادايدۇ، ئاندىن ئىككى ھالقىنى شىرنىڭ بوينىغا سالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھالقىغا تۆمۈر زەنجىرنى ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىغا باغلىۋېتىلىدۇ. شىر خۇيلىنىپ تېپەچەكلىسىمۇ ئوڭ - سولدىكى شىر ئويناتقۇچىلار زەنجىرنى تارتىپ تۇرغاچقا، ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. ئاغۋات كىگىز ئېلىش ماھارىتىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. شىر ئويناتقۇچى ئىككى پارچە چوڭ كىگىزنى ئالدى، كىگىزگە رەڭگارەڭ نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەنىدى. شىر ئويناتقۇچى ئاۋۋال ئويۇن كۆرسىتىپ بەرگەندە شىر يەر بېغىرلاپ ياتقىنىچە كۆز ئۈزمەي قارىدى، كېيىن كىگىزنى ئالماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، شىر ئويناتقۇچى كىگىزنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى. شىر ئالدى پۇتلىرى بىلەن كىگىزنى كۆتۈرۈپ يەرگە تەگكۈزمەي ئويناشقا باشلىدى». تيەن يىخېڭ يازغان «بوغۇنلارغا تەۋسىيە» نىڭ 29 - جىلدىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان خاتىرە بار.

3) ۋاڭ يۇگۇاڭ «ۋۇ ئېلىدىكى ھېكمەتلەر» نىڭ 1 - جىلدىدا

مۇنداق دەيدۇ: «توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. توپ ھەممىلا جايدا بولۇۋەرمىگەچكە كىچىك شىر سوۋغات قىلىنغاندىلا كىمخاب - مەشۇت-لەردىن توپ تىكىلىدۇ. شىرنى ئۇسسۇلغا سالغاندا، گەرمەك ئۇچۇن تاشلاپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆندۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقىقە-تەنمۇ ھايۋانات دۇنياسىدىكى قىزىق ئىش».

5. قورقىدىغىنى

1) ماخۇەن «جاھان خاتىرىلىرى»دە خورمۇزد دۆلىتىدە: «چۆپ-لۈكتە ئۇچار، دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بار. يەرلىك نامى سىياغوس (فېڭ چېڭجۈننىڭ ئىلاۋىسى: بۇ سۆز پارسچە siyāhgōs نىڭ تەلەپپۇزى. ئىلمىي ئاتىلىشى Felis Caracal يەنى تاغ مۈشۈكى). مۈشۈكتەك چوڭلۇقتىكى بۇ ھايۋاننىڭ پۈتۈن بەدىنى چېكىم - چېكىم گۈللۈك كارتېتاغا ئوخشايدۇ. قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچى تۇم قارا. تەبىئە-تىدە ۋەھشىيلىك بولمىسىمۇ شىر، يىلپىز قاتارلىق ۋەھشىي ھايۋان-لار ئۇنى كۆرگەندە دەرھال يەرگە يېتىۋالىدۇ. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى دېيىشكە بولىدۇ».

2) شېن جۇ «مېھماننىڭ خەۋەرلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈنپېتىش ئەللىرىنىڭ شىر سوۋغات قىلغانلى-قىنى خاتىرىگە ئالغان: «ئىككى كىچىك جانىۋارنى تەقدىم قىلدى. ھۆركىرەك، دېيىلىدىغان بۇ ھايۋان توشقانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىر چىدىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان ئىنچىكە، ئۇزۇن قۇلاقلىرى بار. شىر ئۇيان - بۇيان مېڭىپ كۈچ كۆرسىتىۋاتقاندا، ئۇنى نوقۇشلاپ ھۆركىرەتسە شىر قورققىنىدىن جايىدىلا تۇرۇپ قالىدۇ. ھۆركىرى-گەن ۋاقتىدا سىيىپ قويغان سۈيدۈكىنى شىرنىڭ تېنىگە سۈۋىسا شۇ يەر دەرھاللا سېسىيدۇ».

يۇقىرىقى بايانلاردىن قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە غەربىي يۇرتتىن كەلگەن شىرنىڭ پەقەتلا «غەلىتە مەخلۇق» دەپ قارالغانلىقى-نى، ئۇنىڭغا «ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى» ھايۋان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقىنى بىلىۋالايمىز. فېئوداللىق قائىدە - يو-

سۇنلاردىكى خەيرلىكنىڭ بېشارىتى بولمىش هايۋانلار شىرنى پۈتۈنلەي
چەتكە قېقىپ كەلگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى» نىڭ 4-
جىلدىدىكى خەيرلىكلەرنىڭ هېچقايسى تۈرىدە شىرنىڭ ئورنى يوق.
شىرنى «بەتبەشىرە، ياۋۇز هايۋان» (مىڭ دەۋرىدىكى خەن دىگىنىڭ
تەسۋىرى) دەپ قاراش چۈشەنچىسى «سوۋغاتنى رەت قىلىش» ھەرد-
كىتى بىلەن ماسلىشىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريا-
نىدىكى چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە تاللاش خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كاڭشىنىڭ 17 - يىلى (1678 - يىلى) ئىتالىيە خىرىستىئان
دىنى جەمئىيىتىنىڭ مىسسىئونېرى لىيۇدۋىكۇس بۇگلىيو (P. Ludovicus
Buglio . 1606 — 1682) «شىر توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى يې-
زىپ، بېيجىڭدا باستۇرغان. ئۇنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلى-
دۇ: «نۆۋەتتە بايان قىلماقچى بولۇۋاتقان شىرنىڭ قىياپىتى، شەك-
لى، تەبىئىتى، قابىلىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل
ئېچىش ۋە ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىش مەقسىتىدە يېزىلغىنى يوق.
بىلىش لازىمكى، جاھاندىكى بارچە مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى تەڭرى
كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر. ئالەمدىكى تۆرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەر
تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولىدۇ، بارچە جان - جانىۋارلارنىڭ
ئۆز ماكانىنىڭ بولۇشىمۇ تەڭرى ئىرادىسىدىن بولىدۇ. پېقىر پۈت-
مەس- تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بىلەن ھەرقاچان، ھەرزامان تەڭرىنى
ئۇلۇغلايمەن، تەڭرى نامىنى زىكرى قىلىمەن»⑩. بۇگلىيونىڭ كاتو-
لىك ئىلاھىيىتى بىلەن يېقىنقى زامان زوئولوگىيىسى بىرلەشتۈرۈل-
گەن «شىر توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى
شىر چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

تۆۋەندە جانلىقلارنى كۆزىتىشتىن ئوبرازىنى كۆزىتىشكە يۈزلى-
نىپ، «شىر» نىڭ جۇڭگودا قانداق كارامەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ باقايلى.

## 3 § . شىر ئوبرازىنىڭ جۇڭگوچە تۈس ئېلىشى

غەربىي يۇرت شىر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدىكى

چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە يول — بۇددىزم گۈزەل سەنئىتى بولدى. راھىب ـ شەيخلەر بۇددا رەسمى ۋە بۇددا ھەيكەللىرى ئارقىلىق بۇددا نوملىرىدىكى «شىر پادىشاھ» ئوبرازىنى ياراتتى. «نىرۋانا سۇتراسى» نىڭ 25 ـ جىلدىدىكى تەسۋىرگە ئاساسلانغاندا، ھىندىستان شىرلىرى- نىڭ قىياپىتى مۇنداق بولاتتى: «چاسا پېشانە، ناھايىتى گەۋدىلىك، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، بەدەنلىرى سېمىز ھەم چىڭ، قىپقىزىل تىللىرىنى چىقىرىپ تۇرغان، قۇلاقلىرى تىك ۋە ئېگىز، بېلى ئىنچىكىرەك، قورسىقى ساڭگىلاپ چۈشمىگەن، قۇيرۇقلىرى تارام ـ تارام، يايلى ۋە يۇڭ ـ مويلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان، بىر قاراپلا ناھايىتى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدىغان، چىش ـ تىرناقلىرى شەمشەردەك ئۆتكۈر، تۆت پۇتى مەزمۇت، قۇيرۇ- قىنى شىپاڭلاتسا ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىدىغان بولۇپ، بۇنى ھەقىقىي شىر پادىشاھ دەپ قاراشقا بولىدۇ».

مانجۇسرى بۇدساتۋانىڭ شىرغا مىنىپ يۈرۈشى بۇددىزم گۈزەل سەنئىتىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان سۈژىت، تاڭ دەۋرىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردىن ئىككىسىدىلا بۇنىڭ روشەن ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىدۇ: بىرى، ۋۇتەيشەندىكى بۇدساتۋا قەسرىدە «شىرغا مىنگەن بۇددا رەسى- مى بەش ئېغىزلىق ئايۋان ـ سارايغا لىق سىزىلغان. ئۇنىڭدىكى شىر ناھايىتى تېتىك ـ جانلىق بولۇپ، تولىمۇ كېلىشكەن، مېڭىۋاتقان قىياپەتلىرى، نەپەس ئېلىشلىرى، نەزەر تاشلاشلىرى شۇنداق ماسلاش- تۇرۇۋېتىلگەن» ⑪. يەنە بىرى، گەنسۇدىكى يۈلىن غارلىرىنىڭ 25- نومۇرلۇق غارىدىكى تام رەسمى بولۇپ، مانجۇسرىنىڭ ناھايىتى ھەي- ۋەتلىك ۋە قامەتلىك ياش شىرغا مىنىپ تۇرغان ھالىتى، يان تەرىپىدە قارا قورۇملۇق قۇللارنىڭ مۇھاپىزەتتە تۇرغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈل- گەن. بۇددا رەسىملىرىدىكى شىر ھايۋانلارنىڭ ئاددىيلا سىزىلغان رەسىمى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ھايۋانلار تۈركۈمىدە ياشاۋاتقان شىر ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتە پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئۇ قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنى دائىم قايمۇقتۇرۇپ قوياتتى، بەزىلەر شىرنى سىزغاندا چىنلىقىغا رىئايە قىلماپتۇ، دەپ ئاغرىناتتى.

مەسىلەن، شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۇڭ يۈن VI ئەسىرنىڭ باشلىرى بەلخ ئېلىدە تىرىك ئىككى شىرنى كۆرۈپ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «شىرنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نەقەدەر ھەيۋەتلىك ۋە ياۋۇز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. جۇڭگودا سىزىلغانلىرى ئۇنىڭغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن» دېگەن⑫. بەزىلەر بولسا تەقدىم قىلىنغان شىرنىڭ يالغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «شىر سوۋغات قىلغۇچىلارنىڭ ئېلىپ كەلگەنى بېشى يولۋاس بېشىغا ئوخشايدىغان، گەۋدىسى ئىتقا ئوخشىشىپ قالىدىغان قارامتۇل رەڭلىك مەخلۇق ئىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى بۇ شىر رەسىمدە سىزىلغان شىرلارغا ئوخشىمايدىكەن، دەپ ئۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندى»⑬. شىر مەدەنىيىتىدىكى راستىمكىن دېسە يالغاندەك، يالغانمىكىن دېسە راستتەك كۆرۈنىدىغان بۇ ھادىسىنىڭ سىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

قەدىمكى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن شىر ئوبرازى مەيلى ھىندىستانچە ئۇسلۇبتىكىسى بولسۇن ياكى پېرسىيە ئۇسلۇبىتىكىسى بولسۇن، بەربىر سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت ئىدى، ئۇ جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايتتى، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تىرناقلىرىنى كېرىپ تۇرغان پېرسىيە شىرى مۇلايىملاشتۇرۇلغان، «تىللىرىنى چىقىرىپ تۇرغان» ھىندىستان شىرىمۇ تىلىنى يىغىۋالغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك قوشۇلۇش ۋە ئۆزگىرىش ئارقىلىق جۇڭگوچە تۈس ئالغان شىر ئوبرازى ئاخىر ئالاھىدە قىياپەتتە شەكىللەندى.

### 1. شىرنىڭ ئەجدىھادىن تۆۋەن تۇرۇشى

قەدىمكى جۇڭگولۇقلار چىلىن بۇغىسى، سۇمۇرغ، تاشپاقا، ئەجدىھا قاتارلىق «تۆت ئەرۋاھ» قا چوقۇناتتى. خۋاشيالارنىڭ (خەنزۇلارنىڭ) ئەجدادى بولمىش شېن فۇشى ۋە نۈۋا ئادەم باشلىق، ئەجدىھا تەنلىك قىياپەتتە ئىدى، پادىشاھلارمۇ ئەجدىھا پۇشتىدىن، دەپ ھۆرمەتلىنەتتى. پۈتكۈل جۇڭخۇا زېمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك

ئەجدىھانىڭ ماكانى ئىدى. سىرتتىن كىرگەن شىر مانا مۇشۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغاندا تەبىئىي يوسۇندا غەربىي يۇرتتىكىدەك ئەزىز ئورۇنغا مۇشەررەپ بولالمايتتى، پەقەت ئەجدىھادىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ «ئەجدىھا توققۇز ئوغۇل تۇغقان، شىر بەشىنچىسى» دېگەن قەدىمكى ئەپسانىگە خېمىرتۇرۇچ بولالىغانىدى. بۇ يەردە بىرنەچچە ماددىي ئىسپاتنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس: (1) تاڭ دەۋرىدە ۋۇزېتيەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، «سۇڭدې ساماۋى تۈۋرۈكى»، يەنى بالىق مىس تۈۋرۈكىنى قۇيدۇرغان. بۇ غايەت زور «مۇقەددەس بۇيۇم» دىكى ئەرۋاھ تاختىسى ئورنىدا ئەجدىھا ئولتۇرىغا، شىر چەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ (2) بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئالدىنقى شۇ پادىشاھى گاۋزۇ ۋاڭ جيەننىڭ يۇڭلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئارقا ئۆيگە قويۇلغان مۇداپىئە تاش تاختىسىنىڭ ئالدى يۈزىدىكى قاپارتما نەقىشتىمۇ يۆگىلىۋالغان ئەجدىھا ئوتتۇرىسىدا، ئەركەك شىر چەتتە تۇرىدۇ⑭؛ (3) تاڭ دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار كىيىمىنىڭ كەشتىسىدىمۇ «پادىشاھلارنىڭكىگە يۆگىلىۋالغان ئەجدىھا ۋە بۇغىنىڭ رەسمى» چىقىرىلغان بولسا، «ئوڭ- سول قوۋۇق ياساۋۇلخانىسىدىكىلەرنىڭ كىيىملىرىگە بىر جۈپ شىرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن»⑮. بۇنداق يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقىگە ئىگە ئەجدىھا-شىر نەقىشلىك كىيىملەر چىڭ دەۋرىدىمۇ ئىشلىتىلدى: شاھزادە، خاننىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىلا «توپ ئەجدىھا» رەسىملىك كىيىملەرنى كىيىشكە بولىدۇ، لەشكىرىي مەنسەپدارلاردىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىكلەرنىڭ شىر نەقىشلىك كىيىمى بولىدۇ. روشەنكى، قەدىمكى جۇڭگودىكى ئادەت خاراكتېرلىك ۋە فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلاردا شىر ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە چىقالمىغان، ئەجدىھا بىلەن تەڭ ئورۇندىمۇ بولالمىغان. ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىلاھىي كۈچ ۋە خانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، ياساۋۇللار سالاھىيىتىدە تۇرۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن مېڭىۋاتقان ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى شىرلار ھەيكىلى تارىختىن بۇيانقى خان قەبرىستانلىقى يوللىرىدا قەد كۆتۈر-

گەن ھەمدە «كۆنپېتنشتىن چىققان شامال قەبرىنى بۇزاي دەيدۇ، يول بويىدا نەۋكەرلىرى بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇلمايدۇ»⑯ دېگەندەك قىلىپ قەبرىستانلىقنى قوغداپ تۇرغان.

## 2. ھەيۋىسى بولسىمۇ غەزىپى يوق

بۇددىزم راسا ئەۋج ئالغان جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ھىندىستان ئۇسلۇبىدىكى شىر ئوبرازى جۇڭگو مىنياتورا سەنئىتىدە بىرمەھەل ئەۋج ئالغان، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئىپادىسى دەل تىلىنى چىقىرىپ تۇرغان تاش شىردۇر. لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭخۇ بېگى سۇجەن پۇتۇڭنىڭ 3- يىلى(522- يىلى) ۋاپات بولغانداقەبرىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ تۇرغان ئاغزى ئوچۇق چوڭ- كىچىك تاش شىر قاتار ئورنىتىلغان. پىڭجۇڭ تۆرىسى سۇجىڭ پۇتۇڭنىڭ 4 - يىلى (523 - يىلى) ۋاپات بولغان، قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان تاش شىرلاردىن «ھازىر شەرق تەرەپتىكى تاش شىر ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۆرنەك شىر قەددى - قامىتى سېمىز ۋە تولغان، كۆكرىكى ئالدىغا چىققان، مۇرىسى تىك كۆتۈرۈلگەن، بېشىنى تىك تۇتقىنىچە تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان» ھالەتتە⑰. خۇاشيا مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە تىل «ئەرۋاھنىڭ يىلتىزى» ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئاشكارىلىماي يوشۇرۇن ساقلىماق كېرەك ئىدى. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، «قىپقىزىل تىللىرىنى چىقىرىپ تۇرغان» شىرلار بارغانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بولدى، دائىملىق شەكىللەر ئاغزىنى ئاچقىنىچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان ھالەتكە مۇقىملاشتى. «تىلىنى چىقىرىش» نىڭ ئۆزگەرتىلىشى شىر ئوبرازىنىڭ جۇڭگوچە تۈس ئېلىشىدىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىدى. كەييۈەن يىللىرى (713 — 741) دىكى ئەدىب يەن سۇيخۇنىڭ «سۇكۇتتىكى تاش شىرلارغا مەدھىيە» ناملىق ئەسىرى بىزگە ئىلاھىي تۈس ئالىدىغان تاڭ دەۋرى شىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: «سۇر- ھەيۋىتى يۇرت- يۇرتنى لەرزىگە سالىدۇ، چىملىدىقىنى قايرىپ شۇنداق قارىسىلا كىشىنى سۇر باسىدۇ. مىڭ چاقىرىم يەرگىچە تىزىپ چىق-

سىمۇ، ياتقان يىلپىزنىڭ رولى بولمىغىنىغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز
بېرىدۇ. ئۆز قايغۇسىنى ئۆزى بىلمەيدۇ، چىشى بولغان بىلەن
چىشلىيەلمەيدۇ»⑱.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ھەيۋىسى بار، غەزىپى يوق
شىرلار تاڭ دەۋرىدىكى ئاۋاتچىلىق - گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بېيە-
تىپلا قالماي، كېيىنكى دەۋرلەردىكى شىر ئوبرازىنىڭ قېلىپلاشقان
ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

## 3. ئادەم بىلەن شىرنىڭ ماسلىشىشى

قەدىمكى پېرسىيە سەنئىتىدە ئادەم بىلەن شىرنىڭ ئېلىشقانلىقى
ھەققىدىكى سۇژېت كۆپ قېتىم ئۇچرايدىغان بولۇپ، ساسانىيلار دەۋ-
رى (226 — 642) دە مودىغا ئايلانغانلىقتىن، «ساسانىي ئۇسلۇبى»
دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭ بولدىكى،
ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا توقۇلما بۇيۇملى-
رى، شۇنداقلا ئالتۇن - كۈمۈش قاچا- قۇچىلاردىكى تەسۋىرىي رە-
سىملەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئوۋ كۆرۈنۈشى بارلىققا كەلدى. تولۇق قو-
راللانغان چەۋەندازلار ئات ئۈستىدە كەينىگە بۇرالغىنىچە شىددەت
بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەركەك شىرغا ئوق ئۈزىدۇ. ياپونىيىدە
ساقلىنىپ قالغان فالوڭ ئىبادەتخانىسىدىكى «تۆت چەۋەندازنىڭ شىر
ئوۋلىشى كەشتىسى» ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىن قېزىۋېلىنغان «ئوۋچى-
لىق تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش قاچا» قاتارلىقلار دەل «ساسانىي
ئۇسلۇبى» دىكى تىپىك بۇيۇملار ئىدى⑲. بىرى، باتۇرلارچە ئېتىلى-
ۋاتقان، يەنە بىرى، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭ-
لاتقىنىچە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم بىلەن شىرنىڭ ئېلىشىشىدەك
«ھەيۋەتلىك» بۇ خىل كۆرۈنۈش غەربىي يۇرتتا كەڭ تارقالغان بولسى-
مۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلالمايتتى. چۈنكى، خۇاشيا مەدەنىيىتى
ئەنئەنىسىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ماسلىشىش
بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس ئىدى. تاڭ - سۇڭ
دەۋرلىرىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھەممىلا كىشىگە يادا

بولۇپ كەتكەن «شىرنىڭ مەشۇت توپنى ئويىنىشى» دېگەن رەسىم
(جۇڭگوچە شىر كۆندۈرۈشنى تۈرمۇش پروتوتىپى قىلغان) دەل ئادەم
بىلەن شىرنىڭ ماسلىشىشىنىڭ سەنئەتتىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ
مىس كۆرگو ۋە فارفور بۇيۇملاردىكى تەسۋىرىي رەسىمنىڭلا ئەمەس،
خەلق ئارىسىدىكى رەسىم ۋە قىيما قەغەز سەنئىتىنىڭمۇ مۇھىم سۇژ-
تى بولۇپ قالغاندى.

## 4. جەمەتلەر توپى

شىرنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى بۇددا ھېكايىلىرى ۋە «ئېزوپ مە-
سەللىرى» دە كۆپ قېتىم ئۇچرايدۇ. شىرنىڭ جەمەتلەشتۈرۈلۈشى
خۇاشىيا مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچە كاتېگورىيە ئىدى. چوڭ شىر، بالا
شىر ۋە ئانا شىرلار قەدىمكى يۇناندىكى بۇركۇت توپلىرىدەك شىر
جەمەتى توپلىرىنى تەشكىل قىلاتتى. قەدىمكى جۇڭگودىكى ئىبادەتخا-
نا، مەھكىمە ـ قەسىرلەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ھەمىشە بىر جۇپ
شىر تىزىپ قويۇلاتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇ بىر جۇپ
شىرنىڭ ئەركىكى ئوڭ تەرەپتە، چىشىسى سول تەرەپتە تۇراتتى.
ئەركەك شىر سول پۇتىدا بىر مەشۇت توپنى دەسسەپ تۇرغان ھالەتتە
بولسا، چىشى شىر ئالدى ئوڭ پۇتىدا بىر بالا شىرنى بەزلەۋاتقان
ھالەتتە بولاتتى. جەمەتلەشتۈرۈلگەن بۇ توپ راۋۇرۇس ئادىمىي سالا-
پەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇ بارلىق شىر ئويمىلىرىنىڭ ئۈلگىسى
بولۇپ قالغاندى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېيجىڭنىڭ
شىياڭشەن دېگەن يېرىدىكى بىيۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ «دەرۋازىسى
شەرققە قارايدۇ، دەرۋازا تۈۋىگە بىر جۇپ تاش شىر قويۇلغان.
ئەركىكى ئورۇق، ئۇستىخانلىرى بۆرتۈپ چىققان، تېرىسى چۈشۈۋات-
قان يامغۇر تامچىلىرى شەكلىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، رەڭگى قارا،
چىشىسى سېمىز، قاسراقلىق تېرە چىقىرىلغان بولۇپ، رەڭگى يې-
شىل، قورساقلىرى ئاق، ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئىشلەنگەن».
لىن چىڭنىڭ رەسىملىك خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بىيۈن ئىبادەتخانى-
سىدىكى تاش شىرلارنىڭ شەكلى توپ ئوينايدىغان شىر ۋە ئانا ـ بالا

شىرنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن يۇغۇرۇلۇپ چىققان يېڭى شەكىلدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى⑳.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە تەسۋىرلىنىدىغان جىيا جەمەتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر جۈپ مەشھۇر تاش شىرمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىشلەنگەنىدى. شىر ئوبرازىنىڭ بۇ خىلدىكى جەمەتلەشتۈرۈلۈش ئالاھىدىلىكى جەمەتنى بىرلىك قىلغان خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگە سىڭدۈرۈۋېتىش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە قەدىمكى تاشچى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بەدىئىي ماھارىتىنى ئىپادە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە شىر جۇڭگو رەسساملىقى ۋە ئويمىچىلىقىدا پۈتۈنلەي مۇقىم شەكىلگە كىردى، شۇنداقلا قىسقىچە نەزىرىيىۋى ئۇقۇم ماس ھالدا بارلىققا كەلدى. شىر سىزىش ھەققىدە جېڭ جى «خىيالىي كۆلبىدە رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشتىن قىسقىچە خاتىرە» (1866 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شىر ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولغاچقا شىر دەپ ئاتالغان. يۈڭلىرى سارغۇچ ياكى كۆكۈچ بولىدۇ. بېشى چوڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، چىش - تىرناقلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر، قۇلاق- بۇرنى ناھايىتى سەزگۈر، كۆزى نۇرلۇق، ئاغزى يوغان، قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق، خېيىمخەتەردىن قورقمايدۇ. قۇيرۇقىدا توپچىلىك چوڭلۇقتا پۆپۈك بار، مويلىرى خۇددى ئىتتىنىڭكىدەك يۇمران ۋە سىيلىق كېلىدۇ. يۇشىنەن شىرنىڭ چىشىنى ھىڭگايتىپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ تۇرىدىغان ھالىتى ئۇنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. شۇڭا، رەسساملارنىڭ شىرنىڭ مۇلايىم ۋاقتىتىكى ھالىتىنى كۆپرەك سىزىشى ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنىڭ ئىپادىسى»㉑. شىر ئويمىچىلىقى ھەققىدە لى دۇ ئۆزىنىڭ «ياڭجۇدا كېمە زىنىنەتلەش خاتىرىسى» (1795-يىلى يېزىلغان) نىڭ 17 - جىلدىدا تاش شىرنىڭ تۆۋەندىكىچە ئۆلچەم بويىچە ياسىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «شىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا باش، يۈز، گەۋدە، پۇت، چىش، يانپاش، لېنتا، قوڭغۇراق، يۆگىمەچ سىزىق، يۇملاق نەقىشلىك كۆزلەر قاتارلىق تەرتىپتە ئويۇلىدۇ. شىر

بالىسنى ئويغاندىمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ»㉒. بۇ يەردىكى «يۆگىمەچ سىزىق» دېگىنى شىرنىڭ يايلىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدىكى شىر ئويمىچىلىقى ئاشۇ تەرتىپ بويىچە بولۇپ كەلمەكتە.

## 4 § . فولكلوردىكى شىر

تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جۇڭگوچە تۇس ئالغان شىر ھەممىلا كىشى ياقتۇرىدىغان، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، چوڭلاردىن كىچىك-لەرگىچە يادا بولغان ئوبراز بولۇپ، جۇڭگو فولكلور مەدەنىيىتىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتتى، بولۇپمۇ شىر ئۇسسۇلى، شىر قەندالەت ۋە قار شىر قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇرلىرى بولدى. سۇي - تاڭ دەۋرلىرىدىكى بۇ مودىنىڭ قالدۇقلىرى زامانىمىزدىمۇ مەۋجۇت بو-لۇپ، ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

### 1. شىر ئۇسسۇلى

شىر ئۇسسۇلى تاڭ دەۋرىدىن بۇيان خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقى-لىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي جۇڭگودىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگىچە تار-قالغان. «يېڭى تاڭنامە. قائىدە - يوسۇن ۋە نەغمە - ناۋا تەزكىرىسى» دە، ئەينى ۋاقىتتىكى «بەش شىر ئۇسسۇلى» نىڭ جابدۇقلىرى ۋە ئوي-ناتقۇچىلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار: «بەش شىر تەييارلىنىدۇ، ھەربىرى بىر جاڭدىن ئېگىز، بىرخىل رەڭدە بولىدۇ. ھەربىر شىرنى 12 كىشى ئوينىتىدۇ. ئۇلار كىيىملىرىگە قىزىل پوتا باغلاپ، باشلىرى-غا قىزىل لېنتا چىگىۋالىدۇ، بۇلار ئادەتتە شىر ئويناتقۇچىلار، دېيى-لىدۇ» .

باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، «بەش شىر» نى مۇنداق ئىككى نۇقتا بويىچە كونكرېت تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: (1) شىرنىڭ قىي-ياپىتى. بەي جۈيى «يېڭى غەزەللەر. شىلياڭلىق رەققاس» تا

مۇنداق يازىدۇ:

«بېشى ياغاچتىن ئويۇلسا قۇيرۇقى يىپەك بولۇر،
كۆزلىرى زەردىن قويۇلسا چىشلىرى كۈمۈش بولۇر،
ئۇيان - بۇيان سەكرىسە قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ،
تۇمەن چاقىرىم يىراقتىن ئۇچۇپ كەلگەندەك بولۇر».

زامانىمىزدىكى «ئويغاق شىر» مانا مۇشۇ شەكىلدىن كەلگەندى.

(2) شىر رەڭگى. بەش خىل رەڭ ئىچىدە «سېرىق رەڭ» خان - پادىشاھلارغا خاس رەڭ بولغاچقا، پادىشاھلاردىن باشقىلارنىڭ سېرىق شىر ئويسۇلى ئوينىشىغا بولمايتتى. مەشھۇر شائىر ۋاڭ ۋېي بۇ چەكلەنگەن سىزىقتىن ئاتلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۇمشۇقىغا ئوبدانلا يېگەندى: «ۋاڭ ۋېي ئوردا نەغمىچىلىرىنىڭ دورغىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، باشقىلار دەي - دەيگە سېلىپ قويسا سېرىق شىر ئويسۇلىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان. سېرىق شىر ئويسۇلىنى پادىشاھتىن باشقىلار ئوينىسا بولمايدۇ. كېيىنكىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن»㉓.

ئەۋلادتىن - ئەۋلاد تارقىلىش ۋە پىششىقلىنىش ئارقىلىق شىر ئويسۇلى غەربىي يۇرتچە شەكلىنى تاشلاپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك خەنزۇچە شىر ئويسۇلى بولۇپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر يىلقى ھېيت - بايراملاردا ياكى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مىنۇتلىرىدا شىر ئويسۇلىنىڭ ئوينىلىشىغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدۇق. شۇندىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، جەنۇب - شىمال ئۇسلۇبىدىكى شىر ئويسۇللىرىنىڭ ئوينىلىشىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. چىڭ دەۋرىدە شەرقى گۇاڭدۇڭ رايونىدا «ئويسۇل» بىلەن «چامباشچىلىق» بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنى ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو شىر ئويسۇلى سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى دېيىشكە بولىدۇ. جاڭ شىنتەينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تۇڭجى يىللىرى (1862 — 1874) چاۋجۇدا ئوينالغان شىر ئويسۇلى ھەقىقەتەنمۇ كۆزنىڭ خۇمارىنى چىقىراتتى:

«چاۋجيا يىلىدىكى يېڭى يىلدا شىر ئويۇنى ئوينالدى. شىر گەۋدىسى
بەش خىل رەڭدىكى رەختتىن ئىشلەنگەن، شىرنىڭ بېشى رەڭلىك
قىلىپ سىزىلغان. ئۇنى رەسمىي سەھنىدىكىدەك ئويناپ چىقىشتى:
بىر ئادەم شىرنىڭ بېشىنى كۆتۈرسە، يەنە بىرى شىرنىڭ قۇيرۇقىنى
كۆتۈردى. چوڭ قىزىل نىقاب تارتقان، قورسىقى ئوچۇق قىسقا چاپان
كىيىپ ئوڭ قولىغا بامبۇك نوتىسى، سول قولىغا يەلپۈگۈچ تۇتقان
بىرى شاسىڭ راھىب بولۇپ، ئالدىدا ئويناپ ماڭدى، يەنە بىر پاكى-
نەك كىچىك ئالۋاستى بولۇپ، يۈزىنى نىقابلىۋالدى. ئون نەچچە ياش
باللار ھەمراھ بولۇشۇپ ئۇسسۇل ئويىنىغىنىچە قىزىل شەلپەر چى-
گىلگەن ناغرىلىرىنى چېلىشتى. يېڭى يىل ھارپا كۈنى ھەرقايسى
كەنت ـ مەھەللىلەردىكى ھەممىلا ئائىلە بۇنى كۆرگىلى يىغىلغاچقا،
بۇنى 〈شىر يىغىلىشى〉 دەپ ئاتاشتى. چاغانىنىڭ تۇنجى كۈنى ئوينال-
غاندا كالتەكۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىلمىدى. چاغانىنىڭ ئىككىنچى
كۈنىدىن كېيىن، شاسىڭ راھىب شىر بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرەتتى.
ئېلىشىشتىن كېيىن، بامبۇك خادىغا چىقىش ماھارىتى كۆرسىتىلەت-
تى: بۇنىڭدا ھېلىقى پاكىنەك كىچىك ئالۋاستى بامبۇك خادىغا يامى-
شىپ چىقاتتى، ئاندىن خادىنىڭ ئۇچىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشەتتى،
ئاندىن كالتەكۋازلىق قىلغۇچى ياش يىگىتلەر كەڭ مەيدانغا چۈشۈپ
گۇمپا سىنىشاتتى. دەسلەپ ئۆزئارا مۇشتۇۋازلىق بولسا، ئارقىدىن نەي-
زە- كالتەكۋازلىق، ئەڭ ئاخىرىدا قىلىچۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتى-
لەتتى: بىر چوڭ ئۇستەل قويۇلۇپ، بىر قىلىچ ئۇستەل ئالدىدىكى
يەرگە تىكلەپ قويۇلاتتى. جىگىرى بار يىگىتلەر موللاق ئېتىپ ئۇس-
تەلدىن ئۆتەتتى. سەللا ئېھتىيات قىلمىسا ئاسمانغا قارىتىلىپ قويۇل-
غان قىلىچ قورساققا كىرىپ كېتەتتى، تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ نەپسى
توختاپ قالاتتى، شۇڭا بۇ ماھارەتنى كۆرسەتكەنلەر خەلقنىڭ ھۆرمى-
تىگە سازاۋەر ئىدى. مۇشۇ ۋەجدىن خەلق ئارىسىدا ‹ شىر ئويناتقۇچى-
لار پالۋاندۇر›، دېگەن گەپ تارالغان. يېزىلىقلار يىلنىڭ ئاخىرقى
ۋاقىتلىرى بىكار بولغاچقا، گۇمپا ئۆگىنەتتى، بۇنىڭغا مەخسۇس
ھېلىقىدەك پالۋانلار يېتەكچىلىك قىلغاچقا، بۇمۇ شىر ئويۇنى دەپ

ئاتىلاتتى» ㉑ .

بۇ خىل شىر ئۇسسۇلىدا ئۇسسۇل، سىرك ۋە چامباشچىلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋېتىلەتتى، شۇڭا هازىرقى چاۋجۇ دىئالېكتىدا چامباشچىلىق مەشقاۋۇلىنىڭ «مۇشتلاشچى شىر ئۇستىسى» دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## 2. شىر قەندالەت

جۇڭگونىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە رەڭ ۋە تەمدىن سىرت ياسىلىشىدىكى كۆركەملىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەهمىيەت بېرىلىدۇ. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە بىيەنجىڭ (كەيفېڭ) دىكى يېمەك-ئىچمەك دۇكانلىرىدا «شىر قەندالەت» ㉕ سېتىلغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىر قەندالەتلەر جياڭنەننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئومۇملىشىپ بولغان. كوڭ شاڭرېن بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«كۈنچىقىشتىكى ياڭجۇدىن مەمۇرچىلىق باشلانغان،
سۇ ۋە قۇرۇقلۇق تامان بارچە بۇيۇم توشۇلغان.
ئاپپىلسىن ۋە بانانىنىڭ خۇش پۇرىقى تارالغان،
شىر قەندالەتنىڭ ھىدى بۇنىڭدىن ھېچ قالمىغان㉖.

شىر قەندالەت «ھايۋانات قەندالەتلىرى» نىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىشىدىكى شېكەرنى قاينىتىش، قېلىپقا قۇيۇش، قېلىپتىن ئاجرىتىش قاتارلىق ئىش تەرتىپلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئالىم سۇڭ يىڭشىڭنىڭ «كۆللى مۆجىزات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- جىلد «ئاق شېكەرنىڭ ياسىلىشى» دا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

## 3. قار شىر

نامىدىنلا مەلۇمكى، «قار شىر» ئويۇنى شىمال تەرەپتىن كەلگەن. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى كاتتىلار ھەر قېتىم قاتتىق قار

ياغقاندا، دالا زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ قاردىن شىر ياساپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچقان. مىڭ يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدىكى چۈش خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 10- جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇ يىلى (12- ئايدا) گەرچە تېخى پەيتى بولمىسىمۇ، كاتتا زەردارلار كەڭ دالادا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قاردىن شىر ياسىدى، قار پانۇسلارنى ئاستى. قار ... (بىر خەت چۈشۈپ قالغان) يىغىلىپ كونا - يېڭى ئىشلار توغرى- سىدا مۇڭداشتى». خاسىيەتلىك ئاق قاردىن ياسالغان شىرنىڭ «خا- سىيەت، ئامەت» دېگەن مەنىلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۇزاق تۇرمايت- تى، تېمپېراتۇرا سەللا ئۆرلىسە ئېرىپ كېتەتتى. شۇڭا، سۇڭ نەزمىلىرىدە بەزىدە بۇ ئىش مەسخىرە قىلىنغانىدى. سۇڭ دەۋرىدىكى شائىر جاۋ دېلىن «ماكرېل بېلىقى خاتىرىسى» نىڭ 8 - جىلدىدا جاڭ ۋېنچيەننىڭ «ئويۇن ئۈچۈن قار شىر ياساش» دېگەن شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: «ئالتە پارچىدىن ئىشلەنگەن هايۋا- نات شاهى، كۈنچىقىشى بىلەنلا يەر يۈزىدىن يوقالدى». بۇ يەردىكى «ئالتە پارچە» دېگىنى «قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئالتە پارچىسى» دېگەن- نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، تاڭ - سۇڭ دەۋرلىرىدىكى شىر ئويۇنى- دا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تېرمىن سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان. تۆ- ۋەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى راهىب ياۋشەن (خۇەي يەن) بىلەن يۈن يەن (يۈن شېلىڭ) ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ- نى كۆرۈپ باقايلى:

«ياۋشەن: ئاڭلىشىمچە جانابلىرى شىرنى پارچىلىيالايدىكەنلا. بۇ راستمۇ؟

يۈن يەن: راست.

ياۋشەن: نەچچە پارچە چىقتى؟

يۈن يەن: ئالتە پارچە چىقتى.

ياۋشەن: كەمىنىمۇ پارچىلاپ باققان!

يۈن يەن: پارچىلىغىنىڭىز نەچچە چىقتى؟

ياۋشەن: مېنىڭ پارچىلىغىنىم بىر چىقتى.

يۈن يەن: بىر ئالتىدۇر، ئالتە بىردۇر»㉗.

«ئالتە پارچە» دېگەنلىك ئالتە يۈرۈش، دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىر شىر ئويۇنى سىستېمىسىنى تەشكىل قىلاتتى. راھىبلارنىڭمۇ بۇ ئويۇنلارغا ئۇستا بولغانلىقىدىن شىر ئويۇنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا راھىبلارغىمۇ ئورتاق بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

ھېيت - بايراملارنى تەبرىكلەشتەك سورۇنلاردىن باشقا، شىر يەنە دەپنە مۇراسىملىرىدىمۇ ئالاھىدە رولغا ئىگە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىنەن پۇقرالىرى ئارىسىدا ماتەم پەيتىدە «شىر - يىلپىز سوۋغات قىلىدىغان» ھازا ئادىتى بولغان: «ماتەم مەزگىلىدە ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەڭ يېقىن دوستى شىر - يىلپىز سوۋغات قىلىدۇ: ‹شىر- يىلپىز دېگىنى گەۋدىسى گۈللۈك دارايىدىن، بېشى ۋە قۇيرۇقى ياغاچتىن ياسالغان، ئىچىگە بىر ئادەم پاتقۇدەك شىر قونچاقتۇر. ھازا ئېچىلىۋاتقاندا چوڭ ئىشىكنىڭ ئوڭ- سول تەرەپلىرىگە قويۇپ قويۇلىدۇ. ئەرۋاھنى ئۇزىتىشقا ماڭغاندا شىر - يىلپىز ھازىدارلار سېپىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. ماتەمدار ئائىلە ئالدىنئالا مېيىتقا ئاتاپ مىڭ ياكى ئىككى مىڭ سەر پۇل تەييارلاپ قويىدۇ. ئۇسسۇلنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، بىر چەتكە ئۆتۈپ توختايدۇ ۋە ئىچىدىن شىر ئويناتقۇچى بالا چىقىپ ئەرۋاھقا ئاتىۋەتكەن ھېلىقى پۇلنى ئېلىۋالىدۇ. ھەمراھ بولغان كىشىلەرمۇ مۇناسىپ كىيىملەرنى كىيىپ يالغاندىن شىر ئويۇنىغا ماسلاشقان بولۇپ مېڭىشىدۇ. يېزىدا بۇ خىل ھەمراھ بولۇپ مېڭىشقا يېقىن دوست- بۇرادەرلىرى ئىشتىراك قىلسا، شەھەرلەردە كەمبەغەل- نامراتلار قاتنىشىدۇ. شىر - يىلپىز دورغىلىرى ئۇلارغا ‹مەرھەمەت› دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەپتىن ئايرىلىدۇ، بۇ خىل مەرھەمەت دېگىنى ھەقسىز ئايرىلىشىڭلار كېرەك، دېگەنلىك. شىر - يىلپىز سىياقىدىكى ئۇزاتقۇچىلارمۇ قەبرىستانلىققىچە بارمايدۇ»[28] .

شىر كىشىلىك تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە قايغۇ سورۇنلىرىدىن سىرت يەنە دېھقانچىلىق ۋە باقمىچىلىقتا قوغدىغۇچى مۇئەككەل دەپمۇ قارالغان. چىڭ دەۋرىدىكى چېڭدۇ رايونىغا «شىر مۇئەككىلى ئىلا-

ھى» رىۋايىتى كەڭ تارقالغان: «شىر بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ پادىشاھى دەپ تەرىپلىنىدۇ. شىر مۇشۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىكەن، ئۇنداقتا شىر مۇئەككەل بولماي نېمە؟! تېررىتورىيىمىزدىكى شىر پادىشاھ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇئەككەلدۇر. بارچە چارۋىلاردا كېسەللىك پەيدا بولسا ئەرۋاھلارنىڭ ئەپسۇنى ئوقۇلغان دېمىدە سۈيىنى ئىشلەتسە ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ پايدىلىقتۇر، شۇندىلا ھېچقانداق بالا - قازا يېقىن كەلمەس، بۇ يىل بىر كىشىنىڭ كالىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ يەم يېمەپتۇ، سۇ ئىچمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالاھىدە ئىسرىق-كۆجە كۆيدۇرۇپ مۇئەككەلدىن دېمىدە سۈيى سوراپ كالىغا ئىچكۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كالا ساقىيىپتۇ ۋە يولۋاستەك كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا كېسەل دارىماپتۇ، ئەجدىھادەك قۇدرەتلىك بولغاچقاگۈل- گىياھ، ئوت - چۆپلەر ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. بارلىق مەۋجۇدادلار بۇنىڭدىن ئالەمشۇمۇل مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ يۈرەكلىرى يايراپ كېتىشىپتۇ ۋە يۈز مىڭ قەترە شۈكۈر - سانالار ئېيتىشىپتۇ. مۇئەللىپنىڭ ئاڭلىغانلىرى شۇدۇر»㉙.

يۇقىرىقى نەقىللەردىن فولكلور ئەنئەنىسىدە شىرنىڭ شادلىق بىلەن قايغۇغا ئورتاق ھەمراھ بولغانلىقىنى، جانىۋارلارغا ۋە ئادەمزاتقا پايدىلىق سىرلىق كۈچ، دەپ قارالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز، مانا بۇ خۇاشيا شىر مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت شىر مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان تارىخىي ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

شىر ئوبرازىنىڭ جۇڭگولىشىشى كۆچۈش، يۇغۇرۇلۇشتىن يېڭىلىق يارىتىشقىچە بولغان ئۇزاق جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، نەچچە ئەۋلاد ماھىرلارنىڭ يۈرەك قېنىنى مۇجەسسەملەشتۈردى. ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشتىن ھاسىل بولغان جۇڭگو شىرى دۇنيا سەنئەت ساھەسىدە مۇستەقىل ئورۇن تۇتۇپ، «جۇڭخۇانىڭ ئەنگۇشتىرى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتىنى قېلىپلاشقان «ئىلاھى» ئەنئەنىدىكى رەسساملىق نەزەرىيىسى بىلەن شەرھلىگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا ئىپادىلەنگىنىدەك شىر ئوبرازىنىڭ جۇلالىنىپ نۇر چاچالىشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ قېنى

قويۇلغانلىقتىن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن شىرنىڭ سۇر - ھەيۋىسى ساقلاپ قېلىندى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇس ئاتا قىلىندى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ھەيۋەتلىك ئەمما غەزىپى يوق شىر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

## 5 § . «شىر نەرىسى» — بۇددىنىڭ ئاۋازىدىن ئادەمزات چۇقانلىرىغىچە

بۇددا نومىدا بۇددا «ئادەمزات دۇنياسىدىكى شىر» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا «شىر نەرىسى» ئارقىلىق بۇددىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى تەسۋىرلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل نەرە ساداسى يەر - جاھاننى لەرزىگە سېلىپ، بارچە يامانلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەن.

بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا يەرلىشىشى ۋە شىر ئوبرازىنىڭ خەنزۇلىشىشىغا ئەگىشىپ، «شىر نەرىسى» مۇ ئىلاھى مۇنبەردىن خەلق ئارىسىغا يۆتكىلىپ زۇلمەتكە قارشى كۈرەش ۋە ئادەمزاتنىڭ چۇقانلىرىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى.

كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن شۇ نەرسە تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى غەربتىكى كۈچلۈك جاھانگىرلارنىڭ ئېزىشى ۋە ھاقارىتىگە دۇچار بولغان مەزگىللەردە «ئۇيقۇدىكى شىر» دەپ تەسۋىرلەندى ۋە شۇ ئارقىلىق تېخىچە ئويغانمايۋاتقان مىللەتپەرۋەرلىك ئاچچىق كىنايە قىلىندى. ۋاڭ كاڭنيەنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ۋاڭ راۋچىڭ خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «غەربلىكلەر جۇڭگونى ئۇيقۇدىكى شىر، دەپ ئاتىشىدۇ. شىر ئۇيقۇدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ ھامان ئويغىنىدىغان بىر مەزگىلى بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى توغرىلۇق غەربلىكلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالساق، ئۇلار كۈلۈپلا قويىدىيۇ جاۋاب بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى بىلمەي كەلگەنىدىم. كېيىن شىر كۆندۈرگۈچىنى كۆرۈپ،

ئاندىن بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتتىم. شىر كۆندۈرگۈچى مۇنداق دېدى: 〈بۇ سۆز ناھايىتى تېرەن مەنىگە ئىگە. ئەجدادلىرىم شىر كۆندۈرۈشتە شىر بالىسىنى كىچىكىدىنلا ئىتقا ئەمدۈرەتتى. بۇنداق چوڭ بولغان شىرنىڭ تۇرقى شىرغا ئوخشىسىمۇ ئۆزى ئىت مىجەز كېلىدۇ، قولغا ئۆگىتىپ ئويۇنچى قىلىشقا كۆپ كۈچ كەتمەيدۇ. كېيىنچە بىر كىشى ئوينىشىپ شىرنىڭ ئاغزىنى كېرىپ چىشلىرىنى ساناپ باقماقچى بولغاندا كىم بىلسۇن، ئېچىرقاپ كەتكەن شىر ھاپلا قىلىپ ھېلىقى كىشىنىڭ بېشىنى بويىنىدىن چورتلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. قاراپ تۇرغانلارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قاپتۇ. بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالغان كىشىلەر بۇنداق خاتالىقنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن، يېڭى بىر چارە تېپىپتۇ، ئۇلار خام ئەپيۇننى كالا گۆشىگە مىلەپ، شىرغا يېگۈزۈپتۇ، دەسلەپتە ئازراق يېگۈزگەن بولسا، كېيىنچە بارا - بارا كۆپەيتىپتۇ. ئەپيۇن مىقدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن شىر ئاخىر بارا - بارا خۇدىنى يوقىتىپتۇ، گاراڭلىق ئىچىدە نېمە قىل دېسە شۇنى قىپتۇ. ئالىقانلىرىنى ئاچۇرۇپ ئاغزىنى كەرسىمۇ غىڭشىپلا قويىدىغان، چۈش كۆرگەندەك بىرنەرسىلەرنى قىلىدىغان، ئادەمنى چىشلىيەلمەيدىغان ھالغا كەپتۇ. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى شىرغا ئوخشىسىمۇ شىرلىق خاراكتېرىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، ئىلگىرىكى ئىتلىق تەبىئىتىمۇ يوقىلىپتۇ، كەچكىچىلا ئۇخلايدىغان، پەقەت ئويغانمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شىرنىڭ چوڭلۇقى دۆلىتىڭلارنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكىگە تەمسىل قىلىنغان، ئىنتايىن ئېغىر زەھەرلەندىڭلار، ئەمدى ئەپيۇننى چەكلىمىسەڭلار قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئوخشىتىش تولىمۇ جايىدا بولغان〉. ئەييۇھانناس! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۇيقۇسىنى ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ چاقىرىقى «شىر نەرىسى» شەكلىدە ئېچىنىشلىق رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلغان. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى تەشۋىقاتچى چېن تيەنخۇا ئىنقىلابىي رومانىغا «شىر نەرىسى»㉚ دەپ ماۋزۇ قويغان ۋە شۇ ئارقىلىق «شىر بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، بۆرە ئۇۋىسىنى ۋەيران قى-

لمش» قا، جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. 1934-
يىلى مىللەت ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە
غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقان شۇ بېيخۇڭ قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ
بىر ئەركەك شىرنىڭ رەسىمىنى سىزغان ھەمدە ئۈنىڭغا: «يېڭى
ھايات جانلانسۇن! » دەپ ماۋزۇ قويغان.
چېن تيەنخۇانىڭ «شىر نەرىسى» رومانى ۋە شۇ بېيخۇڭنىڭ
ئەركەك شىر رەسىمى بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردىكى نىجاتلىققا بې-
غىشلانغان ئەسەرلەر بولۇپ، يەندى - خۇاڭدى ئەۋلادلىرىنىڭ سەمى-
مىي قەلبىنى ئىپادىلىدى. بۈگۈنكى جۇڭگو تۇپرىقىدا ئىلگىرىكى
قالاقلىقنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي يېپيېڭى قىياپەت ئىگىلىدى. بۇ خىل
ئەھۋالدا شىرنىڭ جۇڭگودىكى تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئۈچۈن،
يېپىق مەنىلىك ئىما- ئىشارەتلەر زۆرۈر ئەمەس. مەزكۇر تېما ھەققى-
دىكى دەسلەپكى تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر-
نىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بۇ مەسىلىگە
ئىككى تەرەپتىن قاراش كېرەك: سوۋغات تارىخىدىن قارىغاندا شىر
«غەربىي يۇرتتىكى ئاجايىپ ھاۋان» بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچقانداق
ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ئەكسىچە رەت قىلىنىش، قايتۇرۇۋې-
تىلىش ياكى مەشىقخانىدا قېرىپ ئۆلۈش قاتارلىق بىر قاتار ئېچىنىش-
لىق تىراگېدىيىلەرگە دۇچار بولاتتى، ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن ھېچقانداق
نامۇنىشان قالمايتتى، جۇڭگو تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ھېچقانداق
تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن فولكلور تارىخىدىن
قارىغاندا، خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ تاۋلىنىشى بىلەن شىر ئوبرازى
جۇلالىنىپ نۇر چاچتى، «ئەرۋاھ» نىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ شەكلى
ۋە روھى جوڭگوچە تۈسكە ئىگە بولدى. شۇڭا، شىر خەلقىنىڭ ياقتۇ-
رۇشىغا ئېرىشتى ھەم نادىرلىق تەختىگە چىقتى.
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تارىختىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ
ھۇزۇرلىنىپ كەلگىنى شىرنىڭ كۆرۈنۈشى ئەمەس، بەلكى شىر رو-
ھى بولدى.

## ئىزاھلار

① لوچاڭپېي: «تىل ۋە مەدەنىيەت» ئەدەبىيات نەشرىياتى، 1989- يىل نەشرى، 19 — 20 - بەتلەر؛ ئې. خ. شافېر: «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇللىرى»، بېركلىي، 1963 - يىل نەشرى، 86 — 87 - بەتلەر.

② ب. ستاۋسكى: «تېرمىز قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان تاش شىر تۇۋرۇكنىڭ ئۇلى»، «شەرق مەدەنىيەت مىراسلىرى»، لېنىنگراد، 1985 - يىل نەشرى، 193 — 194 - بەتلەر.

③ خۇيلان: «نوملار شەرھى»، 71 - جىلد.

④ لى شىجېن: «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى»، 51 - جىلد.

⑤ ۋېن تىڭشى: «چۇنچاڭزىدىكى پاراڭلار»، 23 - جىلد.

⑥ ياڭ شۈەنجى: «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى»، 3 - جىلد.

⑦ «تاڭ مەكتۇپلىرى»، 169 - جىلد.

⑧ يەن سۇڭجيەن: «يات زېمىندىكى ئاجايىباتلار خاتىرىسى»، 15- جىلد.

⑨ «يىمەن پۈتۈكلىرى»، 21 - جىلد.

⑩ شۈز ۋېڭزې: «مىڭ - چىڭ دەۋرلىرىدىكى خرىستىئان دىنى مىسسىيونېرلىرى ئەسەرلىرى تەرجىمىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1989 - يىل نەشرى، 307 - بەت؛ ۋۇجېنيۇ «خاسىيەت پەرھىز يېتىلدۈرۈش خاتىرىسى» نىڭ26- جىلدىدا مۇنداق دەيدۇ: «كاڭشىنىڭ 17- يىلى ۋۇۋۇ يىلى( 戊午 ) ئىدى، غەربىي ئوكياندىكى گولى( 古里 ) دۆلىتى شىر سوۋغات قىلدى، سەركەردە - سەرۋازلار ئۇنى كۆزدىن كەچۈردى. ماۋچىلىڭ بۇ ھەققىدە بىر نەزمە پۈتتى».

⑪ يۈەن رېن: «تاڭ دۆلىتىگە بېرىپ تەرىقەت ئىزدەش سەپەر خاتىرىسى»، 3 - جىلد.

⑫ «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى»، 5 - جىلد.

⑬ جۇمى: «‹گۇيشىن يىللىرىدىكى ساۋاقلار› نىڭ داۋامى»، 2 - جىلد.

⑭ فېڭ خەنجى: «ئالدىنقى شۇ پادىشاھىنىڭ قەبرىسىنى قېزىش دوكلاتى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1964- يىل نەشرى، 37— 38 - بەت ۋە 39 - رەسىمگە قاراڭ.

⑮ ۋاڭ پۇ: «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، 32- جىلد.

⑯ چېڭ جېڭ، لى خۇي: «تاڭ دەۋرىدىكى ئون سەككىز قەبرە تاش ئويمىسى»، شەنشى خەلق گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 97 — 107 - بەتلەر. مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى ئەنىيى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى يىن جيەننىڭ قەبرىسىنىڭ «جەنۇب تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان بىر جۈپ شىر ھەيكىلى» بولۇپ، بۇ قەبرىگە تاش شىر ئورناتقانلىق توغرىسىدىكى بىز بىلگەن ئەڭ قەدىمكى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. ياڭ كۇەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەپنە تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1985- يىل نەشرى، 73 - بەت.

⑰ ياۋ چيەن، گۇبىڭ: «جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قەبرە تاش ئويمىچىلىقى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1981- يىل، 73 — 74 -، 76 — 77 - رەسىملەرگە قاراڭ.

⑱ «تاڭ مەكتۇپلىرى»، 400 - جىلد. تاڭ دەۋرىدىكى ئوردا- قەسىرلەرگە ئالتۇن يالىتىلغان مىس شىر قويۇش بۇددا مەدھىيىلىنىدىغان مۇنۇ ئەپسانىدىن كەلگەن: راھىب فازاڭ ۋۇزېتيەنگە ئوردىدىكى «ئالتۇن شىر» نى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ مەشھۇر ئەسىرى «بۇددا ۋاتام ساكا ماخاۋايپۇليا ئالتۇن شىرى» نى يازغانلىقىنى ئېيتقان.

⑲ كىنوسىتا تاتسۇيا: «فالوڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تۆت چەۋەندازنىڭ شىر ئوۋلاۋاتقان نەقىشىنىڭ يىل- دەۋرى»، «پروفېسسور ئېگامى نامىدىكى خاتىرىلەش ماقالىلىرى. ئارخېئولوگىيە ۋە سەنئەت قىسمى»، شەنچۇەن نەشرىياتى، 1976 - يىل، 143 — 150 - بەتلەر؛ ساسانىيلار ئۇسلۇبىدىكى شىر ئوۋلاش نەقىشى ۋە ئۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ب. گىلانۋاردىنىڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار»، «ستوكھولىم يىراق شەرق مۇزېيىنىڭ ژۇرنىلى»، 29- جىلد، 1957- يىل نەشرى، 117 — 119- بەتلەر ۋە 65 - رەسىمگە قاراڭ.

⑳ لىن چىڭ، ۋاڭ چۇنچۇەن: «خوڭشۈدىكى سەۋەب رەسىملىرى توپلىمى»، بېيجىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، II توم 2 - كىتاب «بىيۇندىكى يۆلەكچى شىر» بابى.

㉑ «جۇڭگو رەسساملىق نەزەرىيىسى توپلىمى»، 2 - قىسىم، خەلق گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى، 1986- يىل نەشرى، 1200- بەت.

㉒ لى دۇ: «ياڭجۇدا كېمە زىننەتلەش خاتىرىسى»، 17 - جىلد، جياڭسۇ

گۇاڭلىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر باسمىخانىسى، 1984 ـ يىل نەشرى، 387 ـ بەت.

㉓ ۋاڭ داڭ: «تاڭ بايانلىرى» ، 5 ـ جىلد.

㉔ جاڭ شىنتەي: «گۇاڭدۇڭدىكى كېمە سەيلىسى خاتىرىسى» ، «ياقا يۇرتتىكى پەرھىزلەر ۋە نىجاتلىق» ، توققۇزىنچى يۈگەم.

㉕ مىڭ يۈەنلاۋ: «شەرقىي ئاستانىدىكى چۈش خاتىرىسى» ، 2 ـ جىلد، «يېمەك ـ ئىچمەك، مېۋە ـ چېۋە» .

㉖ «كۆڭ شاگىرىن نەزمىلىرى» ، 2 ـ جىلد.

㉗ «بەش پانۇسىنىڭ جەم بولۇشى» ، 5 ـ جىلد.

㉘ سۇن ديەن: «لىشياجىدا سەيلە قىلىش» ، «ياقا يۇرتتىكى پەرھىزلەر ۋە نىجاتلىق» ، ئالتىنچى يۈگەم.

㉙ فۇچۇڭجۇ: «چېڭدۇ ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، 1 ـ قىسىم، باشۇ نەشرىياتى، 1987 ـ يىلنەشرى، 531 ـ بەت.

㉚ «ئاۋام گېزىتى» ( 民报 ) 2 ـ سان، 1906 ـ يىل نەشرى.

# II باب قابا ئىتنىڭ تارىخى

تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن كىرگۈزۈلگەن جانىۋارلار قاتارىدا
«پىستە»، يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قابا ئىتمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ
سۇلالىلەر سوۋغىتى بولۇشتىن فولكلوردىكى سۆيۈملۈك مەخلۇققا
ئايلانغۇچە بولغان جەريانى تارىخىي مەنبەلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-
رى ۋە نەزمىي - نەسرىي تېكىستلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ،
ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

«چېن يىنكې شېئىرلىرى» نىڭ ئىچىدە 1954 - يىلى يېزىلغان
يەتتە خەتلىك، سەككىز مىسرالىق «تېمىسىز» ناملىق بىر كۇپلېت
شېئىر بار. تىرەن مەنىلىك، سۆز - ئىبارىلىرى جايىدا ئىشلىتىلگەن
بۇ شېئىردا، ئاپتور «پىستە» سۆزىگە 70 نەچچە خەتلىك ئىزاھ
بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىزاھى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ: «ياڭ
تەيجىنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھالى» دا سەمەرقەنت پىستىسى
توغرىسىدا خاتىرىلەر بار، بۇ ئىتنى ھازىر ئەجنەبىيلەر ‹بېيجىڭ
ئىتى›، دەپ ئاتىسا ئېلىمىزدىكىلەر ‹قابا ئىتى›، دەپ ئاتايدۇ. يۈەن
ۋېيىنىڭ ‹باھاردىكى چۈش سەيلىسى›، ناملىق شېئىرىدىكى ‹ئەركە -
نايناق باللار چۈشلىرىدە غۇڭشۇيدۇ›، دېگەن مىسرا بىلەن ‹باھاردىكى
سۇبھى›، شېئىرىدىكى ‹پۇشايماندا پىستىلەر توختىماستىن ھاۋشىي-
دۇ›، دېگەن مىسرادىكى «پىستە بىردەك قابا ئىتنى كۆرسىتىدۇ.
‹باھاردىكى چۈش سەيلىسى›، دە ئىشلىتىلگەن ‹باللار›، ( 娃 )
دېگەن خەت ‹ئىت›، ( 犭圭 ) دېگەن خەتنىڭ خاتا بېسىلىپ قېلىشىدۇر.
كەمىنە ئۇنى ئۆزگەرتىپ قويۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ»، بۇ بىر
بۆلەك ناھايىتى سالمىقى بار نەقىلدە، خەت مەنىسى ياكى خەت توغرى-
لاشتىن باشقا، جىنىمىڭ سارىيىنىڭ مۇدىرى «جياڭنەندىكى پىغانلىق

بىيتىنىڭ داۋامى» ۋە «قايتا ئاپىرىدە بولۇش سەۋەبلىرى» قاتارلىقلاردا ئىنچىل بايان قىلىپ كېلىنۋاتقان كلاسسىك ئىبارە ۋە هازىرقى ئىبارە-دەك قوش قاتلاملىق قۇرۇلمىنى شەرھلەشنى تەكىتلەيدۇ. «هازىرقى ئىبارە» دېگىنى 1954 ـ يىلىدىكى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان «قىزىل ئىلىم» دولقۇنى بولۇپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرى كۆرۈنۈپلا تۇرغان نەرسە بولغاچقا، بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمىز. «كلاسسىك ئىبارە» بولسا پۈتۈنلەي مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەتقىقاتقا مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قابا ئىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى قېزىپ چىققىلى، VII ئەسىرنىڭ باشلىرى بۈيۈك تاڭ ئىمپېراتورىغا تەقدىم قىلىنغان غەربىي يۇرت سوۋغات بۇيۇمىنىڭ تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ قانداق قىلىپ تەدرىجىي يەرلەشكەنلىكى ۋە تاۋارلاشقانلىقىنى، ئاخىر بېرىپ ئالاھىدە ئىمتىيازدىن مەھرۇم قېلىپ، ئاۋام ـ پۇقرالار ياقتۇرىدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ «جۇڭخۇانىڭ ئەڭگۈشتىرى» بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. شىرغا ئوخشاشلا پېستىمۇ جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەينەكلىرىدىن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى بۇ ئەينەكنى سۈرتۈپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئالىملار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى يەنىلا ئېنىق بولمايۋاتقاندى. «شىر جۇڭگو-دا» دېگەن پاراگرافتا شىر ھەققىدە مەخسۇس توختالغاندۇق، ئەمدى قابا ئىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. «ئەرزىمەس ۋە كىچىك بولسىمۇ ئۆزۈمگە ياخشى» دېگەندەك يۇزەكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز قوشماق ماۋزۇلارنى تېخىمۇ ئوبدان تولۇقلىشى مۇمكىن.

پېستە ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن كەلگەن، ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى شەرقىي رىم، يەنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە «داكچىن» ياكى «فەرەڭ» دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. «كونا تاڭنامە»، 198- جىلد «قـوچـۇ تەزكـىرىسى» دە مۇنـداق خاتىرىلەنگەن: «(ۋۇدې) 7 ـ يىلى (624 ـ يىلى) كيۇۋېنتاي ئەركەك ۋە چىشى

ئىتتىن بىردىن تەقدىم قىلدى. ئۇ ئىتلارنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە سۇڭ،
ئۇزۇنلۇقى بىر چىدىن ئۇزۇنراق ئىدى. تۇغما ئەقىللىق، ئاتلارنى
يۇگەن چۇلۋۇرىدىن چىشلىگىنىچە يېتىلەپ ماڭالايدۇ، ئۇلار فەرەڭ
دۆلىتىنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. جۇڭگودىكى فەرەڭ ئىتلىرى گەنە شۇ-
نىڭدىن باشلىنىدۇ». قوچۇ شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاش-
قان، كيۇ جەمەتى خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنى چوڭ دۆلەت دەپ بىلگەچ-
كە، دائىم سوۋغا ـ سالام يوللاپ تۇراتتى، شۇڭا «ئىت تەقدىم
قىلغان» ئىدى. 1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان «بىر
جۇپ بالا» ناملىق يىپەك رەسىمدە سول تەرەپتىكى بالا بىر قارا ئىتنى
قۇچاقلاپ تۇرغان كۆرۈنۈش بار، ھېلىقى ئىت ناھايىتى جانلىق سى-
زىلغان بولۇپ، تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ («شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 74 ـ بەت)، بۇنى ئىتنىڭ دەسلەپ
جۇڭگوغا تارقىلىشىنىڭ ماددىي ئىسپاتى قىلىشقا بولىدۇ. ياڭ گۇيفېي
ھەرەمخانىدا ئوينىتىدىغان پىستە رىم ئىتلىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت دۆلىتى سوۋغا قىلغان. تارىخىي مەن-
بەلەردە كەييۇەننىڭ 12 ـ يىلى (724 ـ يىلى) سەمەرقەنت دۆلىتى-
نىڭ «ئىككىدىن ئات ۋە ئىت» تەقدىم قىلغانلىقى تاكى تيەنباۋ
يىللىرىغىچە ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى پۈتۈلگەن.

سۇڭ لېشىنىڭ «ياڭ تەيجېننىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھالى»
يېزىلىشتىن ئىلگىرىلا بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ۋاڭ رېنيۇنىڭ «كەي-
يۈەن ـ تيەنباۋ يىللىرىدىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار» ناملىق ئەسى-
رىنىڭ 2 ـ جىلدىدا «پىستىنىڭ شاھماتنى قالايمىقانلاشتۇ-
رۇۋەتكەنلىكى» دەك ئىشلارنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن: «بىر كۈنى
شاھ ئالىيلىرى ۋەلىئەھدى بىلەن شاھمات ئوينىغاچ خې خۇەيجىننىڭ
يالغۇز كىشىلىك پىپاسىنى ئاڭلاۋاتاتتى، خانىش بىر چەتتە شاھماتنى
كۆرۈۋاتاتتى. پادىشاھنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويايلا دەپ قالغانلىقىنى كۆر-
گەن خانىش سەمەرقەنت پىستىسىنى قويۇۋەتكەنىدى، ئىت بىرلا سەك-
رەپ، شاھمات تاختىسىغا چىقىپ ئۇرۇقلارنى چېچىۋەتتى. پادىشاھ
بۇنى كۆرۈپ بەكمۇ زوقلاندى». شاھمات تاختىسىغا سەكرەپ چىقىپ

ئۇرۇقلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەلەيدىغان بۇ خىلدىكى كىچىك ئىتلار تاڭ دەۋرىدىكى ھەرەمخانىدا دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان «تىرىك ئەگ-كۈشتەر» نىڭ ئۆزى ئىدى. جېنيۇەنلىك تەشرىبدار ۋاڭ يانىڭ «ئور-دىغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا بۇ ئىتلارنىڭ ئەركىلىكىنى «كۈمۈش كەبى پىستىلەر يەر بىلەن تەڭ يۈرىدۇ، چوغدەك گىلەم ئۈستىدە خالىغانچە ئوينايدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن. جۇفاڭنىڭ مەشھۇر رەسىمى «چاچ قىسقۇچ قىستۇرۇۋالغان سەتەڭنىڭ رەسىمى» دىمۇ «پىستىنىڭ يەر بىلەن تەڭ دېگۈدەك ھالەتتە مېڭىۋاتقان» جانلىق ئوبرازى بار. پادىشاھ قىلسا پۇقرا دوراپتۇ، دېگەندەك پىستە بېقىش ئوردا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، ئوردا سىرتىدىكى بىر قىسىم كاتتىلارنىڭ قەسىرلىرىمۇ تايغانلارنىڭ جەننىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» نىڭ 386 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىڭجۇ ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يۇڭپىڭ شەھىرى، ئايماق بېگى لۇشۇ-نىڭ نەۋرە ھاممىسى خۇازى ئىسىملىك بىر پىستە باققان، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى» . غەربىي سىچۇەننىڭ مەشھۇر رەققا-سى شۆتاۋنىڭ «ئىتنىڭ ئىگىسىنى تاشلاپ كېتىشى» دېگەن غەزىلىدە تاشلىۋېتىلىشىنىڭ دەردى ئىتنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ ئىپادى-لەنگەن.

باي غوجامنىڭ ئۆيىدە تۆت ـ بەش يىلچە كۆندۈردى،
خۇشبۇي ھىدى پاكىز پۇتى خوجايىننى شاد قىلدى.

شۇ تاۋ ئىتنى ئادەمگە تەمسىل قىلغانىدى، بۇ شۇ ئىتنىڭ باشقا ئادەتتىكى ئىتلارغا ئوخشىمىغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، ئاشۇ ئىتلار ئەركىلىتىشتىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، ئىگىسىنى «پەيلىدىن يېنىش» قا ئۇندەش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاڭ دەۋرىدىكى ئاشۇ ئىشلار رىم ئىتى قوچۇدىن چاڭئەنگە تارقالغاندىن كېيىن، ياكى كۆپىيىش، ياكى يەنە ئېلىپ كىرىش ۋاستىسى بىلەن Ⅳ — Ⅷ ئەسىرلەرگە كەلگەندە

جەنۇب ـ شىمالدىكى جايلارغا، ئۇ يېقى سىچۇەندىكى چېگدۇدىن خې-
بېيدىكى يۈگېنغىچە بولغان رايونلارغا ئومۇملاشتى. تاڭ دەۋرىدىكى
پىستىلەرنىڭ «مويلىرى خۇشبۇي ھىدلىق، پۇتلىرى پاكىز»
بولۇشىدا تېخنىكىلىق تەدبىرلەردىن غەربىي يۇرتنىڭ «ئەتىرگۈل سۇ-
يى» نى چاچقان ـ چاچمىغانلىقى توغرىسىدا ۋەسىقىلەردە مەلۇماتلار
بولمىغاچقا، ئۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن
بولمىدى.

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى جاۋ جەمەتىنىڭ سۇڭ دۆلىتى بيەن-
جىڭ (كەيفېڭ) نى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەشەمەت-
لىك ئوردىدىمۇ پىستىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. سۇڭ تەي-
زۇڭ دەۋرىدىكى تەشرىپدار سۇڭ بەي «ئوردىغا مەدھىيە» دېگەن
شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«كېنىزەكلەر يىپەك توقار ئەتىيازنىڭ تۈنلىرى،
ئاستاغىنە تەۋرىنىدۇ، قوڭغۇراقنىڭ يىپلىرى،
يىپەك پەردە ئاستىدا مۈگدەيدۇ بىر پىستە،
سانجاق ـ سانجاق بانانىدا كۆرۈنەر قۇش پەيلىرى.»

ئەتىيازنىڭ سالقىن تۈنلىرى پىستە بىلەن ئوردا كېنىزەكلىرى-
نىڭ تەڭ تەسۋىرلىنىشى كەيپىياتقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. خانلىق
تەختتە 20 يىل (976 — 997) دەۋران سۈرگەن سۇڭ تەيزۇڭ
بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىت مەستانىسى بو-
لۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىغا ئىت ھەمراھ بولغان
بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىسىنى قاباھەتتى ساقلىغان. لى جىنىڭ
«شىغاۋۇل شيۇشىچيەننىڭ تاۋخوا ئىتىغا مەدھىيە» («سۇڭ نەزمە-
لىرى» 2 ـ جىلد) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئوردىمىزدا بار بىر ئىت نامۇشەرىپى تاۋخوا،
يىپەك شەلپەر زەر زەنجىر ئېسىلغاندۇر بويىنىغا.

شاھىنشاھنىڭ ئەرمىكى بولۇپ ئۆتتى بىر زامان،
ئوردا ئىچرە ئابرۇيدا ئۈستۈن بولدى ھەر قاچان.

شاھىنشاھنىڭ ئايىغى تېخى يەتمىگەن جايغا،
يەتتى تاۋخۇانىڭ قەدىمى بولسىمۇ ئۇ گەر ئايدا.
كېچىلىرى ئۇخلىسا ماموق تۆشەك جور بولدى،
ئىشتىھانىڭ داۋاسى كارىۋات بېشىغا تەل بولدى.

ھېرىپ - چارچاش دېگەننى ھېچقاچاندا بىلمەيدۇ،
مەيىن شامال ساپ ھاۋادا ئانچە - مۇنچە ھاۋشىيدۇ.»

كىشىنىڭ قەلبىنى تولىمۇ چۈشىنىدىغان بۇ تاۋخۇا ئىتى پىستە-لەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرەمخانە-سىدا ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان، «ئىشتىھانىڭ داۋاسى تەل» بولۇپلا قالماي يەنە «يىپەك شەلپەر زەر زەنجىر ئېسىلغاندۇر بوينىغا» . شۈبھىسىزكى، تاڭ دەۋرىدىكى «خۇشبۇي مويلۇق، پاكىز پۇتلۇق» بۇ ئىتلار ئەجدادلىرىدىنمۇ بەكرەك شۆھرەت قازانغان. پادە-شاھ تەيزۇڭ يەنى جاۋ گۇاڭيىنى ھاماقەت پادىشاھ دېگىلى بولمىسى-مۇ، ئىتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ خەلقپەرۋەرلىكنى بېسىپ كەتكەنلىكىلا سۇڭ دۆلىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى.

موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خوجايىن بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭنى ئۇلۇغ ئاستانە قىلىپ بېكىتتى. چېدىر ئۆيدىن ئوردىغا يۆتكىلىش ئارقىسىدا شەھەرلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى تېز ئاشتى. غەربىي يۇرتتىن كەلگەن «رەڭدار كۆزلۈكلەر» دىن كۆپلىگەن كىشە-لەر يۈەن سۇلالىسىدىكى يېڭى كاتتىلاردىن بولۇپ قالدى. پىستە - ئات بېقىش، قىز - جۇۋانلار بىلەن بەزمە قۇرۇپ شىكارغا چىقىپ سەيلە قىلىش، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا سۈرۈش بىر مەزگىل راسا ئەۋج ئالدى. تاۋزۇڭيىنىڭ «جەنۇبىي كەنتتە يەر تې-

رىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 24 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەلدە ھەر قېتىم خان ـ ۋەزىرلەر، سەركەردە ـ سەرۋازلارغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت «قۇرۇلتاي» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنى بارلىق ھايۋانلار ۋەنسۇيشەن تېغىغا توپلىنىدۇ. يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق، پىل دېگەنلەر قاتار قىلىپ تىزىلىدۇ، ئاخىرىدا شىر ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ شىرنىڭ مويلىرى خۇددى ئۆيدە بېقىلىدىغان ئالتۇن يۇڭلۇق ئىتنىڭ مويلىرىغا ئوخشاش يۇمران ۋە پارقىراق كېلىدۇ». يۈەن دەۋرىدىكى «قۇرۇلتاي» ئەمەلىيەتتە، بىر قېتىملىق يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆرگەزمىسى ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى خاتىرىگە ئالغاندا تاۋزۇڭيى ھەممىشە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان پىستىنىڭ قىياپىتى ئارقىلىق شىرنى تەسۋىرلىگەن. خەلق ياقتۇرىدىغان بىر مەخلۇق بىلەن «ھايۋانلار ئىمپېراتورى» نى سۈپەتلەش ئەھۋالى يۈەن دەۋرىدە «ئالتۇن يۇڭلۇق ئىت» باقىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى «ئادەتتىكى ئوتتۇرا ھال ئائىلە» لەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈەن سۇلالىسىدىكى غۇزچە ئادەتلەرنى مەنئى قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈلگەن. خۇڭۋۇنىڭ 1 ـ يىلى (1368 ـ يىلى) جۇيۈەنجاڭ «غۇزچە كىيىملەرنى، غۇز تىلىنى، غۇزچە فامىلىنى مەنئى قىلىش» («مىڭ سۇلالىسى سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى» 1 ـ جىلد) پەرماننى ئېلان قىلغان. بۇ پەرمان شۇنداق تېز ئىجرا قىلىنغانكى پۈتۈن ئەل زىلزىلىگە كەلگەن. بىر مەزگىللىك غۇزلارنى چەتكە قېقىش شامىلىدا «غۇز ئىتلىرى» نىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىنىپ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغاندەك قىلىدۇ. رىزقى پۈتمەي ساقلىنىپ قالغان ئىتلار ئەركىن-ئازادە ياشىيالىدىمۇ ـ يوق، بۇنىڭغا ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇ مەخلۇق يەنىلا ئاغۋاتلارنىڭ ئەرمىكى بولۇپ قالغان، بۇنىڭغا ليۇ رويۈنىڭ «مىڭ ئوردىسى تارىخى» دىكى «سىرلىق ئوردىدىكى ئاغۋاتلار» ماۋزۇسىدا بېرىلگەن تۆۋەندىكى بايانلىرىنى ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ: «ۋەنلى

يىللىرى (1573 — 1620) مەھرەمبېگى دۇ يولڭ شىبىا پىستە ئىتتىن بىرنى باققان بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى». مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا تۈزۈمىدىن قارىغاندا دۇيۇڭ ئوردىدا خان جەمەتى ئىبادەتخانىسىنىڭ تازىلىق ئىشلىرى ۋە پانۇسلىرىغا مەسئۇل بولغان، ئۇنىڭ ھېلىقى ئامراق پىستە ئىتىمۇ ئاشۇنداق سەلتەنەتلىك قەسىر - ئايۋانغا كىرىپ - چىقالىغان. باشقا ئۆلكىلەردىكى ئەھۋال توغرىسىدا تيەن يىخېڭنىڭ «كۆكلەم خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 30 - جىلدىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى خاڭجۇ پىستىلىرى-نىڭ تەقى - تۇرقى، سانى ۋە كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلار ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ خاتىرىلەنگەن: «ھازىرقى پىستە ئىتلار قەدىم-كى كىچىك ئىت نەسلىدىن، يەنى جۇڭگو ئىتلىرى بىلەن چاڭلاشتۇ-رۇلۇپ سەل ئېگىزلىگەنلىرىدۇر. ئۇزەڭگە ئىتى تۆت - بەش سۇڭ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۇزەڭگە ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ… ھازىرقى خاڭجۇ شەھىرىدە بۇنداق پىستىلەر بەك تولا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكىدىن بىر جۈپنى شىنجۇلىك رۇۋېنجيا شۇ ھەزرەتنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن. زەڭگەر يۇڭلۇق بۇ پىستىلەر بىر- بىرىدىن چىرايلىق». «شۇ ھەزرەت» دېگىنى شۇگۇاڭچى (1562— 1633) بولۇپ، قېرىغاندىمۇ سالاپىتىنى يوقاتمىغان بۇ بوۋاينىڭ كىچىك قابا ئىتى باققانلىقى ۋە شىنجۇلىك بىراۋغا ھەدىيە قىلغانلىقىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بېيجىڭ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىردەك بۇ مەخلۇقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قابا ئىتى بېقىش ئىلگىرىكى زامانلاردىكىدىنمۇ بەك ئومۇملاشتى. XVII — XVIII ئەسىرلەرنى قابا ئىتنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دېيىشكە بولىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقىچە بېيجىڭ، ياڭجۇ ۋە گۇاڭجۇ قاتارلىق ئۈچ ئىت بېقىش مەركىزى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئىت باققۇچىلار ئارىسىدا خەنزۇلار، مانجۇلار ۋە چەت ئەللىكلەر بار بولدى. بازارلاردا قابا ئىتى ئېلىپ - سېتىلدى ۋە پۈتۈنلەي تاۋارلاشتى.

## 1. بېيجىڭ

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ۋاڭ شىجېن
(1634 — 1711) «كۆلنىڭ شىمالىدىكى پاراڭلار» نىڭ 2 ـ جىلدى-
دا كاڭشى يىللىرى بېيجىڭدىكى بۇتخانا سەيلىسىدە باشتىن كەچۈرگەن-
لىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ: «سىرىن ئىبادەتخانىسى يېنىدىكى با-
زاردا بىر پارس ئىتىنى كۆردۈم، ئېگىزلىكى بىر چىمۇ كەلمەيدۇ،
يۇڭلىرى بۇلغۇنىڭكىدەك زەڭگەر رەڭلىك، قۇلاقلىرى تىك ۋە قىس-
قا، ئۇچىسىغا قىممەتلىك دارايى يېپىپ قويۇلغان، تورلۇك ـ تۇمەن
ئويۇنلارنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. باھاسى 50 سەر ئالتۇن ئىكەن».
يۇياڭ ئەپەندى تارىخنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ بۇنىڭغا «بۇمۇ سۇڭ
تەيزۇڭنىڭ تاۋخۇا پىستىلىرىدىن» دېگەن بىر جۈملىنى قوشۇپ قوي-
دى.

لى جېنشىڭنىڭ «بامبۇك ئويۇنى قەسىدىسى» دە خاتىرىلەنگەنلى-
رىمۇ كاڭشى دەۋرىدىكى مودا ئىشلار ئىدى. بۇ شېئىردىكى «قابا
ئىتى» ماۋزۇسىدىكى مۇقەددىمىدە ئۇنىڭ سېرك ماھارىتى تۆۋەندىكى-
چە تونۇشتۇرۇلىدۇ: «ئۇ ئىتلارنىڭ ئەڭ كىچىكى. ئۇنىڭغا قول
قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈش، خىرقىراپ ناخشا ئېيتىش ئۆ-
گىتىلگەن. بەزىلىرى قاتار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان 10 نەچچە چەم-
بەردىن سەكرەپ ئۆتۈش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ماھارەت
‹ ئىتنىڭ چەمبەردىن ئۆتۈشى › دېيىلىدۇ» . بۇ خىلدىكى «تۈرلۈك- تۇ-
مەن ئويۇنلارغا ماھىر» قابا ئىتلىرى بازار ـ رەستىلەردە ئويۇن
كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئاياللار ۋە بالىلارغىچە تونۇشلۇق ئىدى.
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ 37 ـ بابىدا يېزىلغان چېڭ ۋېن،
چيۇۋېن قاتارلىق دېدەكلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ناياقلىق بىلەن تەخسى-
كەشلىك قىلىش مەقسىتىدە ئىت ئويناتقۇچىنى «ئەجنەبىيلەرنىڭ چې-
كىتلىك قابارى» دەپ مەسخىرە قىلغىنى بىكار ئەمەس ئىدى.

چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىغا كەلگەندە، بېيجىڭدىكى قابا ئىتلى-
رى كاڭشى زامانىدىكىدىن تېخىمۇ كۆپەيگەن بولسىمۇ، باھاسى ئەينى

ۋاقتتىكىدىن ئەرزانلىمىغان. خۇاڭ جۇتاڭ «كۆن ئولتۇرغاندىكى قە-
سىدە» نىڭ «يىپەك دۆردۆن ئىچىدە ئەركە - نايىناق رىم ئىتى»
دېگەن مىسراسىغا بەرگەن ئىزاھتا: «رىم ئىتلىرىنىڭ جۇغى تولىمۇ
كىچىك، ھازىر ئۇ بېيجىڭدا يەرلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئەڭ سەرخىللىرى نەچچە ئون سەر ئالتۇنغا يارايدۇ. ئۇنى باققان ئائى-
لىلەر شۇنچىلىك كۆيۈپ- پىشىپ باقىدۇكى، ھەتتا بالىلارمۇ بۇنداق
بېقىلمايدۇ» دەيدۇ. خۇاڭ جۇتاڭ رىم ئىتلىرىنىڭ يەرلىشىش ئەھۋا-
لى توغرىسىدىكى رېئاللىقنىلا ئەمەس، يەنە «ئىتنىڭ ئادەمدىن ئەتىۋار
بولۇشى» دەك غەيرىي ھادىسىنى پاش قىلغان، ئېھتىمال جانىۋارلار
بىلەن بولۇپ كېتىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغۇچىلارغا نەسىھەت قىلماق-
چى بولغان بولسا كېرەك.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە بېيجىڭدىكى
ئىت باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەر ئوردىدىكىلەرنىڭ دىتىغا يېقىش ئۇ-
چۇن، دورا ئارقىلىق ئىت نەسلىنىڭ ئىرسىي كۆپىيىشىنى كونترول
قىلىپ، جۇغى ھەددىدىن زىيادە كىچىك بولغان «ئاياغ ئىتى»
(鞋狗) نى يېتىشتۇرۇپ چىققان: «گۇاڭشۇنىڭ گېڭزىن يىللىرى
(1900 — 1901) بىر ئەجنەبىي بېيجىڭدىن شاڭخەيگە ئاياغ ئىتىدىن
ئۇچنى ئالغاچ بارغان، ئۇلارنىڭ باھاسى 100 سەر ئالتۇن بولغان.
كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئوردىدىكىلەر ئالغانىكەن. بۇ ئىتنى
پۇتۇنلەي سۈنئىي ئۇسسۇلدا يېتىشتۇرىدۇ: ئاۋۋال ئادەتتىكى بىر قابا
ئىتنى تاللىنىپ قىزىل قوم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن تاماق يەم ئورنىدا
بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىتتىن تۇغۇلغان ئىت باشقا ئىتلاردىن
كىچىك بولىدۇ، ئاندىن بۇ خىل كىچىك تۇغۇلغان ئىت خۇددى
ئانىسىدەك بېقىلغاندىن كېيىن ئۇ تۇغقان ئىت كۈچۈكى تېخىمۇ
كىچىك بولىدۇ. مۇشۇنداق تەكرار - تەكرار ئۈچ - تۆت ئەۋلاد
ئۆتكەندىن كېيىن، تۇغۇلغان ئىتلار پەقەت ئاياغچىلىكلا چوڭىيىدۇ.
ئوردىدىكەرگە ساتسا كۆپ پۇلغا يارايدۇ» («قەدىمكى ۋە ھازىرقى
ئاجايىپ - غارايىپلار توپلىمى» 2 - قىسىم).

## 2. ياڭجۇ

ياڭجۇ شەھىرى چاڭجياڭ ـ خۇەيخې دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا بولۇپ، «خۇەيخېنىڭ سول يېقىدىكى داڭلىق شەھەر» دېگەن نامى بار. چىڭ دەۋرىدىكى «لياڭخۇەينىڭ تۇزىنى ئاستانىگە توشۇش» يامۇلىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، ئادەملىرى باي ـ باياشات، مەمۇرچىلىققا تولغان ماكان. ياڭجۇلۇقلار XVIII ئەسىردە ھەدەپ «كىشىگە ياقىدىغان كۆڭۈل خۇشى» پائالىيەتلىرىنى قوغلاشقان، ئەنە شۇنىڭ بىرى «يولۋاس باشلىق پىستە بېقىش» بولغانىدى. لىن لەنجىنىڭ «خەنجياڭدىكى ئۈچ يۈز بېيىت» دېگەن ئەسىرىنىڭ 8 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىت تۇرلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، يولۋاس باشلىق ئىت يامانراق كېلىدۇ. ياڭجۇ شەھىرىدە يېقىنقى يىللاردا كىشىلەر كۆپىنچە بېيىجىڭدىن كىچىك قابا ئىتنى سېتىۋالىدىغان بولدى. بۇ ئىتلار تولىمۇ زېرەك بولغىنى، يەنە كېلىپ قىياپىتى يولۋاسقىلا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى يوشۇرۇن باقىدۇ. چوڭلىرىنى ئەمەس، كىچىكلىرىنى شۇنداق قىلىدۇ». قارىغاندا «يامان، زېرەك، كىچىك» دېگەن ئۈچ سۆز ياڭجۇلۇقلارنىڭ بېيجىڭدىن قابا ئىتنى سېتىۋېلىشىدىكى مەخپىي رېتسېپى بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. «ياڭجۇدىكى سەككىز غەلىتە كىشى» نىڭ بىرى بولغان جىن نوڭ (1687 — 1763) مۇ ئىت بېقىش ھەۋەسكارى ئىدى: ئۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ يەككە- يېگانە ياشىدى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگىمۇ ئېلىنمىدى، غەيرىي مىجەزى بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ جۈن «ياڭجۇ رەسىم دۇردانىلىرى» نىڭ 3- جىلدىدا بۇ مەشھۇر رەسسام بىلەن ئۇنىڭ ئامراق ئىتى «ئاچۇ» نىڭ ھايات ـ ماماتلىق مۇناسىۋىتىنى خاتىرىلىگەن: «بىر ئەجنەبىي ئىت باققان، ئىسمىنى ئاچۇ دەپ قويۇۋالغانىكەن. ھەر قېتىملىق تامىقىغا گۆش يېگۈزىدىكەن. كېيىنچە ئاچۇ ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇپ ھازا تۇتۇپتۇ». جىن نوڭنىڭ ئاچۇنىڭ ئۆلۈمىگە بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە كېيىنكى كىشىلەر ئارىسىدا

ئۆزاقىچە پاراڭ بولغان. مەشھۇر شائىر يۈەن مېي «دوڭ شىن ئەپەندىم ھەيكىلىگە بېغىشلىما» ناملىق بىر شېئىر يازغان («ساتما شېئىرلىرى توپلىمى» 28 ـ جىلد)، ئۇنىڭدىكى «توخۇ بىلەن سىرداشقان، ئىتقا غەزەل ئوقۇغان» دېگەن مىسرا دەل جىن نوڭنىڭ ئامراق ئىتى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇغانلىقىدەك ھەقىقىي ۋەقەنى كۆرسىتەتتى.

### 3. گۇاڭجۇ

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭجۇدا قابا ئىتى باققۇچى ئەڭ داڭلىق شەخس «پىڭنەن بېگى» شاڭ كېشىنىڭ ئوغلى شاڭ جىشىن ئىدى. ئۇنىڭ چىتلاقلىق «ئىتخانا» سى «مەشىقخانا»، «قۇشخانا» ۋە «قارچىغىخانا» قاتارلىقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ يۈشيۇشەن تېغى باغلىرىدىكى قۇملۇققا قۇرۇلغان، «كانتون ئوۋتايغىنى ۋە قابا پىستەسى بېقىلغان». ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئەتىۋارلىق مەخلۇقلىرى راھەت-پاراغەتتە ياشايدىغان بولۇپ، مەخسۇس كىشى قارايتتى: «ئىتلىرىنىڭ ‹بەگ›، ‹ئاغا› دېگەندەك ناملىرى بار. ھەر كۈنى خىزمەتكارلار شەلپەر، تاۋار ـ دۇردۇندىن كۆڭلەك ـ تامبال كىيدۈرۈپ شەھەرنى ئايلاندۇرىدۇ» (خۇاڭ فويى: «گۇاڭجۇ شەھىرى تەزكىرىسى» 1 ـ جىلد). بۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز رەۋىشتە پىڭنەن بېگىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى گۇاڭجۇ ئاھالىسى «ئاغا» لارنىڭ سەيلىگە چىققانلىقىنى كۆرگەن ھامان دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

كاڭشىنىڭ 19 ـ يىلى (1680 ـ يىلى) شاڭ جىشىن «چاۋىسى چۇۋۇلۇپ» چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «ئىتخانىلىرى» مۇ توزۇپ كەتكەن. كاڭشىنىڭ 24-يىلى (1685 ـ يىلى) گۇاڭدۇڭنىڭ دېڭىز بويىدا تاموژنا تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، چەت ئەللىكلەر ۋە چەت ئەل ئىتلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ كىرگىلى تۇرغان، 13 دوكا ئەتىۋارلىق بۇ مەخلۇقلارنىڭ يېڭى مەركىزى بولۇپ قالغان. تۆۋەندىكىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە-

كى لىياڭداۋلىقلارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىدىن قالدۇرغان
(«يامغۇر تاماشاسى خاتىرىلىرى»):

«گۇاڭدۇڭدىكى 13 دوكادا قانچىلىك ئەجنەبىي ئىتى بارلىقىنى
تەكشۈرۈپ كۆردۈم. بۇ ئىتلارنىڭ شەكلى يوغان پېدىگەنگە ئوخشىشى-
دىكەن، يېڭى تۇغۇلغان ئادەتتىكى كۈچۈكلەردىن پەرقلەنمەيدىكەن.
قارا، ئاق ۋە قوڭۇر ئۈچ خىل رەڭدە بولىدىكەن. قۇيرۇقىنى شىپاڭ-
لىتىپ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرىدىكەن. كۆندۈرۈشكە تولىمۇ
ماس كېلىدىكەن. ھەر جۈپىنىڭ باھاسى 20 — 30 يۈەن ئەجنەبىي
پۇلى ئىكەن.»

چيەنلۇڭنىڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) شەندۇڭ جياشياڭ-
لىق خەتمەكەردە زېڭ چىرۇمۇ گۇاڭجۇدىكى گوللاندىيە كانتورىدا
«كالتە ئىت» دەپ ئاتالغان چەت ئەل ئىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەن («پۇرچاق كەپىسى» 16 - جىلد «نەنجۇڭ سەپەر خاتىرد-
سى»). ئەينى ۋاقىتتىكى چەت ئەل پۇلى بويىچە ھېسابلانغان چەت
ئەل ئىتلىرى بىۋاستە ئاۋمېندىن كىرگۈزۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ
ئىتلار بىلەن بېيجىڭغا يەرلىشىپ قالغان قابا ئىتلىرى بىر جەمەتتىن،
باشقا ئائىلىدىن ئىدى: بىرى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن، يەنە بىرى
جەنۇبىي دېڭىزدىن كەلگەن. چۇداجۈننىڭ «گۇاڭدۇڭدىكى يېڭى پا-
راڭلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 21 - جىلدىدىلا بۇ ھەقتىكى ئۈچۈرلار
خاتىرىلەنگەن: «خاۋجىڭئاۋدىن ئەجنەبىي ئىتلىرى كۆپ چىقىدۇ. بۇ
ئىتلار پاكار، كىچىك كېلىدىغان بولۇپ، تۈكلىرى شىرنىڭكىگە
ئوخشايدۇ. 10 نەچچە سەر ئالتۇنغا يارايدۇ». تۇرلۇك چەت ئەل
ئىتلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى «ئاۋمېن ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» نىڭ
2 - جىلدىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانلىقتىن بۇ يەردە قايتا تەكرارلى-
مايمىز.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، قابا ئىتى-
نىڭ رەسىمى خېلى بۇرۇنلا سىزىلغان، شۇنداقلا جەنۇبىي سۇڭ
دەۋرىدىكى شائىر ۋاڭ يەن «شۇسەنيى ساقلىغان تاڭ دەۋرىدىكى يۈيۇ-
نۇۋاتقان بالا رەسىمىگە بېغىشلىما» («سۇڭ نەزمىلىرى» 54 -

جىلد) دېگەن شېئىرىدا «تەڭگە گۈللۈك بۇ پىستىنى سىلاپ قويسالڭ ياتىدۇ، ئۇيناتسا گەر ئادەملەر ھېچقاچاندا قاچمايدۇ» دەپ تەرىپلىگەن بولسىمۇ، بىراق رەسساملىقتىكى يۈكسەكلىكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭدۇڭ رەسساملىرى ۋۇجۇدقا چىقاردى. جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى لىڭنەن (گۇاڭدۇڭ — ت) لىك مەشھۇر رەسساملاردىن جېڭ جى ۋە شىن خۇيرېن يازغان «چۈش كۆلىبىسىدە رەسىم سىزىشنى ئۆگە-نىش تەسىراتى» نىڭ «ياۋايى ھايۋانلار بابى» دا تۆۋەندىكىچە يېڭى چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ئىت بىر تۈرلۈك ئۆي ھايۋىنى بو-لۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈرلۈك ئەجنەبىي ئىتى بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ چى، تايچىلىك كېلىدۇ، قارا، ئاق ياكى بوز رەڭ بولىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك كىچىك ئەجنەبىي ئىتى بولۇپ، موينلىرى خۇددى شىر مويىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزسا ناھايىتى قىزىقارلىق چىقىدۇ. ئومۇمەن، بېشى قاپاقتەك، قۇلاقلىرى قۇلۇلە قېپىدەك، قورسىقى ئۈستى چوڭ، ئاستى كىچىك، قۇيرۇقى ھەمىشە تىك ۋە شىپاڭشىپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئومۇمەن ماۋ سۇڭ، ماۋ لياڭ تۈرلىرىدىن ئۆزگىچە بولۇپ كەتمەيدۇ. شىر، ئات، سىزماقچى بولغانلارمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ سىزىپ كۆرسە بولىدۇ». بۇ يەردە فېڭ جى ئەجنەبىي ئىتلارنى جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتىكى پروتوتىپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇسۇل ۋە شەكلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاپ بەرگەن. ئەگەر بۇنى سەنئەت نەزەرىيىسىدە تۇنجى بولۇپ قابا ئىتنىڭ «رەسىم ئۆلچىمى» نى ياراتقانلىق دېسەك، زادىلا ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

لى جەمەتىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن بۇيان كىشىلەر «پىستە» نى ئىنچىكە ئەتىۋارلاپ كەلدى. جېڭ جىنىڭ بايامقى گېپىدىن نەقىل كەلتۈرسەك بۇنىڭدىكى سىر دەل «قىزىقارلىق» دېگەن سۆزدە. قابا ئىتى ئىشىك باقار ئىت، ئوۋ ئىتى جۇملىسىگە كىرمەيدۇ، مەسئۇلى-يىتى ئېغىر قار ئىتىمۇ ئەمەس. ئەگەر تۆھپە نۇقتىسىدىن «يۇزنىڭ

ئىچىدىن بىرىنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ» دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. تارىختا ۋە رېئاللىقتا قابا ئىتىنىڭ ئاشۇنچىۋالا ئەتىۋارلىنىشى خۇددى بېلىقلاردىن ئالتۇن بېلىق، قۇشلاردىن شاتۇتىنىڭ ئەتىۋارلانغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي بۇ ئىتنىڭ باشقا ئىتلاردا بولمىغان زوقلىنىش قىممىتى بارلىقىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇردا گۈزەللىرىدىن ئەدىب - سەنئەتكارلارغىچە ئۇنىڭ قىياپىتى، چېچەنلىكى ۋە ئادەملەرگە بولغان چۈشىنىكسىز مۇئامىلىسى توغرۇلۇق تەھسىن ئوقۇشىغا قادىر بولالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. قابا ئىتىنىڭ ئىگىسىگە بولغان ھېسسىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۆزگىچە رولىنى باشقا ھەرقانداق جانىۋار ئىگىلىيەلمەيدۇ، شۇڭا غەربىي يۇرتتىن كەلگەن رىم ئىتى دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ھېچقانداق پايدىسى يوق جانىۋار بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا يەنىلا يېڭى زوق بېغىشلاپ كەلدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قابا ئىتى خۇاشيا مەدەنىيىتىدىكى ھەممىلا كىشى ھۇزۇرلىنالايدىغان ئەڭگۈشتەرگە ئايلىنىپ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتسىمۇ يەنىلا پېتىدىن قالمىدى.

قابا ئىتىنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىر تۈرلۈك «ئۇزۇن دەۋرلىك» ئىزدىنىش بولۇپ، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ قاتارلىق بەش دەۋردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار پارچە- پۇرات ياكى يوقىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىش خۇددى يىڭنىدە قۇدۇق كولىغاندەك قىيىن. ناۋادا يۇقىرىقى تومتاق بايانلىرىمىز «پىستىمۇ جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەينىكى» دېگەننى نەق جاۋابىنىڭ يۈزدىن بىرىچىلىك شەرھلەپ بېرەلىسە مۇئەللىپنىڭ قەغەز دۆۋىسىدىن «ئىت ئىزدەش» تىرىشچانلىقى «بىھۇدە ۋە بىچارىلەرچە روھىي ئىسراپچىلىق» دەپ قارالمىغان بولىدۇ. ئاخىرىدا قابا ئىتىغا ئائىت تاتىلاپ يۈرۈپ توپلىغان 20 نەچچە تۈرلۈك نامدىكى خاتىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن بايانلىرىمىزنىڭ خاتىمىسى قىلدۇق.

## 1 ـ جەدۋەل: تارىختىكى قابا ئىتنىڭ ناملار رويخېتى

| دەۋر | نامى | رايون |
|---|---|---|
| تاڭ | رىم ئىتى | قوچۇ |
| | سەمەرقەنت پىستىسى | چاڭئەن |
| | قار تېپەر پىستە | چاڭئەن |
| | خۇازى | مىڭجۇ |
| سۇڭ | پىستە | بيەنجىڭ |
| | تاۋخۇا ئىتى | بيەنجىڭ |
| يۈەن | ئالتۇن يۈڭلۈق ئىت | خانبالىق |
| مىڭ | شىبا ئىتى | بېيجىڭ |
| | ئەيبا ئىتى | خاڭجۇ |
| | ئۇزەڭگە ئىت | خاڭجۇ |
| چىڭ | پارس ئىتى | بېيجىڭ |
| | قابا ئىتى | بېيجىڭ |
| | تەڭگە گۈللۈك ئەجنە-<br>بىي قابارى | بېيجىڭ |
| | رىم ئىتى | بېيجىڭ |
| | ئاياق ئىتى | بېيجىڭ |
| | يولۋاس باشلىق ئىت | ياڭجۇ |
| | ئەجنەبىي ئىت | ياڭجۇ |
| | قابا زىلۋا ئىتى | گۇاڭجۇ |
| | كالتە ئىت | گۇاڭجۇ |
| | ياتلار ئىتى<br>(ئەجنەبىي ئىت) | گۇاڭجۇ |

# III باب تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر قۇش ئارامدۇي

تاڭ دەۋرىدىكى لىشەندىن چىقىدىغان ئارامدۇي( 阿滥堆 ) خۇشناۋالىق بىر خىل قۇش. تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىپ شۇ ناملىق كۈي ئىجاد قىلغان، بۇ كۈي تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە يېتىپ كېلىپ ئوردا مۇزىكىسىنىڭ خەلق مۇزىكىسىغا ئايلىنىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى مەشھۇر شائىر جاڭ خۇنىڭ يەتتە خەتلىك رۇبائىيلار توپلىمى «خۇاچىڭ ئوردىسىدا يېزىلغان تۆت نەزمە» نىڭ ئۈچىنچىسىدە بۇ ۋەقە خاتىرىلەنگەن:

«مانگروۋا ئىرغاڭشىدى غۇر - غۇر سەلكىن شامالدا،
خانىش ئايىمىنىڭ قەدىمى قۇت ئېپ كېلەر ئوردىغا.
يېزا - قىشلاقتا ئاڭلىنار ئارامدۇينىڭ كۈيلىرى،
ئوردىغا خاس بۇ ئادەتلەر تارالدى ھەر ئىقلىمغا①.»

جەنۇبىي تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي چىۋۇ «ئوتتۇرا سۇلالە ھېكايەتلىرى» نىڭ 1 - جىلدىدا جاڭ خۇنىڭ يۇقىرىقى رۇبائىيسىنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلىگەن: «لىشەندە ئارامدۇي ناملىق بىر خىل خۇشناۋا قۇش كۆپ، پادىشاھ ئالىيلىرى قاشتېشى نەيدە ئاشۇ قۇشنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ بىر كۈي ئىجاد قىلدى، شۇڭا بۇ كۈينىڭ نامى ئاشۇ قۇشنىڭ نامىدا ئاتالدى. ئوردىدىكى ھەقەمسايىلەر بۇ كۈينى يىراق - يېقىنغا تاراتتى. شۇڭلاشقا، بۇ كۈينى ھەممىلا كىشى چالالاي-

دىغان بولدى» . جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جى يۇگۇڭ يازغان «تاڭ نەزمىلىرى» نىڭ 52 ـ جىلدىدا يۇقىرىقى رۇبائىي ۋە شەرھى بىر يەرگە جەملەپ خاتىرىلەنگەن② . ئارامدۇينىڭ شەكلى، ئىسمىنىڭ مەنىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تاڭ شۇەنزوڭنىڭ تەقلىدىي كۆي ئىشلىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى هازىرغا قەدەر تاڭ دەۋرى مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر تۈگۈن بولۇپ كەلدى. بۇ بابتا «ئارام-دۇي» مەسىلىسى توغرىسىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماستىن بەزى پىكىرلەرنى دەپ باقتىم.

## 1 § . ئارامدۇينىڭ شەكلى

تەيپىڭ خاتىرىلىرى» نىڭ 253 ـ جىلدىدا «ۋەھىي خاتىرىلە-رى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ. بىر قېتىم بىر كىشى «مەي بېشىمنى ئارامدۇي * ( 阿滥馆 ) بېشىدەك قىلىپ قويدى» دېگەندە ئەتراپتىكىلەر: «مەي قانداقلارچە باشلىرىنى ئارام-دۇي ( 阿滥鹎 ) بېشىدەك قىلىپ قويىدۇ؟ دەپ سورىدى» . ئۇ: « ‹بۆدۆنە ( 鹎 ) بېشى دەۋاتقىنىم يوق› ، دېدى» . تاڭ دەۋرىدىكى بۇنداق مەيخورلۇق سۆز ئويۇنلىرىدا «بۆدۆنە» ( 鹎 ) بىلەن «كۈچلۈك مەي» ( 醇 ) ئۆزئارا ئاهاڭداش خەتلەر ئىدى. شۇڭا، يۇقىرىقى بۇ نەقىلدىن ئارامدۇي ( 阿滥堆 ) نىڭ بۆدۆنە تۈرىدىكى قۇش ئەمەسلى-كىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىر تۈرلۈك ئەتىۋارلىق قۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ ئارامدۇي يەنىلا قىممەت باهالىق قۇش هېسابلىناتتى. دېڭ چۇن «رەسساملىقنىڭ داۋاملىشىشى» نىڭ 5- جىلدىدا بىر هەرەمئاغىسىنىڭ ئاۋام پۇقرالاردىن ئارامدۇينى تارتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەج-بۇرلىغانلىقىدەك قەبىھلىكى خاتىرىلەنگەن: «ۋېي گۇەنچا جىڭدى-

---

* بۇ يەردىكى «ئارامدۇي» نامىدا ئىشلىتىلگەن 馆 خېتىنىڭ «دۇملىمە قاتلىما» دېگەن مەنىسى بار — (ت) .

شۈەندى خان دەۋرلىرىدىكى ھەرەمئاغىسى ئىدى. رەسساملىقتا بامبۇك
سىزىشقا ماھىر ئىدى. بىر قېتىم ۋېيجۇ ئايمىقى (خېنەندىكى جىش-
يەن ناھىيىسى) دىكى بامبۇكزارلىقتا بامبۇك سىزىۋېتىپ ئېلەندۈي
(逷滥推) ئىسىملىك بىر قۇشنى كۆرۈپ قالدى، بۇ قۇش «لىيۇياۋ»
كۈيىنى ئېيتالايدىكەن. شۈەنلىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتە
قىلىپ سورىۋىدى، قۇشنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان ئىگىسى: «دەسلەپ
ئۆگەتكەندە ئۇنى ياغاچ قۇتىغا سولاپ قويدۇم، بەش مەرتەم ناغرا
چالغاندىن كېيىن بىر قېتىم ئاغزىنى ئېچىشقا، سازنى تەڭكەش قىل-
غاندا ئۇيقۇسىنى ئېچىشقا كۆندۈردۈم. مۇشۇ يوسۇندا 5 — 6 يىل
ئۆگىتىپ مۇشۇنچىلىك بولدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇشۇ
خىلدىكى 10 نەچچە قۇشنى بېقىپ كۆندۈرگەن بولساممۇ، ھېچقايسى-
سى بۇنىڭدەك ئەقىللىق چىقمىدى»، دېدى. شۈەنلىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىگە
بېرىشنى ئېيتسا ئۇنىمىدى؛ ئىزىغا مال بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمىدى؛
نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالماقچى بولسىمۇ بەرمىدى. شۈەنلىڭ بىلەن ئۇنىڭ
ھېلىقى ئامراق قۇشىغا شاھانە ياغلىقنى چېكىپلا ئوردىغا ئېلىپ كەت-
تى. بوۋاي ئارقىسىدىن ئوردىغا كىرىشكە پېتىنالماي يەرگە يىقىلغان-
چە جان تەسلىم قىلدى»③. خۇشناۋا قۇشتىن ناخشىچى قۇشقا ئايلى-
نىشتا ئارامدۇيگە نەچچە يىللىق جاپالىق سۇنئىي تەربىيە ۋە مەشىق
كېتەتتى. 70 ياشلىق بۇ بوۋاينىڭ پۈتۈن قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ
تۇگەتكەندە فېئوداللىق ئىمتىيازنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشى ھەقىقە-
تەن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تراگېدىيىسى ئىدى. «لىيۇياۋ» بىر
تۇرلۇك قايغۇلۇق كۈي بولۇپ، ئۇنى قۇش تىلىدىن ئاڭلاش كىشىنى
غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ ئەھۋال
«كەيپۇەندىكى قالدۇق كۈيلەر تۇگەتتى غەم - قايغۇنى» (بەي جۈيى)
دېگەن مىسرادىكى ئېستېتىك زوق بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى،
بولمىسا تاڭ شۈەنزۇڭ «بۇ قۇشنىڭ ئاۋازىنى تەقلىد» قىلمىغان
بولاتتى.

## 2 § . تاڭ شۇەنزۇڭ ۋە ئارامدۇي

تاڭ شۇەنزۇڭ شائىرانە ھېسسىياتقا باي، مۇزىكا تالانتىغا ئىگە پادىشاھ ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى نەن جۇنىڭ «غۇز دۇمبىقى خاتىرىسى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پادىشاھ ئالىيلىرى كۈي ئاھاڭلىرىغا پىششىق بولۇپ، يۈكسەك تالانت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ھەرقانداقىنى گۈل كەلتۈرۈۋېتىدۇ. كۈي - ئاھاڭ ئىجاد قىلسا خالىغانچە ئىشلىيەلەيدۇ. قېلىپلاشقان قائىدىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدۇ. ئاۋاز ئۇدارىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ مەركىزىي كۈينى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاۋازلارنىڭ توم - ئىنچىكە بولۇشى ياكى كۈچىيىپ - ئاجىزلىششى، كۈينىڭ، ئاھاڭنىڭ سېھرىي كۈچى، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن خۇسۇسىي ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا نەزەر - دائىرىسى جەھەتتىن تېخى ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلىگەن ئەمەس». ئۇ «كۈي - ئاھاڭ ئىجاد قىلغاندا» تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاۋازلاردىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىناتتى، «ئىنچىكە - توم ئاۋازلارنىڭ بىر - بىرىگە ئايلىنىشى» ئارقىلىق ئۇلارنى مۇزىكىلاشتۇرۇۋېتەتتى. مەسىلەن، «پادىشاھ ئالىيلىرى سەپەر قىلىپ سىچۇەن تەۋەسىگە كەلگەندە غەربىي جەنۇبتىن شېگۇ جىلغىسىغا كىردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇدا 10 كۈنچە قاتتىق يامغۇردا قالدى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ تارسىلدىغان ئاۋازى قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى، بۇ ئاۋاز تاغ مەنزىرىسى بىلەن تولىمۇ ماسلىشاتتى. پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن خانىش ياڭ گۈيفېينى ياد ئېتىپ ئاشۇ يامغۇر ئاۋازىغا تەقلىد قىلىپ، يامغۇردىكى قوڭغۇراق، دېگەن كۈينى ئىشلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى»④. «يامغۇردىكى قوڭغۇراق» تا يامغۇر تامچىسىنىڭ ئاۋازى تەقلىد قىلىنغان. بۇنداق ئۆزگىچىلىك بىلەن يارىتىلغان كۈي - ئاھاڭلار تاڭ دەۋرىدىلا «شاھ

ئاتمىز كۆيدە ئۆزگىچىلىك تۇمەنمىڭ» (يۈەن خۇينىڭ شېئىرىدىكى مىسرا) دېگەن باھاغا ئېرىشكەنىدى. «ئارامدۈي» كۆيدە قانداق «ئۆزگىچىلىك» نىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرىدىن بەزى غۇۋا تەسىراتلارغا كېلەلەيمىز. تيەنباۋنىڭ 13- يىلى (754- يىلى) 7- ئاينىڭ 10- كۈنى خۇاڭجۇڭ ئاھاڭىغا مەنسۇپ «ئارامدۈي» كۈيىنىڭ نامى «پۇياڭ قىزى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى⑤. «پۇياڭ قىزى». تاڭ دەۋرىدىكى داڭلىق تراگېدىيىلىك ناخشىلاردىن بولۇپ، سىن سەننىڭ «كەيپلىكتىن كېيىن، جاۋگېر بىلەن ئويىنىشش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق بىر بۆلەك تەسۋىر بار:

«چىنجو - ئاچاڭ كۈيلىرىدە ھېچ يوق ھۇزۇر - ھالاۋەت، ‹پۇياڭ قىزى› نى ئاڭلىساڭ بىرەر ساڭا يېڭى زوق. ئاڭلا- ئاڭلا مېھمانلارنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلدى، تارام - تارام ياشلىرى يامغۇر كەبى تۆكۈلدى»⑥. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىق مۇزىكا مەھكەمىسىنىڭ كۈي نامى بولغان «غۇبارسىز» نى «شادىمان» دەپ، «بەدەۋى غالىب قول» نى «چېگرا ئەمىنلىكى» دەپ ئۆزگەرتىشىدە يوللۇق سەۋەبلەر مەۋجۇت دېيىلسە، ئۇ ھالدا «ئارامدۈي» نى «پۇياڭ قىزى» دەپ ئۆزگەرتىشتىمۇ بۇ ئىككى كۈينىڭ ھېچقايسىسىدا «ھۇزۇرنىڭ يوقلۇقى» دەك ئالاھىدىلىك كۆزدە تۇتۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. قوش ئاۋازىغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن بۇ خىل مۇزىكىلىق تىل مەيلى شاھىنشاھىنىڭ «قاشتېشى نېيى» دە بولسۇن ياكى لىشەندىكى «يېزا نەيلىرى» دە بولسۇن، قايسىسىلا چېلىنسا جەزمەن ناھايىتى قايغۇلۇق چىقاتتى. ئېچىنىشلىق ناخشا بازار تاپىدۇ، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ ئۇنى يېڭى كۈي، دەپ قارىماسلىقى بىكار ئەمەس ئىدى.

## §3 . ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ «ئارام» قارىشى

چىڭ شېڭزۇ شۈەن يې يەنى ئىمپېراتور كاڭشى ھەر كۈنى

ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەپ، نۇرغۇن ساھەلەرگە قىزىقىپ كۆڭۈل قويغان. زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «كاڭشىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا شەيئىلەر توغرىسىدا چۈشەنگەنلىرى» دېگەن خاتىرىسى ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىلمىي خاتىرە دېيىشكە بولىدۇ. پۈتۈن كىتاب 93 پارچە ئېنىقلىما خاراكتېرلىك قىسقا ماقالىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن جۇغراپىيە ۋە بىئولوگىيىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 2 - جىلدىدا «ئارام» ناملىق بىر ماقالە بولۇپ، مەخسۇس تاڭ دەۋرىدىكى لىشەن تېغىنىڭ داڭلىق قۇشلىرىنىڭ تارىخى مۇلاھىزە قىلىنغان: «ئارام دېگەن نام( 阿滥 ) ‹ تاڭ نەزمىلىرى› دە ئۇچرايدۇ. لىشەن تېغىدا ئارامدۇي ناملىق بىر كىچىك قۇش بولۇپ، بەكمۇ خۇشناۋا ئىكەن. ئىمپېراتور قاشتېشى نەي بىلەن ئاشۇ قۇشنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىپ بىر كۈينى ئىجاد قىلغان ھەمدە ئاشۇ قۇشنىڭ نامىنى كۈيگە نام قىلىپ بېكىتكەن. جاڭ خۇ بىر نەزمىدە: ‹ يېزا - قىشلاقتا ئاڭلىنار ئارامدۇينىڭ كۈيلىرى، ئوردىغا خاس بۇ ئادەتلەر تارالدى ھەر ئىقلىمغا› دەپ يازغان. ‹ توڭيا› دا: ‹ لىشەن تېغىدىكى قۇشلارنىڭ بىرى ئارامدۇي دېيىلىدۇ› دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ قۇش يەنە ئەنلەن ( ئەرام - ئەرەن) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ۋېي جاۋ ئۇنى ئەنخۇ دەپ ئاتىغان. سۇشى بىر شېئىرىدا ‹ ئارامدۇينى كۆرمىسەم، دولقۇنلاردا ئۆلۈمەن› دەپ يازغان. بۇ قۇش ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئەنقا باشلىق بولىدۇ. گاۋيىۇ «لۇلەن» دە ئىزاھلاپ ئۆتكەن تاجلىق قۇش ئەنقا مۇشۇدۇر؛ يەنە بىرى، ئەنقا باشلىق ئەمەس. بۇلار «خۇيىيا» دا ئاران( 阿兰 ) دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرەر يۇزچە تىلى بار دەك قىلىدۇ، بەدىنىدە پەقەت پەي يوق. بۇنى جياڭنەنلىكلەر ئەنلەن ياكى ۋۇلەن دەپ ئاتايدۇ» ⑦. كاڭشى يىغىپ شەرھلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ لىشەن تېغىدىكى قۇشنىڭ ئىسمىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەردىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياكى باشقىچە يېزىلىشىغا قول تەگكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنى ئىككى تۈرلۈك يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ: (1) يۇڭ پەيلىرىنىڭ بار-

يوقلۇقىغا قاراپ بۇ قۇشنى تۈرگە ئايرىپ نام بەرگەن، يەنى ئەنقا باشلىقى تاجلىق قۇش، ئەنقا باشلىق بولمىغىنى ئاران ( 阿兰 ) دەپ ئاتالغان؛ ( 2 ) ئارامدۇيىنىڭ خۇشناۋالىق بىئولوگىيىلىك مېخانىزمى-نى كاشىغ «تىل» دىن ئىزدەپ باققان. كاشىغىنىڭ يۇقىرىقى ئەسە-رىنىڭ 2 - جىلدىدا «قۇشلارنىڭ تىلى» دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇشلارنىڭ تىلى ئومۇمەن ئاستىنقى ئاڭلايغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، بەزى قۇشلارنىڭ تىلى بىر تال دانچىلىك قىسقا بولىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ تىلى ئاغزىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ تىلى شۇنچىلىك ئۇزۇن بولىدۇكى، تۇمشۇقى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. تىلى قىسقا قۇشلارنىڭ ئاۋازى بوم ۋە قىسقا - قىسقا بولىدۇ؛ سەل ئۇزۇنلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇزۇنراق بولىدۇ. تىلى تۇمشۇقى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بولغانلىرىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ھەم ئۇزۇن بولىدۇ. مەسىلەن، سوپىسوپىياڭ، يۇزتىل، سۇرەتقاش، ئارام قاتارلىقلار».

ئىمپېراتور كاشىغىنىڭ «ئارام» قارىشى قۇششۇناسلىق ساھەسى-گە تەۋە بولۇپ، مەدەنىيەت تارىخى دەرۋازىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمىگەن. نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تارىخىدا بۇ توغرۇلۇق تېخى كۆپلىگەن ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت، يالغۇز نامىنىلا ئېلىپ ئېيتساق تارىختىن بۇيان ئالىملارنى گاڭگىرىتىپ كەلمەكتە. تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق بىلىملىرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تۆۋەندە بەزى ئۇرۇنۇش خاراكتېرلىك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كاشىغ خانىنىڭ «شەيئىلەرنى چۈشىنىشى» گە بەزى تولۇقلىمىلارنى قىلىپ كۆر-مەكچىمىز.

## 4 § . «ئارامدۇي» نىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا

تاڭ - سۇڭ دەۋردىكى مەنبەلەردە ئارامدۇيىنىڭ «ئې-

لەندۇي» ( 遏滥堆 ) دەپ ئېلىنغاندىن باشقا يەنە «ئەنلەندۇي» ( 鹦滥堆 ) ، «ئالەندۇي» ( 阿滥馅 ) دېگەن شەكىللەردە يېزىلغانلىقىنى بايقايمىز. بىر نامنىڭ تۆت خىل يېزىلىشى ناھايىتى ئوڭايلا كىشىنى بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدە مۇقىم خەت شەكلى بولمىغان ئىكەن، دېگەن قىياسقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ۋاڭ شىجېننىڭ «سەنئەت گۈلزارىدىكى پاراڭلار» دېگەن ئەسىرىدە «ئارامدۇي» دېگەن نام «چىياڭ غۇزلىرىدىن كەلگەن» دېگەن تەخمىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چىڭ دەۋرىدىكى ئالىم جۇ شوچاڭ ئۇنى تاڭ دەۋرىدىكى دىئالېكت، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ: «تاڭ دەۋرىدىكى لى يىڭ بىر نەزمىدە: ‹ دىشى ھەزرەت كەيپىلىكتە شەن بېگىمنى ماختىغان، يېشىلگەندە ساز چېلىپ ئانا ( 阿那 ) ناخشىسىنى ئېيتقان، دەپ پۈتكەن. ليۇ يىشى ‹ شىماللىق بۇ ئەزىز مېھمان ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ، خېنا ( 纥那 ) كۈيىگە توۋلاپ سېلىۋەتتى چاپاننى› دەپ يازغان. ئانا، خېنا دېگەنلەر كۈي نامى بولۇپ، ئارام ( 阿滥 ) نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدۇر»⑧.

تاڭ دەۋرىدىكى تەرجىمە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا « 阿 » بىلەن « 纥 » ، « 那 » بىلەن « 滥 » ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭ ماسلىشىشچانلىق مۇناسىۋىتى يوق. جۇ شوچاڭنىڭ «ئاھاڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن قارىشى پۈت تىرەپ تۇرالمىغانىكەن، ۋاڭ شىجېننىڭ «چىياڭ غۇزلىرىدىن كەلگەن» دېگەن قارىشىنىڭ يەنە قانداق قىممىتى بار؟ بىزنىڭچە ۋاڭ شىجېن گەرچە دەلىللەپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر يىپ ئۇچىنى ئوتتۇرىغا قويغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئارامدۇي» نامى مەلۇم بىر خىل غۇز تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت ۋەسىقىلەردە «ئالەن» ( 阿揽 ) شەكلىدىكى غۇزچە ئىسىملار كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، ساۋ ئالەنيەن، كاڭ ئالەنيەن قاتارلىقلار. «ئارام» نى «ئانا، خېنا» نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى دېگەندىن كۆرە 阿揽 دېگەن ئىسىمنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى، دەپ

قاراش دۇرۇستەك قىلىدۇ. يەنە كېلىپ كالىڭ، ساۋ فامىلىسى توققۇز جاۋۇپ غوزلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ جەمەتتىكىلەر چاڭئەندە كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقانىدى. تاڭ نەزمىلىرىدە «چاپار»، «پاترا» تۈرىدىكى سوغدىچە سۆزلەر بار، «ئارامدۇي» نى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تىل ھادىسىسى دەپ قاراشقا ۋاڭ شىجېننىڭ «چياڭ غوزلىرى» دېگەن قاراشىنى قوشۇمچە دەلىل قىلساق خاتا كەتمەس. تۆۋەندىكى بايانىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان يەكۈن دېيىشكە بولىدۇ: تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلارنىڭ بۇخارا دۆلىتىنىڭ پايتەختى سوغدىچە ārāmitan ( 阿滥谧 ) يەنى «ئاراملىق جاي» دەپ ئاتالغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا زورو ئاستېر ئىلاھىدىن بىرىنىڭ قىزى بۇ جايدا ئارام ئېلىپ باش ئاغرىق كېسىلىنى ساقايتقان بولغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى aram «تىنچ، ئارامبەخش» دېگەن مەنىدە⑨. ناۋادا «ئالەن» ( 阿滥 ) نى مۇشۇنداق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولسا «دۇي» ( 堆 ) خېتى يەنىلا چۈشۈپ قالىدۇ («يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «سىڭىل» نى 堆 دەپ ئاتىغان)، شۇنداقتىمۇ بۇنى ئاخىرقى مۇقىملاشقان پىكىر دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. تارىخ - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى داڭلىق جانىۋار توغرىسىدا ئېنىقلىما ئىشلەش ئۈنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئارىدىن بىرەر مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە «ئارامدۇي» نىڭ سىرىنى يېشىشكە مۇئەللىپ ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر، شۇڭا دانالارنىڭ دانا پىكرىنى كۈتۈشكە مەجبۇرمىز.

ئىزاھلار

① «جاڭ چېڭجى ئەسەرلىرى»، 4 - جىلد.

② ۋاڭ جۇڭلىيەن: «‹تاڭ نەزمىلىرى› گە شەرھ»، 2- قىسىم، باشۇ نەشرىياتى، 1989- يىل نەشرى، 1419 — 1424- بەتلەر.

③ يۇئەنلەن: «رەسساملىق تارىخىغا دائىر چاتما كىتابلار»، شاڭخەي خەلق گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 42 - بەت.

④ «شاھىنشاھلار خاتىرىسى. تولۇقلىما»، «كەييۈەن - تيەنباۋ يىللىرىدى-

كى تىلغا ئېلىنمىغان ئون ئىش» ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 36 ـ بەت.

⑤ «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» ، 33 ـ جىلد.

⑥ «سېن سەن شېئىرلىرىغا ئىزاھ» ، 5 ـ جىلد.

⑦ «كاڭشىنىڭ بوش ۋاقىتلاردا شەيئىلەر توغرىسىدا چۈشەنگەنلىرى» ، تۇڭشۇجەي چاتما كىتابلىرى، 16 ـ قىسىم.

⑧ جۇ شۇچاڭ: «سىيى قەبرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، 7 ـ جىلد.

⑨ نار شاھى: «بۇخارا تارىخى» ، 1954ـ يىل نەشرى، 14 — 116ـ بەتلەر.

# IV باب تاڭ دەۋرىدىكى قان - تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئات — تۇلپار

تاڭ دەۋرى ھەربىي ئىشلار ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان دەۋر ئىدى. مەملىكەتتىكى لەشكىرىي قوراللىنىشتا ئات ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەن مەزگىللەرگىچە «ئات سودىسى» ۋە «ئات سوۋغا قىلىش» ۋاستىسى بىلەن زور بىر تۈركۈمدىكى ئېسىل ئاتلار لۈڭيۇ چارۋىچىلىق رايونىغا ئېلىپ كېلىندى. تاڭ سۇلالىسىگە كىرگەن ئاتلار پەرغانىنىڭ «غۇز ئېتى» ۋە موڭغۇلىيىدىن چىقىدىغان «ۋاسساللار ئېتى» دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلاتتى، پەرغانە ئاتلىرى توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 72 - جىلد «ۋاسساللار ئاتلار تامغىسى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەمەرقەنت ئېتى كانگىيدىن چىقىدىغان بولۇپ، پەرغانە ئېتى دېيىلىدۇ، زور گەۋدىلىك كېلىدۇ. ۋۇدې يىللىرى سەمەرقەنت دۆلىتى 4000 ئات سوۋغا قىلغان. ھازىرقى مەنسەپدارلار مىنىۋاتقان ئاتلار مانا مۇشۇ ئاتلاردىن» . ئېسىل ئاتلار غۇزلاردىن كەلگەن ئىكەن، ئېسىل يايلاقلارنى غۇزلارغا تاپشۇرۇش دانالىق بولاتتى. تاڭ دۆلىتىنىڭ غۇزلارنى مىراخورلۇققا تەيىنلىگەنلىكىگە توققۇز غۇزلارنىڭ ئەۋلادى شى تيېباڭنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ «شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى (658 - يىلى) پەرمانغا بىنائەن يۇسى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى 17 باقمىچىلىق مەيدانىغا مەسئۇل بولغان» ، ئۇ ئاتچىلىقتا چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن: «ئاتلارنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ باققان، ئۇلارنىڭ

ئەسلىي تەبىـئىتىگە خىـلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشـتىن ساق-لانـغان»①. باي ئائىلىلەرنىڭ غۇز باللىرىنى چوپاندار قىلىپ ئىشلىتىشمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردىن ئەمەس ئىدى. گاۋشە-نىڭ «غۇزلارنىڭ كىچىك باللىرى ئەجدىھانى باشقۇرار»② دېگەن شېئىرىي مىسرالىرىدىن باشقا، يەنە سېن سەننىڭ «ۋېي ھېر ۋۇلد-نىڭ قىزىل تۇلپارىغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ تەپسىلىي تەسۋىرلەر بار:

«كاتتىلارنىڭ ھەممىسىگە تۇلپار ئاتلار يار بولماس،
شامال كەبى چاپقاندا رەڭگىنى كۆرۈپ بولماس.
ئالتۇن قايچا تەييار تۇرار ئات يايلىغا ھەر قاچان،
غۇز بالىسى چېۋەر قولىدا ئۇچ ئۆرۈمنى چىقارغان.
قورۇلدىكى سانغۇنلارنىڭ كاتتىلىقى ئايان بولدى،
شۇ ئاتلارغا مەيۇس بېقىپ شائىر يولىغا راۋان بولدى③».

ۋېي سانغۇن دېگىنى تۆت قورغاننى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بەشبا-لىق ساتراپى ۋېي بويۇ ئىدى. ئۇنىڭ مىنىدىغىنى شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى «قىزىل تۇلپار» بولۇپ، چوپاندار غۇز بالىسى بۇ ئاتقا «ئۇچ ئۆرۈم» (ئات يايلىنى قايچىلاپ ئۇچ ئۆرۈم قىلىپ قويۇش) چىقىرىپ بەرگەن. بۇ ئات ئېھتىمال تاڭ نەزمىلىرىدە تەكرار ئۇچراي-دىغان قان - تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئات — «تۇلپار» بولسا كېرەك.

## § 1 . تاڭ نەزمىلىرىدىكى «تۇلپار»

«تۇلپار» تاڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاتنى تەرىپلەشتە كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇسى ئىدى. مەسىلەن، سېن سەن «قاش قوۋۇقتا گەي سانغۇنغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ئوقۇرلارغا باغلىنىۋەتكەن تېمەن تېتىك ئارغىماقلارنى،
شاپتۇل چېچىكى نامىلىق تۇلپار بۇ ئاتلارنىڭ شاھ سۇلتانى.

بۇ تۇلپارنى مىنىپ چىقسا كۆز ھېچقاچان قۇتۇلالماس،
نەزىر كۆنى ئېتىۋالدى شۇنچە نۇرغۇن جانىۋارلارنى④».

گەي سانغۇننىڭ تولۇق ئىسمى نامەلۇم، ۋېن يىدۇ بۇنى«خېشى باسقاقبېگى گەي تىڭلۇن» دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ، بۇ قاراشنى بەزىلەر قۇۋۋەتلىسە، بەزىلەر بۇنىڭدىن شۇبھىلىنىدۇ⑤. بىراق، «شاپتۇل چېچىكى ناملىق تۇلپار» نىڭ ئۇقۇرغا قاتار باغلىنىۋېتىلگەن ئاتلارنىڭ ئىچىدە باھاسى ئەڭ قىممەت ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىش ھاجەتسىز. سېن سەننىڭ شېئىرى تيەنباۋ- جىدې يىللىرى ئالماشقان مەزگىللەردە يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قاش قوۋۇق ئەتراپلىرىدا تۇلپارنىڭ غايەت زور شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز.

يۈەنخېنىڭ 15 - يىلى (820 - يىلى) جىن بېگى پېي دۇ بىتىكچى (پۇتۇكچى) جاڭ جىغا بىگجۇدىن بىر ئېسىل ئات ئەۋەتىپ بەرگەن، ئات يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەدىبلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغان، پېي دۇ، جاڭ جى قاتارلىقلارلا ئەمەس، لى شياڭ، خەن يۈي، جاڭ جيا، يۈەن جېن، بەي جۈيى، ليۇ يۈشى قاتارلىقلارمۇ بەس - بەستە مۇشائىرە ئۇقۇشقان. ئاشۇ داڭلىق شائىرلارنىڭ ئاغزىنى چاكىلدىتىۋەتكىنى ئەسلىدە بىر تۇلپار ئىدى. بەي جۈيى «بىتىكچى جاڭ جى بىلەن بىللە جىن شياڭگوڭ ھەزرەتلىرىنىڭ ئات ئەۋەتكەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«تامدەك ئاتتىن ئىمزىسەڭ پەقەت نۇقسان چىقمايدۇ،
بىتىكچىنىڭ تۇلپارى ئويناقشىپ جىم تۇرمايدۇ.
بەدەنلىرى يۇيۇلۇپ يىپەك شەلپەر ئېسىشقان،
چاپتۇرغاندا پۇتلىرىدا مەرۋايىتلار ئويىنايدۇ⑥».

خەن يۈ «بىتىكچى جاڭ جىنىڭ ئەمىر مىمار پېي دۇدىن ئاتقا ئىگە بولغانلىقىغا تەبرىك» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ئەمىر مىمار بەگ يىراقتىن ئەۋەتىپتۇ بىر گۆھەر،
شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك موىلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرار⑦» .

روشەنكى، يېي دۇ سوۋغا قىلغان ئات يېڭىلا كۆندۈرۈلگەن «شاپتۇل چېچەكى رەڭگىدىكى تۇلپار» نىڭ نەق ئۆزى ئىدى. قاش قوۋۇق ۋە بىگجۇدا شۇنچە شۆھرەتكە ئىگە بولغان تۇلپارنىڭ چاڭئەندە نام چىقارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋېي جۇاڭ «چاڭئەندىكى يورۇقلۇق» دېگەن شېئىرىدا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان:

«قىزىل تۇلپار ئويناقشىپ ئېغىزدۇرقىنى چاينايدۇ،
سۇۋادانلىق تەبىئەتمۇ ئېھتىرامدىن قالمايدۇ⑧» .

يۇقىرىقى نەقىللەردە «شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك تۇلپار» بىلەن «قىزىل تۇلپار» ئوخشىمىغانناملار سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن يەنە «تۇلپار ئات» لارنىڭ رەڭ ئايرىمىسى پەرقىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنى بىر دېيىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تۆۋەندە تارىخىي مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىمىز.

## 2 § . تۇلپار ۋە چاپار

ھازىرقى مەۋجۇت «تۇلپار» غا ئائىت مەنبەلەر ئىچىدە سۇڭ دەۋرىدىكى چىن زەيسىنىڭ «لوجۇمىڭدىكى ئاجايىباتلار خاتىرىسى» دىكى بايانلىرى ئەڭ مۇكەممەلدۇر.

تيەنباۋ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى پەرغانە دۆلىتى قان - تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئاتتىن ئالتىنى سوۋغا قىلدى. بۇلارنىڭ ناملىرى بىرىنچىسى قىزىل تۇلپار، ئىككىنچىسى زەڭگەر تۇلپار، ئۈچىنچىسى

كۆك تۇلپار، تۆتىنچىسى سېرىق تۇلپار، بەشىنچىسى سېرىنگۇل تۇلپار، ئالتىنچىسى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك تۇلپار دېيىلىدۇ. پادىشاھ (شۈەنزۇڭ) بۇلارغا ئۆزى قايتىدىن ئىسىم قويىدى: بىرىنچىسى قىزىل قاشتېشى خان مەپىسى، ئىككىنچىسى زەڭگەر قاشتېشى خان مەپىسى، ئۈچىنچىسى پىڭشەن خان مەپىسى، تۆتىنچىسى لىڭيۈەن خان مەپىسى، بەشىنچىسى فېڭشياڭ خان مەپىسى، ئالتىنچىسى بەيخۋا خان مەپىسى، شۇنداقلا يېڭىدىن يارلىق چىقىرىلىپ ئىلگىرىكى ياۋ گۋاڭ قەسرى گۈەنجى (ئات تاماشا قىلىش — ت) قەسرى دەپ ئۆزگەرتىلدى ۋە ئاتلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بۇ يەرگە ئېسىش بۇيرۇلدى»⑨. «پەرغانە» پاغانىنانىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كەييۈەننىڭ 29-يىلى (741-يىلى) تاڭ شۈەنزۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ نامىنى نىڭيۈەن دۆلىتى دەپ ئۆزگەرتكەن. «كىتابلار جەۋھىرى» 971-جىلدىتىكى سوۋغا - سالام خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (751-يىلى) 2 - ئايدا نىڭيۈەن دۆلىتى ئەلچى ئارقىلىق 22 ئات سوۋغا قىلغان؛ 9 - ئايدا يەنە 20 ئات سوۋغا قىلغان؛ شۇ ئايدا يەنە 20 ئات سوۋغا قىلغان. جەمئىي ئۈچ تۈركۈمدە 62 تۇياق پەرغانە ئېتى سوۋغا قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى نەقىلدە ئېيتىلغان ئالتە ئات بارمۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم.

تاڭ شۈەنزۇڭ سوۋغا قىلغان تۇلپار ئاتلارنى «خان مەپىسى» دەپ ئاتىدى ھەمدە ئالتە ئاتنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى سىزدۇرۇپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ جەڭ ئاتلىرىدىن «ئالتە ئارغىماق» قا ھەيكەل تۇرغۇزۇپ خاتىرىلىگەنلىكىنى ئۈلگە قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ ئالتە ئارغىماققا مىنىپ جاھاننى قولىغا ئالغان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. ئەنە شۇ ئاتلاردىن بىرىنىڭ نامى «قىزىل چاپار» بولۇپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ئالتە ئات رەسىمىگە مەدھىيە» سىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قىزىل چاپارنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىپقىزىل، جاھاننى قولىغا ئالغان چوغدى، جيەندى يىللىرى مىنىلگەن، شۇ چاغدا كۆكسىگە تۆت تال ئوق، دۈمبىسىگە بىر تال ئوق تەگكەن.

شۇڭا، تەرىپلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

جاھان بولغاندا مالىمان تۇمەن لەشكەردەك ھەيۋىتى،
غەلىبە بىلەن قايتقاندا ئاقتى قان رەڭ تەرلىرى⑩.

«قان رەڭ تەر» دېگىنى «قان ـ تەر تەپچىپ تۇرىدىغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ پەرغانە ئاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇ ئاتنىڭ نامى بولغان «چاپار» شۈبھىسىز سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. ئۇنىڭ «تۇلپار» نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ ـ يوق؟ كارلگىرىننىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تاۋۇش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا «چاپار» (什伐) نىڭ تەلەپپۇزى قەدىمدە z'i̯əp b'i̯ωpt، «تۇلپار» (叱拔) نىڭ بولسا ts'i̯ĕt puât بولغان⑪، بۇ ئىككى سۆزنىڭ تەلەپپۇزى يېقىن بولۇپ بىر مەنبەدىن كەلگەندەك قىلىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان سوغدى تىلىغا نەزەر سالساق «ئات» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى سۆزنى كۆرىمىز: بىرى s'p، مەنىسى «ئات»، قەدىمكى ئىران تىلىدىكى aspa دىن كەلگەن⑫؛ يەنە بىرى čarθ-paδē، مەنىسى «تۆت تۇياق»⑬. فراي (Frye) مۇشۇ نۇقتىدىن بۇ سۆز تار مەنىدە «ئات» نى كۆرسىتىدۇ، يەنى «تۇلپار» ياكى «چاپار» نىڭ مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ⑭. بۇ قاراش قارىماققىمۇ ئىشەنچلىكرەك كۆرۈنىدۇ.

تۈرلۈك رەڭدىكى «تۇلپارلار» ئىچىدە شاپتۇل چېچەكى رەڭدىكىسى ئەڭ داڭلىق بولغان. شاپتۇل چېچەكى رەڭدىكى ئاتلار يۈەن دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا تۇلپارنىڭ ۋەكىلى، دەپ قارالغان. ياللۇغ جۇنىڭ «قىزىل تۇلپارغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قالدۇق ئادەتلىرىدە ھازىرقى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ئاتلار تۇلپار، دېيىلىدۇ»⑮. قەدىمدە تۈركلەر «ئەر قانىتى ئات» دەپ قارايتتى⑯. بۇ قالدۇق ئادەتتىن قارىغاندا، ئۇلار سوغدىچە «تۇلپار» سۆزى بىلەن مەلۇم بىر

تۆرلۈك ۋاسساللار ئاتلىرىنى ئاتىغاندى.

## § 3 . تۇلپارلاردىكى «قان - تەر» نىڭ سىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك «تۇلپار» ياكى «چاپار» ئاتلار بىردەك قان - تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئاتقا يەنى ۋاڭ سۇنجى يازغان «قان- تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئاتقا مەدھىيە» دە تەسۋىرلەنگەندەك فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاتلارغا مەنسۇپ ئىدى: «چىپ - چىپ ئاقسا تەرلىرى، قان تامچىغاندەك چۇشەر»⑰. پەرغانە ئاتلىرىنىڭ «قانلىق تەرلەيدىغان» لىقىنى قەدىمكىلەر سىرلىقلاشتۇرۇپ «ساماۋى ئات» نىڭ ئادەتتىكى ئاتتىن پەرقلىنىدىغان بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى قىلىۋالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ غەربىي شىمالدىكى كۆچمەنلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكەن «يارا ئورنى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئاتلارنىڭ يۇگۇرۇكلىرىنىڭ ئالدى مۇرىسى ياكى ئومۇرتقىسىدا كىچىكرەك بىر قاقاچ بولىدۇ، بۇنى كىشىلەر «يارا ئورنى» دەيدۇ. بۇنداق يارا ئورنى بار ئاتلار كۆپىنچە ساغلام ئاتلاردۇر. شۇڭا، قەدىمدە ئېسىل ئاتلارنىڭ بەلگىسى شۇرقىراپ قانلىق تەر ئاقىدىغانلىقىدا بولاتتى. «كېيىنكى خەننامە سۇڭپىڭ بېگى ۋاڭ ساڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا بىر پەرغانە ئېتىنىڭ مۇرىسىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن قان توختىماي چىققىلى تۇردى، دېيىلىدۇ. «نومىلار شەرھى» دە بولسا كۇسەن يەنى كۇچادىن ئەجدىھا ئاتنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. يەنە «زۇچيۇمىڭ يىلنامىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئەجدىھا ئاتنى مىنىشكە بولىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شۇ شىڭبونىڭ «شىنجاڭ قەسىدىسى» دىكى: «باشقا ئاتلاردىن پەرقلىنەر قان - تەر بىلەن، چىقار بۇ ئاتنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇ ئەلدىن» دېيىلىدۇ»⑱.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يەرلىك كىشىلەر» نىڭ بۇنداق

ئىزاھلاشلىرى يېقىنقى زاماندىكى چەت ئەللەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا بىر يەردىن چىقىدۇ: «قان - تەر تەپچىپ تۇرۇش» دېگەن سۆز مۇشۇ ئاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى بىر مەزگىل ئىزچىل تۇردە غەربلىكلەر ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىر بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى زاماندىلا ئاندىن بەزىلەر بۇ ھەقتە كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە خۇشال قىلىدىغان شەرھلەرنى بەردى: گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتساق، بۇ پەقەت ئاتلاردا بولىدىغان بىر خىل ئاددىي كېسەللىك، يەنى تېرە ئىچىگە كىرىۋالىدىغان بىر خىل پارازىت قۇرتنىڭ ئىشى ئىكەن. بۇ خىل قۇرت ئاتنىڭ ساغرىسى ۋە دۈمبىسىدە پارازىتلىق ياشاشنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. بۇ قۇرتلار كىرىپ ئىككى سائەتكە قالمايلا سىرتقا قان تەپچىپ چىقىدىغان ئۇششاق قان كۆپۈكچىلىرى بۆرتۈپ چىقىدۇ، ‹قان - تەر تەپچىپ تۇرىدىغان ئات›، دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن»⑲.

ھەقىقەتەن قىزىق بولغىنى تۇلپار ئات كېسىلى خۇددى مەلىكە شى شىنىڭ كېسىلىگە ئوخشاش قەدىمكى رىۋايەتلەردە ھېچقانداق ھېسداشلىققا ئېرىشەلمىگەن، ئەكسىچە تەتۈر شەكىلدە سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولۇشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. بۇ خىل «تارىختىكى قاباھەتلىك چۈش» تىن مەيلى ساھىبجامال بولسۇن ياكى داڭلىق ئات بولسۇن ھېچقايسىسى قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

### ئىزاھلار

① لوفېڭ: «گۈيەننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سۇي - تاڭ دەۋرىگە قەبرىلەر»، مەدەنىيەت يادىكارلىرى نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى، 82- بەت.

② «گاۋشى نەزمىلىرىنىڭ دەۋرى ھەققىدە تەقرىز»، ليۇ كەييالڭ يازغان، 1981 - يىل، 304 - بەت.

③ «سېن سەن ئەسەرلىرىگە ئىزاھ»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 248 — 249 - بەتلەر.

④ يۇقىرىقى كىتاب 165 — 166 - بەتلەر.

⑤ ۋۇرۇيۇ ۋېن يىدونىڭ پىكىرىگە قوشۇلىدۇ. قاراڭ: « ‹ تاڭ نەزمىلە-

رى، دىكى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 153 ـ بەت؛ يەنە قاراڭ: «تاڭ، بەش دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھاردى ـ كەلدى نەزمىلىرىنىڭ ئىندېكسى» ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، 1004 ـ بەت؛ چېن تېمىن «گەي سانغۇننىڭ قاش قوۋۇقتىكى لەشكىرىي ئەمەلدار ئىكەنلىكى گۇمانلىق» دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق «خېشى باسقاقبېگى گەي تىڭلۇن ئەمەس دەپ قارايدۇ. «سېن سەن ئەسەرلىرىگە ئىزاھ» ، 491- بەت.

⑥ «بەي جۈيى ئەسەرلىرىگە ئىزاھ» ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 1225 ـ بەت.

⑦ «خەن چاڭلى نەزمىلىرىدىكى سالنامە ھەققىدە شەرھى» ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى 1201 ـ بەت.

⑧ «، تاڭ نەزمىلىرى، دىكى خاتىرىلەر» ، 68 ـ جىلد.

⑨ «سېپىل توغرىسىدا پاراڭلار» ، 20 ـ جىلد، شاڭخۇ نەشرىياتى.

⑩ «تاڭ مەكتۇپلىرى» ، 10 ـ جىلد؛ تاڭ تەيزۇڭنىڭ جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئالتە ئارغىماق تاش ئويمىسى توغرىسىدا يۇشىيۇڭنىڭ: «ئالتە ئارغىماق ئابىدىسىگە بېغىشلىما» ، «مېتال ـ تاش پۈتۈكلەر توپلىمى» 139- جىلدقا قاراڭ؛ «قىزىل چاپار» نىڭ رەسىمىنى چېڭ جېڭ، لى خۇي تۈزگەن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون سەككىز قەبرىسىدىكى تاش ئويمىلار» ، شەنشى خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1988- يىل، 48- بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑪ ب. كارلگرېن: «خەنزۇ تىلىنىڭ ئانالىتىك لۇغىتى» ، 39 — 40- ۋە 258 ـ، 301 ـ بەتلەر.

⑫ ئى. گېرسېۋىچ: «مانى دىنىغا ئائىت سوغدى تېكىستلىرىنىڭ گرامماتىكىسى» ، ئوكسفورد، 1954 ـ يىل نەشرى، 12 ـ، 47 ـ بەتلەر.

⑬ ب. غېرىب: «سوغدى تىلى لۇغىتى» ، تېھران، 1955- يىل نەشرى، 128 ـ بەت.

⑭ ئې. شافىر: «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن شاپتۇللىرى» ، بېركلېي ـ لوس ئانژېلېس. 1963 ـ يىل نەشرى، 295 ـ بەت.

⑮ياللۇغ جۇ: «شۋاڭشىدىكى كەيپچىلىك ۋە زاھىتلىق توپلىمى» ، 6 ـ جىلد.

⑯ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» ، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر

ھەققىدە قىسسە» ؛ ئىمىل ئىسىن: «تۈرك سەنئىتىدە ئات»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1965ـ يىل نەشرى، 3 — 4ـ سان 208ـ 209 ـ بەتلەر.
⑰ «تاڭ مەكتۇپلىرى»، 481 ـ جىلد؛ ئا. ۋەلىي: «فەرغانىنىڭ ساماۋى ئاتلىرى»، «بوگونكى تارىخ»، 1955ـ يىللىق 2ـ سان، 95 — 102 ـ بەتلەر.
⑱ ياڭ جوڭيى: «قارلىق كۆۋرۈك نەزمىلىرى ھەققىدە پاراڭ»، بېيجىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى، 468 — 469 ـ بەتلەر.
⑲ بورنوۋا: «يىپەك يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى، 17 ـ بەت.

قوشۇمچە:

# قەدىمكى ئۆتۈكەن تىغى ھەققىدە يېڭى ئىسپات

ل. پ. پوتاپوۋ

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بايقالغان ۋە
يېشىپ ئوقۇلغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرى دۇنيا
شەرقشۇناسلىقىدا بىرمەھەل زىلزىلە پەيدا قىلدى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە
تۈرلۈك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر يېشىپ ئوقۇلغان
ئابىدىلەرنىڭ تارىخىي مەزمۇنى، تىل قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى
قاتارلىقلارنىلا مۇھاكىمە قىلىپ قالماي، يەنە ئابىدىلەردىكى يەر نامل-
رىغىمۇ چېتىلدى. يەر ناملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى
ئابىدىلەردىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە
يىلنامىلەرنىڭ ئەھمىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا تۆۋەن تۇرمايدۇ.
موڭغۇل يايلىقى ۋە يېنسەي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن تېپىلغان
قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىنىڭ ھەممىسىلا كۆرۈنەرلىك مەنبەلىك
قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، مەڭگۈتاشلاردا خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى يەر
ناملىرىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلارنى ھازىرقى يەر ناملىرىغا تەڭلەش-
تۈرۈپ بېقىش بەكلا ئەھمىيەتلىك. شۇڭا، «ئۆتۈكەن تېغى»
(Ötükan — yiš̆)غا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تارىخىي ئېتنوگراف-
يىلىك يېڭى ماتېرىياللارنى ئېلان قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇ قاتمۇ-
قات قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغان تاغنىڭ خاس نامى.

## 1

«ئۆتۈكەن» دېگەن نام «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» نىڭ كىچىك ئابىدىسى ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى» دا ئۇچرايدۇ①. داڭلىق بۇ ئىككى مەڭگۈتاشتىن باشقا «ئۆتۈكەن» نامى يەنە VIII ئەسىردىكى سېلىنگا ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تاغ - دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن جايىدىن تېپىلغان ۋە رامستېد ئوقۇغان ئۇيغۇرچە مەڭگۈتاشتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى تېپىلغان جاي ئورخۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان كىچىك كۆل شىنە - ئۇسۇغا يېقىن كېلىدىغان يەردە بولغاچقا، «سېلىنگا مەڭگۈتېشى» دەپ ئاتالدى. بۇ بىر ئۇيغۇر ياكى ئوغۇز (乌护) قاغانىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئابىدە ئىكەن②.

بىز تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ قەدىمكى تۈركچە يەر نامىلىرى شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، Ütükän, Ötükän, Ӧдугäн دېگەندەك ئوخشىمىغان شەكىللەردە يېزىلىدۇ، بىز بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان Ötükän شەكلىنى تاللىۋالدۇق. مالوۋ ئېلان قىلغان قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلارنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىدىمۇ مۇشۇ خىل يېزىلىش شەكلى قوللىنىلغان. «ئۆتۈكەن تېغى» نامىنىڭ كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئاشۇنچىۋالا قوزغىشى ئاساسەن مەڭگۈتاشلاردا ئۆتۈكەن تېغى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانى، تۈرك خانلىقىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا تۈرك قاغانىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، دەپ قارالغانلىقىدىن ئىدى.

ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلارنى تېپىپ ئوقۇشىدىن ئىلگىرىلا شەرق ئاپتورلىرى «ئۆتۈكەن» نامىنى بىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (XI ئەسىر) ناملىق ئەسىرىدە بۇ نامنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «تاتار

يايلىقىدىكى يەر نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن»③. راشىددىننىڭ ئەسەرىدە (XIV ئەسىر) بۇ نام كېرەي قەبىلىسىنىڭ يازلىق بارگاھى تۇرۇشلۇق جاي، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېررىتورىيىسىدىكى بىر دەريا نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ④.

قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى يېشىپ ئوقۇلغاندىن بۇيان ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈتاشلىرى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردە «ئۆتۈكەن» تېغىنىڭ ھازىر قەيەردىلىكى توغرىسىدا ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يەردە ئەڭ مەشھۇر بولغان بىرنەچچە نوپۇزلۇق ئالىمنىڭ پىكرىنى بايان قىلىمىز.

رادلوۋ تۆۋەندىكىچە مۇنداق دېدى: «ئۆتۈكەن» نامى خاس يەر نامى، ئۇ شىمالدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىن كوسوگور كۆلىگىچە بولغان تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ⑤.

ئورخۇن ئابىدىلىرىنى تۈزۈپ بولۇپ ئوقۇغان تومسېن ئۆز ئەسىرىدىكى ئىزاھاتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «Ötükän ياكى Ütükän ... دائىم jyš (تاغ ۋە ئورمان دېگەن مەنىدە) بىلەن بىرگە كېلىدۇ، jin (دۆلەت تۇپرىقى دېگەن مەنىدە) بىلەن بىرگە كەلگەن ئەھۋال يوق دېيەرلىك. بۇ نام دائىم قاغانلىقنىڭ تەۋەلىكىدىكى مەلۇم جاينى، ھېچبولمىغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى قاغانلىقنىڭ مەركىزى ياكى قاغان بارگاھى تۇرۇشلۇق جاينى كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى ئەھۋال شۈبھىسىز بۇنىڭ خاس نام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى تېخى ئېنىق ئەمەس (قازان تاتارلىرى تىلىدىكى Ütkin، ساغاي تىلىدىكى Ötkün دېگەنلەر «ئۆتكۈر»، «ئۇچلۇق» (؟) دېگەن مەنىلەردە. شۇڭا، بۇ سۆزنى پەقەت «تاغلىق ۋە ئورمانلىق» دېگەن مەنىدىكى Eutuken دەپ يېزىشقا مەجبۇرمىز). شەك - شۈبھىسىزكى بۇ نام بىرقەدەر بالدۇرقى زامانلاردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە 都斤山 دېيىلىدۇ، بۇ جاي قاغان تۇرۇشلۇق جاي. ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا 于都斤، 乌都鞬 دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ھەممىسىلا

بىر تاغنىڭ ناملىرى... 745 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بەربات بولغاندىن كېيىن، تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا بارگاھ (پايتەخت) قۇرغان ... شۇنداق بولغاندا، بۇجاي قاراشەھەر (قارابالغاسۇن) بولۇپ چىقىدۇ، بۇ تاغ جەنۇبىي ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھانگاي تېغى بولۇپ قالىدۇ. بىز راشىددىنىنىڭ ئەسىرىدە كۆرگەن Utikan مۇ يەنىلا مۇشۇ نامدۇر ... ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىلگىرىكى ماكانى بولغان ئون دەريا رايونىنىڭ تەۋەسىدىكى بىر دەريانىڭ نامىدۇر» (برېتچىيدىر. I، 259 ـ بەت؛ رادلوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» 26 ـ بەت) ⑥.

بارتولد قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە باھا بەرگەندە ئوخشاشلا ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغان. بارتولد يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن رادلوۋ ۋە تومسېننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەن ۋە: «يىل دەۋرى كېيىنرەك بولغان جۇڭگو مەنبەلىرىدىن بىز 于都斤 ياكى 乌德鞬 دېگەن ناملارنى چېلىقتۇرىمىز؛ پارك⑦ (تومسېننىڭ ئەسىرىدە ئېيتقانلىرىدىنمۇ ئېنىق) نىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى تاغ بار: بىرى، ئورخۇن دەرياسى بويىدا، يەنە بىرى، چىڭخەينىڭ شىمالىدا، يەنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا. ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلىقىدىكى جاي تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى ۋەتىنى. قاغان تىلغا ئالغان تاغ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس، بەلكى شىمالىدا، تۈرك قاغانلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆتۈكەن تېغى قەبىلە ئورتاقلىقىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر ماكان. قاغان ئۇ جايدىن لەشكىرىي يۈرۈش قوزغىغان. شەرقتە شەندۇڭغىچە ھەتتا دېڭىز بويىغىچە، جەنۇبتا تۈيغۇن، تۈبۈتلەرگىچە، غەربتە تۆمۈر قاپقىغىچە، شىمالدا بايىرقۇلار زېمىنىغىچە بارغان»⑧.

تۈنيۇقۇق مەڭگۈتېشىنى تەتقىق قىلغۇچى خىرد بۇ مەسىلىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتمىگەن. ئۇ «ئۆتۈكەن» نامىنى ئېنىقلاشتا چوڭقۇر ئىزدەنگەن. خىرد ئالدى بىلەن «ئۆتۈكەن دېگەن جاينى شۇ ناملىق بىرلا جايدىكى تاغ ۋە ئورمان، دەپ قارىۋالماستىن ئورخۇن

دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتكۈل رايوننىڭ نامى دەپ قارىشىمىز كې-
رەك. دېگىنىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، «تاڭنامە» دە مۇنداق بىر
خاتىرە بار: «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ بارگاھىنىڭ شەرقىدە كەڭ كەتكەن
تۈزلەڭ دالا بار، غەربىدە ئۆتۈكەن تېغى بار. جەنۇبى ئورخۇن دەريا-
سىغا تۇتىشىدۇ، شىمالىدا 6 — 7 يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا
سېلىنگا دەرياسى بار». يەنە «تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، 744 -
يىلى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ بارگاھى «ئۆتۈكەن تېغى، ئورخۇن دەرياسى
ئارىلىقىدا» بولغان» دەپ قارىغان. خىرد بۇنىڭدىن: «بارگاھنىڭ بىر
تەرىپى ئورخۇن دەرياسى بويىدا، يەنە بىر تەرىپى تاغ - ئورمان ئىچىگە
ئىچكىرىلەپ كەتكەن» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە شېلېگىنىڭ
پىكرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ⑨ «ئۆتۈكەن تېغى ئورخۇن دەرياسىنىڭ
ئوڭ تەرىپىدە» دەيدۇ ۋە «ئوڭ»، «سول» دېيىش «... غا يېقىن
جايدا» دېگەندىن ياخشىراق ۋە ئېنىقراق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ
بويىچە ھېسابلىغاندا ئۆتۈكەن ئورخۇن دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى
ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. خىرد شەخسەن ئۆتۈكەن تېغى بىلەن يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى (قارا) قورۇم تاغلىرىنى بىر جاي دەپ قارايدۇ.
(قارا) قورۇم بولسا رادلوۋ باستۇرغان ۋە كىرىش سۆز يازغان
موڭغۇل رىۋايىتى* «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇچرايدۇ⑩.

يۇقىرىقى ئاپتور «تاڭنامە» دىكى «ئۆتۈكەن» گە دائىر خاتىرىنى
ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ جاي ئورخۇن دەرياسى ئەتراپلىرىدا دەپ
قارايدۇ. ئاخىرىدا خىرد رادلوۋنىڭ ئۆز پىكرىگە مۇناسىۋەتلىك قارى-
شىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «شەخسەن ئۆزۈم ئورخۇن دەرياسىنىڭ
غەربىدىكى تاغنى ئۆتۈكەن تاغلىرى دەپ ئاتاشنى ياكى مەڭگۈتاشتىكى
Ütükän yän ۋە Ütügan yiš نى بۇ تاغنى كۆرسىتىدىغان خاس نام
ئەمەس، يەنە بۇ نام ئومۇمىي جەھەتتىن بىر تاغلىق رايوننى، ھېچبول-
مىغاندا پۈتكۈل ئورخۇن دەرياسى (تۇغلا دەرياسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

* مۇئەللىپ بۇ ماقالىنى يازغان ۋاقىتلاردا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەۋەلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى — ت.

نى كۆرسىتىدۇ دېگەن پىكىرنىمۇ قۇۋۋەتلەيمەن. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۆتۈكەن قاغانلىق ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي ۋە كۆچمەنلەر دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ مۇھىمى تۇنيۇقۇق تۇغلا دەريا بويىدا ئوغۇزلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ئۆتۈكەنگە قايتىپ مەڭگۈتاش ئورناتقان. بۇ مەڭگۈتاش بولسا تۇغلا دەرياسى بويىدا»⑪.

خىردىن كېيىن روسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس مىليورانسكى كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىغا بېغىشلانغان ئەسىرىنى ئېلان قىلدى ۋە مۇنداق يازدى: «Ütükän yǐs شۇبىھىسىزكى بىر تاغنىڭ خاس نامى، ئۇ مەڭگۈتاش تېكىستىدە تۈرك قاغانلىقىنىڭ مەركىزى ياكى تۈرك قاغانىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى كۆرسەتكەن. ئومۇمەن، بۇ نام ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى بىلەن كوسوگور كۆلى ئارىلىقىدىكى جاينى كۆرسىتىدۇ»⑫.

1924 - يىلى تومسېن ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەنگەن تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇمۇ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى: «ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي تۈركلەرنىڭ مەركىزى ۋە قاغانلىرى تۇرۇشلۇق جاي جۇڭگو مەنبەلىرىدە 都斤山 ياكى 郁督军山 دېيىلىدۇ، بۇ جاينىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. بۇ جاي كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە 乌德犍山، يەنى تۈركچە ätükän دېيىلگەن جاي بىلەن بىر بولۇشى كېرەك. ئېھتىمال تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىغا يېقىن بولغان ھازىرقى ھاڭگاي تېغىنىڭ بىر بۆلىكى بولسا كېرەك»⑬.

گابائىن «قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» غا قوشۇمچە قىلىنغان سۆزلۈكتە «ئۆتۈكەن» سۆزىگە مۇنداق بىر ئىزاھ بەرگەن: «ئورخۇنغا يېقىن بولغان تاغنىڭ نامى، ھاڭگاي تېغىنىڭ بىر بۆلىكى بولسا كېرەك»⑭. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مالوۋنىڭ ئەسىرىدە بۇ نام يەر نامى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلگەن ۋە قوشۇمچە مۇنداق دېيىل-

گەن: «جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتۈكەن تېغى شىمالىي
موڭغۇلىيىدىكى ھازىرقى ھانگاي تېغىدۇر»⑮.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان
ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئورنى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئورخۇن دەريا ۋادى-
سىدا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلى-
كى، كۆپلىگەن ئالىملار ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى Ötükän نى جۇڭگو-
نىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدىكى 都斤山 ياكى 于都斤山 دەپ مۇقىم-
لاشتۇرغان بولۇپ، بۇ جاي تۈرك قاغانىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىدى.
بۇ قاراشنى قوللايدىغانلاردىن تومسېن ۋە خىردىتىن باشقا يەنە چاۋاد-
نېسمۇ بار، ئۇلاردىن كېيىن بۇ قاراشنى كۈچەيتىپ تەشەببۇس قىل-
غان كىشى فرانسىيىلىك ئۇلۇغ خەنزۇشۇناس پېللىئوت بولدى⑯.
ئۇ 1929 - يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە تىل ماتېرىياللىرى ھەققى-
دىكى ئەتراپلىق تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ: «于都斤山»
(«سۇينامە» دە 都斤 دەپ ئاتالغان) بىلەن ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى
دەل- دەرەخلەر باراقسان ئۆسىدىغان Ötükän تېغى (Otükin—yis)،
Ötükän — yis ياكى Ötükan يېرى (Ötükän—yer) نەق بىر
جاي. بۇنىڭغا قىلچە شۇبھە كەتمەيدۇ» دەپ يەكۈن چىقاردى⑰.

«ئۆتۈكەن» نىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسى مەسىلىسى بۇ تاغنىڭ
ھازىرقى ئورنىنى بېكىتىشتىنمۇ بەكرەك تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتى-
نى تارتىپ كەلدى. رادلوۋ Ötükän سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى
Ötü (Odür, Ötür) يەنى «تاللاش» ياكى «ئىلغاش» دېگەن مەنىدى-
كى سۆزدىن كەلگەن، ئۇنى «سۆيۈملۈك تاغ - ئورمان» دەپ تەرجىمە
قىلىشقا بولىدۇ. «بۇك - باراقسان تاغ ئورمانلىقى» دەپ چۈشەندۇ-
رۈشكىمۇ بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى⑱. بىراق، رادلوۋ ئۆز پىكرىدە
چىڭ تۇرالماي «ئۆتۈكەن» ئالدى بىلەن خاس نامدۇر دەپ قارىدى.
تومسېن نەقىل كەلتۈرگەن يۇقىرىقى ماقالىسىدە قازان تاتار تىلى
ۋە ساغاي- خاكاس تىلىدىكى Ötkin، Ütkin («ئۆتكۈر»، «ئىتى-

تىك» دېگەن مەنىدە) ئارقىلىق بۇ خاس نامنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

بانگ «تۈركولوگىيە خەۋەرلىرى» دە Ötükän سۆزىنى تار ئېغىزلىق جىلغا يەنى «سەپەر ئېغى» دەپ چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى⑲. بىراق، ھەقىقىي تۈردە شەرقشۇناسلارنىڭ «ئۆتۈكەن» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنى يەنىلا ۋىلادىمىرسوۋ ۋە پېللىئوتنىڭ 1929 - يىلى بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلغان مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقاتى ئىدى. ۋىلادىمىرسوۋ ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا ۋە كېيىنكى ماقالىسىدە قەدىمكى ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى Ötükän نامىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى تەڭداش شەكلى etügen، Otügen («يەر»، «مۇقەددەس يەر»، «يەر ئىلاھى») ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىرقى موڭغۇل تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە مەنىسى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بار: مەسىلەن، شەرقى خالخا تىلىدىكى etügün»⑳. ئۇ يەنە موڭغۇل تىلىدىكى «Ötügen ۋە etügen شامان ئىلاھى، ئۇ يەر ۋە يەر ئىلاھىنى كۆرسىتىدۇ. يەر بولسا ئەسلىدىنلا مۇقەددەس دەپ ئاتالغان» دېدى ۋە موڭغۇل تىلىدىكى Ötügen نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلىدى. ۋىلادىمىرسوۋنىڭ چىقارغان يەكۈنى مۇنداق بولدى: «ئورخۇن تىلىدىكى Ötüken ۋە موڭغۇل تىلىدىكى Otügen نىڭ بىرى يەر نامى، يەنە بىرى يەر ئىلاھىنىڭ نامى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شامان ئېتىقادى، شامان ئۇقۇمى ۋە شامانلارنىڭ ئاتىشى»㉑.

پېللىئوت Ötükän نامىنى باشقىچە چۈشەندۈردى. ئۇ «جۇنامە» دىن مۇنۇ باياننى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «قاغان ئۆتۈكەن ئېغىدا تۇرىدۇ. قاغاننىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىلىپ ئېچىلغان، مۇقەددەس قۇياش مۇشۇ تەرەپتىن چىقىدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق قىلىدۇ. ھەر يىلى بايلار توپلىنىپ ئەجدادلار ئۆڭكۈرىگە نەزىر قىلىدۇ. 5 -

ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تايىن دەرياسى بويىغا يىغىلىپ كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. ئۆتۈكەندىن تۆت - بەش يۈز چاقىرىم (غەربكە بەش يۈز چاقىرىم بولۇشى كېرەك) نېرىدا تاپ - تاقىر بىر تۆپىلىك بار، ئۇلار بۇ جايىنى بو - دېڭ - نىڭ - لى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ خۇاشياچە مەنىسى يەر ئىلاھى دېگەنلىكتۇر»㉒. جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدىكى بۇ خاتىرىگە ئاساسەن، پېللىئوت تۈركلەردە ئۈچ خىل مۇقەددەس جاي بار دەپ كۆرسىتىدۇ: «بىرى، ئەجدادلىرىغا نەزىر قىلغاندا توپلىنىدىغان ئۆڭكۈر؛ يەنە بىرى، تايىن دەرياسىدىكى كۆك تەڭرىسى؛ ئۈچىنچىسى، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىگە بەش يۈز چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بو — دېڭ — نىڭ — لى يەر ئىلاھى». ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بۇ جاي ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىدىن 500 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا ئۆتۈكەن تېغىدىن كېيىن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئۆتۈكەن تېغى ئېھتىمال بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى بولسا كېرەك. بو - دېڭ - نىڭ - لى (Böd—tängri?) تېغى بولسا خەتەرلىك تىك قىيا بولۇشى مۇمكىن»㉓.

پېللىئوت سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق Ötükän نامىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىدى. ئۇمۇ ۋىلادىمىرسوۋغا ئوخشاشلا موڭغۇللارنىڭ يەر ئايال ئىلاھىنى ätügän ياكى itügän دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭچە itügän XIII ئەسىردىكى دىن تارقاتقۇچىلار ۋە سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىكى ئىلاھ نامى، يەنى يوھان. پلانكاربىنىنىڭ خاتىرىسىدىكى Ytoga ۋە ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى Natigay بىلەن بىر ئىكەن㉔. پېللىئوت يەنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 113- پاراگرافىدىن نەقىل كەلتۈرگەن㉕. ئۇنىڭدا ätügän دېگەن سۆز خەنزۇچىغا «يەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ بۇنى 1362- يىلى بېسىلغان جۇڭگو موڭغۇل ئابىدىسى ۋە باشقا موڭغۇلچە ماتېرىياللاردىكى ütügän دەپ

قارىغان[26]. ئاخىرىدا پېلىئوت تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتتىكى مانىي تېكىستىدە كۆزگە چېلىقىدىغان «il—Ötükän qutii» [27] نى تىلغا ئېلىپ، بۇنى «دۆلەت تۇپرىقىنىڭ ئايال ئىلاھى»، يەنى «مىللەتنىڭ ئايال ئىلاھى» دەپ شەرھلىگەن[28]. ئاپتور بۇنىڭدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئايال ئىلاھ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان Ötükän سۆزى ئورخۇن تۈركلىرىدىكى ئايال ئىلاھ بىلەن بىر. بۇ قاراشنى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى توغرىسىدىكى تۆت توملۇق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان تۈركىيە ئالىمى ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى[29]. تۈركولوگلارنىڭ يېقىنقى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى زامان شەرقشۇناسلىقىدا مېنىڭ بىلىشىمچە يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىرەر كىشى قەدىمكى تۈركلەردىكى ئۆتۈكەن تېغى مەسىلىسىنى قايتا تەتقىق قىلىپ باقمىدى.

شۇڭا، بىز بۇ ھەقتە بىر يىغىنچاقلاش قىلىپ باقساق بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار توپلىغان ۋە تەتقىق قىلغان زور مىقداردىكى تىل ماتېرىياللىرى Ötükän نامىنىڭ مەنىسى ۋە سۆز شەكلى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى بەلگىلەشكە پايدىلىق. بۇ خاس نام قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدا، شۇنداقلا ھازىرقى موڭغۇل دىئالېكتلىرى ۋە جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدا ئوخشاشلا كۆزگە چېلىقىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى Ötükän سۆزىنىڭ قەدىمكى تۈركلەر ياشىغان جايدىكى بىر تاغنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇ جاينىڭ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانى ۋە قاغان ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي، دەپ قارالغانلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. ھازىرقى خەرىتىلەردە ئۆتۈكەن تېغى ئورخۇن رايونىغا تەۋە قىلىنىپ، ھانگاي تاغلىرىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ قويۇلغان. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان تۈركولوگىيىسىدىكى يېڭى ئەسەر (شەرقشۇناسلىقتا ئۆتۈكەن تېغى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ 50 نەچچە يىل

ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسەر) دە يەنىلا رادلوۋ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ئەكس ئەتتۈرۈلدى، يەنى ئۆتۈكەن تېغى ئورخۇن دەرياسىغا يېقىن جايدىكى تاغ، دەپ قارالدى. بۇ خاس نامنىڭ ئىچكى مەنىسى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «رايون» دەپ بېكىتىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى Ötükän نىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىيىسىگە ئالاقىدار يېڭى ماتېرىياللارنى ۋە ئۆز قارىشىمىزنى ئېلان قىلغان ۋاقىتلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر-دۇر.

## 2

بىر ئىش ئالدىنقى باياناتلىرىمىز ئۈچۈن بەكلا ئەھمىيەتلىك. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى سايان - ئالتاي رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ھازىرقى زامان تۇۋا تىلىدا قەدىمكى تۈركچە نام «ئۆتۈكەن» نىڭ تېخىچە ساقلى-نىپ كەلگەنلىكىنى بايقىغان. ئۇلار بۇ نام بىلەن تۇۋالارنىڭ غەربىي شىمالى (ھازىرقى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش لايىھىسى بويىچە دۇ-جېن ناھىيىسىگە تەۋە) دىكى بىر بۆك - باراقسان ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان تاغنى ئاتايدۇ[30]. تۇۋالارنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولغان تايرى - خورى رايونى يەنى شەرقىي تۇۋا رايونىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئاشۇ تاغنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.

ئۆتۈكەن تېغى بېيى ئېقىن دەرياسى ياكى يېنسەي دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقى-نىغا جايلاشقان. بېيى ئېقىن دەرياسىنىڭ سول تارمىقى بولغان باش ئېقىن دەرياسى مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەرلىك ئاھالە دۇجېن كۆلى ۋە پۇچا - باش كۆلىگە قويۇلىدىغان ئاجاس دەرياسىمۇ مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدۇ، دەيدۇ. بەزى خەرىتىلەردە، مەسىلەن كالتېرىسكى سىزىپ نەشر قىلدۇرغان خەرىتىدە[31] بۇ تاغ

كۆك تاغ دەپ ئاتالغان، ھازىرقى خەرىتىلەردە بولسا كۆكخوت تېغى
دېيىلگەن. بۇ جايدىن ئۆتكەن جۇغراپىيونلار ياكى سەييياھلارنىڭ ھېچ-
قايسىسى ئۇنىڭ ئەسلىي نامى ئۆتۈكەن ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى.
بۇنداق بولۇشى يەرلىك تۇۋالارنىڭ نەزىرىدە ئۆتۈكەن ئۇلۇغ تاغنىڭ
مۇقەددەس نامى، دەپ قارالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى
بويىچە بۇ تاغنىڭ ئەسلىي نامىنى ياتلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلى-
قىدىن ئىدى. سايان ئالتاي رايونىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەردىمۇ مۇ-
شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بار، بۇ ئەھۋال شۇ جايدا كەڭ
ئومۇملاشقان موڭغۇللاردىكى تاغ - ئېدىرغا چوقۇنۇش ئادىتى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك㉜. ھازىر بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يوقىلىپ
كەتتى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاغ ئانچە ئۇزۇن ئە-
مەس، چوققىسى تاقىر، ئارىلاپ ئانچە - مۇنچە دەل - دەرەخلەر ئۆس-
كەن، تىك قىيالىق - تاشلىق تاغ ئىكەن. يەرلىك تۇۋالارنىڭ ھۆكۈم
قىلىشىچە، بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا ئاتلىق چىققىلى بولىدۇ، ئۇزۇنلۇ-
قى 30 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بۇ
تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىدىغان پەقەت بىرلا يول بار، باشقا ھەرقانداق
جايدىن يامىشىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. قارىغاندا بۇ تاغ دەخلى-
تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان تەبىئىي قورغان بولسا كېرەك. بۇ تاغنى
تاغلار توپى ئوراپ تۇرىدۇ، ھەر بۆلەك تاغ- ئورمانلىقنىڭ مەخسۇس
نامى بار (يادا تاشتاغ، قىزىلتاغ، چۇرۇقتاغ).

ئاۋۋال ھازىرقى تۇۋالاردىكى «ئۆتۈكەن» گە بولغان چوقۇنۇش
توغرىسىدا توختىلايلى㉜. تاغنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ھازىر تاشلى-
نىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق يەرلىك ئاھالە بۇنى يەنىلا ناھايىتى
ياخشى چۈشىنىدىكەن. خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك تۇۋا-
لار «ئۆتۈكەن» نى «ئۇلۇغ تاغلار» قاتارىغا قويىدۇ. شامان بولۇپ
باققان سوڭچۇ (ئۇ تارى - خورى رايونىدىن) نىڭ ئېيتىشىچە،
رەڭدار بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھى
مۇقەددەس جىسىم، «ئۆتۈكەن» نىڭ چوققىسى ھەرقاچان بۇلۇتلار
دېڭىزىدا مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى قىشتا ياغقان قارلار يازدىمۇ

ئېرىمەيدۇ. ئۆتۈكەن تېغىنى قاراچۇدلارلا ئەمەس، ئۇنىڭ قوشنىلىرى-
دىن ئاق چۇدلار ھەتتا تارى- خورى رايونىدىكىلەردىنمۇ خېلى كۆپ
كىشىلەر ئۇلۇغلايدۇ. ھەر قېتىم شامانلار شامان دېيىنى چالغاندا
دائىم يۈزىنى ئۆتۈكەنگە قىلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆتۈكەن
دۇجېن ناھىيىسىدىكى شامانلارنىڭ مۇقەددەس تېغى. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ئىلگىرى تۇۋالار «تابار» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىم ئۆتكۈ-
زۈپ ئۆتۈكەن تېغىغا نەزىر قىلغانىكەن (بۇنى خاكاسلارنىڭ تاغقا
نەزىر قىلىش مۇراسىمى بولغان «تاجاخې» ياكى «تاج» بىلەن، سورلار-
نىڭ «تاس» مۇراسىمى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ) ㉝. ئۆتۈكەنگە
نەزىر قىلغاندا ئات قۇربانلىق قىلىنىدۇ، ئات يايلىغا رەڭلىك شەلپەر
تارتىلىدۇ (خاكاسلارنىڭ ئات بىلەن تاغقا نەزىر قىلىش ئادىتىگە
سېلىشتۇرۇش مۇمكىن)، سۆڭچۇ شامان يەنە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا
«ئۆتۈكەن» گە قۇربانلىق قىلىنىۋەتكەن ئاتلار قايتا تىرىلگەن، دەيدۇ.
ئۆتۈكەنگە نەزىر قىلغاندا، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە «ئاتا» بولۇپ بەخت
ۋە مەمۇرچىلىق، ئىشلىرىغا ئوتۇق تىلىشىدۇ. ئات قۇربانلىق قىلغان-
دىن سىرت يەنە كېچىسى ئۆتۈكەندىكى «خۇدا» ئۈچۈن ئۈستەل قو-
يۇپ، ئۇنىڭغا سۈت ـ قايماق، قىمىز ۋە پىششىق گۆش قاتارلىق
نەرسىلەرنى تەييارلايدۇ. تاڭ سەھەردە ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى چېدىرىغا
ئېلىپ كېتىپ يەيدۇ. ئىلاھقا نەزىر قىلىنغان بۇيۇملار ئارىسىدا
پىيازگۈل بولماسلىقى كېرەك. بۇ ئەھۋال ئۆتۈكەن تېغىغا بولغان
چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ چارۋىچىلار يەنى قەدىمكى تۈركلەر-
دىن كەلگەنلىكىنى، ئۇششاق ئوۋچىلاردىن (سامۇد ياكى جادا تىللىرى-
دا سۆزلىشىدىغان سايان- ئالتاي قەبىلىلىرى) باشلانمىغانلىقىنىڭ
دەلىلى. چۈنكى، ئۇششاق ئوۋچىلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا پىيازگۈل
يىغىپ ئوزۇق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. پىيازگۈلنىڭ قۇربان-
لىق بۇيۇمىغا ئىشلىتىلىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپات-
لايدۇ.

تارى ـ خورىدىكى ئاھالىلەر ئۆتۈكەنگە ئاتىغان قۇربانلىق بۇيۇم-
لىرىنى «پىلىك» (سوۋغات، ھەدىيە) دەپ ئاتايدۇ. تۇۋالار ئۆتۈكەن-

دە «شاننامى» ئىسىملىك خۇدا بار، دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۇنىڭ تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئېگىز بوي، ساقال - بۇرۇتلۇق، يۇمىلاق بۆك كىيگەن، پەقەت شامانلارلا ئۇلارنى كۆرەلەيدۇ. تارى - خورى رايونىدا چوڭ بولغان شامان سوڭچۇ ئۆتۈكەندىكى خۇدانىڭ «سەبىداق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ خاس نام ئەمەس، ئومۇمىي نام ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ھەممە تاغنىڭ سەبداقلىرى (ئالتايلىقلار eezi دەپ ئاتايدۇ)، دەريا - كۆللەرنىڭ «لۇس - سەبىداق» دېيىلىدىغان مۇئەككىلىرى بولارمىش. دۇجېنىدا بىز ئۆتۈكەن خۇداسى بىلەن قارا چۇد قىزىنىڭ بىرگە بولغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىنى يازدۇق: «بىر قېتىم قىزنىڭ ئاپىسى ئۇنى بۇغىلارنى ئۆتۈكەن تېغى باغرىغا ھەيدەپ بېرىشقا ئەۋەتىپتۇ. بىراق، قىز قايتىپ كەلمەپتۇ، ئىز - دېرىكمۇ بولماپتۇ. پەرىشان بولغان ئانا ئۇشتۇمتۇت چېدىرغا قويۇپ قويغان تۇلۇمدىكى سۈتنىڭ كېچىدە ئازلاپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ قايتا - قايتا ئويلىنىپ بىردىنلا كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە قىزى سۈتنى ئۆتۈكەنگە ئېلىپ كەتكەنىكەن، چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان ئىككى كىشى بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى ئۆتۈكەن باغرىدا چارۋىچىلىق قىلىپ قىزى بىلەن جەم بوپتۇ».

تۇۋالارنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا چوقۇنۇشىدىكى بەزى پەرھىزلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىپ ئۆتۈكەن تېغىغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغان، ئۇنداق قىلمىغاندا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر - يامغۇر ياغارمىش. كىشىلەر يەنە ئاتلىق ئۆتۈكەندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قىزىل كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ باستۇرۇپ قويغان، ھەتتا باش كىيىمسىز ئۆتۈكەن تېغىغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغان.

يۇقىرىقىلار گۈل - گىياھلار باراقسان ئۆتۈكەن تېغى ۋە ھازىرقى تۇۋالارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىمىزدا مۇنداقلا توپلاپ قويغان جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللاردۇر. بۇ مەسىلە بىزنىڭ تەتقىقات پىلا-

نىمىزغا كىرگۈزۈلمىگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى بىزدە ئارخېئولوگىيە-
لىك ماتېرىياللار ۋاقتىنچە كەمچىل، چۈنكى تۇۋالار رايونىدا تېخى
قېزىش خىزمىتى بولمىدى. بىراق، ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش-
لار شۇنى ئىسپادە قىلىدۇكى، قەدىمكى تۈركلەر دەۋرى (مىلادىيە
VI — IX ئەسىرلەر) دە تۇۋالارنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى (دۇجېن
رايونى) دە ئاھالىلەر نوقتىسى بولغان. بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى ساي بويلاپ كەتكەن، دىئامېتىرى 2 — 3 مېتىر كەلگۈ-
دەك ئىلاھقا نەزىر قىلىدىغان يۇملاق تاشلار، شۇنداقلا قەدىمكى
تۈركلەر نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملار (مۇقەد-
دەس دەپ قارالغان ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، ياغاچ كۆمۈر، يەرگە
قېقىلغان قوزۇقنىڭ قالدۇقلىرى) بىلەن چەكلىنىدۇ[35].

ۋافىنستېين 1952 - يىلى تارى - خورى كۆلىگە يېقىن جايدىن
تاپقان قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش (تېخى ئوقۇل-
مىدى) تۇۋالارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ياشىغانلى-
قىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى يەنى
ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان بىيى ئېقىن ۋە كا ئېقىن ۋادىسىدى-
مۇ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق چېگرىلىرى بايقالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇۋالارنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا
«ئۆتۈكەن» دەپ ئاتىلىدىغان بۇك - باراقسان ئورمانلىق تاغنىڭ
بارلىقى ۋە تۇۋالارنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى كىشىنى ئويلاندۇرۇپ قويى-
دۇ. بۇ پاكىت ئۆتۈكەن تېغى ئورخۇن ۋادىسىدا، دەپ مۇقىملاشقان
پىكىرنى تەۋرىتىدۇ، شۇنداقلا قەدىمكى تۈركلەر دەۋرىدىكى ئۆتۈكەن
تېغى بىلەن ھازىرقى ütügän نى بىر دەپ قاراشقا مەلۇم ئاساس
بولالايدۇ. ئۆتۈكەن تېغىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ يېڭى ماتېرىياللار تۇۋا-
لاردىن تېپىلغان بولغاچقا، ئۇ تېخىمۇ قىممەتلىك. كۆپچىلىككە ئايان-
كى، تۇۋالار ۋە خاكاسلار، ئالتايلىقلار، سورلار ۋە باشقا كۆپلىگەن
ھازىرقى زامان ئۇرۇق - قەبىلىلىرى كۆپىنچە قەدىمكى ئالتايلىقلار
ۋە قەدىمكى ئورخۇنلار بىلەن ئېتنىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ مەنىدىن

ئالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ مەشھۇر تۈركولوگ مالوۋ تەك-شۈرگەن تىل ماتېرىياللىرى ئەھمىيەت نۇقتىسىدىن تۆردىن ئو-رۇن ئېلىشقا تېگىشلىك㊱.

ھازىرقى تۇۋالارمۇ ئالتايلىقلار ۋە خاكاسلارغا ئوخشاش مىللىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، سايان - ئالتايدىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆز مىللەت تۈركۈمىدە ئازدۇر - كۆپتۇر قەدىمكى تۈركچە ئىسىملارنى، جۇڭگو-نىڭ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرى-ياللاردا ئىپادىلەنگەن قەدىمكى تۈركلەردىكى ماددىي مەدەنىيەت ئامىل-لىرىنى، شۇنداقلا ئورخۇن ئابىدىلىرىدە خاتىرىلەنگەن دىنىي ئەنئەنە ۋە ئىلاھ ناملىرى (يەر، سۇ، تەڭرى، ئۇماي) نى ساقلاپ كەلمەكتە㊲.

شۇڭا، تۇۋالارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر قەدىمكى تۈركچە «ئۆتۈكەن» (قە-دىمكى تۈركلەر سايان - ئالتاي رايونىدا ماكانلاشقاندىلا بۇ نام مەۋجۇت ئىدى) نامى بىلەن پاسىلى ئېنىق ئايرىلغان تاغنى ئاتىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. تۈرك قاغانى VII ئەسىردىكى مەڭگۈتاش تېكىستىدە ئورخۇنغا كۆچكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە مۇشۇ تاغنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن (تۈرك دۆلىتى مۇشۇ يەردىن گۈللەنگەن)، قاغان دەل مۇشۇ يەردىن لەشكىرىي يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى㊳.

## 3

ئەمدى سايان ئالتاي رايونىدىكى ھازىرقى تۈركىي تىللىق خەلق-لەردىن توپلىغان ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تو-رۇپ، ۋىلادىمىرسوۋ ۋە پېللىئوتنىڭ «ئۆتۈكەن» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە مۇناسىۋەتلىك پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىككى ئالىم مەتبۇئاتتا مەزمۇن جەھەتتە يېقىن كېلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

بىرىنچىدە، ۋىلادىمىرسوۋ ۋە پېللىئوتنىڭ قەدىمكى تۈركچە «ئۆ-

توكەن» نامى ۋە ئۇنىڭ تۈرك - موڭغۇل تىللىرىدىكى كېيىنكى مەزگىللەردە ھاسىل بولغان شەكلى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنى، ئايال ئىلاھ ۋە يەر ئىلاھى بولۇپ ئىپادىلەنگەن قەدىمكى تۈرك دىنى ئۇقۇملىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى ئانالىزلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، ئۇلار قەدىمكى تۈرك - رۇنىك مەڭگۈتاشلىرىدىكى يەر نامى بولغان ئۆتۈكەن ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھ - چۈشەنچە بەرمىگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە مەكتۇپلار ۋە موڭغۇل خاتىرىلىرى، شۇنداقلا رىۋايەتلىرىدە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل مىللەتنىڭ ياكى ئومۇمىي خەلقنىڭ يەر ئىلاھى نامىغا ئۆزگەرىپ كەتكەنلىكى شەرھلەنمىگەن. شۇڭا، ئاددىي ئەسىرىم «ئالتايلىقلاردىكى تاغقا چوقۇنۇش» تىن بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمەن. ئۇ ئەسىرىمدە ھازىرقى ئالتايلىقلاردىكى تاغقا چوقۇنۇش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى ئالتايلىقلار ياكى ئورخۇن تۈركلىرى بىلەن بولغان قىل سىغماس ئېتنىك مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنغان.

ئاددىي ئەسىرىمدە ھازىرقى ئالتايلىقلارنىڭ تېخى يېقىنغىچە تاغقا چوقۇنۇش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، بۇ ئادەتنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، شامان دىنىنىڭ ئۆز جايىدىكى تەبىئەت ئىلاھىغا بولغان چوقۇنۇشىدىنمۇ بالدۇرقى مەزگىللەرگە تەۋە ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. ئالتايلىقلار تاغ ئىلاھىنى yer — su دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك ئىلاھى yar — sub ياكى yir — sub بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ㊴. ئالتايلىقلاردىكى تاغقا چوقۇنۇش ناھايىتى كونكرېت بولغان، مىللەت ياكى قەبىلىلەرمۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد چوقۇنۇپ كەلگەن تاغنىڭ كونكرېت ئورنى ۋە خاس نامى بار ئىدى. كۆپلىگەن ئەمەلىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ خىل كونكرېت تاغقا بولغان چوقۇنۇش ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ مەلۇم رايونغا بولغان ئىگىدارچىلىقىنىڭ ئالتايلىقلارنىڭ ئېڭىدىكى ئىنكاسى ئىدى. ئۇرۇقداشلىق كومۇناسىدىكى يەر ئىگىدارچىلىقى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى ئىدى. بۇ خىل ئاڭ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئىدىكى، مەزكۇر رايوندىكى تاغ رىۋايەتلىرىدىكى ئەجدادلى-

رى بولغان قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ قارىلاتتى ھەمدە ئۇرۇق ياكى
جەمەت بىلەن بىرىكىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن
ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆتەلەيدىغان مۇھىم بىر يەكۈننى چىقىرىشقا بولىـ
دۇ: ناۋادا مەلۇم بىر ئۇرۇق مەلۇم بىر مۇئەييەن تاغنى مۇقەددەس
ۋە ئۇلۇغ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنسا، بۇ خىل ئەھۋال شەك ـ شۈبھىـ
سىزكى، بۇ تاغنىڭ مەزكۇر خەلقنىڭ ئۇرۇق تېررىتورىيىسىدە ئىـ
كەنلىكىنى ياكى ئۆتمۈشتە شۇنداق بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىزنىڭچە، ھازىرقى ئالتايلىقلارنىڭ تاغقا چوقۇنۇشى ھەققىدىكى
تەتقىقات نەتىجىلىرى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا بولغان
چوقۇنۇش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا پايدىلىق. كۆلتېكىن
مەڭگۈتېشىدا ئۆتۈكەن تېغى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە دۈشمەندىن
مۇداپىئەلىنىدىغان يىمىرىلمەس قورغان، دەپ قارالغان. شۇ سەۋەبـ
تىن، تۈرك قاغانى بارگاھنى مۇشۇ يەرگە تىككەن㊵. شۇڭا، قاغان
ئوردىسىنىڭ يېنىدىكى بۇ مۇھىم تاغ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ
قالغان، ئۇ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل قوۋملىرىنىڭ بايلىقى ئىـ
دى. ئۇ يەنە تۈرك قاغانىنىڭ خاس جەمەت بايلىقى بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ئۇلار بۇ يەردە ئەجدادلىرىغا نەزىر قىلغان، يەنى پېللىئوتنىڭ جۇڭگو
مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئېنىقلاپ چىققىنىدەك، كۆك ۋە يەرگە تاۋاپ
قىلغان. بۇ تاغنىڭ مۇقەددەس چوققىسى بو ـ دېڭ ـ نىڭ ـ لى
بولۇپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «يەر ئىلاھى» (ياككىنېڭ «ئىلاھى
ئەرۋاھ — دۆلەت تۇپرىقىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ» دەپ تەرجىمە قىلىـ
غان) . بۇلار ئەجەبا ئۆتۈكەن تېغى ئەڭ دەسلەپ شۇ يەردىكى تۈركلەرـ
نىڭ ئانا تېغى ۋە مەزكۇر جاينى بارگاھ قىلغان قاغانىنىڭ مۇقەددەس
تېغى بولغان دېگەنلىك بولماي نېمە؟ كېيىنچە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ
ئاساسلىق يادروسى (ئومۇمەن خان جەمەتىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن
تۇغقانلىرى) بۇ جايدىن ئايرىلىپ موڭغۇل يايلىقىدا (ئورخۇن ۋادىسىـ
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتـ
قاندا ئۆتۈكەن شەك ـ شۈبھىسىز پۈتكۈل قوۋمىنىڭ (ئومۇمىي خەلقـ
نىڭ) مۇقەددەس مۇھاپىزەتچىسى، دەپ قارالغان ۋە داۋاملىق تاۋاپ

قىلىنغان. ئەپسۇسلىنارلىقى بىز ئورخۇن تۈركلىرىدىن بىۋاسىتە ئىسپات ئالالمايمىز، چۈنكى بۇ تارماق تۈركلەر ھازىرقى مەۋجۇت مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، سەل كېيىنكى دەۋرلەردىكى باشقا ماتېرىياللاردىن يەنىلا بۇ ھەقتىكى بەزى ئىسپاتلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

تۇۋەندە سايان ـ ئالتاي رايونىدىكى ھازىرقى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە دىنىي ئەنئەنە پاكىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆزقارىشىمىزنى دەلىللەپ كۆرمەكچىمىز. بۇ خىل ئەنئەنە قەدىمكى تۈركلەردىن باشلانغان ۋە ھەممىشە ئوخشاش دىنىي فورماتسىيە ۋە شەكلىنى ئىپادە قىلغان. بۇ قەدىمكى ئەنئەنىگە مەنسۇپ بولغانلىرىدىن ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ۋە ئالتايلىقلار، خاكاسلار، سورلار، تۇۋالاردا تارقىلىپ يۈرگەن يەر ئىلاھى ۋە ئايال ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن باشقا يەنە ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئېنىق خاتىرىلەنگەن كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشمۇ بار. قەدىمكى تۈركلەر تاغ ۋە سۇغا چوقۇنغان، شۇنداقلا تەڭرى ئېتىقادى تاكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىغىچە ساقلىنىپ قالغان، بولۇپمۇ خاكاسلارنىڭ تارمىقى بولغان (ساغايلار، بەلچىرلار ۋە كاچىنلار) لاردا تولىمۇ گەۋدىلىك بولدى. شۇڭا، زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن كۆپلىگەن ئەنئەنىۋى دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە تەلىماتلار، ئالتاي ـ سايان رايونىدىكى ھازىرقى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى ۋە يوسۇنلىرىنىڭ قەدىمكى تۈركلەر دەۋرىدىكى يىلتىزىدىن بىخلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پۇتونلەي يول قويالايدۇ، يەنە كېلىپ بۇلار قەدىمكى تۈركلەردىكى ئۆتۈكەن تېغىغا بولغان تاۋاپ ۋە نەزىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى.

قايتۇرما سېلىشتۇرمىچىلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مىللەتشۇناسلىق تەھلىل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكىدەك قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ: يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىنى ئورخۇن تۈركلىرى داۋاملىق مۇقەددەس بىلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرغان، چۈنكى باشقا يات جايلارغا كۆچۈپ

كەتكەن بولىسمۇ، ئۆز قوۋمىنىڭ ئىلاھى ياكى قوغدىغۇچى ئىلاھىنى چۆرۈۋېتىشكە بولمايتتى. بۇ نۇقتىنى ئالتايلىقلاردىكى مۇناسىپ ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ئۇلار ھەمىشە كۆچۈپ تۇرىدىغان ئەھۋالدا ئانا ماكانىدىكى مۇقەددەس تاغنى داۋاملىق ھالدا ئۆز ئۇرۇقىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى دەپ قارىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلىپ تۇرغان. ھازىرقى خاكاس ساغايلىرى سورلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى تاغلىق سورى (توغرىسى مۇراس دەرياسى ۋە كاڭدۇغ ۋادىسى) دىن ئاباكان ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن㊶. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بىر قىسىم پاكىتلارنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. كېبى ئۇرۇقىدىن بولغان ساغايلار ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئىمچىق قاراسۇ جىلغا رايونىدا يەنى ئىمچىق - تاغ ئېدىرلىقىدا ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك يازلىق تاغ نەزىرى (tag — taih) ئۆتكۈزۈپ، تەڭرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەخت ۋە ئامانلىق ئاتا قىلىشىنى، ئۇۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقىغا بەرىكەت ياغدۇرۇشىنى تىلەيدۇ. نەزىر رىياسەتچىلىرى ئىككى نەپەر شامان ۋە بىرنەچچە مۆتىۋەردىن تەشكىللىنىدۇ.

تاغقا نەزىر قىلىشتىكى مەقسەت قۇربانلىقنى كېبى ئۇرۇقىنىڭ ئانا تېغى قارا تاغقا بېغىشلاش ئىدى. مەزكۇر تاغ مۇراس دەريا ۋادىسىدىكى تاغلىق رايون سورىدىكى نەزىر مەيدانىدىن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم نېرىدا ئىدى. سورىغا بېرىشتىكى يول يىراق بولغاچقا، ئىككى نەپەر شامان نۆۋەتلىشىپ ئىش قىلاتتى. قىزىق بولغىنى ئانا تاغدىكى ئىلاھىي نەزىردە سۈت تۇرىدىكى بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىشى مەنئىي قىلىناتتى. بۇ ئەھۋال كېبىلار قارا تاغقا چوقۇنۇشنى باشلىغاندا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان مۇراس ۋادىسىدا ئەزەلدىن سۈت چارۋىلىرى بېقىلمىغانلىقنى ۋە بۇگۈنگە قەدەر نۇرغۇن بوغۇنلارنىڭ سۈت تەمىنى تېتىپ كۆرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كېبى ئۇرۇقىدىكى شامانلار ئانا تېغى قارا تاغدىن ئىلاھىي ۋەزىپە ۋە خاسىيەتلىك داپ قوبۇل قىلىدىكەن. دەل مۇشۇ قارا تاغ شامانلارغا نەزىردىكى ئىمتىيازىنى ۋە ئۆمۈر بويى ئىشلىتىدىغان خاسىيەتلىك داپنىڭ سانىنى ھەدىيە

قىلىپ، شامانلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ياشاش چېكىنى بەلگىلەپ بېرىدىكەن، شامانلار نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرى يەنى كېيىم ئۇرۇقىدىكى مەلۇم ئائىلىنىڭ ئېتىنى ئىلاھقا تەقدىم قىلغاندا بۇ ئاتنىڭ روھىنى سورىغا ئېلىپ بېرىپ ئانا تاغ بولغان قارا تاغقا تەقدىم قىلىدىكەن، ئانا تاغ بولسا بۇ نەزىر بۇيۇملىرىنى ئېلىۋالىدىكەن.

كارگ ئۇرۇقىدىكى سايانلىقلارمۇ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تاغقا نەزىر قىلىش ئۈچۈن تايىي دەرياسىنىڭ (ئاباگان دەرياسى) يۇقىرى ئېقىنىغا توپلىنىدۇ. بۇ خىل قوۋم نەزىرىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى سورىدىكى مۇراس دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان ئانا تاغ بادىن تاغنى تاۋاپ قىلىش ئىدى. نەزىر بۇيۇملىرىدىن مۇسەللەس، ئارپېرىت هارىقى (ئارپىدىن ئېچىتىلىدىغان ئۆي پىۋىسى)، گۆش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ سۈت تۇرىدىكى نەرسىلەردىن تاغقا نەزىر ۋە سوۋغات بۇيۇملىرى ياساش مەنئى قىلىنغان. نەزىر مەيدانىدىن ئانا تاغقىچە بولغان يول يىراق بولغاچقا، كارگلارمۇ ئىككى نەپەر شامان باخشىنى ئىش بېجىرىشكە چىقارغان. كارگنىڭ شامانلىرى كېيىن ئۇرۇقنىڭ شامانلىرى قارا تاغقا نەزىر قىلغانغا ئوخشاش بادىن تېغىغا تايانغان. ئوخشاش تۇردىكى ماتېرىيالنى سور جەمەتىدىكى ساغايلار ئارىسىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلار تايىي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تېلېڭگې قىر ۋادىسىدا ئانا تاغقا نەزىر قىلىدۇ ۋە شامانلار ئارقىلىق سورىدىكى كوڭدام دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان دېرېس دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىكى مۇز تاغدا تاۋاپ قىلىدۇ[42].

يۇقىرىقى هەرقايسى بۆلەك بايانلارنى ۋە سايان - ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قەدىمكى تۈركلەردىكى دىنىي ئەنئەنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، نېمە ئۈچۈن قەدىمكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى بولغان مۇقەددەس تاغ ئۆتۈكەننىڭ موڭغۇلىيىگە كۆچكەن قەدىمكى تۈرك قەبىلە - ئۇرۇقلىرىنىڭ داۋاملىق تاۋاپ قىلىشىغا سازاۋەر بولالىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك سەۋەبلەر چىقىدۇ. بۇ يەردىكى يېڭى جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ئاھالىلەر يېنىسەي

دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدىن ناھايىتى يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان ئۆتۈكەن تېغى بارا - بارا كونكرېت تاغ بولۇشتىن قېلىپ، پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ ئابستراكت يەر ئىلاھى بولۇپ قالغان. بۇ تاغقا بولغان چوقۇنۇش ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى تۈركىي قەبىلە-ئۇرۇقلىرىنىڭ بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى، ئورتاق تىل، مەدەنىيەت، رايون ئوخشاشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە بىپايان - ئالتاي تاغلىق رايونىدىكى ئەسلىي قوۋمىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان ۋە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس ئانا تېغى بولغان كونكرېت تاغ ئۆتۈكەننىڭ نامىنىڭ قايسى يوللار ئارقىلىق پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ ئابستراكت «يەر ئىلاھى» نىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ۋىلادىمىرسوۋ ۋە پېللىئوتنىڭ ئەسەرلىرىدىن كىشىلەر «ئۆتۈكەن» نىڭ ھەم قەدىمكى ئورخۇن تۈركلىرىنىڭ يەر ئىلاھى، ھەم موڭغۇللارنىڭ يەر ئىلاھى ئىكەنلىكىنى بىلدى. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىمۇ ئەلۋەتتە قىياس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاساسلىق سەۋەبى ئېھتىمال موڭغۇل تىلىدىكىلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم تۈرك قەبىلە - ئۇرۇقلىرىنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. ھەرقايسى قەدىمكى تۈرك قەبىلە - ئۇرۇقلىرى موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشسىمۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئامىللىرىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى دىنىي خۇراپاتلىق ۋە كونا ئادەتلىرىنى موڭغۇللارغا ئېلىپ كىرگەن. ھالبۇكى، بۇ ئادەتلەرنىڭ مەنبەسى تۈركلەر ئىكەنلىكى ئۇنتۇپ كېتىلگەن. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن «ئۆتۈكەن» نامى مەلۇم تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ياساپ موڭغۇللارغا تارقالغان، يەنە كېلىپ بۇ موڭغۇل تىلىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا تۈرك تىلىدىكى مەنىسى بويىچە چۈشىنىلگەن ۋە «يەرنىڭ ئايال ئىلاھى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. سايان بويىدىكى بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالغان قەبىلە -

ئۇرۇقلار هازىرقى تۇۋالارنىڭ يىراق تارماقلىرى بولۇپ، ئۇلار يەنىلا ئوخشاش خاس نام بويىچە بۇ مۇقەددەس تاغقا نەزىر قىلغان ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىپ تۇرغان. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بىر نۇقتا ناھايىتى قىزىقارلىق: باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان (سامود تىلىدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇرۇق - قەبىلىلەرمۇ ئۆتۈكەنگە چوقۇنغان. چۈنكى، ئۇلار تۈرك تىلى مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە تۈركلەرگە سىڭىشىپ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولغان ۋە هازىرقى تۇۋالارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. بۇ نۇقتىنى دۇجىن رايونىدىكى تۇۋالارنىڭ بەزى ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ ئۆتۈكەن «خۇداسى» غا بولغان ئاتاق نامىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاق چۇدلار ۋە قارا چۇدلار ئۆتۈكەن «خۇداسى» نى «شىيانىنامى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بۆلىكى شامان («شام» ياكى «كام») نى كۆرسەتسە، ئىككىنچى بوغۇمى تەبىئىي رەۋىشتە شامۇدلارنىڭ خۇداسى نۇمانى بىلدۈرىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردىكى ئەھۋال موڭغۇللاردىكىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. قەدىمكى تۈركلەر «يەر ئىلاھى» دېگەن مەنىدىكى خاس نام «ئۆتۈكەن» نى بۇ خەلقلەرگە تارقاتقان، هازىرقى تۇۋالارغا تەۋە بولغان شامۇد تىلىدىكى قەبىلىلەر يەنىلا ئۆز خۇداسى بولغان نۇماغا بولغان سېغىنىشىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ سېغىنىش تۈركلەردىكى مۇقەددەس تاغ ئۆتۈكەن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى تۈركچە يەر نامى «ئۆتۈكەن» توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى بىر نۇقتىغا ئېتىبار بېرىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز: مەزكۇر مەسىلە بىلەن ئالاقىدار يېڭى ئىسپات ۋە چۈشەنچىلەر ئىشەنچلىك ۋە قايىل قىلارلىق بولسا ئۇ ھالدا سايان - ئالتاي رايونىدىكى هازىرقى قەبىلىلەر (تۇۋالارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئورخۇن ئابىدىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا مىللەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت دەيدىغان يەكۈن بىر ئىسپاتقا ئېرىشىدۇ.

ئىزاھلار

① مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 1951 - يىل نەشرى. بۇ

كىتابتا ھەرقايسى مەڭگۈتاشلارنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىشىغا دائىر تەپسىلىي كاتالوگ بار: بېرنشتام «VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن - يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى»، 1946- يىل نەشرى.

② گ. رامىستېد: «شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر - رۇنىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈتاش»، «فىن - ئوگۇر جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 1913 - يىل قايتا بىكىتىلگەن تەرجىمىسىگە قاراڭ: رامىستېد: «سېلىنگا مەڭگۈتېشىنىڭ يەشمىسى ۋە ئىزاھ»، ساينت پېتىربۇرگ. 1914- يىل نەشرى، 40 — 47- بەتلەر.

③ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئەنقەرە، 1939 - 1943، I توم 138- بەت؛ گ. بروككېلمان: «ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك تىلى سۆزلۈكى»، بۇداپېشت - لېيپزىگ 1928- يىل نەشرى، I توم، 246 - بەت.

④ راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ»، I توم، 1 - كىتاب، 1952 - يىل نەشرى، 127 — 147 - بەتلەر.

⑤ ۋ. رادلوۋ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلار»، ساينت-پېتىربۇرگ. 1895 - يىل نەشرى، 211 - بەت.

⑥ ۋ. تومسېن: «ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، 1896 - يىل نەشرى، 152 - بەت.

⑦ پارك: «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، شاڭخەي، 1895- يىل نەشرى.

⑧ ۋ. بارتولد: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىنىڭ تارىخىغا باھا»؛ ۋ. رادلوۋ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلار»، 1897- يىل نەشرى، 25 — 26 - بەتلەر. بارتولد «قىرغىزلار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتۈكەن — ئورخۇن ئابىدىلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان تاغنى كۆرسىتىدۇ (مەڭگۈتاش ئاپتورى بۇ تۈركلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئانا ۋەتىنى بولۇپ، قانغاي تېغى بولۇشى مۇمكىن، دېگەندىن بېشارەت بېرىدۇ.)».

⑨ گ. شېلېگېل: «قارا بالغاسۇندىكى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە يېزىقتىكى مەڭگۈتاش»، 1896 - يىل نەشرى، 20 - بەت.

⑩ ۋ. رادلوۋ: «قۇتادغۇ بىلىك»، ساينت - پېتىربۇرگ 1891 — 1910- يىللىرى نەشرى.

⑪ ف. خىرد: «‹تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى› غا ئىزاھ»، ۋ. رادلوۋ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 1899- يىل نەشرى، 2-

نەشرى، 33 — 34 ـ بەتلەر.

⑫ مېليورانسكى: «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»، — «روسىيە ئارخېئولو-
گىيە جەمئىيىتىنىڭ شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى مەجمۇئەسى» 12- توپلام، ساينت-
پېتېربۇرگ، 1899 ـ يىل نەشرى، 84 ـ بەت.

⑬ ۋ. تومسېن: «موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلار»، لېي-
پېزىگ، 1924 ـ يىل نەشرى، 123 ـ بەت.

⑭ ئا. گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى»، لېيپېزىگ،
1950 ـ يىل نەشرى، 324 ـ بەت.

⑮ مالوۋ: يۇقىرىقى ئەسەر، 408 ـ بەت.

⑯ چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»،
جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1958 ـ يىل نەشرى، 19 ـ، 97 ـ بەتلەر؛ پېللىئوت:
«ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت ۋە
جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمىلەر مەج-
مۇئەسى»، 5 ـ توپلام، 120 — 126 ـ بەتلەر.

⑰ پېللىئوت: يۇقىرىقى ماقالە، 124 ـ بەت.

⑱ ۋ. رادلوۋ: «موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلار»، 1894-
يىل نەشرى، 100 ـ بەت.

⑲ ۋ. بانگ: «بېرلىن ۋېنگرىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تۈركولوگىيە خەۋەرلە-
رى»، بېرلىن، 1925 ـ يىل نەشرى، 4- سان، 250 ـ بەت.

⑳ ۋلادېمىرسوۋ: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆتۈكەن تېغى توغرىسىدا»،
«سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دوكلاتلار توپلىمى»، B توپلام، 1929-
يىل 7 ـ سان، 133 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى ئەسەر، 135 ـ بەت.

㉒ پېللىئوت: يۇقىرىقى ماقالە، 121 ـ بەت.

㉓ پېللىئوت: يۇقىرىقى ماقالە 125 ـ بەت.

㉔ يوھان. پلانكارپىن: «موڭغۇل تارىخى» ساينت، پېتېربۇرگ، 1911- يىل
روسچە تەرجىمە نەشرى، 10 ـ بەت: «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»، لېنىنگ-
راد، 1940 ـ يىل نەشرى، 63 ـ، 117 ـ بەتلەر.

㉕ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»، I توم، 1941 ـ يىل
نەشرى، 105 ـ بەت، ئۇنىڭدا «جاساق» مەزمۇنى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن
چىڭگىزخاننىڭ سۆزلىرى «ئانىمىز ئۇلۇغ يەر ئۆتۈكەن» دەك ئۇلۇغ دەپ

تەرىپلەنگەن.

㉖ ف. كېلۋىس: «ھىندى شاھزادىسى خاتىرىسىگە تىكلەنگەن1362- يىلى- دىكى جۇڭگو- موڭغۇلىيە مەڭگۈتېشى» «خارۋاد ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 12- جىلد، 1 ـ سان، 1949 ـ يىل نەشرى.

㉗ لېكوك: «قوچۇدىكى تۈركچە مانىي تېكىستلىرى»، Ⅱ توم، بېرلىن، 1922 ـ يىل نەشرى، 34 ـ بەت.

㉘ پېللىئوت: يۇقىرىقى ماقالە 126 ـ بەت؛ ئا. گابائىن: يۇقىرىقى كىتاب، 324 ـ بەت (بۇ كىتابنىڭ سۆزلۈكلەر قىسمىدا il — ötükän — quti نىڭ مەنىسى ئاساسەن پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ «ئايال ئىلاھ ـ يەر ئىلاھى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن).

㉙ ھ. ن. ئورخۇن: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» I — Ⅳ توملار، ئىستانبۇل، 1936 — 1941- بەتلەر، ئورخۇن Ⅳ تومنىڭ 4 — 5- بەتلىرىدە پېللىئوتنىڭ پىكرىنى بايان قىلىدۇ، I تومنىڭ 74 ـ بېتىدىكى ئىزاھتا پېللىئوت ۋە ۋىلادىمىرسوۋنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

㉚ تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار: مەزكۇر ماقالە ئاپتورى (تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، ئىنسانشۇناس پ. ن. لېۋىن، ئېتنوگراف ئې. د. پولوكىېۋ، ئارخېئولوگ ئا. د. گىراچ ۋە ئېتنوگراف پ. ئى. كارارىكىن.

㉛ كالتېرىس: «سىرلىق موڭغۇلىيە»، I توم، «ئۇرانخاي رايونى»، 1914 ـ يىل نەشرى.

㉜ پوتاپوۋ: «ئالتايلىقلارنىڭ تاغقا چوقۇنۇشى»، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1946 ـ يىللىق 2 ـ سان. مۇرزايېۋ: «دارىخانىدىكى جۇدۇر يانار تېغى»، «جۇغراپىيە» XⅡ توم، 2 ـ كىتاب، 1948 ـ يىل نەشرى.

㉝ دۇجېن رايونى ۋە تارى ـ خورى رايونىدىكى ئۆتكەنگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇغۇچۇم ۋە خىزمەتدىشىم بولغان كارارىكىن مېنىڭ پىكرىم ۋە لايىھەم بويىچە توپلىغان، ئۇ كوماند مىللىتىدىن.

㉞ ساغايلار ۋە سورلاردىكى تاغقا تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ھەققىدە: پوتاپوۋنىڭ: «ساغايلارنىڭ مىللەت تەركىبى»، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1947 ـ يىل نەشرى، 3 ـ سانىغا قاراڭ.

㉟ گىراچنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن.

㊱ مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 1951 ـ يىل نەشرى؛ «تۈركلەرنىڭ يېنىسەي ئابىدىلىرى»، 1952 ـ يىل نەشرى؛ «قەدىمكى ۋە

يېقىنقى زامان تۈركىي تىللار»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دوكلاتى» (ئەدەبىيات ـ تىل قىسمى)، 1952ـ يىل نەشرى، XI توم 2ـ قىسىم؛ باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى»، يۇـ قىرىقى ژۇرنال.

㊲ پوتاپوۋ: «ئالتايلىقلار تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 1953 ـ يىل نەشرى.

㊳ مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 34 ـ بەت.

㊴ مېليورانسكى: يۇقىرىقى ماقالە، 66 ـ بەت؛ مالوۋ: « قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى»، 388 ـ بەت.

㊵ مېليورانسكى: يۇقىرىقى ماقالە، 60 — 61ـ، 86 — 87 ـ بەتلەر.

㊶ ㊷ پوتاپوۋ: «ساغايلارنىڭ مىللەت تەركىبى»، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1947 ـ يىل نەشرى، 3 ـ سان (ئەسلىي ماقالە «سوۋېت شەرقشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1957ـ يىللىق 1ـ سانىغا بېسىلغان).

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

### 1. مەنبەلەر، ئابىدىلەر ۋە ۋەسىقىلەر

«قانونلار قامۇسى» جۇڭگو كىتابخانىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى.

«يېڭى تاڭنامە» جۇڭگو كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«كىتابخانىلار جەۋھىرى» جۇڭگو كىتابخانىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى.

«تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» جۇڭگو كىتابخانىسى تىزىپ باسقان نۇسخا.

«تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» جۇڭگو كىتابخانىسى تىزىپ باسقان نۇسخا.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى» جۇڭگو كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«〈تاڭ بايانلىرى〉غا تۇزىتىش» جۇڭگو كىتابخانىسى نۇسخىسى.

«تاڭ نەزمىلىرى» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى فاكسىمىل نۇسخىسى.

«ئەن لۇشەن ھەققىدە خاتىرە» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى.

«تاڭ دەۋرىدىكى قەبرە پۈتۈكلەر توپلىمى» (2 - قىسىم) شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى.

«تۇرپان ۋەسىقىلىرى» (1 — 10 - قىسىم) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى.

«بۇخارا تارىخى» كامبرىج 1954 - يىل.

«قەدىمكى مىللەتلەر يىلنامىسى» لوندون، 1879 - يىل، «موغ

تېغىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەر» I ، I ، II توم، موسكۋا، 1962 ـ يىل.
«قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1951 ـ يىل.
«يېنسەيدىكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى» موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1952 ـ يىل.
«موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈتاشلىرى» موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1959 ـ يىل.

## 2 . كىتابلار

چاۋاننېس: «غەربى تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» شاڭخۇ نەشرىياتى، 1935 ـ يىل.
سېن جۇڭمىيەن: «〈غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى〉» غا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 ـ يىل.
سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ( 1 — 2 ـ قىسىم) ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 ـ يىل.
فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇئەسى» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1957 ـ يىل.
فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە ماقالىلەر مەجمۇ ـ ئەسى» I — II ـ توم، شاڭخۇ نەشرىياتى 1995 ـ يىل.
چېن يىنكې: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.
چېن يىنكې: «جىن ـ مىڭ سارىيى خاتىرىلىرىدىن 1 ـ بايان» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل.
چېن يىنكې: «جىن ـ مىڭ سارىيى خاتىرىلىرىدىن 2 ـ بايان» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

شىراتورى كراكوچى: «كانگىيە ۋە سوغدىيانا ھەققىدە تەتقىقات» شاڭخۇ نەشرىياتى، 1936 ـ يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، شىيالڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» سەنلىيەن كىتابخانىسى، 979 ـ يىل.
جى شيەنلىن: «جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1982 ـ يىل.
جى شيەنلىن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى›، گە ئىزاھ» جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1985 ـ يىل.
جۇ ليەنكۇەن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى›، دىكى تارىخىي جۇغراپىيىلىك ناملار ھەققىدە تەتقىقات» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1984 ـ يىل.
رافېير: «جۇڭگو ۋە ئىران» شاڭخۇ نەشرىياتى، 1964 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
شافېر: «تاڭ دەۋرىدىكى سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
ياڭ ۋېيىۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غوز فامىلىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىل.
خەن رۇلىن: «چېدىر خاتىرىلىرى» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.
«فېڭ جياشېڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1987 ـ يىل.
«جاڭ جۈن ئەسەرلىرى» دېڭىز- ئوكيان نەشرىياتى، 1986- يىل.
رېن بەنتاڭ: «تاڭ ئويۇنلىرى» (ئىككى قىسىم) شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.
جۇ يىلياڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى مىزوڭ» شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
ۋاڭ يوڭشىڭ: «تاڭ دەۋرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى غەربىي

شىمال ھەربىي ئىشلىرى ھەققىدە تەتقىقات» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

شيې خەيپىڭ: «تاڭ دەۋرىدە جۇڭگودا تۇرۇپ قالغان چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن بايان» تەيۋەن شاڭۇۋ نەشرىياتى، 1978- يىل.

جاڭ گۇاڭدا: «غەربىي يۇرت تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقاتلاردىن دەسلەپكى توپلام» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

رۇڭ شىنجياڭ: «بەيئەتچى قوشۇن تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل.

جېڭ بىڭلىن: «دۇنخۇاڭ بەيئەتچى قوشۇنىنىڭ تارىخى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات» لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

«خۇاڭ ۋېنبىننىڭ تارىخ - ئارخېئولوگىيىگە دائىر ماقالىلىرى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

لوفېڭ: «گۇيۈەننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى سۇي ـ تاڭ دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەر» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1996- يىل.

ماتسۇدا سومىئو: «قەدىمكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ناگاساۋا كازۇتوشى: «يىپەك يولى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل.

بورنوۋا: «يىپەك يولى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982- يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ئەلى. ماجىالى: «يىپەك يولى — جۇڭگو بىلەن پېرسىيىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

چاڭ رېنشيا: «يىپەك يولى ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيەت سەنئىتى» شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

جياڭ بوچىن: «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان ۋەسىقىلىرى ۋە يىپەك يولى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

جياڭ بوچىن: «دۆنخۇاڭ سەنئىتى، دىن ۋە نەغمە ـ ناۋا مەدەنىيىتى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل.
ۋاڭ بو، چى شياۋشەن: «يىپەك يولىدىكى يايلاق بالبالىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل.
بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل تەرجىمە نەشرى.
كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك مەڭگۈ تاشلىرى» خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
ۋىلادىمىرسوۋ: «موڭغۇللارنىڭ جەمئىيەت تەشكىلى تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
ستاۋىيسكى: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى» شەنشى ساياھەت نەشرىياتى 1992 ـ يىل تەرجىمە نەشرى، «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللارغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل.
گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرىدىن ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.
ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1975 ـ يىل.
لىن ئېنشيەن: «تۈركلەر ھەققىدە تەتقىقات» تەيۋەن شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1988 ـ يىل.
لىن گەن تۈزگەن: «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» (ئىككى قىسىم) جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1987ـ يىل.
لىن گەن: «تۈرك تارىخى» ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل.
شۆزۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل.
لىن ۋۇشۇ: «پېرسىيە زوروئاستېر دىنى ۋە قەدىمكى جۇڭگو»

يېڭى ۋېنفېڭ نەشرىيات شىركىتى، 1995 ـ يىل.
لىن ۋۇشۇ: «مانىي دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە تارقىلىشى» شۇشىن نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.
لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.
جاڭ يىچۈەن: «‹سەپەر خاتىرىلىرى› گە ئىزاھ» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1963 ـ يىل.
جاڭ يى: «‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى› گە ئىزاھ» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1994 ـ يىل.
سۇن جى: «جۇڭگودىكى مۇقەددەس ئوت» لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1996 ـ يىل.
ۋاڭ شياۋفۇ: «تاڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىل.
يۇتەيشەن: «ساك تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل.
ۋ. ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»— «بارتولد ئەسەرلىرى» I توم، موسكۋا 1963 ـ يىل.
ئا. ن. بېرنشتام: «VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن- يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1946 ـ يىل.
ئا. م. بېلىنىسكىي: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى» لېنىنگراد، 1973 ـ يىل.
ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكى: «قەدىمكى پەنجىكەنت رەسىملىرى» موسكۋا، 1954 ـ يىل.
ل. ن. گۇمىلېۋ: «قەدىمكى تۈركلەر» موسكۋا 1967 ـ يىل.
ل. ئى. ئالبائۇم: «بالىلىق تۆپە» تاشكەنت 1960 ـ يىل.
ۋ. ئا. شىشكىن: «باراخ شاھ» موسكۋا 1963 ـ يىل.
ئو. ئى. سمىرنوۋا: «پەنجىكەنت شەھىرىدىن تېپىلغان تەڭگىلەر كاتولوگى» موسكۋا، 1963 ـ يىل.

ئا. د. گراچ: «تۇۋادىكى قەدىمكى تۈرك ئويما ھەيكەللىرى» موسكۋا، 1961 ـ يىل.

يۇ. س. خۇدياكوۋ: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى جەنۇبىي سىبىرىيە مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى» نوۋوسىبىرسك 1986 ـ يىل.

ن. ئا. ئالېكسېيېۋ: «سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە شامانىزم» نوۋوسىبىرسك، 1984 ـ يىل.

ل. بازىن: «شەرقىي تۈركلەرگە دائىر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار» I — III توم، ۋېسبادېن، 1958 ـ يىل.

ل. بازىن: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ كالېندارچىلىقى» 1974 ـ يىل.

ۋ. ب. خېننىڭ: «تاللانما ئەسەرلەر» I — II توم، لېيىدېن، 1977 ـ يىل.

مورى ماسائو: «قەدىمكى تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» I توم، شەنچۇەن نەشرىياتى، 1967 ـ يىل.

ئى. گېرشېۋىچ: «مانىي سوغدى تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» ئوكسفورد، 1954 ـ يىل.

ت. تېكىن: «ئورخۇن تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى»، 1968ـ يىل.

پ. پېللىئوت: «ماركوپولوغا ئىزاھ» I ، II ، III توم، پارىژ، 1959 — 1973 ـ يىللىرى.

## 3 . ماقالىلەر

ۋاڭ گوۋېي: «غەربىي غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات» — «گۇەنتاڭ توپلىمى» 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1959ـ يىل، 606 — 620 ـ بەتلەر.

لۇسىميەن: «غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات» — «لۇسىميەننىڭ تا-

رىخ ئوقۇش خاتىرىسى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل، 1177 — 1194 ـ بەتلەر.

لۇجاۋيىن: «خې ۋېيجىننىڭ قەبرە پۈتۈكى ھەققىدە تەتقىقات» — «ئارخېئولوگىيە»، 1986ـ يىللىق 9ـ سان، 841— 848 ـ بەتلەر.

يەن ۋېنرۇ: «تاڭ دەۋرىدىكى مى خېنىڭ قەبرە پۈتۈكى ھەققىدە تەتقىقات» — «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان، 154 — 160 ـ بەتلەر.

لى خۇبىڭ: «تاڭ دەۋرى قەبرە پۈتۈكلىرىدىكى توققۇز جاۋۇپ سوغدىلىرى» — «يادىكارلىقلار» 1997ـ يىللىق 1ـ سان، 121 — 134 ـ بەتلەر.

لىن مېيسۇن: «جۇڭگو تەۋەسىدىن تېپىلغان پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزىقلىق كۈمۈش بۇيۇملىرى» — «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1997 ـ يىللىق 9 ـ سان، 55 — 65 ـ بەتلەر.

چى دۇڭخاڭ، جاڭ جىڭ: «تاڭ دەۋرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» — «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994ـ يىللىق 2ـ سان، 173 — 189 ـ بەتلەر.

لۇ چىڭفۇ: «تاڭ ـ سۇڭ دەۋرلىرىدىكى دۇنخۇاڭ سوغدىلىرىنىڭ خەنزۇلىششى» — «تارىخ تەتقىقاتى» 1996 ـ يىللىق 6 ـ سان، 25 — 34 ـ بەتلەر.

رۇڭ شىنجياڭ: «قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى سوغدى كۆچمەنلىرى» — «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان، 8 — 15 بەتلەر.

رۇڭ شىنجياڭ: «زوروئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان دەۋرى ھەققىدە تەتقىقات» — «دۆلەت ئىلمى تەتقىقاتى» 3 ـ جىلد، 335 — 353 ـ بەتلەر.

رۇي چۇەنمىڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى غۇز مەيپۇرۇشلىرى ھەققىدە بايان» — «شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان، 159 — 165 ـ بەتلەر.

ماشياۋچۇ: «VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى سوغدىلار ـ مۇغ تېغىـ
دىن تېپىلغان بىر قانچە ۋەسىقە توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئوتتۇرا ئاسىـ
يا ئىلمىي ژۇرنىلى» 3 ـ سان، 109 — 138 ـ بەتلەر.

ۋۇيۇگوۋي: «لياڭجۇ سوغدىلىرىدىكى 安 جەمەتى ھەققىدە تەتقىـ
قات» — «تاڭ سۇلالىسى تەتقىقاتى» III توم، 295 — 336ـ بەتلەر.

چى تيەنۋېن: «VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى دۇنـ
خۇاڭدىكى سوغدى مەھەللىلىرى» — «ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ جوڭگو
تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما» IX توم، جوڭخۇا
كىتابخانىسى، 1993 ـ يىل، 140 — 220 ـ بەتلەر.

خەن پۇ: «VI — VIII ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاـ
دى»، «ئەدەبىيات ـ تارىخ» 19 ـ كىتاب، 191 — 209 ـ بەتلەر.

موربباسۇ تاكائو: «تۈركلەردىكى بۇددىزم ۋە قەدىمكى تۈركچە
بۇددا نوملىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى» — «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇـ
ئەسى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان، 135 — 114 ـ بەتلەر.

بازىن: «موڭغۇلىيە بۆگۈتېشىدىكى تۈركلەر ۋە سوغدىـ
لار» — «مىللەتلەرگە ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» 1987 ـ
يىللىق 5 ـ سان، 48 — 52 ـ بەتلەر.

ئا. ن. كونونوۋ: «تۈرك نامى ھەققىدە» — «سوۋېت ئېتنوگـ
رافىيىسى» 1949 ـ يىللىق 2 ـ سان، 40 — 47 ـ بەتلەر.

ئا. ن. بېرنشتام: «خۇي چاۋنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە تۈركلەر» — «قەدىمكى زامان تارىخى ژۇرنىلى» 1952ـ
يىللىق 1 ـ سان، 187 — 195 ـ بەتلەر.

يۇ. ئا. زۇيېۋ: «ۋاسسال كىنەزلىكلەر ئاتلىرىدىكى تامغىلار»
1960 ـ يىل، 93 — 140 ـ بەتلەر.

ئو. ئى. سمىرنوۋا: «712 ـ يىلىدىكى سەمەرقەنت سۇلھىسى
ھەققىدە» 1960 ـ يىل، 69 — 79 ـ بەتلەر.

ب. يا. ستاۋىيسكى: «V — VIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىياـ
نىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرى» 1960ـ يىل، 108 — 118ـ بەتلەر.

ئا. م. بېلنىسكىي: «پەنجىكەنت سەنئىتىدىن VII — VIII

ئەسىرلەردىكى سوغدىلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر» — «ئوتتۇرا ئا-
سىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» موسكۋا، 1976 - يىللىق
1 - سان.
ن. ۋ. دىياكونوۋا: «سوغدىلارنىڭ نەزىر ئەھۋالى توغرىسىدا»—
«سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1967 - يىللىق 1 - سان.
ۋ. ن. پىلپكو: «ئوتتۇرا ئامۇ دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان
نەزىر - چىراغ قىلىنۋاتقان ئايال ھەيكىلى» — «سوۋېت ئارخېئولو-
گىيىسى» 1977- يىللىق 1- سان، 189 — 202- بەتلەر.
ئى. ب. بېستوۋىچ: «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ئوت-
تۇرا ئاسىيا كىيىم - كېچەكلىرى» — «شەرق مەملىكەتلىرى ۋە
خەلقلىرى» موسكۋا، 1980 - يىل، 196 — 212 - بەتلەر.
ۋ. ئى. راسپوپوۋا: «Ⅷ — Ⅶ ئەسىرلەردىكى سوغدىلارنىڭ
كەمەر زىننەتلىرى» —«سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»1965- يىللىق
4 - سان، 78 — 91 - بەتلەر.
د. خ. بازاروۋا: «بىر قىسىم قەدىمكى تۈركچە قۇش ناملىرى-
نىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»
1975 - يىللىق 4 - سان، 11 — 12 - بەتلەر.
ب. ئى. تاتارىنسېۋ: «تۈركچە تەڭرى ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنبە-
سى» — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1984 - يىللىق 4 - سان،
73 — 84 - بەتلەر.
س. ك. كارايېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركچە يەر
ناملىرى» — «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1985 - يىللىق 6 -
سان، 23 — 35 - بەتلەر.
س. گ. كىلياشتورنىي: «تۈرك قاغانلىقىدىكى يەر مۈلۈكچىلى-
كى، فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك شەكىللىرى ۋە يېقىن، ئوتتۇرا
شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىقى» موسكۋا، 1979- يىل، 87 — 101- بەت-
لەر.
س. گ. سكوبېلېۋ: «قەدىمكى تۈركلەردىكى ئىلاھ ئۇمايغا
دائىر بايانلار» — «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1990- يىللىق 2-

سان، 226 — 233 ـ بەتلەر.
ئى. ل. كىزلاسوۋ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» — «روسىيە ئارخېئولوگىيىسى» 1996ـ يىللىق3ـ سان، 73 — 89 ـ بەتلەر.
ج. خارماتتا: «ئىران ـ تۈرك» — «شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 25 ـ توم، 1972 ـ يىل، 263 — 273 ـ بەتلەر.
ئې. گ. پۇللېيبلانىك: «ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى سوغدى مەھەللىلىرى» — «توڭباۋ» 41ـ توم، 1952ـ يىل، 317 — 356 ـ بەتلەر.
ئې. گ. پۇلېيبلانىك: «جۇڭگولۇقلار ۋە ھىندى- ياۋروپالىقلار» — «خان جەمەتىگە قاراشلىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1966 ـ يىل، 9 — 39 ـ بەتلەر.
ج. كلاۋسون: «قاپقان سۆزىگە ئىزاھ» — «خان جەمەتىگە قاراشلىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1957 ـ يىللىق 3 — 4 ـ قوشما سان، 177 — 192 ـ بەتلەر.
ئې. تېرياسكى: موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلىرى» — «شەرق ۋە غەرب» 21 ـ توم، 1971 ـ يىل، 121 — 135 ـ بەتلەر.
ك. جېتمار: «تۈركلەردىن ئىلگىرىكى ئالتاي» BMFEA، ستوكھولم، 23 ـ توم، 1951 ـ يىل، 135 — 223 ـ بەتلەر.
ر. ج. كاتېتر: «تارىخ ۋە ‹غەربىي سېپىلدىكى بوۋاي›» JAOS، 3 ـ سان، 1986 ـ يىل، 503 — 528 ـ بەتلەر.
ئې. خاخوگېن: «ئىككى پارچە ئورخۇن مەڭگۈتېشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت» — «شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى» كوپېنخاگىن، 36 ـ قىسىم، 1974 ـ يىل، 55 — 82 ـ بەتلەر.
ج. كلاۋسون، ئې. تېرياسكى: «ئېخى قوشۇ مەڭگۈتېشى»، «شەرقشۇناسلىق توپلىمى»، ۋارشاۋا، 34ـ قىسىم، 1971ـ يىل، 7 — 33 ـ بەتلەر.
ئېمىل. ئېسسىن: «تۈرك سەنئىتىدە ئات» — «ئوتتۇرا ئاسىيا

ژۇرنىلى» 1965 - يىللىق X توم، 3 — 4 - قوشما سان.

## 4. قامۇسلار

«‹نوملار شەرھى› نىڭ داۋامى»، 1 — 5 - قىسىم، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى.

«نامىلار تەرجىمىسى توپلىمى»، (ئىككى قىسىم)، جياڭسۇ گۇاڭلىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى.

فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى.

«ئىران ئېنسىكلوپېدىيىسى»، I توم، لوندون 1983 - يىلى نەشرى.

ب. غېرىب: «سوغدىچە لۇغەت»، تېھران، 1995 - يىلى نەشرى.

ۋ. ۋ. رادلوۋ: «تۈرك شېۋىلىرىنىڭ تەجرىبە لۇغىتى»، I توم، 1893 — 1911 - يىللار.

# ئاخىرقى سۆز

مەزكۇر ئەسەر خېلى بالدۇرلا تولغاق يېگەن بولسىمۇ، ناھايىتى قىيىندا ئاپرىدە بولدى، گەرچە پېقىرنىڭ قولىدا پۈتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇستازلىرىم، كەسىپداشلىرىم، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكى مويىسپىتلەر ۋە دوستلىرىم بولۇپ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەجرى سىڭدى.

مەزكۇر كىتابقا جى شيەنلىن ئەپەندى خۇشاللىق بىلەن كىرىش سۆز يېزىپ بەردى. شۇڭا، ئالـدى بىـلەن ئۇنىڭـغا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى چېن يىنكې ئەپەندىنىڭ «يۈەن ـ بەي نەزمىلىرىنى تارىخقا دەلىل قىلىش» ناملىق لېكسىيىسىدە تۇنجى قېتىم «غۇز مەيپۇرۇشلىرى» ، «تۇرك قانۇنى» قاتارلىق تارىخىي ئىبارىلەرنى ئاڭلىغىنىمدا قەلبىم دولقۇنلىنىپ «بۇ-يۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت» نامىدا ئەسەر يېزىش شېرىن خىيالىدا مەست بولۇپ كەتكەنىدىم. بىر قېتىم، ئېھتىمال «يېڭى غەزەللەر» لېكسىيىسى بولسا كېرەك، چېن يىنكې ئەپەندى گەپ ئارىسىدا يېقىنقى. زاماندىكى سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان 苦力 (مەدىكار) دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى تۇركچە «قۇل» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. بىراق، گەپنى ئۇزۇپلا ئارتۇقچە چۈشەندۈرمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى چاغلىمايلا بىرنېمىلەرنى توقۇپ يۇرۇپ «‹قۇل› دىن ‹مەدىكار› غىچە بىر تۇركچە سۆزنىڭ سەرسانلىق خاتىرىسى» ناملىق ماقالىنى يېزىپ باقماقچى بولدۇم. شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلىسەم، ھازىرمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كېتىمەن. خۇددى «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا

يۈگۈنۈپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەندەك ئىش بولدى. باشقىلار تېخى
دەپ باقمىغاننى مەن دەپ باقاي دېگەن خىيالدا «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى
سامانلىقچە» دېگەندەك كۈلكىلىك ئىش قىلىپ قويدۇم.
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە سېن جۇڭمېيەن ئەپەن-
دىنىڭ «سۇي، تاڭ تارىخى» دەرسىنى بىر يىلچە ئاڭلىدىم. شۇ
ۋاقىتتا ئۇ دەل «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق
بۈيۈك ئەسىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتقان بولغاچقا، دەرس ھەمىشە
تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىپ قالاتتى.
سېن جۇڭمېيەن ئەپەندى ئۆز يۇرتىنىڭ ئېغىر تەلەپپۇزىنى تاشلىمىغان
بولۇپ، گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە «突厥» نى تەلەپپۇز قىلسا غاراڭ -
غۇرۇڭ ئاۋازدا بىر قىسمىلا دەيتتى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن يەنە بىر
قېتىم نەزىرىمنى «شىمالىي چۆللۈك» كە يۆتكىدىم، بولۇپمۇ تۈرك
بىلەن غۇز نەسلى ئارىلىقىدىن بولغان، بەدەن ئېغىرلىقى 350 جىڭ
كېلىدىغان ئەن لۇشەنگە بەكرەك قىزىقىپ قالدىم. ھەيران قېلىش
بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، نەچچە مىڭ خەتلىك قىسقا ماقالىدىن
بىرنى يېزىپ ئۇنىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدىم. سېن جۇڭمېيەن
ئەپەندىنىڭ موي قەلىمى پۈتۈن ئورىگىنالدىكى 2 — 3 يۈزچە خەتتىن
باشقا جايىنىڭ ھەممىسىنى بويىۋېتىپتۇ، ئەسلىي ئورىگىنال كۆرگۈ-
سىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئېسىمدە قالغىنى پەقەت «پاكىتتىن نەزەرىيە
كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەندەك باھا ئىدى. بۇ باھا كۆز ئالدىمدىكى
نادانلىق تۇمانلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، شېرىن چۈشلىرىمنى چالغى-
تىۋەتتى. ئاتا - ئانامدەك قەدىرلىك بۇ زاتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن قالغان ئەسەرلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، تۈرك تارىخىنى
ئۆگەندىم، بىراق ئۇنىڭ قانچىلىك زور زېھنىي كۈچ سەرپ قىلغانلى-
قىنى، قانچىلىك ئەستايىدىل بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى مەن-
بەلەرنى بىرنى قويماي تولۇق ۋاراقلاپ كۆرۈشتەك كەم تېپىلىدىغان
ئىقتىدارنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلدىم.
ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغاندىن
كېيىن، «دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» دەرسىنى ئۆتتۇم، بۇ جەريان-

دا خېلى بىر مەزگىل «غەربىي ياۋروپا» بىلەن «غەربىي يۇرت» ئارىلىقىدا قاڭقىپ يۇرۇپ زېھنىمنى مۇقىملاشتۇرالمىدىم. دەرس سۆزلەش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەمگەك قىلىش جەريانىدا، بوش ۋاقىت چىقىرىپ تۈركلەرنىڭ كۆك تەڭرى، زېمىن، ئوت ۋە بۇددىزمغا بولغان ئېتىقادى ھەققىدە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ باقتىم. دەي يىشۈەن ئەپەندىم كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بىرنەچچە مىڭ خەتلىك باھا يېزىپ چىقىپتۇ، ئۇ باھاسىدا مېنى رىغبەتلەندۈرگەندىن باشقا، فرېيزنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپتۇ. غەرب ئىلمى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەپ قارىلىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە دەي يىشۈەن ئەپەندىمنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلارغا مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىكى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلالىشىلا «سول» يول بەلگىسىگە قىلچە پىسەنت قىلمىغانلىقى ئىدى. پروفېسسورنىڭ ئىلمىي قەلبى نېمىدېگەن قەدىرلىك!

مەن ئۇستازسىز مۆجىزە يارىتىدىغانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەقىل ـ تالانتنىڭ جارى بولۇشىمۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە موھتاج. چېن يىنكې، سېن جۇڭمىيەن، دەي يىشۈەن قاتارلىق ئۇچ ئۇستاز ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىم ئەمەلىيەتتە سوغدى تارىخى، تۈرك تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا بولغان ئىلمىي مەۋقەيىم توغرىسىدىكى ئۇنتۇلماس ھېسسىياتىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەرگىزمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاۋيىنىڭ «مۆھتەرەم ئۇستازلار ئەينى ۋاقىتتا ياقتۇرىدىغان شاگىرتلار ھازىر ئاللىقاچان ئاپپاق چاچلىق بوۋايلاردىن بولۇپ قالدى» دەپ ھەسرەت چەككىنىنى دورىماقچى ئەمەسمەن.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى قاتتىق ـ قۇرۇق ۋە غورىگىل تاماقلار بىلەن جان ساقلاپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە بۇرادىرىم جياڭ بوچىن بىلەن بىرنەچچە يىل بىر كەپىدە تۇرۇپ قالدۇق. شۇ ۋاقىتلاردا بېرنشتامنىڭ «VI — VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن- يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ناملىق ئەسىرىنى بىرلىك-

تە تەرجىمە قىلىنىشقا كىرىشتۇق. گەرچە بۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ جەرياندا ئۆزئارا پىكىرلىشىپ يۈرۈپ، سوۋېت تۈركولوگىيىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولدۇق. 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى جياڭ بوچىن دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بۇرۇلۇپ كەتتى، مەن بولسام «روسىيە سارىيى» نىڭ سوغۇق ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ سوغدىلار بولامدۇ، تۈركلەر بولامدۇ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپلا بىر ياققا ئېلىپ قويدۇم.

«تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بوران - چاپقۇن» نى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئەسلىي كەسپىمىزنى تاپقاندا ياش بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھېسسىيات جەھەتتىن ئالغاندا «قارلىغاچنىڭ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىكى تونۇشلۇق ھالىتى» دىن كۆرە «گۈلنىڭ قەيەرلەرگە توزۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان» تۇيغۇ كۆپرەك بولدى. كۆڭەن خۇيدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خۇسۇسىي تۇرمۇش رىتىمىدا «تەيجى گۇمپىسى ئويناش بىلەن بولۇپ كېتىپ»، «يوقىتىش ئۇرۇشى» ئاز بولۇپ قالغانىدەك ئەھۋالدا تۇرۇپ قالدىم. شۇڭا، بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتقان رىقابەت دولقۇنىدا ئۆزلۈكىدىن ئارقىدا قالدىم. 80 - يىللاردا پەقەت تۈركلەر ۋە سوغدىلارغا دائىر بىرنەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىش بىلەنلا توختاپ قالدىم. بۇلارمۇ تېخى جۇڭخۇا كىتابخانىسى قارىمىقىدىكى «تارىخ - مەدەنىيەت» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان لى جېمىن ئەپەندىمىنىڭ زىقلىشى بىلەنلا يېزىلغانىدى.

غەيرەت - جاسارىتى ھەمىشە ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدىم، ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرۈشكە تېخىمۇ خام ئىدىم. بىراق، ئىزچىل نۇرماللىقنىلا كۆزلەپ، ئىزچىل توغرا بولۇشنى ئارزۇلاپ كەتمىگەنىدىم. چېن يىنكې ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى «مىراس» قاتارىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تەلىملىرى يەنىلا قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى: «ھازىرقى ئىلىم دۇنيا مىقياسى دائىرىسىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۆزگىلەردىن ئوبدان خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئە-

شىكنى تاقىۋېلىپ ئۆزى بىلگەننى قىلىشقا بولمايدۇ» . تالڭ دەۋرىدى-
كى تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى خارابىسىدىكى «فو-
يۇنسى» نىڭ خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلىش يۈزىسىدىن گېرمانىيە
بوئىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور ليۇ ماۋسەيگە خەت يېزىپ
پىكىر ئالدىم، بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋاللاشتۇق، شۇنداقلا
ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شەرقىي تۈركلەرگە دائىر خەنزۇچە تارىخىي
ماتېرىياللار توپلىمى» پېقىرغا بىر نۇسخا ھەدىيە قىلىندى. فرانسى-
يىلىك خەنزۇشۇناس، پروفېسسور شې خېنەي گۇاڭجۇدا زىيارەتتە
بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن يۈز تۇرانە تەلىم ئالدىم،
كېيىنچە ئۇ پارىژدىن دوكتور بازىنىنىڭ زور ھەجىملىك ئەسىرى
«قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرىدە كالېندارچىلىق» نى ئەۋەتىپ
بەردى. تىل شارائىتى جەھەتتىكى چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەر-
لەردىن كۆپرەك بەھرە ئالالمىغانلىقىمغا كۆڭلۈم يېرىم بولسىمۇ،
بىراق ليۇماۋسەي ۋە شې خېنەي قاتارلىق ئىككى مويسىپىت ئۇستاز-
نىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. 1996 ـ يىلى كۈزدە
پروفېسسور روسسى ۋە دوكتور كې داۋېينىڭ تەكلىپى بويىچە شۋېت-
سىيىنىڭ روند ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەنگلىيىدىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېر-
ستېتىدا زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا بۇ ئىككى مەكتەپتە ساقلانغان
مول ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى كۆرەلمىگەن بەزى كىتاب-
لارنى تولۇقلاپ ئوقۇدۇم، «ئۆزگىلەرنى چۈشىنىش» جەھەتتە ئاز ـ
تولا ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتىم. بۇرادىرىم لىن شۇۋۇ ۋە بېيجىڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رۇڭ شىنجياڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان مەزكۇر كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى تۈزىتىشكە كېرەكلىك ئوتتۇرا
ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ نۇسخا ئېلىشىمغا
زېرىكمەي ياردەملەشتى. بىراق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مەز-
كۇر كىتابتىكى خەلقئارا سوغدىشۇناسلىق ۋە تۈركولوگىيە ھەققىدىكى
چۈشەنچىلەر يەنىلا چالا ئىدى. «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئۆزى بىلگەننى
قىلماسلىق كېرەك» دېگەننى ئېنىق بىلسەممۇ، ئەسىرىم يەنىلا مەز-
مۇن جەھەتتە كەم ـ كۈتە بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

ئىلىم دۇنياسى ناھايىتى كەڭ، بىز پەقەت مەلۇم كونكرېت دائىرىدىلا ئۆز ئىشىمىزنى قىلالايمىز. پۇرسەت، شارائىت، ئادەمدىكى چەكلىمىلىك قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ساھەسىدە زور نەتىجىگە ئېرىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىم ماڭا ئايان، پەقەت ئالدى - كەينىمگە دەسسەپ يۈرۈپ، ئۇنى - بۇنى تېرىۋالغۇچى بولدۇم خالاس. مەزكۇر ئەسەرنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ بەزىدە يېزىپ، بەزىدە توختاپ 30 — 40 يىلغا سوزۇۋەتتىم. ئەمدىلىكتە مادارىم تۈگەپ، ئەسەرنى قولدىن چىقىرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئۇنىڭ ئادەمنى تازا قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان بىرنەرسە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەر ھالدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاسقاپ تۇرۇپ ئوقۇشىنى، كېرەكسىز ۋە قىممىتى يوق جايلىرىنى تاشلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1997 - يىل 12 - ئاي، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى